# جۇڭگو
# ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى
## (مەجمۇئە)


باش مۇھەررىرى: ليۇ زىشياۋ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: ئىمىن تۇرسۇن

ئەزىز يۇسۇپ

ھەسەن ماموت


1

1998


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەجمۇئەيىمىزنىڭ بۇ سانىغا تۆۋەندىكى ئورۇنلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى؛ بۇ ئورۇنلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمىز:

ئىلى كاناپ توقۇلما فابرىكىسى

فابرىكا رەھبەرلىرى:

لۇ يۆ يۇن پەخرىي باشلىقى، ئالىي ئىنژېنېر

ليۇ زىچياڭ فابرىكا باشلىقى (قانۇنىي ۋەكىل) ئالىي ئىنژېنېر

ۋاڭ رۇجى بىرىنچى مۇئاۋىن باشلىق قوشۇمچە باش ئىنژېنېر ئالىي ئىنژېنېر

سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق - ماي گۇرۇھى شىركىتى

قۇمۇل ۋىلايىتى

# «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى

**مۇدىر:** ئابدۇسالام ئابباس

**مۇئاۋىن مۇدىرلار:** لىيۇزشياۋ (تەتقىقاتچى)، ئابدۇشۈكۈر تۇردى (تەتقىقاتچى)، لاڭ يىڭ (تەتقىقاتچى)، ئۇيغۇر سايرانى (تەتقىقاتچى)، ئىمىن تۇرسۇن (ئالىي مۇھەررىر)، گېڭ شىمىن (پروفېسسور).

**ئەزالار:** رېن يىفېي (تەتقىقاتچى)، چيەن بوچۇەن (مۇئاۋىن تەتقىقاتچى)، مۇختەبەر (ئۆزبېك، پروفېسسور)، ۋۇفۇخۇەن (پروفېسسور)، ئىبراھىم مۇتىئى (تەتقىقاتچى)، مىرسۇلتان ئوسمانوف (تەتقىقاتچى)، ئەزىز يۈسۈپ (كاندىدات ئالىي تەرجىمان)، تۇرسۇن ئايۇپ (پروفېسسور)، مۇھەببەت قاسىم (دوتسېنت)، لېتىپ توختى (.دوتسېنت)، لى شېڭ (پروفېسسور)، ۋاڭ بىڭخۇا (تەتقىقاتچى)، ئىدرىس (مۇئاۋىن تەتقىقاتچى)، ئابدۇقەييۇم خوجا (تەتقىقاتچى)، مۇھەممەت سالىھ (پروفېسسور)، مۇھەممەت زۇنۇن (پروفېسسور)، ھەسەن ماۋۇت (پروفېسسور)، ئابدۇكېرىم راخمان (پروفېسسور)، لىيۇبىڭ (تەتقىقاتچى)، جاڭ خۇڭچاۋ (مۇئاۋىن تەتقىقاتچى)، غازى ئەمەت (پروفېسسور)، ئىمىن ئەھمىدى، جۇجى (1 ـ دەرىجىلىك كومپوزىتور)، نۇسرەت ۋاجىدى (1ـ دەرىجىلىك كومپوزىتور)، ۋاڭ شياۋيۈن (1 ـ دەرىجىلىك رېژىسسور)، چېن زۇڭجېن (تەتقىقاتچى)، خەمىت تۆمۈر (پروفېسسور)، ئابدۇرەئۇپ (پروفېسسور)، ئەھمەد پاسار (ئالىي تەرجىمان).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

تەبرىك، ئۈمىد ۋە تەكلىپ.................. سەيپىدىن ئەزىزى 1
ئۇيغۇرشۇناسلىق سىستېما قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر
ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ يېڭى
ئەھۋاللار ........ نيۇ رۇجى 7
مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر تەتقىقاتنىڭ
ئومۇمىي ئەھۋالى............ سالڭ رۇك 28
غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش - يۆتكىلىشلە
رىدىن ئەينى چاغدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە نەزەر.........
.............. ئابلەت نۇردۇن 98
ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپى مەسىلىسى..........
........... ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى 121
چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىن
غان ئىبىسىل يادىكارلىقلار ......... ئابدۇقەييۇم خوجا 147
سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدە ئۇيغۇرلاردا ياپچىلىق تۈزۈمىنىڭ شەكىل
لىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى............ ياڭ فۇشۆ 216
ناۋائىينىڭ ئەسلى نەسەبى توغرىسىدا......... ئىمىن تۇرسۇن 239
قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكىسى توغرىسىدا تەتقىقات ........
.......... ھۈسەيىن كېرىم 260
«شەرھى شىكەستەنامە» نىڭ لېنىنگراد قولىيازمىسى توغرىسىدا ........
.......... ئابدۇشۈكۈر تۇردى 310
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ھۈنەر - سەنئەت ..........
.......... ئىسمايىل تۆمۈرى 325
مۇھەممەد سىياھ قەلەم ۋە ئۇنىڭ سەنئىتى ........ غازى ئەھمەد 348
ئاپپاق خوجا ۋە غەربىي يۇرتتىكى سوپىزمنىڭ شەرققە تارقىلىشى ...
.......... چېن گوگۇاڭ 362

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 目　　录

祝贺·期望·建议 ………………………… 赛福鼎·艾则孜( 1 )
维吾尔学系统工程构想及国外维吾尔学研究
的最新情况 ……………………………………… 牛汝极( 7 )
国内有关维吾尔历史文化研究综览 …………… 桑　荣(28)
从民族迁徙看西域古代民族关系
…………………………………………… 阿不来提·努尔东(98)
论维吾尔族的人种学问题 …………… 艾碧布拉·霍加(121)
且末县扎洪鲁克古墓出土的珍贵文物
………………………………………… 克优木·霍加(147)
宋元时代维吾尔族农奴制的形成与发展
……………………………………………… 杨富学(216)
论纳瓦依的原本族系 ……………… 伊敏·吐尔逊(239)
高昌回鹘王国的音乐研究 …………… 玉赛因·克里木(260)
简介列宁格勒(圣彼得堡)收藏本"苦难记"
…………………………… 阿不都秀库尔·吐尔迪(310)
论高昌回鹘王国时期的手工工艺
………………………………………… 司马义·铁木尔(325)
穆罕买德·斯亚赫·坎来姆和他的绘画艺术
………………………………………… 哈孜·艾买提(348)
阿帕克和卓与西域苏菲派的东传 …………… 陈国光(362)

# تەبرىك، ئۈمىد ۋە تەكلىپ

سەيپىدىن ئەزىزى

سىز زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى باشچىلىقىدا چىقىرىلىدىغان ئىلمىي مەجمۇئە. جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى 1994 - يىلى تەسىس قىلىنغان مەملىكەت خاراكتېرلىق ئىلمىي جەمئىيەت.

«جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» نى نەشر قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر ئۆتكەن يىل شەكىللەنگەنىدى. بىر يىلدىن بۇيان پائال تۈردە ئەستايىدىل ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر بۇ مەجمۇئە سىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ جەرياندا ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىزغىن ئىلھام بېرىشىگە ئېرىشىلدى. مەجمۇئەنىڭ نەشر قىلىنىشى «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ۋە تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ كۆرسەتكەن زور تىرىشچانلىقى ۋە جاپالىق ئەمگىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

«جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» يېرىم يىللىق مەجمۇئە بولۇپ، يىلىغا ئىككى سان چىقىرىلىدۇ. ھەر بىر ساننىڭ مۇقاۋىسىغا نەشردىن چىققان يىلى ۋە سان نومۇرى يېزىلىپ، ئۇنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى ھەمدە ھەر بىر سان ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

ئارتۇقچە سۆزلەش ھاجەتسىزكى، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى» نىڭ نەشر قىلىنىشى ئىلىمىزنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى زور ئىش، شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى تېخىمۇ زور ئىش. شۇڭا، مېنىڭ دېمەكچى بولغان بىرىنچى سۆزۈم «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى چىن كۆڭلۈمدىن قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈش ، ئەلۋەتتە.

دېمەكچى بولغان ئىككىنچى سۆزۈم «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» دىن كۈتىدىغان ئۈمىد.

ۋەتىنىمىز جۇڭگو قەدىمدىن بۇيان كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. بۇ قاراشنىڭ ئاساسى مۇنداق:

1. قەدىمدىن بۇيان، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا تىرىكچىلىك قىلىپ، ئەمگەك قىلىپ ياشاپ كەلگەن. بىر مەھەل يۇز بەرگەن مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشمۇ، كۆپىنچە ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي زېمىن دائىرىسى بىلەنلا چەكلەنگەن. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندە سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ قەدىمكى زامان ئاھالىسى قاتارىدىن ئۆز مەنبەسىنى تاپالايدۇ.

2. ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆزۈن تارىخى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتتى، بۇ، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى باغلاپ تۇرغۇچى ئۈزۈلمەس بەلۋاغدۇر.

3. جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىدا، مەيلى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش شەكلى قوللىنىلغان بولسۇن ياكى ھوقۇقنى جايلارغا تارقىتىش شەكلى قوللىنىلغان بولسۇن، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى تېررىتورىيىسىنى باشتىن - ئاخىر بىرلىكتە ئېچىپ، بىرلىكتە باشقۇرۇپ، بىرلىكتە قوغداپ كەلدى.

مەن شۇنداق قارايمەنكى، يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتىدا ئېلىمىز تارىخىنىڭ ئاساسىي ئەمەلىيىتى يەكۈنلەنگەن، ئېلىمىز تارىخىنىڭ كۈچلۈك ۋە مول مەزمۇنى بىلەن دائىرىسى ئېچىپ بېرىلگەن، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە ئۆز ئورنى، رولى ۋە تۆھپىسى بارلىقى ئىسپاتلاپ بېرىلگەن. مانا بۇلاردىن ھاسىل بولغىنى دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت قۇدرەتلىك ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر.

بىرلىكنى ئىزدەش، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەش، تەرەققىياتقا ئىنتىلىش جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى. جۇڭگو تارىخىدىكى چوڭ ھەق بىلەن چوڭ ناھەقنىڭ چېگرىسى مانا مۇشۇ رامكا ئىچىدە «ماسلىشىپ ئىلگىرىلەش» ياكى «قارشى يولغا مېڭىش» بىلەن ئاجرىتىلىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي پائالىيىتى، شۇبھىسىزكى، بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، تەرەققىياتتىن ئىبارەت مۇشۇ تارىخىي يۆنىلىشكە ماس ھالدا داۋاملاشقان. بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى شۇكى، ئۇيغۇر مىللىتى ۋەتىنىمىز زېمىنىدا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان تىرىكچىلىك قىلىپ، ئەمگەك قىلىپ، كۆپىيىپ كەلدى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە كۈندىن - كۈنگە گۈللەپ ياشنىماقتا. «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» نىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتىدىن بىرى مانا مۇشۇ ئۇلۇغ پاكىتنى ئىسپاتلاش ۋە كەڭ تەشۋىق قىلىش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆز تارىخىغا بولغان چۈشەنچىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ مول ۋە پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلىش.

دېمەكچى بولغان ئۈچىنچى سۆزۈم «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» غا قارىتا بېرىلىدىغان تەكلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنداق ئېيتىش كېرەككى، تارىخنىڭ تەرەققىياتى كۆپ تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، ۋەقەلەر ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدىغان، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، مۇناسىۋەتلەر گىرەلىشىپ كەتكەن زامان، ماكان جەريانىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇلارنى پەرق ئېتىش، ئۇلارنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىش ۋە ئۇلارغا باھا بېرىشتە، كۆز قاراش توغرا، ماتېرىيال تولۇق، پاكىت ئېنىق، بايان مۇكەممەل بولۇش كېرەك.

كۆز قاراش توغرا بولۇش دېگىنىمىز، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدىكى مىللىي مەسىلىگە دائىر بايانلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ مىزانى، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىزدىكى يېتەكچى ئىدىيە.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللار خېلى مول. ئۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىمۇ بار، خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرمۇ بار؛ جۇڭگونىڭ يازما خاتىرىلىرىمۇ بار، چەت ئەللەرنىڭ يازما خاتىرىلىرىمۇ بار؛ يېزىق شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەنلىرىمۇ بار، ئاغزاكى تەرىپ شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەنلىرىمۇ بار. ھەر بىر كىشى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي قاتلامدا، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي نۇقتىدا، ئوخشاش بولمىغان ھېسسىياتتا تۇرىدىغان بولغاچقا، ئوخشاش بىر ۋەقە، ئوخشاش بىر ھادىسە ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارىتا پەيدا بولىدىغان ھېسسىيات، تەسىرات ۋە خۇلاسە ھەمىشە دېگۈدەك تامامەن ئوخشاش بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئوخشاش بولمىغان تۈر، ئوخشاش بولمىغان شەكىل، ئوخشاش بولمىغان يېزىقتىكى

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كەڭ تۈردە توپلاش ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان نېگىزلىك خىزمەتتۇر. كەڭ تۈردە ماتېرىيال توپلاشتىن مەقسەت پاكىتلارنى ئېنىق ۋە توغرا ئىگىلەش. ھەر قانداق بىر ئىلمىي ئەسەر ياكى بىر ئىلمىي ماقالىدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغىنى، ئادەتتە، مەلۇم بىر ۋەقە ياكى مەلۇم بىر ھادىسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى، جەريانى ھەمدە مۇشۇ سەۋەب ۋە جەريانلاردا ئىپادىلەنگەن نەتىجە ۋە ئۇنۇمدىن ئىبارەت بولىدۇ. بىر ئەسەر ياكى بىر ماقالىدىكى بايان‌دا پاكىتلار ئېنىق ۋە توغرا ئىگىلەنمىسە، كىشىلەرنى چوقۇم خاتا چۈشەنچىگە ئېلىپ بارىدۇ-دە، سەلبىي ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشتا بىلىم ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، كىتابخانلار ئۇ ئىلمىي ئەسەر، ماقالىلەرنى ئوقۇشتا ئۇنىڭدىن ئەدەبىي ئېستېتىك ھېسسىياتقا ئېرىشىپ ھوزۇرلىنىشنىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. مەن، تارىخنىڭ مەزمۇنىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەشنى قوۋۋەتلىمەيمەن. مېنىڭ تەكىتلەيدىغىنىم — تارىخنى بايان قىلىشتىمۇ مەلۇم ئەدەبىي ئىستىبدات بولۇش كېرەك.

يۇقىرىدىكى تۆت تۈرلۈك تەكلىپىمنىڭ بىرىنچىسى بىزنىڭ ئەمەل قىلىشىمىز زۆرۈر بولغان نۇقتا؛ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىسى بىز تەشەببۇس قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا؛ تۆتىنچىسى بىز دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا.

باش شۇجى جياڭ زېمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: مەملىكىتىمىزدىكى تەشۋىقات، جامائەتچىلىك خىزمىتىدە «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەممە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. يولداش جياڭ زېمىن كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: «جۇڭگو مەدەنىيىتى شانلىق تارىخقا ئىگە. بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى داۋامىدا، چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشىمىز.»

بۇنى «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىشى ۋە تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم.

نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، XXI ئەسىرگە يۈزلىنىپ، زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئىشىنىمەنكى، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»مۇ بۇ دەۋر ئېقىمى بىلەن تەڭ XXI ئەسىرگە قەدەم قويۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە بېيىپ قۇدرەت تېپىشىغا ئۆزىنىڭ بىر ئۇلۇش تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

# ئۇيغۇرشۇناسلىق سىستېما قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ يېڭى ئەھۋاللار

نيۇ رۇجى

## 1. ئۇيغۇرشۇناسلىق سىستېما قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەسەۋۋۇر

«ئۇيغۇرشۇناسلىق» دېگەندە، ئۇيغۇر مىللىتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ئۇنىۋېرسال بىر پەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئۇنىۋېرسال» دېگەندە، ئوخشاش بولمىغان مەقسەت، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل ۋە ئوخشاش بولمىغان ۋاسىتە بويىچە، ئوخشاش بىر مەزمۇن ياكى ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلار ئۈستىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات يۈرگۈزۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئارخېئولوگىيىسى، تىلى، ئەدەبىياتى، يازما يادىكارلىقلىرى، دىنى، سەنئىتى، پەلسەپىسى، ئىقتىسادى، مائارىپى، پەن - تېخنىكىسى، ئۆرپ-ئادىتى، بىناكارلىقى، تەرجىمىشۇناسلىقى، قانۇنشۇناسلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ قوشنا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاستىسى ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەندىكى ھەر خىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ئوبيېكتلار ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزىدۇ. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي تەتقىقات مەقسىتى پەن قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، قەدىمدىن بۇيان تەتقىق قىلىنىپ كەلگەن. ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ھۆكۈمەتلەر تۈزگەن تارىخ - تەزكىرىلەر ۋە كۆپلىگەن ئەدىب، يازغۇچىلارنىڭ خاتىرىلىرى (مەسىلەن، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ) نىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئالاقىدار يازمىلار بولۇپ، بىزگە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇرغان. يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى كۆپ تەرەپلىمە ئۇچقاندەك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى پىشقان تەرەققىيات دەۋرىگە كىردى.

ئېلىمىزدە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى قانداق چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە؟

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەت مىراسلىرى مول بولۇپ، بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى، بۇ تەركىبىي قىسىم كەم بولسا، جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخى مۇكەممەل بولماي قالىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىقى شىنجاڭدا، يەنى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تەۋە، شۇڭا، ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن ئايرىلىپ كەتسەك، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇ ھالدا بىز دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەتراپلىق چۈشىنەلمەيمىز.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلار، ئاساسلىقى، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال

چېگرىسىدا ئولتۇراقلاشقان، بۇ يەرنىڭ مەدەنىيىتى نىسپىي ئارقىدا قالغان، ئىقتىسادىمۇ تەرەققىي قىلمىغان، خەلق تۇرمۇشىنى دېگىنىز ياقىبىسى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخى باياشات ئەمەس. شۇڭا، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مائارىپنى كۈچەيتىش، پەن - تېخنىكا ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇنەۋۋەر تەركىبلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇلارنى قېزىپ چىقىپ، رېئال تۇرمۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان مۇھىم ۋەزىپىلەردۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلايمىز دەيدىكەنمىز، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز ھەمدە ئۇنىڭ كەلگۈسىنى ئەستايىدىل پىلانلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئىلمىي، توغرا، ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بولغان ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت تەتقىقات نەتىجىلىرى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈنمۇ ئىجابىي ھەم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

سىستېمىلىق قۇرۇلۇش بولغان ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات ساھەسى مۇنۇلار:

1) ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى: ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەمدە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى، شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇر خانلىقى، خېشى ئۇيغۇر خانلىقى (گەنجۇ ۋە شاجۇ ئۇيغۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىسى، چاغاتاي خانلىقى، يەكەن خانلىقى، چىڭ سۇلالىسى، جۇڭخۇا مىنگو دەۋرلىرىدىكى ھەمدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىدۇ.

2) ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى: ئۇيغۇر تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشى، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى تىل تاۋۇشلىرى، سۆزلۈكلەر، گرامماتىكا، يېزىق، سېمانتىكا قاتارلىقلارنىڭ قىياپىتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە قوشۇلۇپ كېتىشى، تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تىل سىياسىتى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

3) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى: ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى (بۇ مەڭگۈ تاش ئەدەبىياتى، مانى دىنى ئەدەبىياتى، بۇددا دىنى ئەدەبىياتى، ئىسلام دىنى ئەدەبىياتى، دىندىن خالىي ئەدەبىيات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى، ئەدەبىي ئوبزور، ئەدەبىي ئېقىم قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

4) ئۇيغۇر ھۆججەتشۇناسلىقى: ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن ھەر خىل يېزىق (مەسىلەن، قەدىمكى تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، مانى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، براھمى يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، تىبەت يېزىقى، ئەرەب يېزىقى قاتارلىق) تا خاتىرىلەنگەن تۈرلۈك مەزمۇندىكى (مەسىلەن، مانى دىنى، بۇددا دىنى، نېستورى دىنى، ئىسلام دىنى، پەلسەپە، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى، تىلخەت، مەكتۇپ، تىبابەتچىلىك، پالچىلىق، كالىنىدار، ھەربىي ئىشلار، تەرجىمىھال قاتارلىق) ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىپ رەتلەيدۇ ھەمدە ئېلان قىلىدۇ؛ ئوخشاش بولمىغان ھۆججەتلەرنى سىستېمىلىق رەتلەيدۇ، تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلايدۇ ۋە سېلىشتۇرۇپ تەھقىقلەيدۇ.

5) ئۇيغۇر پەلسەپىسى: ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى، ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ كاتېگورىيە سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئاساسىي روھى، ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ باشقا مىللەتلەر پەلسەپىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

6) ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى: ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ئۆرپ - ئادىتى (مەسىلەن، كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك، ئۆي - ماكان، يۈرۈش-تۇرۇش) ، مەنىۋى ئۆرپ - ئادىتى، ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادىتى، ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى، ئۇيغۇر ئۆرپ -

ئادەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ - ئادەتنىڭ باشقا ئامىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

7) ئۇيغۇر سەنئىتى: ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان سەنئەت شەكىللىرى (مەسىلەن، مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق، ئەلنەغمە، خەتتاتلىق، سىرك ئويۇنى ۋەھاكازالار) نىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ئالاھىدىلىكى، سەنئەت ئېقىملىرى ۋە سەنئەتكارلار، سەنئەت تارىخى ۋە سەنئەت نەزەرىيىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

8) ئۇيغۇر مائارىپشۇناسلىقى: ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخي دەۋرلەردىكى مائارىپىنىڭ مەزمۇنى، مائارىپ ۋاستىسى، مائارىپ ئۇسۇلى، مائارىپ باشقۇرۇش، مائارىپ نەزەرىيىسى، مائارىپ تارىخى ۋە مائارىپچىلار؛ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىۋىلاشقان جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئەھۋالى ۋە قارشى تەدبىر، خەنزۇ تىلى مائارىپى ۋە قوش تىل مائارىپى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

9) ئۇيغۇر پەن - تېخنىكىسى: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكى، ئۇيغۇر دېھقانچىلىقى، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىقى، ئورمانچىلىقى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، باغۋەنچىلىكى، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك كەسپى، بىناكارلىقى قاتارلىق پەن - تېخنىكىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ھەمدە ئۇنى ھازىرقى زامان جەمئىيىتى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

10) ئۇيغۇر بىناكارلىق ئىلمى: ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ماتېرىياللىرى ۋە قۇرۇلمىسى، قۇرۇلۇش ئېستېتىكىسى، قەدىمىي قۇرۇلۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ زىننەتلىنىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئىمارەتلىرى، پۇقرالارنىڭ ئۆي - جايلىرى ۋە ھويلا - ئاراملىرى، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

11) ئۇيغۇر تەرجىمىشۇناسلىقى: ئۇيغۇرلارنىڭ تەرجىمە ئىشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارىخى، تەرجىمە بەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلى، تەرجىمە ئېقىملىرى ۋە تەرجىمانلىرى، تەرجىمە ماھارىتى ۋە ئەمەلىيىتى، خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمانلىق ۋە قوش تىل سىلىشتۇرمىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

12) ئۇيغۇر دىنشۇناسلىقى: ئۇيغۇرلارنىڭ دىن تارىخى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى دىنىي مەزھەپلىرى، ئەمرىمەرۋىلىرى، دىنىي كىتابلىرى، دىن بىلەن ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، دىننىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، دىنىي ئىسلاھات قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

13) ئۇيغۇر كومپيۇتېر تېخنىكىسى: ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ كومپيۇتېردا پەرقلەندۈرۈلىشى، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ بەتكە تىزىلىشى ۋە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى سىستېمىسى، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئۆلچۈر بىر تەرەپ قىلىنىشى، ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن باشقا مىللەتلەر تىل - يېزىقى ئوتتۇرىسىدىكى كومپيۇتېرلىق تەرجىمە، ئۇيغۇر تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىنىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ئىستىقبالى كەڭ بىر يېڭى ساھە.

14) ئۇيغۇرشۇناسلىق ئاخبارات ئۆچۈرى: دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى، مەسىلەن، نەشر قىلىنغان ئەسەر، تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تېما، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى، مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنىڭ ئەھۋالى، چىقىرىلغان ژۇرنال قاتارلىقلارنى ئىگىلەپ چۈشىنىش ھەمدە ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش.

يۇقىرىقىلار پەقەت ئەڭ مۇھىم بولغان بىر قىسىم ساھەلەر بولۇپ، ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ھەممە قىسمى ئەمەس. بەزى پەنلەرنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن مەزمۇن جەھەتتە گىرەلىشىپ كېتىدىغان ياكى قىسمەن تەكرارلىنىپ قالىدىغان ھادىسە مەۋجۇت.

ئۇيغۇرشۇناسلىق بىر سىستېمىلىق قۇرۇلۇش بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە تەتقىقات مەقسىتىدىن باشقا، يەنە ماس ھالدىكى تەشكىلىي ئاپپارات ۋە زۆرۈر بولغان

خىراجەت مەنبەسى بولۇشى كېرەك، شۇندىلا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئاپپارات خەلق تەشكىلاتى، مەسىلەن، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى» شەكلىدە بولسىمۇ بولىدۇ. ياكى ماس ھالدا ھۆكۈمەت تەسىس قىلغان ئاپپارات بولسىمۇ بولىدۇ، مەن تېزلىكتە «ئۇيغۇرشۇناسلىق ماتېرىيال مەركىزى» قۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن، ئورنى ئۈرۈمچىدە ياكى بېيجىڭدا بولسىمۇ بولىدۇ.

## 2. چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ يېڭى ئەھۋاللار

ئۇيغۇرلار جۇڭگودا ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ ، ئۇيغۇرشۇناسلىق دۇنيا خاراكتېرلىك بىر پەن. ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرى ۋە يۆنىلىشىگە دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈر. تەتقىقات نەتىجىمىزنىڭ سەۋىيىسى بىزنىڭ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تەتقىقات ئەھۋالىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئىگىلىشىمىزگە ۋە نەتىجىلەرنى قانچىلىك دەرىجىدە قوبۇل قىلىشىمىزغا باغلىق.

چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ھۆججەتلىرىنى تەتقىق قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، بۇ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زور تۈركۈم ئۇيغۇر قەدىمكى زامان ھۆججەتلىرى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنىڭ چەت ئەللىك «ئېكسپېدىتسىيىچى»لەر تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغانلىقى ھەمدە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا چەت ئەللەردە ساقلانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نۆۋەتتە، گېرمانىيىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى بىر قەدەر كۆپ، بىز بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. تۆۋەندە نۇقتىلىق ھالدا چەت ئەللەرنىڭ يېقىنقى ئۈچ يىلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇيانقى ئۇيغۇرشۇناسلىققا ئائىت تەتقىقات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

گېرمانىيىدە، 1997 - يىلى پروفېسسور لارس جوھانسون مۇھەررىرلىكىدە «تۈركىي تىللار» (Turkic Languages) ناملىق بىر خىل يېڭى ژۇرنال چىقىرىلىشقا باشلىدى، بۇ، يېرىم يىللىق ژۇرنال بولۇپ، خارراس سوۋىتس تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدى، يىللىق باھاسى 178 مارك، ISSN نومۇرى: 1431 ـ 4983. ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى: ئارپاد بېرتا، ھېندرىك بوئېسچوتېن، بېرت برېندېموئىن، ئېۋا ئا. كساتو، ئېمېنې گۆرسوي - ناسكالى، ئىرىنا مۇراۋيوۋا، دمىترى م. ناسىلوۋ، سۇمرۇ ئا. ئۆزسوي قاتارلىقلار.

1996 - يىلى ھ. ر. ئې. ئېممېرىك، ۋ. سۇندېرمان، ئى. ۋانكې ۋە پ. زىئېمېلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن 417 بەتلىك «تۇرپان، خوتەن ۋە دۇنخۇاڭ» دېگەن كىتاب نەشر قىلىندى، بۇ، گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى «تۇرپان تەتقىقات گۇرۇپپىسى» نىڭ رىياسەتچىلىكىدە 1994- يىلى چاقىرىلغان «گابائىن ۋە تۇرپان تەتقىقاتى» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى بولۇپ، 33 پارچە ئىلمىي ماقالە كىرگۈزۈلگەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى ج. ھامىلتون، م. ئېردال، ز. گۇلاكسى، د. مائۇئې، گ. ھازاي، ج. پ. لائۇت، جۇتېن ئودا، م. ئۆلمېز، ل. كلارك، ك. رۆھربورن، ماساھىرو شوگايتو، ت. تېكىن، ل. ھۇ تۇگۇشېۋا، ھىروشى ئۇمېمۇرا، پ. زىئېمې، سىمە تېزكان، ۋ. ئې. سچارلىپ، قاتارلىق ئالىملارنىڭ 18 پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا دائىر ماقالىلەردۇر. مەزكۇر كىتاب چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋە ئەڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

پروفېسسور پېتېر زىئېمې گېرمانىيىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شەخس بولۇپ، ھەر يىلى ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىدۇ. 1996 - يىلى ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇق» (16 فورماتلىق، قاتتىق مۇقاۋىلىق)

نى نەشر قىلدۇرۇپ، «بېرلىن تۇرپان ھۆججەتلىرى» نىڭ 18 - تومى قىلدى، كىتابقا 1547 قۇر قەدىمكى ئۇيغۇرچە ترانسكرىپسىيە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى ۋە 139 پارچە سۈرەت قوشۇمچە قىلىنغان. پ. زىئېمې يەنە چ. رېك بىلەن ھەمكارلىشىپ پروفېسسور ۋ. سوندېرماننىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن «ئىران ۋە تۇرپان» دېگەن ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى. كىتابقا ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتقا دائىر سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى خېلى كۆپ ماقالە كىرگۈزۈلگەن. پ. زىئېمې يېقىندا نيۇرۇجى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۈركىيىدە چىقىدىغان «Turk Dillari Arastirmalari» دېگەن ژۇرنال(1996. 6) دا قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلغان ترىراتنا(بۇددا، دارما، راھىب) غا ئېتىقاد قىلىش ئارزۇسى توغرىسىدىكى تېكىستكە مۇناسىۋەتلىك

«The Buddist Retugeformula: an Uighur manuscript from dunhuang»

ناملىق بىر پارچە ئىنگلىزچە ماقالە( .PP 41 ـ 56) ئېلان قىلدى. پ. زىئېمې ھازىر ل. كلارك ۋە پروفېسسور ئالوئىس ۋان تونگېرلو بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىزگە مەلۇم بولغان بارلىق قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى دىنى ھۆججەتلىرىنى رەتلەپ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. ھۆججەتلەر جەمئىي 400 دەك فراگمېنت بولۇپ، ھەممىسى Brepols مەتبۇئات شىركىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقچى، مۆلچەرلىشىمىزچە، I تومى 1997 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاماملىنىدۇ.

جېنس ۋىلكېنس نۆۋەتتە گېرمانىيىنىڭ بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ھۆججەتلىرى ئىچىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى دىنى فراگمېنتلىرىنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈۋاتىدۇ، بۇ كاتالوگ «گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان شەرق قولىيازمىلىرى كاتالوگى» نىڭ بىر قىسمى بولۇپ، Verzeichmis orientalscher Handschriften in Deutschland(voHD) يۇرۇش كىتابلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە فرانز ستېينېر ۋېرلاگ (شتۇتگارت) تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقچى.

پروفېسسور د. مائۇئې 1996 - يىلى ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان «قەدىمكى تۈركچە قولىيازمىلار: براھمى ۋە تىبەت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر» (Altturkische Handschriften, Teil1. Dokumete in Brahmi und tibetscher schift, stuttgart, voHD 13, 9 دېگەن توپلامنى نەشر قىلدۇردى. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ھۆججەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار IX ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر تىلىنى براھمى ۋە تىبەت يېزىقىدا يازغان قولىيازمىلار بولۇپ، بىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچكەندىن كېيىن توخرىلار ۋە تىبەتلەر بىلەن ئېلىپ بارغان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يېقىندىن نەشر قىلىنغان ئىككى خاتىرە توپلىمىغا ئۇيغۇر تەتقىقاتىغا دائىر خېلى كۆپ ئىلمىي ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەن: بۇ توپلاملارنىڭ بىرى، مارسېل ئېردال بىلەن سىمېھ تېزكان نەشرگە تەييارلىغان «Belak Bitig. SprachsGerhard Doerferzum75 . Geburtstag tudinefur»

ناملىق توپلام، يەنە بىرى، ئا. بېرتا قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان «Symbolae Turcologicae Studeis in Honour of Lars Johanson of his Sixtieth Birthday 8 Marc 1996»

ناملىق توپلام. بۇ پروفېسسور لارس. جوھانسون تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر ئاساس قىلىنغان.

دوكتور زىسۈزساننا گۆلاكسىي ھازىر مەخسۇس تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئائىت توقۇلما بۇيۇملاردىكى نەپىس رەسىم ئەسەرلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ ھەمدە بۇ ھەقتە ئىلمىي ماقالىلەرنىمۇ ئېلان قىلدى.

پروفېسسور ك. رۆھربورن «شۆنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 7 - جىلدىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، يېقىندا يەنە مەزكۇر تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 8 - جىلدىنى ئېلان قىلىپ نەشر قىلدۇرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. 1998 - يىل

10 ـ يانۋار ئۇنىڭ 60 ياشقا تولغان كۈنى، بۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن يېقىندا بىر خاتىرە توپلىمى نەشر قىلىنماقچى.

پروفېسسور م. ئېردال ئىلگىرى يەكەندىن قېزىۋېلىنغان قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تىلخەت، ھۆججەتلەرنى ئېلان قىلغان؛ سەل ئىلگىرى ئىككى توملۇق «قەدىمكى تۈركچە سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى» دېگەن كىتابىــــنــــى نەشر قىلدۇردى. ھازىر قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى «پالنامە» توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەسىرى ئېلان قىلىندى.

پروفېسسور جېنس پېتېرلائۇت گېرمانىيىنىڭ ياش ھەم ئاكتىپ ئىشلەۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا دىنى ھۆججەتلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمىت» نى تەتقىق قىلىش بىلەن داڭق چىقارغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ. يېقىندا ئېلان قىلىنغان ۋە نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئەسەرلىرىدىن:

Vielfalt turkischer Religionen. In: spirita, 10. Jhg: Hollische Fehler, In: Indica et Tibetica, 28: Eine, neue nestorianische Grabinschrife aus china, In: UAJb, N.F. 14:Bibliographie zuden uiguren — kapiteln. In: philologie Turcicae Fundamenta. 3. Wiesba — den 1997: Das Turkischeals ursprache? sprachwis senschaftliche Theorien in der zeit des erwachen den turkischen nationalismus. 1 — 2 marurg 1993. VIII, 245 und 290 s. :Altturkische Hands chriften. Teil 3. maitrisimit, stuttgart 1997.

قاتارلىقلار بار. ئۇ يەنە پ. زىئېمې بىلەن ھەمكارلىشىپ گېرمانىيە، ئاۋسترىيە ۋە شۋېتسارىيىدىكى تۈركشۇناسلار تونۇشتۇرۇلغان

Turkologie in Deutschland, osterreich und der schweiz, Ein Name n — und Adressenverzeichnis. BerLin/Freiburg. 36s.

ناملىق بىر پارچە كىتاب تۈزدى.

دوكتور سىمونى چىرستىئانى راسچمان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر تەتقىقاتىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

Baomwolle in turkischen zent ralasien philologische und ئائىت wirtschaftshistorische Untersuchunger anhand der vor —isla mis chenuigurischen Texte. ناملىق بىر مەخسۇس ئەسەر نەشر قىلدۇردى.

توماس هوپپىنىڭ ئەسلىدىكى تەتقىقات ساھەسى يېزا ئىگىلىك بولۇپ، ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى تۇپراقنىڭ شورلىشىپ كېتىش مەسىلىسى توغرىسىدا ماقالە ئېلان قىلغان، يېقىندا ئۇ 560 بەتتىن ئوشۇقراق كېلىدىغان «شىنجاڭدىكى ئېتنىك توپلار: مەدەنىيەتتىكى پەرق ۋە مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەت» دېگەن مەخسۇس ئەسەرنى نەشر قىلدۇردى.

(Die ethnischen Gruppen xinJiang: kulturunterschiede ude · interethnische Beziehuangen, hamburg)

فرانسىيىدە، دوكتور جامېس هاملتون يېقىندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى دۇنخۇاڭ قولىيازمىلىرىنىڭ يىل دەۋرىگە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تىلخەت، ھۆججەتلەردىكى توقۇمىچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ شەرق ۋە غەرب تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنىش ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ج. هاملتوننىڭ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ دۇنخۇاڭنىڭ يۈلىن ئۆڭكۈرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بېغىشلىمىنى تەتقىق قىلغان نەتىجىسى فرانسىيىدە ئېلان قىلىنماقچى.

دوكتور لوئىس بازىننىڭ شەخسى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى - «Les Turcs des Mots. des Hommes» ج. هاملتون تەرىپىدىن تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى باش بولۇپ ئۈستىگە ئالغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» نىڭ Ⅲ تومى: «مەدەنىيەتنىڭ ئۆتۈشۈش ئېغىزى: مىلادىيە 250 ـ 750. يىللار» دېگەن كىتاب يېقىندا پارىژدا نەشر قىلىندى، پۈتۈن كىتاب 569 بەت، مەزكۇر كىتاب ب. ئا. لىتۋىنسكى، جاڭ گۇاڭدا ۋە ر. شابانى سامغابادىلار تەرىپىدىن بىرلىكتە تۈزۈلۈپ تاماملانغان، كىتابتا قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى ئۈستىدە توختالغان.

ئەنگلىيىدە، لىللا رۇسسېل سمىس خانىم يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنخۇاڭ سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» (Uygur Influence on Dunhuang Art) دېگەن كىتاب «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى يېڭى مەجمۇئەسى» نىڭ بىرى سۈپىتىدە BrepolS مەتبۇئات شىركىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقچى. مەزكۇر كىتابتا IX ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق بولغانلىرى بايان قىلىنغان ھەمدە خەنزۇ، تۇبۇت، تاڭغۇت قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان.

ئىلگىرى نامى چىقمىغان ج. ئېلۋېرسكوگ يېقىندا «ئۇيغۇر بۇددا دىنى ھۆججەتلىرى» (Uygur Buddhsit Literature, silk Road studies 1, Turnhout:Brepols, 1997, 154pp, BEF1, 700)ناملىق بىر يېڭى كىتاب نەشر قىلدۇردى. مەزكۇر كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە ئۇيغۇر بۇددا دىنى ھۆججەتلىرىنىڭ بايقىلىش تارىخى ۋە ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنىڭ تەرجىمىشۇناسلىق پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان، ئاندىن ئۇيغۇر بۇددا دىنى ھۆججەتلىرىنىڭ ئۆزى، مەسلەن، ترىپىتاكا، جاتاكا، ئاۋادانا، ماھاسانىپاتا، شەرھى، تانترا ۋە باشقا بۇددا دىنى ئەسەرلىرى تەسۋىرلەنگەن. ھەر بىر ھۆججەت نامىنىڭ ئاستىدا ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى، كېلىش مەنبەسى، تەرجىمىسى، نۇسخىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار تونۇشتۇرۇلغان. كىتابقا ئۇيغۇر بۇددا دىنى ھۆججەتلىرى تەتقىقاتىدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان تېمىلارنىڭ ئىندېكسى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەن.

لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ن. سىمس ۋىللىيامىس مەخسۇس تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان سوغدىچە ۋە سۇرىيىچە ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ نەتىجىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئۈستىدىمۇ كۆپ تەتقىقات يۈرگۈزگەن. ئۇ يېقىندا گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان سوغدى يېزىقىدىكى «نېستورى دىنىغا مەدھىيە» نىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ نيۇ رۇجى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بارغان، ياڭجۇدىن قېزىۋېلىنغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۈركچە- خەنزۇچە - سۇرىيچە ئۈچ خىل يېزىقتا پۈتۈلگەن نېستورى دىنى قەبرە تېشى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى يېقىندا «ئىلمىي توپلام» (شاڭخەي يىراق شەرق نەشرىياتى) نىڭ 10 - تومىدا ئېلان قىلىندى.

باش شتابى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا تەسىس قىلىنغان «ئىچكى ئاسىيا سەنئەت بىرلەشمىسى» بىلەن باش شتابى بۈيۈك ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسىدا تەسىس قىلىنغان «خەلقئارا دۇنخۇاڭشۇناسلىق تۈرى» نىڭ يېقىندىن بۇيان ئىلىم كەيپىياتى پەۋقۇلئاددە جانلىنىپ كەتتى. ئۇلار بىرلىكتە پات - پاتلا دۇنيادىكى داڭلىق ئالىملارنى ئىلمىي لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ تۇردى. كۈن تەرتىپ جەدۋىلى ئىنتايىن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دۇنخۇاڭ، تۇرپان ھۆججەتلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تۈركىيىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىدىغان ياش مۇتەخەسسىس مېھمېت ئۆلمېز يېقىندىن بۇيان ئىنتايىن پائالىيەتچان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر پروفېسسور تەلئەت تېكىن بىلەن بىرلىكتە «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (Turk Dillari Araṣtirmalari) دېگەن مەشھۇر ژۇرنالنى باشقۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ ھەر سانىدا دېگۈدەك ئۇيغۇر تىلى ۋە ھۆججەتلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. يېقىنقى بىر سانىدا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىغا دائىر ئالتە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. مېھمېت ئۆلمېز يېقىندا «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى تەتقىق قىلىنغان بىر نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ھازىر ئۇ دوكتور قاھار بارات بىلەن ھەمكارلىشىپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈۋاتىدۇ.

پروفېسسور تەلئەت تېكىن 1992 - يىلى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى «پالنامە» تەتقىقاتىغا دائىر بىر ئەسەر ئېلان قىلغانىدى، ھازىر ئۇنىڭ تەتقىقاتى كۆپىنچە قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى

گراماتىكىلىرى ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ.

گوللاندىيىلىك ن. ئې بوئېسچوتېن بىلەن م. ۋاندامې ئۇزاق مۇددەت ھەمكارلىشىپ لوندون ۋە سانكت پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دېگەن داستانىنىڭ چاغاتاي يېزىقىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىسىنى تەتقىق قىلىپ، بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى، ئۆلار س. تېزكان بىلەن ھەمكارلىشىپ يېقىندا رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دېگەن داستانىنى ئىككى توملۇق قىلىپ نەشردىن چىقاردى (نەشر قىلىنغان جاي: لېيدېن: برىلل) بۇنىڭ بىر تومى ھۆججەتنىڭ ئەسلى تېكىستى بولۇپ، بۈيۈك ئەنگلىيە كۇتۇپخانىسى بىلەن سانكت پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان چاغاتاي يېزىقىدىكى ئەسلى تېكىستى ئاساس قىلىنغان، كىتابىنىڭ بېشىغا كىرىش سۆز بېرىلگەن، كىتابىنىڭ ئاخىرىغا ئىندېكس ۋە سۆزلۈكلەر جەدۋىلى بېرىلگەن؛ 2 ـ تومى بولسا ئۆلارنىڭ ج . ئو. كانې بىلەن ھەمكارلىشىپ تاماملىغان ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى.

ۋېنگرىيىدە، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىككى خىل ژۇرنال بار: بىرى، «شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى» (يېرىم يىللىق ژۇرنال)، ئىككىنچىسى، «تۈركولوگىيە ژۇرنىلى» بولۇپ، 1993 ـ يىلدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى خىل ژۇرنالنىڭ ھەر بىر سانىغا دېگۈدەك ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ماقالە بېسىلىدۇ.

پروفېسسور بېرتائارپاد ھازىر تۈركىي تىللار تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

ئامېرىكىلىق ۋە جۇڭگولۇق 25 نەپەر ئالىمدىن تەشكىللەنگەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى ھازىر «يىپەك يولى تۈرى: تۇرپاندىن يوقاپ كەتكەن بىباھا گۆھەرلەرنى قايتا ئىزدەش» دېگەن بىر تۈر ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، بۇ تۈرگە ئۈچ يىل (1996 ـ 1998) سەرپ قىلىنماقچى، مەزمۇنى ئارخېئولوگىيە، تارىخ، سەنئەت تارىخى، دىن تەتقىقاتلىرىغا چېتىلىدۇ. بۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى 1996 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچى ۋە تۇرپانغا جەم بولۇپ، تۇيۇق، سىڭگىم ئېغىز، ئىدىقۇت، يارغول، بېزەكلىك، ئاستانە قاتارلىق مەدەنىيەت ئىزلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەكشۈرگەنىدى. 1997 ـ يىل تۆت نەپەر جۇڭگولۇق ئالىم ئامېرىكىنىڭ يالې ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە «خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ماتېرىيال ئامبىرى» نى تۈزۈپ چىقتى. 1997 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئامېرىكىلىق ئالىملار جەم بولدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تۆۋەندىكى بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى: جانېت باكېر، ۋالېرى ھانسېن، دېنىس لېيدي، نوبۇيوشى يامابېلارنىڭ «تۇرپاننىڭ بۇددا دىنى ۋە بۇددا دىنى سەنئىتى»، ئانگېلا شېك، جوناتان سكاف، ئوكتورسكجائېرۋو ۋە جاك گۇاڭدالارنىڭ «تۇرپاندىكى سوغدىلار ۋە ئۇلاردىكى پارس تەسىرىنىڭ دەرىجىسى»، ئالبېرت دىئېننىڭ «ئاستانىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان سەنئەت بۇيۇملىرى توغرىسىدا تونۇش»، دېك شياۋنەن، جۇدى چۇڭ ۋاخۇلارنىڭ «ئاياللار تارىخى»، ساراھ فراسېرنىڭ «سەنئەتكارلارنىڭ ئەمەلىيىتى»، نانسىي ستېئىنخاردىنىڭ «بىنا» قاتارلىقلار. 1998 ـ يىلى «ماتېرىيال ئامبىرى» خىزمىتى تاماملىنىدۇ ھەمدە 1998 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ 12 ـ كۈنلىرى نېۋھاۋېندا بۇ تۈرنىڭ خۇلاسە يىغىنى ئېچىلىدۇ. جۇڭگولۇق ۋە ئامېرىكىلىق ئالىملار ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى تاپشۇرىدۇ.

ياپونىيىدە، شەنتيەن شىنفۇ، شياتيەن شۇدىيەن، پېتېر زىئېمې، مىيسۇنتەن، سېنئەن شياۋفۇلار تەرىپىدىن 1993 ـ يىلى تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىلخەت ۋە ھۆججەتلەر توپلىمى» دىن كېيىن، بەيجى كاگيى، شياۋتيەن شۇدىيەن، پېتېر زىئېمې قاتارلىقلار يەنە «ئۇيغۇر بۇددا نوم توپلىمى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ. بەيجى كاگيى ئىلگىرى ياۋروپانى ئايلىنىپ چىققان، ھازىر ئۇ ياپونىيە، شۋېتسىيە، فىنلاندىيە، تۈركىيە، فرانسىيە، روسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ، تۇرپانلاردىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغان بولۇپ، دائىم پېتېر زىئېمې بىلەن ھەمكارلىشىپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ھۆججەتلىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ

تۇرىدۇ. مەسىلەن، «ئاگاما سۇترا»، «ئابخىدخارما كوسا ساسترا»، «ئامىتايۇر ديانا سۇترا» قاتارلىقلار.

پروفېسسور جۇاڭيۇەن نىيجىڭخۇڭ ئۈچ توملۇق «ئابىدارما كوشاۋاردى شاستىر» نى نەشر قىلدۇرۇپ بولۇپلا، يېقىندا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان خەنزۇچە بۇددا نومى « 圣妙吉祥实名经 » نىڭ پارچىسى تەتقىق قىلىنغان ئۇزۇن بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى، ماقالىدە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان خەنزۇچە خەتلەرنىڭ تاۋۇش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغان، ماقالىنىڭ كەينىگە سۈرەت نۇسخىسى قوشۇمچە بېرىلگەن («سۆزشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ 14 ـ نومۇرىغا قارالسۇن) .

پروفېسسور گاۋتيەن شىشۇڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ يېزىقى ۋە خەنزۇ تىلىنى قوللانغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق قىلىپ، بىر يۈرۈش ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. يېقىندا يەنە گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قىيىن بولغان خەنزۇچە خەتنىڭ ئوقۇلۇشى ئىزاھلاپ قويۇلغان ھۆججەتنىڭ بىرنەچچە پارچىسىنى ئېلان قىلىپ، بىزنى خەنزۇ ـ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئالاقىسىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى.

شۋېتسىيىدە، باش ئەلچى گۇننار ياررىڭنىڭ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» دېگەن كىتابىنىڭ خەنزۇچىسى بۇرۇنلا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە دىئالېكتلار لۇغىتى» ۋە چاغاتاي يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن داڭق چىقارغان. يېقىندىلا «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدىكى قوزغاتقۇچى دورا»
(Stimulants among the Turks of Eastern Turkestan. An Eastern tur kiText edited with Translation, Notes and Glossary, stockholm)
دېگەن كىتابى نەشردىن چىققاندى، يېقىندا يەنە «موئېن توپلىغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» (The moen collection of Eastern Turki/new uighur popular poetry, Edited with Tranlation, Noted and Glossary, Lund 1996)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركچە يەر نامىلىرى: لوپنۇر ۋە تارىم رايونى» (central Asian Turkic place — Names. Lopnor and Tarim area, An Attempt at classification and Explanation Based on Sven Hedin, Diaries and published works, The Sven Hedin Foundatuin, Stock —holm1997, 524p) دېگەن كىتابلىرى نەشردىن چىقتى.

تۆۋەندە، «53 - نۆۋەتلىك ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا تەتقىقاتى خەلقئارا يىغىنى» ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تېمىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

بۇ يىغىن 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشتتا ئېچىلغان، يىغىننىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، يىغىنغا قاتناشقانلار 1000 دىن ئاشىدۇ. يىغىن ئوخشاش بولمىغان مەخسۇس تېمىلار گۇرۇپپىسىغا ئايرىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى مەخسۇس تېما گۇرۇپپىسىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ: بىرىنچىسى، «XX ئەسىردىكى يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى». بۇ مەخسۇس تېما گۇرۇپپىسى يەنە ئىككى كىچىك گۇرۇپپىغا ئايرىلغان: (1) «1900 — 1930: XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ستېيىن ۋە ئۇلۇغ بايقاش»، بۇ كىچىك گۇرۇپپىدىن ئاساسلىق سۆزگە چىققانلار ۋە ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنىڭ تېمىسى: مونىچۆ كوھېن: «پېللىئوت ۋە 1906ـ 1908ـيىللاردىكى ئارخېئولوگىيە»؛ ج. ھارماتتا: «ستېيىن تۇغرىسىدا»؛ جېنىس - پېتېرلائوت: «تۇرپان ھۆججەتلىرى قىزىقىپ بىلىنغان خارابىلەر»؛ دېنىس سىنور: «پېللىئوت»؛ ۋاڭ جىچىڭ: «ستېيىننىڭ 4ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىسى»؛ گابرىئېللي زىپللېر: «ستېيىننىڭ خەت-چەكلىرى». (2) «1930 — 1979: يىپەك يولى سەنئىتى ۋە ئارخېئولوگىيىسى»، بۇ كىچىك گۇرۇپپىدىن ئاساسلىق سۆزگە چىققانلار ۋە ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنىڭ تېمىسى: چاۋ خۇاشەن: «تۇرپاندىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ يېڭىدىن بايقىلىشى»، ساراھ فراستېر: «رەسىم ئۈستىسىغا بېرىلگەن دۇنخۇاڭ مالىيە ھۆججىتىنىڭ يەشمىسى»، سېرگېي گ. كلياشتورنىي:

«دۇنخۇاڭ، تۇرپان تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى توغرىسىدا تەكشۈرۈش» (ئاپتور
IX — XI ئەسىرلەردىكى دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تۈرك ـ
رۇنىك يېزىقىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن ھەمدە رۇنىك يېزىقى مەدەنىيەت،
ئىقتىساد ۋە ھەربىي ساھەلەردە ئىشلىتىلگەن، دەپ قارىغان) ؛ لىللا
رۇسسىل ـ سمىس: «ستېيىن يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملار ئىچىدىكى X
ئەسىرگە تەئەللۇق دۇنخۇاڭ سىزما رەسىملىرى» (ئاپتورنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ
دۇنخۇاڭ سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدىكى بىر كىتابى يېقىندا
نەشردىن چىقىدۇ، بۇ ماقالە مۇشۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك) ، لورې
ساندېر: «بېزەكلىك تام رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرى» ؛ ئىككىنچىسى،
«خەلقئارا ئىلمىي بايقاشلار». بۇ مەخسۇس تېما گۇرۇپپىسىمۇ ئىككى
كىچىك گۇرۇپپىغا ئايرىلغان: (1) «قوغداش، ھەمكارلىق ۋە ئىستىقبال»
. بۇ كىچىك گۇرۇپپىدىن ئاساسلىق سۆزگە چىققانلار ۋە ئۇلارنىڭ
ماقالىلىرىنىڭ تېمىسى: نادىيە بروۋېنكو: «سانكت پېتېربۇرگدا
ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملارنى قوغداش مەسىلىسى» ، توماس سچمىئېدېرجاپپې:
«بېرلىن ماتېرىيال ئامبىرىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى» ، (2)
«قولىيازمىلاردىكى ئەنئەنە» ، بۇ كىچىك گۇرۇپپىدىن ئاساسلىق سۆزگە
چىققانلار ۋە ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىنىڭ تېمىسى: لاررې كلارك: «قەدىمكى
ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلارنىڭ يىل دەۋرى» (قەدىمكى ئۇيغۇرچىنىڭ
تىل ۋە يېزىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن سىنئەن شىياۋفۇنىڭكىگە قارىمۇ
قارشى كۆزقاراشنى، يەنى بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر
موڭغۇللار دەۋرىدىن بۇرۇن بولۇشى كېرەك، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا
قويدى) ، شىياۋتيەن شۇدىيەن: «ئۇيغۇر ساختا بۇددا نومى ‹سەككىز
يۇكمەك› بىلەن ‹سەككىز يۇكمەك› نىڭ ئالاھىدىلىكى» (قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمە قىلىنغان جايى، يىل دەۋرىگە
قارىتا يېڭىچە كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
تەرجىمىسى تۇرپان رايونىدا قىلىنغان، دەۋرى IX ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرا ـ كېيىنكى مەزگىللىرىگە ياكى X ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا
كېلىدۇ، دەپ قارىغان) ؛ مېھمېت ئۆلمېز: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى
‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى› نىڭ تەرجىمە نۇسخىسى» (قاھار بارات بىلەن
ھەمكارلىشىپ، ئاتالما ۋە «تۈرك» دېگەن نامنىڭ ئەتراپىدىكى مىللەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەرىپىدىن ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك
ئالاھىدىلىكىنى مۇھاكىمە قىلغان)؛ گىئورگىس جېئان پىنائۇلت:
«تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى توخرى ھۆججەتلىرى» ( VIII ئەسىردە
قاراشەھەر «ئاگىنى» يېزىقىدا يېزىلغان «مايترى سىمىت» ئۈستىدە
تەتقىقات يۈرگۈزگەن ھەمدە تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ئالاقىدار ھۆججەتلەر
بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققان)؛ چىرستىئانې رىك: «مانى دىنىنىڭ
سوغدىچە ھېكايىلىرىدىكى ئىلاھە» (بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن
قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئىچىدىن سوغدى يېزىقى بىلەن ئوتتۇرا قەدىمكى
ئىران تىلىدا يېزىلغان ھۆججەتلەرنىڭ تۆت پارچە قولىيازمىسىنىڭ
فراگمېنتى يېڭىدىن بايقالغان، قەلەم ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، ھەممىسى بىر
ئادەمنىڭ قولىدىن چىققان بولۇشى كېرەك. ۋ. سۇندېرمان ئۇنى «مانى
مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋبىنامىسى» نىڭ بىر بۆلىكى، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئاپتور
بۇ فراگمېنتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان)، رۇڭ
شىجياڭ: «1957 - يىلىدىن بۇيان تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇ
يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر»؛ تسۇنېكى نىشىۋاكى: «بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان
تۇرپان بۇيۇملىرى ئىچىدىكى راھىب شۈەن فەنگە مۇناسىۋەتلىك 57 ch.-
نومۇرلۇق قولىيازما» ( VII ئەسىردە تاڭ تەيزۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن بىر
راھىب بايان قىلىنغان بىر پارچە ھۆججەتنىڭ فراگمېنتى
چۈشەندۈرۈلگەن)؛ مارك كالىنوۋسكى: «دۈنخۇاڭدىن تېپىلغان پالنامە
توغرىسىدا»؛ سىمونې - چىرستىنې راسچمان: «〈ئالتۇن يارۇق〉 نىڭ
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى» (بېرلىن ۋە سانكت
پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا
يېزىلغان ئوخشاش بولمىغان نۇسخىلىرىدىكى پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇپ
مۇھاكىمە قىلغان). بۇلاردىن سىرت، ئوسمان سېرتكايا ئىككى پارچە
قەدىمكى ئۇيغۇرچە تىلخەتنى مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە تۈركىيىنىڭ
ئىستانبۇل شەھرىدە، ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنى
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا رەشىد رەخمەتى ئاراتنىڭ گېرمانىيىدىن
ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى؛ مارگارىتا ۋوروبيوۋا دېسياتوۋسكايا
سانكت پېتېربۇرگ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ن. ف.
پېتروۋسكي بۇيۇملىرى ئىچىدىكى سانسكرىتچە قولىيازمىلارنى مۇھاكىمە
قىلدى؛ لېۋ. ن. مېنشىكوۋ س. م. دۇدىن (1863- 1929، ئودېنبۇرگ

يېتەكچىلىكىدىكى روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ بىرى) دۇنخۇاڭدا سۈرەتكە تارتىپ توپلىغان 2000 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت ۋە رەسىمنى تونۇشتۇردى. بۇ ماتېرىياللار هازىرغىچە ئېلان قىلىنمىدى؛ يۈەن سىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيىسى، تارىخىي جۇغراپىيىسى، سىياسىي تارىخى، ئىقتىساد تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. كېيىنكى نۆۋەتلىك ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا تەتقىقاتى خەلقئارا يىغىنى 2000 - يىلى مونترېئالدا ئېچىلىدۇ.

چەت ئەللەردە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ كومپيۇتېرلىك بىر تەرەپ قىلىنىشى ئىنتايىن قىزىپ كەتتى، «بۇددا دىنى هۆججەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېلېكترونلۇق سىناق قىلىش خەلقئارا يىغىنى» 1997- يىل 10- ئايدا ياپونىيىنىڭ كيوتو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، كېيىنكى نۆۋەتلىك يىغىن 1999 - يىلى تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلىدۇ، «ياۋروپا - ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقا مەدەنىيەت تارىخى ماتېرىياللىرى: كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىنىشى» 2 - نۆۋەتلىك خەلقئارا يىغىنى 1998 -يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە روسىيىنىڭ پايتەختى موسكۋادا ئېچىلىدۇ. ئىنتېرنېت خەلقئارا بىرلەشمە توردا ئۇيغۇرشۇناسلىق، دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق، يىپەك يولى، ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتىگە مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ تور - نۇقتىلار ۋە ئاساسىي بەتلەر بار. غەربىي يۇرت تەتقىقاتىدىكى تور- نۇقتىلارغا كەلسەك، تېخىمۇ كۆپ. بىز بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، دەۋر قەدىمىگە يېتىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەدجان مۆمىن
تەرجىمە تەھرىرى: ئەزىز يۈسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر تەتقىقاتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ساڭ رۇڭ

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى تارىخى ئۇزۇن مىللەتلەرنىڭ بىرى، ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنى ئېچىشتا، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇڭا ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇلار توغرۇلۇق كەڭ دائىرىدە مەلۇمات قالدۇرۇلغان. بۇ مەلۇماتلار «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن «چىڭ ئوردىسى خاتىرىلىرى» گىچە بولغان يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى جۇڭگو تارىخى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ، شۇنداقلا شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئاساسلىق مەزمۇن.

هازىرغىچە ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىز تارىخ ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىشى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن باشلانغان. شياڭ دا، ۋاڭ رىۋېي، جاڭ شىمەن، لى فۇتۇڭ، ليۇمىڭشۇ، گۇەن جىنخۇا قاتارلىق ئالىملار ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئاۋۋال باشلاپ تەتقىق قىلغان پېشۋالاردۇر. شياڭ دا ئەپەندىنىڭ «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى» ناملىق ماقالىسىنى ئەڭ دەسلەپكى ئىلمىي ماقالە دېيىشكە بولىدۇ. ۋاڭ گوۋېي، فىڭ چېڭجۈن، جاڭ شىڭلاڭ قاتارلىق ئالىملارنىڭ غەربىي شىمال مىللەتلىرى، غەربىي يۇرت تارىخى، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ

قاتناش تارىخى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىلمىي ماقالە، ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىمۇ ئىلىم ساھەسىدە خېلى زور تەسىر قوزغىغانىدى.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدىكى چېن يەنچى ئەپەندى بىلەن ۋاڭ تىڭكەي ئەپەندىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر ئىلمىي ئەسەرلەر كاتالوگى» ۋە ليۆگې، خۇاڭ شيەنياڭ بىرلىكتە تۈزگەن «غەربىي يۇرت تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىگە دائىر ئىلمىي ئەسەرلەر، ماتېرىياللار كاتالوگى» دىكى مۇندەرىجىگە ئاساسلانغاندا، ئازادلىقتىن بۇرۇن ئېلىمىزدە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر 65 پارچە ئىلمىي ماقالە، ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر ئومۇمىي بايان خاراكتېرلىك 17 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىنغان، بۇلار ئىچىدە مەخسۇس تېمىلار تەتقىق قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر تېخىمۇ ئاز. ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تېمىسى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇر تارىخىنى دەۋرلەر بويىچە تەتقىق قىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە تاڭ دەۋرى، بەش دەۋر، سۇڭ، لياۋ، جىن دەۋرلىرىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ نىسبىتى كۆپرەك بولغان، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى تەتقىق قىلىنغان ئىلمىي ماقالە تۆت پارچىلا بولۇپ، باشقا دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر تەتقىقات يوق دېيەرلىك. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، مەيلى ئومۇمىي بايان جەھەتتە بولسۇن ياكى مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىق قىلىش جەھەتتە بولسۇن، ھەممىسىدە يېڭى يۈكسىلىش بولدى. بۇ جەھەتتە ئالاھىدە چۈشەنچىگە ئىگە بىر تۈركۈم ئىلمىي ماقالە ۋە ئەسەرلەر ئېلان ۋە نەشر قىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىق قىلىنغان ئەسەر، مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقات، ئىلمىي ماقالە ۋە ماتېرىياللار توپلىمى (نەشر قىلىنغان يىل تەرتىپى بويىچە رەتلەندى) مۇنۇلاردىن ئىبارەت: گويىڭدې يازغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، (شەرق نەشرىياتى، 1952 ـ يىل)؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى، قىسقىچە تەزكىرىسى توپلىمى» (دەسلەپكى كۆپىيە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، 1963 ـ يىل)؛ فېڭ جياشېڭ، چېڭ شۇلو قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» (1 ـ، 2 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1958ـ، 1981ـيىل)؛ ليۇ يىتاڭ يازغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، (تەيبېي جېڭجۇڭ كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1975 ـ يىل)؛ گېڭ شىمىن يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە»، (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل)؛ ليۇزىشياۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» (1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985ـ يىل)؛ بى چاڭپۇ يازغان«قەدىمكى ئۇيغۇرلار (回纥) ۋە ئۇيغۇرلار»، (تەيبېي شىنۋېن نەشر قىلىش چەكلىك شىركىتى، 1986ـ يىل)؛ ۋېي لياڭتاۋ يازغان «قاراخانىيلار تارىخى ئوچېركى»، (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1968 ـ يىل)؛ چېن گاۋخۇا تۈزگەن «يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلارغا دائىر ماتېرىياللار» (ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار مەجمۇئەسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل)؛ «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»، (ج. ر. خامىلتون 1955 ـ يىلى يازغان، گېڭ شېڭ، مۇگېنلەي تەرجىمە قىلغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1986ـ يىل نەشرى)؛ دۈەن ليەنچىن يازغان «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تېلېلار» (شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل)؛ لىن گەن يازغان «تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» (1 ـ، 2 ـ قىسىم، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1988 ـ يىل)؛ ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل)؛ ليۇ مېيسۇڭ يازغان «ئىككى تاڭنامىنىڭ ‹ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە›، دېگەن بابىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىلىنغان

باياناار ئۇستىدە مۇلاھىزە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل؛ شىنجاڭ تارىخى دەرسلىكىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى يازغان «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ، (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1993-يىل) ؛ چېڭ شولو تۈزگەن «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» (خەلق نەشرىياتى، 1994-يىل) ؛ توختى يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىل) ؛ ليۇ زىشياۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» (2 ـ قىسىم، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىل) . بۇلاردىن باشقا، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەسەرلەرمۇ نەشر قىلىندى، بۇنىڭغا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1 ـ ، 2 ـ ، 3ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980ـ يىلدىن 1988ـ يىلغىچە نەشر قىلغان) نى، لىن گەن يازغان «تۈرك تارىخى» (ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشر قىلغان) نى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا، كەينى ـ كەينىدىن نەشر قىلىنغان جۇڭگو ئومۇمىي تارىخلىرى، ئالايلۇق، فەن ۋېنلەن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخىنىڭ قىسقارتىلمىسى» ، جيەن بوزەن ئەپەندى يازغان «جۇڭگو تارىخى تېزىسلىرى» ، لۈي جېنيۈ يازغان «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمىي تارىخى» ، گومورو باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي چۈشەنچە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مەخسۇس باب ياكى پاراگرافلىرىدىمۇ ئۇيغۇر تارىخى بايان قىلىنغان.

تۆۋەندە مەن بىلىمىمنىڭ يېتىشسىزلىكىگە باقماي، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئېلان قىلىنغان خەنزۇچە كىتاب، ژۇرنال ۋە ماقالىلەردىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر مەزمۇنلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ يېزىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى دېگەن تۆت قىسىمغا بۆلۈپ بايان قىلماقچىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا خېلى كۆپ ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. يازما يادىكارلىقلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى شۇكى، 840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار شىمالىي چۆللۈكتىن كۆچكەن، ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى جەنۇبقا — خېبېي، شەنشى ئەتراپلىرىغا، قالغان ئۈچ تارمىقى خېشى كارىدورى، تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمى ۋە پامىرنىڭ غەربىگە كۆچكەن، غەربكە كۆچكەن بۇ ئۈچ تارماق ئۇيغۇر قوۋمى ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر ياكى ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى بولۇپ قالغان. بۇ خىل قاراشنى ئىلىمىزدە ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان نورغۇن ئالىملار قوبۇل قىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئىلىمىزدە نەشر قىلىنغان، پروفېسسور فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» بىلەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ ئاپتورلىرى مۇشۇنداق نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1959 - يىلى ئۈرۈمچىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ ئورىگىنالى مۇھاكىمە قىلىنغاندا، گۇباۋ ئەپەندى يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرگە باشقىچە پىكىر بەرگەنىدى. 20 يىلدىن كېيىن «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا مۇلاھىزە» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئىچكى ژۇرنال، 1979 - يىل 5 - سان)، «يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئىچكى ژۇرنال، 1980 - يىل 6 - سان) ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە يېڭى ئىزدىنىش» («جۇڭگو

ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1980 ـ يىل 6 ـ سان) ناملىق ئۈچ پارچە ماقالىسىدە: مىلادىيە III ئەسىردە شىنجاڭدا ماكانلاشقان دىڭلىڭلار (يەنى غەربىي دىڭلىڭلار)، مىلادىيە V ئەسىردىن كېيىن شىنجاڭدا ماكانلاشقان تېلېلار ئۇزاق تارىخىي جەرياندا يەرلىك مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن، دەپ كۆرسەتكەن. گۇباۋ ئەپەندى يەنە مۇنداق دېگەن: دىڭلىڭلار، تېلېلار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار (خۇيخېلار) ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى بولۇپلا قالماي، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان، ئەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا ماكانلاشقان ئېكىنچى (دېھقان) مىللەتلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان. گۇباۋ ئەپەندى يەنە: «مىلادىيە V ئەسىردە دىڭلىڭلار، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار كەڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان»، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خېلى كۆپ جايلىرى مۇشۇ مەزگىللەردە تېلېلىشىپ بولغان، دېگەن.

شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. چېن چاۋ ئەپەندى بۇ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەرلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ يازغان ماقالە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1981 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىكى سانىنىڭ 3 ـ بېتىگە بېسىلدى.

سۇبېيخەي ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا يېڭى مۇھاكىمە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 ـ يىل 1 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار موڭغۇل يايلىقى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايونلارغا جايلاشقان، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى شەرقىي خەن دەۋرىدىن تارتىپلا خەنزۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە زور تۆھپە قوشقان» دەپ قارىغان.

چېن بو ئەپەندى «يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا» ( «غەربىي شىمال تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ، غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال تارىخ تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن، 1981-يىل 2-سان) ناملىق ماقالىسىدە، گۇباۋ ئەپەندىنىڭ قارىشىغا باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، گۇباۋنىڭ ماقالىسىدە مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىلەن مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، دەپ كۆرسەتكەن.

چېن بۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى دېگەندە، بىزنىڭچە، ئاساسلىقى، ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى مەنبەسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، مەيلى ئۇنىڭ ئەينى چاغدا كىچىك بىر ئۇرۇق، قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇشىدىن ۋە ياكى ئۇنىڭ باشقا كۈچلۈك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ياكى دۆلەتكە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئەتراپىدىكى قۇدرەتلىك قەبىلىلەر گۇرۇھى تەرىپىدىن تەدرىجىي قوشۇۋېلىنىپ، تارىختىن تېزلا يوقاپ كەتكەن بولۇشىمۇ، تەدرىجىي قۇدرەت تېپىپ ئەتراپىدىكى باشقا قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى (جۈملىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىر مىللەتكە تەۋە بولغان قەبىلە) نى ئۆزىگە قوشۇۋالغان بولۇشى ھەتتا تارىختىكى خۇن، جۇرجان، تۈرك، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش پۈتكۈل موڭغۇل يايلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، قۇدرەتلىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. دېمەك، گۇباۋ ماقالىسىدە ئېيتقاندەك: ئۇلارنىڭ «مىللەت نامى دائىم دېگۈدەك شىمال يايلاقلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ قالغان.» بىز بۇ «ئورتاق نام» غا ئىگە مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، ئاساسلىقى، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ مۇشۇنداق نامغا ئىگە ئۇرۇقىنى، قەبىلىسىنى ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ئىزدەيمىزمۇياكى ئەڭ دەسلەپ مۇشۇنداق نامغا ئىگە ئۇرۇق، قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى كېيىن ئۆزىگە قوشۇۋالغان، ئۆزىگە قوشۇلۇپ كەتكەن، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولغان باشقا مىللەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنى ئىزدەيمىزمۇ؟ روشەنكى، ئالدىنقىسى ئاساسلىق ئېتنىك مەنبە، كېيىنكىسى بولسا، ئۇ مىللەت شەكىللىنىش داۋامىدا ئۆزىگە قوشۇۋالغان، ئۆزىگە قوشۇلۇپ كەتكەن قىسىم، يەنى شۇ

مىللەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىلا بولىدۇ. دەرۋەقە، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كېيىنكىسىمۇ «ئورتاق نام» غا ئىگە ئۇرۇقنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبە ئەمەس. ئالايلۇق، ئازادلىقتىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ «خەنزۇ مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى» توغرىسىدىكى مۇھاكىمىسىدە، خەنزۇلارنىڭ كۆپىيىشى، شەكىللىنىشى داۋامىدا ئۇنىڭغا باشقا مىللەتلەر قوشۇلۇپ كەتكەن، خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن باشقا مىللەتلەرمۇ بۈگۈنكى خەنزۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھامان خەنزۇلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى ئەمەس، دەپ كۆرسىتىلگەن.

موگۇاڭۋېن ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ماكانى توغرىسىدا مۇھاكىمە» («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1983 ـ يىل) ناملىق ماقالىسىدە، ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىلادىيە II ئەسىرگىچە ياشىغان دىڭلىڭ ۋە ئوغۇزلاردىن كېلىپ چىققان، دەپ قارىغان ھەمدە ئۇنىڭ پائالىيەت قىلغان رايونلىرى ئۈستىدىمۇ ئىزدەنگەن.

چېڭ شولو ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا» («شياڭ دا ئەپەندىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يېزىلغان ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل) ناملىق ماقالىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى رىۋايەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تونۇشتۇرغان، ئۇ رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىش جەريانىدىكى ئۆزگىرىشى ۋە تارىخشۇناسلىق جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى تەھلىل قىلغان ھەمدە نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۇيغۇرلار بىلەن ھۇنلارنىڭ، دىڭلىڭلارنىڭ، ئوغۇزلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى دەلىللەپ چىققان، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلار: دى ـ قىزىل دى ـ دىڭلىڭ ـ تېلې ـ ئۇيغۇر دېگەن تەرتىپ بويىچە، ھۇنلار بولسا: دى ـ شيەنيۈن ـ ھۇن دېگەن تەرتىپ بويىچە كېلىپ چىققان؛ ئۇلار ئارىسىدا مۇئەييەن باغلىنىش بولسىمۇ، لېكىن ھۇنلار ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئەمەس، ئوغۇزلار بولسا غەربىي دىڭلىڭلارنىڭ بىر تارمىقى، كېيىن ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوشۇلۇپ كەتكەن .

جاڭ ليەن ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە بايان: قوشۇمچە قەدىمكى ئۇيغۇرلار (خۇيخېلار) ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى» (غەربىي شىمال مىللەتلىرى توغرىسىدا مەجمۇئە، 1984 - يىل 1 - سان) ناملىق ماقالە يازغان.

دۇەن ليەنچىن ئەپەندى «تېلېلار بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە تېلېلارنى بىر مىللەت دەپ ئاتاشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىق مەسىلىسى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، 1986-يىل 2-سان) ناملىق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئەخمەتجان ئەھەت «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا يېڭى ئىزدىنىش» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1985 - يىل 1 - سان) ناملىق ماقالىسىدە، ياڭ شېڭمىن ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇرلار (خۇيخېلار) نىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا تەھلىل ، قوشۇمچە قەدىمكى ئۇيغۇرلار (خۇيخېلار) بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەرقى» («گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى» ، 1988-يىل 1- سان) ناملىق ماقالىسىدە، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە يازما يادىكارلىقلار ھەمدە يېقىنقى يىللاردىن بۇياتقى ئىنسانلارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىدىن پايدىلىنىپ، موڭغۇل يايلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىنى تەتقىق قىلىپ ۋە ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ: قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھازىرقى ئۇيغۇرلارغا، قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان يەرلىك ئاھالىلەرمۇ ھازىرقى ئۇيغۇرلارغا باراۋەر ئەمەس؛ ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى يۇقىرىقى ئىككى قىسىم كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار مىلادىيە IX ئەسىردىن XV ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز ئارا قوشۇلۇپ يېڭى بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن، دېگەن چۈشەنچىگە كەلگەن.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1 - قىسىم) دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا، بەزىلەر: ئۇلار

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە ھۇنلارنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان دىڭلىڭلارنىڭ ئەۋلادى، دەپ قارىسا، بەزىلەر: ئۇلارنىڭ ئەجدادى بىلەن ھۇنلارنىڭ مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار، دەپ قارايدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان مەلۇم ئۇرۇق - قەبىلىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلار ئېلىمىزدىكى ئەڭ قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر.»

IV ئەسىردە، ئۇيغۇرلارنىڭ نامى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا رەسمىي كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ نامى (يۈەنخې) «袁纥» دەپ تەرجىمە قىلىنغان، ئۇلار قاڭقىللارنىڭ ئورقۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان بىر قەبىلىسى ئىدى. V ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ (يۈەنخېلارنىڭ) سەردارى شۈجە ( 树者 ) قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ باش سەردارى بولدى. تۈركلەر قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن بىللە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە، تۇغلا دەرياسى بويىدا ۋېيخې ( 韦纥 ئۇيغۇر) لار، تيانشاننىڭ شىمالىدا ئوغۇزلار بار ئىدى. ۋېيخې يۈەنخېنىڭ يەنە بىر خىل تەرجىمىسى، بەزىلەر ئوغۇزلارنىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى، دەپ قارايدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا خەنزۇچىدە ۋېيخې( 韦纥 ) خۇيخې ( 回纥 ) دەپ؛ ۋۇخۇ( 乌护 ) ۋۇخۇ( 乌鹘 ) دەپ يېزىلغان. ئالدىنقىسى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، كېيىنكىسى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار (خۇيخېلار) خېلى كۆپەيدى، ئەمما ئوغۇزلار (ۋۇخۇلار) پامىرنىڭ غەربىگە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ نامى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە قايتا كۆرۈلمىدى.

ليۇزىشياۋ ئەپەندى يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» (1 - قىسىم) دا مۇنداق دېيىلگەن: ئاسىيادا، شەرقتە خىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا موڭغۇل چۆللۈكىدىن تارتىپ شىمالدا بايقال

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆلىگىچە بولغان جايلار خۇددى بىر سەھنە بولۇپ، قەدىمكى نۇرغۇنلىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بۇ جايلاردا تارىخ سەھپىسىدىن ئورۇن ئالغان. ھۇنلار، جۇرجانلار، تۈركلەر، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىتانلار، موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ رايوندا ئاپىرىدە بولۇپ روناق تېپىپ كۆچەيگەن. ئۇيغۇرلارمۇ مۇشۇ رايوندا ئۆزىنىڭ ئاپىرىدە بولۇش، قۇدرەت تېپىش ۋە كۆچىيىشتىن ئىبارەت تارىخىي جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىر ئەتراپىدا، سىبىرىيىدىكى بايقال كۆلى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلى ئارىلىقىدىكى كەڭ يايلاقلاردا دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان بىر قەبىلە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. مىلادىيە IV ئەسىردە ئۇلار تېلې، چىلى، دىلى دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئىشلەتكەن ھارۋىنىڭ چاقى ئېگىز ھەم چوڭ بولغانلىقتىن، يەنە قاڭقىللار دەپمۇ ئاتالغان. دىڭلىڭلار ياكى تېلېلار ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىمغا بۆلۈنگەن . غەربىي قىسىم تېلېلار ئېرتىش دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. شەرقىي قىسىم تېلېلار ئالتە چوڭ قەبىلىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يۈەنخې ئۇرۇقىنىڭ نامى دەل ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئۇيغۇر دېگەن بۇ نام يەنە ۋۇخې( 乌纥 )، ۋۇخۇ( 乌护 )، خۇيخې ( 回纥 )، خۇيخۇ( 回鹘 ) دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغانىدى. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى) دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى بولۇپ، مىلادىيە IV ئەسىردىكى «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن «يۈەنخې» دەل «ئۇيغۇر» نامىنىڭ تۇنجى خەنزۇچە تەرجىمىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە، بۇ مىللەتنىڭ نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە ھەر خىل تەرجىمە قىلىنغان: مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ ئاخىرى VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «ۋېيخې» دەپ؛ مىلادىيە 788- يىلدىن ئىلگىرى «خۇيخې» دەپ؛ مىلادىيە 788 - يىلدىن XIII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغىچە «خۇيخۇ» دەپ؛ XIII

ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن XVII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغىچە «ۋېيۋۇئېر» ( 畏兀儿 ) دەپ؛ XVII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە «خۇيبۇ» ( 回部 ) ياكى «خۇيمىن» ( 回民 ) دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ يەنە باشقا خىل تەرجىمە قىلىنغان ناملىرىمۇ بار، بەزىلەر «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»دە چېلىقىدىغان «ۋۇجيې» ( 乌揭 )، «خۇجيې» ( 呼揭 )، «خۇدې» ( 呼得 ) (خۇ-دات، خۇداك)، «يىۋۇلۇ» ( 伊吾卢 ) قاتارلىقلارنىمۇ «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت نامىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدىمۇ ھەر خىل قاراشلار بار، ھازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نامغا بەرگەن ئىزاھاتىدىمۇ خېلى زور ئىختىلاپ مەۋجۇت. بەزىلەر بۇ نامنىڭ مەنىسى «بىرلەشمەك، ئىتتىپاقلاشماق» دېگەنلىك بولىدۇ، دېگەن قاراشنى ياقلىسا، بەزىلەر «تايانماق»، «ئۇيۇشماق» دېگەن قاراشنى، يەنە بەزىلەر «ئوزۇقنى ئۆزى تېپىپ يېگۈچىلەر» دېگەن قاراشنى ياقلايدۇ، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بەزىلەر ئۇنىڭ مەنىسى «ئاقىل»، «كۈچلۈك»، «قابىل» دېگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىن قارىغاندا، «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ مىللەت نامىنىڭ مەنىسى «بىرلەشمەك، ئىتتىپاقلاشماق» دېگەن مەنىدە دەپ قارالسا، بۇ تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خېلى ئۇيغۇن كېلىدۇ.

«ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام ئەڭ بۇرۇن مىلادىيە IV ئەسىردىكى «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتابتا «قاڭقىل» دەپ ئاتالغانلارنىڭ دى، يۈەنخې، چۇرۇق، چابىش(چۈبە)، پۇۋۇرغۇر (بوركلى)، ئىركىن قاتارلىق ئالتە ئۇرۇقى بارلىقى قەيت قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى يۈنخې ئۇرۇقى ئۇيغۇرلاردۇر. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ قاڭقىلدىن ئىبارەت بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى گەۋدىسىدىكى بىر ئۇرۇق بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي كۆپىيىپ ۋە كۈچىيىپ، ئۆزىگە قوشنا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باشقا مىللەتلەرنى قوشۇۋېلىپ، مۇستەقىل مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئەمما «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە يەنە: قاڭقىللار قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ قېپقالغان قوۋمى، دەسلەپتە دىلى دەپ ئاتالغان، شىمالدىكىلەر ئۇلارنى چىلى دەپ؛ شيالىقلار ئۇلارنى ئېگىز ھارۋىلىق دىڭلىڭلار دەپ ئاتىغان دەپمۇ قەيت قىلىنغان. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، قاڭقىللارنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان يۈەنخې ئۇرۇقىنىڭ مەنبەسىنى ئېخىمۇ قەدىمكى دەۋرلەردە ياشىغان دى (دىلى) لارغىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. II ئەسىردە خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن دىڭلىڭ، IV ئەسىردىكى دىڭلىڭ، تېلې، چىلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «دى» دېگەن نامنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۈرلۈك ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. دىڭلىڭلارنىڭ بىر تارمىقى II ئەسىردە ھازىرقى ئالتاي تېغى ئەتراپلىرىدا «خۇجيې» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مىللەت بىلەن قوشنا ياشىغان. 487- يىلى (شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيخې 11 - يىلى) قاڭقىللارنىڭ بىر قىسمى غەربكە — تىيانشان ئەتراپلىرىغا كۆچكەن. VI ئەسىرگە كەلگەندە، تىيانشان ئەتراپلىرىدا يەنە چابىش، بۇلاگ، چىگىل، ئوغۇز، خاككاسلار ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەردىكى ئوغۇز« 乌护 ، 乌呼 » (ۋۇخۇ) دەپمۇ يېزىلغان، بەزىلەر بۇ مىللەت نامىنى دەل « 回纥 » (ئۇيغۇر) نىڭ يەنە بىر خىل يېزىلىشى، دەپ قارايدۇ.

ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە مىلادىيە II ئەسىردە ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان ئوغۇزلار (ۋۇجيېلار) مۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ بىرى، دەيدىغان قاراشمۇ مەۋجۇت.

بەزى ئالىملار يەنە «ئوغۇز» ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى نامى،دەپ قارايدۇ، ھالبۇكى، «ئوغۇز» دېگەن بۇ نام قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا ۋە كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە دائىم چېلىقىدۇ، مەڭگۈ تاشلاردا «توققۇز ئوغۇز» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر» دېگەن نام تەڭ تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا ئوغۇزلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى، دەپ ئىشىنىشكە بولىدۇ.

«شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ئالىي مەكتەپلەردە ئومۇمىيۈزلۈك

قوللىنىدىغان يەرلىك تارىخ دەرسلىكى بولۇپ، بۇ كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: سىيانپى، جۇرجان، قاڭقىل، ئېفتالىت قاتارلىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ غەربىي يۇرتتا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئېلىپ بارغان سەلتەنەت تالىشىش كۇرىشى بۇ رايوننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا ناھايىتى زور زىيان كەلتۈرگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق تەبىئىي چوڭ قوشۇلۇش بىلەن مەلۇم دەرىجىدىكى ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشكە سەۋەب بولغان. بۇ مەزگىلدىكى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلۇشى ۋە ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشى تېلېلىشىش يۈزلىنىشىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل يۈزلىنىش مۇنۇ ئىككى جەھەتتە نامايان بولىدۇ: بىرى، تېلېلار بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى يېقىن ياكى تىلى ۋە ئۆرپ - ئادىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشى، ئالايلۇق، جۇرجان، ياپبان، ئېفتالىتلارنىڭ تېلېلارغا قوشۇلۇپ كېتىشى؛ يەنە بىرى، بۇ دەۋردە غەربىي يۇرتتا ياشىغان قاڭقىللاردىن باشقا قوۋملار، ئالايلۇق، كانگىيىلىكلەر، توخرىلار ۋە بىر قىسىم خەنزۇلارنىڭمۇ پەيدىنپەي تېلېلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشىدۇر، بۇ دەل IX ئەسىرنىڭ 40- يىللىرىدا شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمى غەربكە كۆچكەن ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئاساسىي كۆچىنىڭ غەربكە كۆچۈش يۆنىلىشىنى تاللىشى بولۇپ، بۇ ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئاساسىي مىللەت — ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان.

روشەنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە ئائىت قاراشلارنى مۇنۇ ئىككى خىلغا: بىر خىلى، دىڭلىڭ - تېلې (قاڭقىل) - خۇيخې (يۈەنخې، ۋېيخې) - خۇيخۇ (ئۇيغۇر) دېگەن قاراشقا؛ يەنە بىر خىلى، تېخىمۇ كەڭ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى تېلېلىشىش (تۈركلىشىش) ۋە ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ

ئېتنىڭ مەنبەسىنىڭ بىرىگە ئايلانغان، دېگەن قاراشقا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى

ئۇيغۇرلارنىڭ دىن قارىشى توتېمغا چوقۇنۇش، سېھىرگەرلىككە چوقۇنۇش، تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنۇش، ئەجدادلىرىغا چوقۇنۇش ۋە شامان دىنىغا ئىشىنىش قاتارلىق ئەڭ دەسلەپكى دىنىي ئېتىقاد شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن، مانى دىنىغا، نېستورى دىنى (خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپى) غا، بۇددا دىنىغا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىنلار ھەر قايسى تارىخىي شارائىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، مەدەنىي تۇرمۇشىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى، بىرلىككە كېلىشى ئۇستىدە ئىزدىنىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1) توتېمغا چوقۇنۇش

بىر قىسىم ئالىملار «ۋېينامە. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» نىڭ «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» گە تەمسىلەپ بەرگەن ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، خۇيخېلار (ئۇيغۇرلار) نىڭ توتېمى بۆرە، دەپ قارايدۇ. ئەمما ياڭ شېڭمىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى توغرىسىدا مۇھاكىمە» («غەربىي شىمال تارىخ- جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى، 1985 - يىللىق 3- سان) ناملىق ماقالىسىدە: بۆرىنى ئۆز ىنىڭ ئەجدادى دەپ تونۇش مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئۇيسۇنلاردىن شىمالىي چۆللۈكتىكى يايلاقلارغا تارقالغان كونا قاراش بولۇپ، بۇ قاراش تۈركلەر ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجادىيىتى بولماستىن، بەلكى بىر مۇنچە يات مىللەتلەردىن قوبۇل قىلىنغان. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى دەۋرىدىكى

توتېمدىن تارتىپ شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدىكى يايلاقلارغا كۆچۈپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغىچە چوقۇنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىردەك بۆرە دەپ قارىساق، شۈبھىسىزكى، بۇ مەسىلىنى بەك ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ، دەپ قارىغان.

ياڭ شىڭمىن ئەپەندى بۇ ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ توتېم ئېتىقادى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل قىياسنى ئوتتۇرىغا قويغان: بىرى، «شۇڭقار» دېگەن قاراش، ئۇ دۇەن ليەنچىن ئەپەندى يازغان «شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن (ئاراتاغ) دۆلىتى» دېگەن كىتابىدىكى دىلار توتېمى توغرىسىدىكى دەلىلدىن نەقىل ئېلىپ مۇنداق دەپ قارىغان: ئەمىنىيە (جۇنچيۇ) دەۋرى دىل قوۋملىرى باش كۆتۈرۈپ چىققان، توتېمغا چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان دەۋر ئىدى، بۇ دەۋردە تۈرلۈك قۇشلارنى توتېم قىلغان ئۇرۇق - قەبىلىلەر كۆپ ئىدى، بولۇپمۇ دى ( 翟 ) دەپ ئاتىلىدىغان ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق قىرغاۋۇلنى توتېم قىلىش گەۋدىلىك بولۇپ، بۇ قۇشنى توتېم قىلغانلار دى ( 翟 )قوۋمى دەپ ئاتالغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر بۇلارنى كەمسىتىپ دىلار ( 狄 ) دەپ ئاتىغان، كېيىن بۇ نامنىڭ تەلەپپۇزى دىڭلىڭغا ئۆزگەرگەن. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، كېيىن يەنە جەنۇبقا يۆتكىلىپ سەددىچىن ئىچىگە كىرگەن دىڭلىڭ ئۇرۇقلىرىدىن شيەنيۇ، لو، چوۋ ئۇرۇقلىرى بولغان، ئۇنىڭ ئىچىدە دى ئۇرۇقىدىكىلەر ئەڭ كۆپ ئىدى، بۇ ئەلۋەتتە «دى» دەپ ئاتىلىدىغان قۇشنى توتېم قىلغان قەبىلە بىلەن ئەڭ مۇناسىۋەتلىك. كېيىنكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ دى ئۇرۇقى ساقلانغان. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلار كېلىپ چىققان دىڭلىڭلارنىڭ توتېمى بۈركۈت ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامەئەسى دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇلارنىڭ توتېمىمۇ بۈركۈتمىدى؟ بۇ ھەقتە تارىخ كىتابلىرىدا مەلۇمات كەم بولسىمۇ، ئەمما يەنە ئاز - تولا يىپ ئۇچىمۇ بار. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلىنىشىچە، يۈەنخېنىڭ 4-يىلى (مىلادىيە 788-يىلى)، ئۇيغۇرلاردىن تۇنباغا قاغان تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، «خۇيخې» دېگەن نامنى «خۇيخۇ» ( 回鹘 «شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلغۇچى» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەنىدە) غا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ قېتىملىق نام ئۆزگەرتىشنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە نام ئۆزگەرتىشنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلىغان، شۇڭا، بۇ بىرگە ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقارغا چوقۇنغانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ، شۇڭقار گۆشخور يىرتقۇچ ھەم ئوۋچى قۇش، ئۇيغۇرلار شۇڭقارغا چوقۇنغان ھەمدە 788 ـ يىلى ئۇنىڭ نامىنى ئۆز مىللىتىنىڭ نامى قىلغان بولسا، يىراق قەدىمكى دەۋردىكى بۇ توتېم ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا ساقلىنىپ قالغانمۇ، قانداق؟ دەلىل يېتەرسىز بولغاچقا، بۇ قاراشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قىيىن، ئەمما ئۇنى بىر خىل قاراش دېيىشكە بولىدۇ.
يەنە بىرى، «دەرەخكە چوقۇنغان» دېگەن قاراش. ئۇيغۇرلارنىڭ دەرەخكە چوقۇنغانلىقى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا خېلى كۆپ جايلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەلۇماتلار بار. غەربكە كۆچكەن قوجو ئۇيغۇرلىرى يەنىلا ئىبادەتخانىلاردا چوڭ دەرەخكە ئاتاپ نەزىر- چىراغ قىلغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار دەرەخنى توتېم قىلغان، دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.
دەرەخكە چوقۇنۇشنى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورمانلىقلاردا ياشىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى بولۇشىمۇ مۇمكىن، قەدىمكى ئۇيغۇرلار دەسلەپتە «بۆرە» گە چوقۇنغانمۇ ياكى «دەرەخ» كە چوقۇنغانمۇ؟ بۇ، نۆۋەتتە مۇھاكىمە قىلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە.
راھىلە داۋۇتنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمى ـ بۆرىگە چوقۇنۇش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1991-يىللىق 1-سان)، لى شۇخۇينىڭ «تۈركلەرنىڭ بۆرە توتېم مەدەنىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات» («غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 1ـ سان) ۋە ئاپتورنىڭ «بۆرە توتېم مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان) ناملىق ماقالىلىرىدە بۆرە توتېم ئېتىقادى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىنغان.
تيەن ۋېيجياڭ ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ‹دەرەخ› كە چوقۇنۇشى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ قارىغان: قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۆرىدىن باشقا، دەرەخكىمۇ چوقۇنغان. بەلكى «دەرەخ» توتېمى قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قەبىلە توتېمى ئىدى. بۇ

مەسىلە توغرىسىدا تيەن ۋېيجيالڭ ئەپەندى مۇنداق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن: «دەرەخ» توتېمى «بۆرە» توتېمىدىن بۇرۇن. دەرەخ توتېمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ توتېمى، بۆرە توتېمى بولسا كېيىن قوشنا قەبىلىلەرنىڭ كۈچلۈك ھوقۇق تەسىرىنىڭ مەھسۇلى.

خې شىڭلياڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى ئېتىقادى» («مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1995 - يىللىق 6 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇرلار دىڭلىڭلاردىن كېلىپ چىققان، دىڭلىڭلار شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە 翟 ياكى 狄 دەپ ئاتالغان. 翟 لار بۈركۈتنى توتېم، ئۇنىڭ نامىنى مىللەت نامى قىلغان. خې شىڭلياڭ ئەپەندى «دەرەخ» توتېمى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: دەرەخ ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى ئەجدادلىرىنىڭ توتېمى، تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى دەرەختىن تۇغۇلغان، دېگەن رىۋايەت خاتىرىلەنگەن. ئۇ يەنە: بۆرە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق چوقۇنىدىغان توتېمى، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى بولغان قاڭقىللارنىڭ ئەڭ مۇھىم توتېملىرىنىڭ بىرى، دەپ قارىغان. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلار شىرغا چوقۇنغان، ئالايلۇق، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى ئارسلانخان (شىردەك خان) دەپ؛ كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانىمۇ ئارسلانخان دەپ ئاتالغان. ئېيىقمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر توتېمى بولغان بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلىغان.

رەيھان ۋە پروفېسسور لاڭ يىڭلار «بۆرە» ۋە «ئېيىق» توتېمى توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم تەپسىلىي توختالدى ھەمدە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيىق توتېم ئېتىقادى ئۈستىدە ئىزدىنىش» ۋە «ھېكايە، رىۋايەتلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېم ئېتىقادىغا نەزەر» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

## 2) شامان دىنى ئېتىقادى

«ئوكيانۇس» ۋە «دىن لۇغىتى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىدىن قارىغاندا، شامان دىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىرى. ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا شەكىللەنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇرۇق ـ قەبىلە دىنلىرىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

1934 ـ يىلى لىڭ چۈنشېڭ ئەپەندى «سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ياشايدىغان خېجېلار» ناملىق كىتابىدا، خېجېلارنىڭ شامان دىنى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئېلىمىزدە شامان دىنى توغرىسىدىكى تەتقىقات باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دائىرىسى خېلى تار ئىدى. 50 ـ يىللارغا كەلگەندە، ھەر قايسى جايلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىرگە، شامان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ ماتېرىياللار يىغىۋېلىنىپ رەتلەندى. 70 ـ يىللاردىن باشلاپ شامانشۇناسلىققا دائىر چەت ئەللەردىكى داڭلىق ئەسەرلەر خەنزۇچىگە ئۇزلۇكسىز تەرجىمە قىلىنىپ جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلدى. بۇ، ئېلىمىزنىڭ شامان دىنى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينىدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، شامان دىنى تەتقىقاتى مىسلىسىز جانلىنىش باسقۇچىغا كىردى. بىراق، كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىي ئېتىقادى ھەققىدىكى تەتقىقات تېخى تولىمۇ يۇزەكى بولۇپ، ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمىزمۇ قارىغاندا، ئالدى بىلەن ۋاڭ شۇكەي ئەپەندى يازغان «قەدىمكى شىمال ياپلاقلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە شامان دىنى» («دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىللىق 2 ـ سان) ناملىق ماقالىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. مەزكۇر ماقالىدە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، شامان دىنى دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئېپتىدائىي دىن، ئۇ، بارلىق شەيئىلەردە روھ بولىدۇ، دېگەن ئەقىدىنى ئىدىيىۋى ئاساس قىلىدۇ، مەزمۇن جەھەتتە، ئۇ تەبىئەتكە چوقۇنۇش، توتېمغا چوقۇنۇش ۋە ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە بۇ ئۈچى ئۆز ئارا باغلىنىشلىق. بۇ دىن قەدىمدە شىمال ياپلاقلىرىدا ياشىغان ھۇن، سيانپى، جۇرجان، قاڭقىل، تۈرك، ئۇيغۇر، قىتان، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرگە كەڭ تارقالغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان، دەپ كۆرسەتكەن. ئاپتور يەنە مۇنداق دەپ قارايدۇ: شامان دىنىدىكى باخشىلىق ھەرىكىتى بولسا توتېمغا چوقۇنۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان

روهقا چوقۇنۇش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شامان دىنى تەدرىجىي يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. بەزى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شامان دىنىنىڭ ئىزنالىرى ئۇلاردا ھېلىمۇ ساقلىنىپ قالغان.

جۇنەيد بەكرى ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1984 - يىللىق 3 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: شامان دىنى ئەقىدىسى بويىچە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى پېشانىسىنى تىلىپ قان چىقىرىپ، ھۆركىرەپ يىغلاشقان، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى ۋە مىنگەن ئېتى، شۇنداقلا ئۆلگۈچى ئىشلەتكەن بۇيۇملارنى ھەمدەپنە قىلغان. 759 - يىلى ئېلخان ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە مەلىكىنى ۋاپات بولغان ئېرى بىلەن بىللە دەپنە قىلغان، بىراق، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسىنىڭ يولنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي ئۇلارنىڭ زېمىنىغا كېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بىلەن توي قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاچقا ھەمدە خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلغاچقا، مەلىكە ھەمدەپنە قىلىنىشتىن ئامان قالغان. ئەمما مەلىكە ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە پېشانىسىنى تىلىپ قان چىقىرىپ يىغلاپ، ۋاپات بولغان ئېرىگە تەزىيە بىلدۈرگەن.

ياڭ فۇشۆ ئەپەندى «ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى» («ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988- يىللىق 1 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى، ئاساسلىقى، ئۇلارنىڭ دەپنە قارىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە ساقلىنىپ قالغان شامان دىنىنىڭ تەسىرىمۇ خېلى كۆپ.

ۋاڭ جيەنشىن ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى بىلەن ياپونلارنىڭ شامان دىنىنىڭ پەرقى ۋە چەت ئەللەردىكى شامان دىنى تەتقىقاتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا» («شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىللىق 3 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قارىغان: شامان دىنى ئەينى ۋاقىتتىكى كۆچمەن چارۋىچى قوۋملارنىڭ خانلىق ھوقۇقى بىلەن بىرلىشىپ، ئاتلىق مىللەتلەر دۆلىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشى ۋە سىياسەت، يېتەكچى تەدبىرلەرنى بەلگىلىشىگە ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شامان دىنى ئۇيغۇلارنىڭ تەبىئەت بىلەن قوۋمىنىڭ، ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، روھ بىلەن ياماللىقنىڭ، ماماتنىڭ، ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە تۈرلۈك بەختسىزلىك ۋە ئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى قاتارلىق بىر يۈرۈش مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شامان دىنى ئەينى ۋاقىتتىكى قەبىلىلەر ئىجتىمائىي گەۋدىسىنىڭ ئورتاق دىنى بولۇپ، ھۆكۈمران خاراكتېردىكى دىنىي ئىدېئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان.

3) مانى دىنى ئېتىقادى

مانى دىنى ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندا ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ بىرى، شۇڭا مانى دىنى توغرىسىدىكى تەتقىقاتمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدە، مانى دىنىغا ئائىت خەنزۇچە ماتېرىياللارنى ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى بىلەن چېن خۇەن ئەپەندى سىستېمىلىق تەھرىرلەپ چىققان. ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى «ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1921 - يىللىق 2 - سانىدا «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالە كېيىن ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدە مانى دىنى تەتقىقاتىغا ئاساس سالدى. چېن خۇەن ئەپەندى «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق كىتابىنى يېزىپ، مانى دىنىنىڭ مەنبەسى، مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى، مانى دىنى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە مانى دىنىنىڭ بەش دەۋر، سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدىكى ئەھۋالىنى بايان قىلدى. بۇ ئەسەر ئېلىمىزنىڭ مانى دىنى تەتقىقاتى جەھەتتە بالدۇر يېزىلغان نادىر ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگونىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىغا يول ئېچىپ بەرگەن مەخسۇس ئەسەر بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

1927 - يىلى فېڭ چېڭجۈن ئەپەندى پېللىئوت بىلەن چاۋاننېس بىرلىكتە يازغان «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق كىتابنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلدى. بۇ چاغدا ليۇمىڭشۇ، ليۇفېڭۋۇ، ياڭ شىيەنيى ئەپەندىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مانى دىنىغا ئائىت ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر مانى دىنىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. بۇ مەزگىلدە مانى دىنى تەتقىقاتىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان مەسىلىلەر: (1) مانى دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا تارقالغان ۋاقتى ۋە تارقىلىش يولى؛ (2) قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىدىكى سەۋەبلەر؛ (3) مانى دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئۇلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى؛ (4) مانى دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى تەرەققىياتى؛ (5) مانى دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يوقىلىشى؛ (6) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى كىتابلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات.

مانى دىنى قاچان، قايسى يول بىلەن ئۇيغۇرلارغا تارقالغان؟ بۇ ئىلىم ساھەسىدە مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: «مانى دىنى VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا تارقالغان، كېيىن ئىچكى رايونلار ئارقىلىق شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇرلارغا تارقالغان.» پېللىئوت، چاۋاننېس يازغان «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ھەققىدە مۇلاھىزە» (فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەققىدە مۇھاكىمە» دېگەن مەجمۇئەنىڭ 8 - قىسمى، 1958- يىل) دە مۇنداق ھېسابلىغان: مانى دىنى مىلادىيە 694 - يىلدىن 719- يىلنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىتتا جۇڭگوغا تارقالغان، تاڭ سۇلالىسى دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئەركىنلىك سىياسىتىنى يولغا قويغاچقا، نۇرغۇن چەت ئەل سودىگەرلىرى چېگرىدىن ئەركىن كىرىپ - چىققان. شۇنىڭ بىلەن بۇ دىنمۇ جۇڭگونىڭ شىمالىي تەرەپلىرىگە تارقالغان. كېيىن بۇ دىنىنىڭ ئۇستازى مۇنەججىملىكتىن خەۋەردار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغاچقا، ئاۋامنى ئۆزىگە رام قىلغان. شۇڭا ئۇيغۇر قاغانى بۇ دىنغا كىرگەن ۋە بۇ دىننىڭ كۈچىگە تايىنىپ، دىن ئارقىلىق قانۇننى قوغدىغان. دەسلەپتە بۇ دىن شۇ سەۋەبتىن روناق تاپقان، كېيىن يەنە شۇ سەۋەبتىن زاۋال تاپقان.

ئاپتور «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» ۋە مانى دىنىغا ئائىت تۈركچە پۈچۈلگان ۋەسىقىلەرگە ئاساسەن، تۇنجى قېتىم مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر قاغانى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆگلۈك- سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنچىتىشقا ياردەملەشكەن بۆكۈ خاقان، دەپ ھېسابلىغان. بۇ مەسىلىدە چېن خۈەن ئەپەندىنىڭ قارىشى پېللىئوت، چاۋاننېسلارنىڭكىگە ئوخشاش.

فېڭ جياشېڭ ئەپەندى «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» (1 - قىسىم) دا مۇنداق دەيدۇ: مانى دىنى مىلادىيەدىن كېيىنكى III ئەسىردە پېرسىيىلىك مانى دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، VII ئەسىردە تاڭ سۇلالىسىگە، 763- يىلى تاڭ سۇلالىسىدىن ئۇيغۇرلارغا تارقالغان.

نيۇ رۇجى ئەپەندى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 2 - سانىدا «ئۇيغۇرچە ‹بۆكۈ قاغاننىڭ دىنغا كىرىش خاتىرىسى› نىڭ كەمتۈك ۋاراقلىرىنىڭ شەرھىسى» نىڭ تولۇق تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ، مانى دىنىغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېخىمۇ ئەتراپلىق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

چېن جۇنمو ئەپەندى «مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى» («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986-يىللىق 1-سان) ناملىق ماقالىسىدە، مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقالغان ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: 1890-يىلى فىنلاندىيىلىك ئالىم ھايكېل قارابالغاسۇن (بۈگۈنكى موڭغۇلىيە دائىرىسىدىكى خارخىتون ئەتراپى) خارابىسىدىن تاپقان «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى» (يەنە «ئادالەت قۇچقان قاغان مەڭگۇ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىكى خاتىرىلەر مانى دىنىنىڭ تاڭ دەيزۇڭنىڭ گۇاڭدې تۇنجى يىلى (763 - يىلى) ئۇيغۇرلارغا تارقالغانلىق ئېھتىمالىنى چۈشەندۈرۈپ

بىرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، دەل شى چاۋيى توپىلىڭى يۈز بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى بۆكۈ قاغان (تەڭرى قاغان) سۈزۈڭنىڭ باۋيىڭ تۆنجى يىلى (762 - يىلى) ئەسكەر باشلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شى چاۋيىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، شەرقىي ئاستانە — لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەملەشكەن. لوياڭدا مانى دىنى ئۇستازلىرىنى كۆرۈپ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. ياندۇرقى يىلى (763-يىلى) رۇيشى قاتارلىق تۆت مانى دىنى ئۇستازىنى ئېلىپ كەلگەن، ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۆكۈ قاغان مانى دىنى ئۇستازلىرىنى دۆلىتىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، مانى دىنى ئۇستازلىرى بىلەن شامان دىنىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇنازىرە بولغان. ئىككى كېچە - كۈندۈز مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق، مانى دىنى ئاخىرى شامان دىنى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بۆكۈ قاغان مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەمدە ئۇنى دۆلەت دىنى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

يەنە بىر خىل قاراشتىكىلەر، مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغان ۋاقتى 694-يىلدىن بۇرۇن بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، يۇتيەنخېڭ ئەپەندى «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل) ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: مانى ئۆلگەندىن كېيىن مۇرىتلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاچقا، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قېچىپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، كېيىن سىر دەرياسىدىن ئۆتۈپ چۇ دەرياسى ئەتراپىغا كەلگەن. مانى دىنى چۇ دەرياسى بويلىرىدىن تېخىمۇ شەرققە — تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى غەربىي يۇرتقا تارقالغان. بۇ ۋاقىت جۇڭگونىڭ ۋۇزېتيەندىن كېيىن، يەنزەي تۇنجى يىلى (694-يىلى) دىن بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ قارايدۇ: مانى دىنى تاڭ سۇلالىسىگە تارقالغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار ئۇيغۇرلارغا تارقالغان ھەمدە بۇ دىنغا بۈگۈنكى تاشقى موڭغۇلىيىدە ئولتۇراقلاشقان ئاشۇ قوۋملار قىزغىنلىق بىلەن ئېتىقاد قىلغان.

ليۇ يىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا، مانى دىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇلارغا 763 ـ يىلدىن بۇرۇن تارقالغان، دەپ ھېسابلىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن سۇي، تاڭ دەۋرلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، مانى دىنى پېرسىيىدە تەقىپ قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ دىن سودىگەرلەر ئارقىلىق موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان رايونلارغا تارقالغان، دېگەن قاراش بىر قەدەر مۇۋاپىق بولسا كېرەك. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: 763 ـ يىلى بۆكۈ قاغان تۆت مانى دىنى ئۇستازىنى دۆلىتىگە ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى چۈشىنەتتى، قاغانمۇ بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان.

لىن ۋۇشۇ ئەپەندىمۇ لىيۇيىتاڭ ئەپەندىنىڭ قارىشىغا قوشۇلىدۇ. ئۇ «مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قايتا روناق تېپىشىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي مەنبەسى» («دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1984 ـ يىللىق 1 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «لىيۇيىتاڭ ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ دەلىلى بولمىسىمۇ، بىراق سۆزىنىڭ داۋلىسى بار، ھەتتا شۇنداق دەپ قاراشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار 763 ـ يىلدىن بۇرۇنلا مانى دىنى بىلەن تونۇشۇپ قالماي، خەنزۇلارغا تارقالغان باشقا دىنلار بىلەنمۇ تونۇشقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بۇنىڭغا ئۇيغۇرلار زېمىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالماشتۇرۇش بوددا دىنى، مانى دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشىغا تۈرتكە بولغان، دېگەننى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى» (دىن قىسمى) نىڭ مانى دىنى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى (خۇاڭ شىنچۇەن، لى ۋۇبىڭچىڭ يازغان) دا مۇنداق دېيىلگەن: مانى دىنى تەخمىنەن VI — VII ئەسىرلەردە قورۇقلۇق ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقالغان، كېيىن شىنجاڭ ئارقىلىق شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇلارغا تارقالغان، ئۇيغۇر قاغانى ئۇنى دۆلەت دىنى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

فەن ۋېنلەن ئەپەندى «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» (2 ـ توم 3 ـ كىتاب) دا مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇرلاردا مانى دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە، ئاساسلىقى،

ئۇلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سوغدى سودىگەرلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا تايىنىپ باي بولۇشنى مەقسەت قىلغانلىقى سەۋەب بولغان.

ياڭ شېڭمىن ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى» («غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى، 1985 - يىللىق 3 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ۋېنلەن ئەپەندىنىڭ قارشىنىڭ مەلۇم ئاساسى بولسىمۇ، بىراق ئۇ تۆپكى سەۋەبكە، يەنى دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، شامان دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى ئاللىقاچان يوقالغانلىقى، يېڭى جەمئىيەت، يېڭى تەرتىپنى يېڭى بىر دىن ئارقىلىق قوغداشقا مۇھتاج بولغانلىقىدىن ئىبارەت سەۋەبكە سەل قارىغان. ياڭ شېڭمىن ئەپەندى سىياسىي جەھەتتىن ئىزدىنىپ مۇنداق دەپ قارىغان: مانى دىنىنىڭ تەڭرى بىلەن ئادەمنى بىرلەشتۈرۈش قارىشى شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ئىگىلىك هوقۇقىنى مۇستەھكەملىشىگە پايدىلىق. مانى دىنىنىڭ ئەسىرمەرۇپلىرى ئاساسەن بەش ئېنىق بولۇش: سەممىمىي بولۇش، خورلۇققا چىداش، قانائەتچان بولۇش، ئەقىللىق بولۇش، كۆيۈمچان بولۇش؛ بەش زەھەرگە قارشى تۇرۇش: ئاچكۆزلۈككە، شەھۋەتپەرەسلىككە، قاراقچىلىققا، ئاداۋەت تۇتۇشقا، دۆتلۈككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: بۇ خىل ئىدىيە سىنىپىي زىددىيەتكە تولغان ئۇيغۇر خانلىقىنى قوغداشقا ئىنتايىن پايدىلىق بولغاچقا، بۇ دىن هۆكۈمران سىنىپنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن.

لىن ۋۇشۇ ئەپەندى بۇ مەسىلىنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىككى جەھەتتىن بايان قىلغان. ئۇ «مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلاردا روناق تېپىشىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي مەنبەسى» («دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1984 - يىللىق 4 - سان) ناملىق ماقالىسىدە، مەسىلىنى سىياسىي جەھەتتىن بايان قىلىپ مۇنداق دەپ قارىغان: ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆكتۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنچىتىشىغا ياردەملەشكەندىن كېيىن، ئىچكى قىسىمدا جەمئىيەت ئۆچقاندەك تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇر خان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوردىسىنىڭ فېئوداللىشىشى، مۇكەممەل بىر دىنىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: توپىلاڭ تىنچىغاندىن كېيىن، سوغدى سودىگەرلىرىگە تايىنىپ شەرق بىلەن غەربنىڭ سودىسىنى ۋە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش دۆلەت خەزىنىسىنىڭ ئاساسلىق مالىيە مەنبەسىگە ئايلاندى، شۇڭا دۆلەت ئىشلىرى بىلەن دىنىي ئېتىقادمۇ سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىماي قالمىدى. ئۇيغۇر ئېلىدىكى سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مانى دىنى مۇرىتلىرى ئىدى، شۇڭا، مانى دىنى ئۇيغۇر قاغانى تەرىپىدىن دۆلەت دىنى قىلىندى.

مانى دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئورنى مەسىلىسى ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكىلەر خېلى كۆپ بايان قىلغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

گېبىڭ شېڭ، مۇگېنجۇ تەرجىمە قىلغان، ج. ر. ھامىلتون يازغان «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: مانى دىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. سوغدى رايونلىرىدىن كەلگەن مانى دىنى مىسسىئونېرلىرى (دىن تارقاتقۇچىلىرى) يەنە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىقنى تارقاتقان. مانى يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتالغان بۇ يېزىقلار ۋەسىقىلەرنى يېزىشتا قوللىنىلغان. ئۇ يەنە: سوغدىلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىرقشۇناسلىق تەرەققىياتىدىمۇ ناھايىتى زور رول ئوينىغان، دەپ ھېسابلىغان.

ئەي شاڭلىيەن ئەپەندى «ئۇيغۇرلار بىلەن مانى دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىكى تەرەققىياتى توغرىسىدا» («غەربىي شىمال تارىخ- جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى، 1981 - يىللىق 1 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ قارىغان: مانى دىنى راھىبلىرى دىنىي پائالىيەت ۋە سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، سودا پائالىيەتلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، ئۇلار دائىم «قوش ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان». ئۇ يەنە، مۇنداق دەپ قارىغان: 780- يىلى توققۇز ئوغۇزلار تەڭرى قاغان

( بۆكۇ قاغان) نى جەنۇبتىكى تاڭ سۇلالىسى زېمىنىغا بېسىپ كىرىشكە قىزىقتۇرغان، ۋەزىر تۇنباغا نەسىھەت قىلىسمۇ ئاڭلىمىغان، نەتىجىدە قاغان ۋە توققۇز ئوغۇزلار ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىدە قانۇنسىز سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئەنە شۇ «قوش ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان» توققۇز ئوغۇزلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىمۇ خېلى مۇھىم تېما. 1978 - يىلى «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 4-سانىدا گېڭ شىمىن ئەپەندى «مانى دىنى ئىبادەتخانىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار ھەققىدە دەسلەپكى ئىزاھ» ناملىق ماقالىسىدە مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: قۇجۇ رايونىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى يەر ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلاردا ئېكسپىلاتاتسىيە مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار يەر ئىجارىسىگە ماددىي بۇيۇمنۇ، پۇل - پىچەكمۇ ئالاتتى، ئىبادەتخانىلاردا ھەقسىز ئىشلەيدىغان تۈرلۈك ئىشلەمچىلەر بار ئىدى. ئىبادەتخانىلاردا دىنىي تەبىقىدىكىلەرنىڭ دەرىجە چېكى قاتتىق ئىدى، ئىبادەتخانىلارنىڭ يەر-زېمىنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىمتىيازلىرى قۇجۇ رايونىدىكى ئۇيغۇر مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن قوغدىلاتتى.

لىن ۋۇشۇ ئەپەندى 80 - يىللاردىن بېرى، مانى دىنى تەتقىقاتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم ماقالىلىرى «مانى دىنى ۋە ئۇنىڭ شەرققە كېڭىيىشى» (جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1987-يىل) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ يەنە گېرمانىيىلىك ئالىم خ. ج كىلىنكىتنىڭ «قەدىمكى يۇدا دىنى سەنئىتى» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ «ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن مانى دىنىنىڭ قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ فېئوداللىششىغا نەزەر» ناملىق ماقالىسى قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مانى دىنىنى تەتقىق قىلغان مۇھىم ئەسىرىدۇر. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسىدىكى بىرمۇنچە قاراشلار گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما بەزى مەسىلىلەردە پەرق بار. ئالايلۇق، گېڭ شىمىن ئىبادەتخانىلار ماددىي بۇيۇم ۋە پۇل - پىچەك ئالاتتى، دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولسا، لىن ۋۇشۇ ئەپەندى پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنى تىلغا ئالماي، ماددىي بۇيۇم بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى ۋە ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىنىلا تىلغا ئالغان. ئىبادەتخانىلاردىكى ئىشلەمچىلەر توغرىسىدا، گېڭ شىمىن ئەپەندى «ئىبادەتخانىلاردا ھەقسىز ئىشلەشكە مەجبۇرلانغان ئىشلەمچىلەر بار ئىدى» دەپ قارىغان بولسا، لىن ۋۇشۇ ئەپەندى ئىشلەمچىلەرنى «ئەمگەك بىلەن يەر ئىجارىسىنى تۆلەيدىغان يانچىلار» دەپ قارىغان. لىن ۋۇشۇ ئەپەندى مۇنداق دەپ ھېسابلىغان: قوجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مانى دىنى سىياسىي جەھەتتە يەنىلا شىمالىي چۆللۈكتىكى ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئۇ فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ پايدىلىنىش قورالى ئىدى. ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار قاتارىغا كىردى. «بۇ دىنىنىڭ ئۆزىمۇ فېئوداللىشىشقا ماسلىشىشى كېرەك ئىدى.»

سۇن جېنيۇ ئەپەندىمۇ گېڭ شىمىن ئەپەندى ئېلان قىلغان مانى دىنى ئىبادەتخانىسى ۋەسىقىلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ «قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردىن قوجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مانى دىنىغا نەزەر — ‹مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ۋەسىقىلىرى› ئۈستىدە قايتا تەتقىقات» («غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى، 1983 - يىللىق 3 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: مەن گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ ئىبادەتخانىلاردا پۇل - پىچەك بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى مەۋجۇت، دېگەن قارىشىغا قوشۇلىمەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، قوجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىدىكى ماددىي بۇيۇم ئارقىلىق يەر ئىجارىسى تۆلەش شەكلى پۈتكۈل قوجۇ خانلىقىنىڭ يەر ئىجارىسى شەكلى بىلەن بىردەك. ئۇ لىن ۋۇشۇ ئەپەندىنىڭ مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئىگىلىكى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان فېئودال قورۇق ئىگىلىكى ۋە ئىبادەتخانىلاردىكى ئىشلەمچىلەر ئەمگەك بىلەن يەر ئىجارىسىنى تۆلەيدىغان يانچىلار ئىدى، دېگەن قارىشىغا قوشۇلمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، قوجۇدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى ئوردىنىڭ ۋەخپىسى، جەمئىيەتنىڭ ئىئانىسىگە تايىناتتى. قوجۇ رايونىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىجتىمائىي سودا بازىرى بىلەن

مۇئەييەن مۇناسىۋەتتى بولغان فېئودال ئىبادەتخانا ئىگىلىكى مەۋجۇت ئىدى.

مانى دىنى ئۇيغۇرلاردا قاچان يوقالغان دېگەن مەسىلىدە، چېن جۇنمو ئەپەندى «مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى ۋە تەسىرى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ قارايدۇ: X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدا بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى مانى دىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مانى دىنى XI ئەسىر ئەتراپىدا ئاخىرقى ھېسابتا يوقالغان. لىن ۋۇشۇ ئەپەندى «ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن مانى دىنىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدا فېئوداللىشىشىغا نەزەر» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ ھېسابلىغان: بىر قىسىم ئۇيغۇرلار غەربكە — قوچۇغا (ئىدىقۇتقا) كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، گەرچە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، بىراق ھۆكۈمرانلارنىڭ مانى دىنىغا بولغان قىزغىنلىقى يوقالمىغان. مانى دىنى بۇددا دىنى بىلەن بىرلىكتە بىر قانچە يۈز يىل تارقىلىپ، XIV ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن يوقالغان. لى فۇتۇڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە مۇلاھىزە» (تەيۋەن «دۆلەتلىك سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 30- يىللىقىغا بېغىشلانغان ماقالىلەر توپلىمى»، 1957 - يىل) ناملىق ماقالىسىدىمۇ لىن ۋۇشۇ ئەپەندىنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلىگەن.

ئىلىمىزدە لى جىڭۋېي ئەپەندى «مانى دىنىنىڭ تۆۋبىنامىسى» نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىق— ‹مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋبىنامىسى› ھەققىدە ئىزاھ» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسى «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982- يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. تېكىست ئۈچ قىسىمغا، يەنى بىرىنچى، ئەسلى تېكىست ۋە خەنزۇچە تېكىست، ئىككىنچى، ئىزاھ، ئۈچىنچى، سۆزلۈك جەدۋىلىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. لى فۇتۇڭ ئەپەندىنىڭ بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئىلىمىزدىكى ئالىملارنىڭ ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان مانى دىنىنى تەتقىق قىلىشىنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 4) خرىستىئان دىنى (نېستورى دىنى) ئېتىقادى

خرىستىئان دىنى دېگىنىمىز، خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورى مەزھىپىنى كۆرسىتىدۇ. نېستورى دىنىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ئالىملار بىردەك: مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى بار ئىدى، دەپ قارايدۇ.

ياڭ فۇشۆ ئەپەندى «سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نېستورى دىنى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىللىق 3 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ قارىغان: ئۇيغۇرلارنىڭ نېستورى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھەقىقىي ماتېرىياللارنى تېپىشقا بولىدۇ، ئۇلار غەربكە— قوجوغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بۇ دىنىنى قوبۇل قىلغان.

ليۇ جۇڭگاڭ ئەپەندى «نېستورى دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانى) ناملىق ماقالىسىدە، «داكچىن نېستورى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقالغانلىقى توغرىسىدىكى ئابىدە» دېگەن بايانلارغا ئاساسەن مۇنداق دەپ قارىغان: تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن يىللىرى (مىلادىيە 635 - يىلى) نېستورى راھىبى ئالوپېن مۇقەددەس كىتابنى ئېلىپ پېرسىيىدىن ئېلىمىزنىڭ چاڭئەن شەھىرىگە كېلىپ دەستۇرلارنى تەرجىمە قىلغان چاغدا، نېستورى دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ بولغانىدى. ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭدا نېستورى دىنىنىڭ راھىبلىرى بار ئىدى.

گاۋ يۇڭجيۇ ئەپەندى «غەربىي يۇرتتىكى نېستورى دىنى ھەققىدە مۇلاھىزە» («غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى، 1994- يىللىق 3 - سان) ناملىق ماقالىسىدە، فېڭ چېڭجۈن ئەپەندىنىڭ «نېستورى دىنى ئابىدىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە» (سودا نەشرىياتى، 1931- يىل نەشرى) ماقالىسى بىلەن فاڭ خاۋ ئەپەندىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى نېستورى دىنى ھەققىدە مۇھاكىمە» («جۇڭگو تارىخشۇناسلىقى»، 1936 - يىللىق 1 - سان) ناملىق ماقالىسىدىكى قاراشلارغا قوشۇلۇپ مۇنداق دەپ

قارىغان: «نېستورى دىنىنىڭ ئېلىمىزگە تارقالغان ۋاقتى جېنگۇەننىڭ 9- يىلىدىن بۇرۇن بولۇشى كېرەك. جېنگۇەننىڭ 9 - يىلى ئالوپېن هۆكۈمەتنىڭ قارشى ئېلىشى بىلەن پادشاھقا سالام بەرگىلى پايتەختكە كىرگەن. ئالوپېن چاڭئەنگە كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ۋە باشقا نېستورى دىنى راهىبلىرى چاڭئەننىڭ غەربىدىكى شىنجاڭ، گەنسۇ ئەتراپلىرىدا تۇرغان.» جۇلياڭشياۋ ئەپەندى «يۈەن سۇلالىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى جۇڭگونىڭ خرىستىئان دىنى» («يۈەن سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، 1 - سان، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1982- يىل نەشرى) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلىمىزنىڭ غەربىي- شىمالىدا ياشىغان تۈركلەردىمۇ خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى بار ئىدى.» تاڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ «خرىستىئان دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1984 - يىللىق 4 - سان) ناملىق ماقالىسى بىلەن فاڭ جيەنچاڭ ئەپەندىنىڭ «تارىختا خرىستىئان دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1988 - يىللىق 1 - سان) ناملىق ماقالىسىدىمۇ يۇقىرىقى قاراشنى قۇۋۋەتلىگەن.

ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، نېستورى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىغا دائىر كونكرېت ئەھۋاللار توغرىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلساق، ئاندىن بۇ ھەقتىكى ئاساسىي ئەھۋالدىن ئاز - تولا خەۋەردار بولالايمىز. 1904- يىلدىن 1906- يىلغىچە گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا كۆپ قېتىم قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قوچو رايونىدىكى خارابىلىقتىن نېستورى دىنى ئىبادەتخانىسى تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرىنى تاپتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى، سوغدى يېزىقىدىكى ۋە سۈرىيە يېزىقىدىكى نېستورى دىنى ۋەسىقىلىرىنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى.

قوچودىن تېپىلغان نېستورى دىنى ۋەسىقىلىرى خېلى كۆپ بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «سانت گېئورگىنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىشى»، «پىرىخونلارغا چوقۇنۇش» ۋە سۇرىيە يېزىقىدىكى، سوغدى يېزىقىدىكى نېستورى دىنىنىڭ دۇئا - تىلاۋەتنامىلىرىنىڭ پارچىلىرى ئەڭ داڭلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يازما يادىكارلىقلار، شۈبھىسىزكى، ئېلىمىزنىڭ ۋە ئاسىيا رايونىنىڭ نېستورى دىنى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئاز تېپىلىدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر.

ياڭ فۇشۆ ئەپەندىنىڭ «سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نېستورى دىنى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدە، IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈز بەرگەن «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى نېستورى ئەقىدىسىنى يوقىتىش» تىن كېيىن، ئىچكى رايونلاردا نېستورى دىنىنىڭ تەسىرى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقانلىقى، ئەمما قوجودا بۇ دىن يەنىلا تارقالغانلىقى، ھەتتا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك روناق تاپقانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

(1) غەربىي شىمالدىكى نېستورى دىنىنىڭ «خۇيچاڭ يىللىرىدىكى نېستورى ئەقىدىسىنى يوقىتىش» تىن ئامان قالغانلىقىغا ھەمدە روناق تېپىشىغا، ئاساسلىقى، ئۆتلۈك - سۆيگۈن تۇپىلىڭىدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى قۇدرەت تېپىشتىن زەئىپلىشىشكە يۈزلەنگەنلىكى، خېشى كورىدورى ئەتراپلىرىنى تۈبۈتلەر، ئۇيغۇرلار ئىگىلىۋالغاچقا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەمر - پەرمانلىرىنى غەربىي شىمالدىكى رايونلاردا ئىجرا قىلىشقا ئىلاجىسىز قالغانلىقى، شۇ ۋەجىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن تۇرلۇك دىنلارغا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكى، شۇنداق قىلىپ ئۇ يەر شەرق ۋە غەربتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان نېستورى دىنىنىڭ پاناھگاھىغا ئايلانغانلىقى سەۋەب بولغان.

(2) ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ تەۋەسىدە نېستورى دىنى تارقىلىپ بولغانىدى. يېقىنقى زامان تارىخچىلىرى ۋە ئارخېئولوگلىرى قوجو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ تارىختا مۇشۇ خىل دىننى يولغا قويغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى نېستورى دىنىنى

ھىمايە قىلغانلىقتىن، نېستورى دىنى مۇرىتلىرىنى خېلى ياخشى دىن تارقىتىش شارائىتى بىلەن تەمىنلەپ، شەرق - غەرب ئەللىرىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بىر تۈركۈم نېستورى دىنى مۇرىتلىرىنى بۇ جايغا كېلىپ دىن تارقىتىشقا، ياشاشقا ۋە ئۆز ئارا قوشۇلۇپ كېتىشكە جەلپ قىلدى ھەمدە نېستورى دىنىي جەمئىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، بۇ جايدىكى نېستورى دىنىي كۈچلىرىنى زورايتىپ، بارا - بارا روناق تاپقۇزۇپ، بۇ جاينى ئەينى دەۋردىكى دۇنيا نېستورى دىنىنىڭ چوڭ مەركىزىگە ئايلاندۇردى.

ئۇ يەنە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نېستورى دىنىنىڭ تەسىرى پەقەت قوجۇ رايونى بىلەنلا چەكلەنگەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ، قەشقەر، يەكەن، قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، خوتەن، كۇچا، باركۆل قاتارلىق جايلارغىچە تارقالغان، دەپ قارايدۇ.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى نېستورى دىنىنىڭ ئەقىدىسى ۋە شەكلىدە مەلۇم ئۆزگىرىش بولغان ھەم ئۇنىڭدا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك شەكىللەنگەن.

لىيۇ جۇڭكاڭ «نېستورى دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى» ناملىق ماقالىسىدە، «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دىن نەقىل ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى دەۋردە شىنجاڭنىڭ ھەممىلا جايىدا، جۈملىدىن قەشقەر، خوتەن، بۈگۈر، ئىلى، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا نېستورى دىنىنىڭ چېركاۋلىرى بار ئىدى.» چەت ئەل تارىخچىلىرى، سەيياھلىرى يېزىپ قالدۇرغان شىنجاڭنىڭ تارىخ- جۇغراپىيىسىگە ئائىت ماتېرىياللار ۋە ساياھەت خاتىرىلىرىدە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نېستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىغا ئائىت ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى نېستورى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قوشقان تۆھپىسىنى ياڭ فۇشۆ ئەپەندى تۆۋەندىكى ئۈچ مەزمۇنغا يىغىنچاقلىغان:

بىرىنچى، نېستورى دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرق

ئۇيغۇر كىتاب تورېپكىتى
www.uyghurkitap.com

مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئاساسەن ھەر خىل يېزىقتا پۈتۈلگەن نوم - دەستۇرلارنىڭ تارقالغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. تۇرپان رايونىدا 24 خىل تىل ۋە 17 خىل يېزىق تارقالغان. بۇ تۇرپان رايونىنىڭ جۇڭگو- غەرب قاتنىشىدىكى ئۆزگىچىلىكى ۋە مۇھىملىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، سوغدى، سۈرىيە يېزىقلىرى بىلەن يېزىلغان نېستورى يازما يادىكارلىقلىرى خېلى كۆپ.

رەسساملىق سەنئىتى جەھەتتە نېستورى دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ رەسساملىق سەنئىتىگىمۇ روشەن تەسىر كۆرسەتكەن. نېستورى دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، غەربنىڭ، ھېچ بولمىغاندا پېرسىيىنىڭ رەسساملىق سەنئىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا بىۋاسىتە تارقىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ غەرب رەسساملىق سەنئىتىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىشىغا پايدىلىق بولغان.

ئىككىنچى، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى نېستورى دىنى مۇرىتلىرى جۇڭگو- غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي، سودا ئالاقىسى ئورنىتىشقا تۆھپە قوشقان. سۆڭ، يۈەن دەۋرلىرىدە شەرق - غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقە ناھايىتى كۆپەيگەن، پېرسىيە ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى دائىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ سودا قىلىپ تۇرغان.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى نېستورى دىنى مۇرىتلىرى ئىلخانىيلار خانلىقىدىكى موڭغۇللارنىڭ ياۋروپادىكى خرىستىئان دىنىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىشتىمۇ مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. مەسىلەن، قۇبلايخان دەۋرىدە ئۇيغۇر نېستورى دىنى مۇرىتى راببان سائۇما ياۋروپاغا ئەلچىلىككە بېرىپ، ياۋروپا ئەللىرىنى ئەڭ بۇرۇن زىيارەت قىلغان جۇڭگولۇق سەيياھ بولۇپ قالغان.

نېستورى دىنى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ فراگمېنتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەمدە بۇ توغرىدا قەلەم تەۋرەتكەنلەردىن يەنە ئالىم جۇماش: «قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت نېستورى دىنى يازما يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر

تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 - يىل 18 - سان)؛ لى جىڭۇي: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نېستورى دىنى يازما يادىكارلىقى — ‹پېرىخونغا چوقۇنۇش› نىڭ يەشمىسى» («دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983- يىل 2 - سان) قاتارلىقلار بار.

5) بۇددا دىنى ئېتىقادى

بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ. شۇڭا بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىش تارىخىنى ئىگىلەش ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ساھەدۇر.

ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ۋاڭ گوۋېي، لوجېنيۇ، خۇاڭ ۋېنبى، فېڭ جياشېڭ، شياڭ دا قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش تارىخى توغرىسىدا تۈرلۈك ئەسەرلەرنى يازدى. يېقىنقى يىللارنىڭ بۇيان، ئىلگىرىكىلەرنىڭ يول باشلاپ بېرىشى بىلەن بىر مۇنچە ئوتتۇرا ياش، ياش ئىلىم ئەھلىلىرى قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنى ئېتىقادى تەتقىقاتى جەھەتتە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت: بىرىنچىسى، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى شامان دىنى بىلەن مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان، دېگەن قاراش. چۈنكى ۋۇكۇڭ 780 - يىلى ئۇيغۇر زېمىنىدىن يول ئېلىپ چاڭئەنگە بارغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا ئەقىدىسىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى كۆرگەن، شۇڭا ئېلىپ كەلگەن نوم جىلدلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە پېتىنالماي بېشبالىقتا قالدۇرۇپ قويغان. 840 - يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقىغا كەلگەن، بۇ جايدا بۇددا دىنى بۇرۇنلا يىلتىز تارتىپ بولغان بولغاچقا، خەلق بۇنىڭ تەسىرىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا كۆچكەن.

فېڭ جياشېڭ ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹يەر- ئاسمان ئىلاھلىرى ھەققىدىكى سەككىز يۇكمەك بۇددا قىسسىلىرى نومى› نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيما نۇسخىسى توغرىسىدا تەتقىقات — قوشۇمچە ئۇيغۇرلارنىڭ ‹ئۇلۇغ ئاغىلىق نوم› غا قوشقان تولۇقلىما» («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1955 - يىل 9 - سان) بىلەن لىن ۋۇ ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا» (گەنسۇ «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1923 - يىللىق 1 - سان) دېگەن ماقالىلىرىدە يۇقىرىقى قاراش ئىلگىرى سۈرۈلگەن؛ ئىككىنچىسى، ئۇيغۇرلار 840 - يىلدىن بۇرۇن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، دېگەن قاراش. فون گاباﺋىن يازغان، گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 - يىللىق 2- سان) ناملىق ماقالىدە: «بۇددا دىنى 630 - يىلدىن بۇرۇنلا شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان» دەپ قارالغان.

گېڭ شىمىن ئەپەندى زامانىمىزدىكى ئىلمىمىزنىڭ مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس مۇتەخەسسىسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنىڭ فراگمېنتلىرىنى تەرجىمە قىلغان ھەمدە بۇ مەسىلە توغرىسىدا چوڭقۇر تەتقىقات يۈرگۈزگەن. ئۇ «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى شىنجاڭغا، تۈركلەرگە ۋە ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1978 - يىللىق 2 - سان) دېگەن ماقالىسىدە: ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىشى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربكە كۆچۈپ ھازىرقى شىنجاڭ تەۋەسىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئىش، ئەمما شىمالىي چۆللۈكتىكى ۋاقتىدىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنى بىلەن ئۇچراشقانلىق ئالامىتى بار، دەپ قارايدۇ.

تەيۋەنلىك ئالىملارمۇ ئۇيغۇرلار شىمالىي چۆللۈكتىكى ۋاقتىدىلا بۇددا دىنى بىلەن تونۇشقان، دېگەن قاراشقا مايىل. ليۇ يىتاڭ ئەپەندى «جۇڭگونىڭ چېگرا رايون مىللەتلىرىنىڭ تارىخى» (تەيبېي، 1969-يىل) ناملىق كىتابىدا «دوسان موڭغۇل تارىخى» قاتارلىق تارىخىي ماتېرىياللاردىن دەلىل كەلتۈرۈپ، بۇ خىل كۆز قاراشنى بايان قىلغان. خۇچيۇخۇ ئەپەندىمۇ بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، لىن ۋۇشۇ ئەپەندى يازغان «مانى دىنىنىڭ

ئۇيغۇرلاردا روناق تېپىشىنىڭ مەنبەسى» ، ئەخمەتجان ئەھەت ئەپەندى يازغان «مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىللىق 9 ـ سان) قاتارلىق ماقالىلەردىمۇ يۇقىرىقىدەك قاراش قۇۋۋەتلەنگەن.

قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى قاچان بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە ئىلىم ساھەسىدىكىلەردە يەنە بىر قانچە خىل قاراش بار: فېڭ جياشېڭ، چېڭ شولو، مۇگۇۋاڭۋېن قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ناملىق كىتابتا، ۋاڭ يەندېنىڭ «قۇجۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ، لى جىچاڭنىڭ «ئەۋلىيا چيۇچۇجىنىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى» قاتارلىق يازما يادىكارلىقلاردىن نەقىل ئېلىپ: «قۇجۇدا X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇددا دىنى گۈللەنگەندى» دېيىلگەن. چېن جۇنمو ئەپەندىنىڭ «مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى» («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1986 ـ يىل 1 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدە، X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ بۇددا دىنىغا كىرگەن، دېيىلگەن.

مىڭ فەنرېن ئەپەندى «قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1982ـ يىل 1 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ قارايدۇ: قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن X ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى خىل: بىرى، قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئاساسەن بىر ۋاقىتتا ئىككى بۇددا دىنى رايونىغا كۆچۈپ بارغان. شۇڭا قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋاقتى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭكىدىن كېيىن ئەمەس. تارىخىي ماتېرىياللار ئىسپاتلىدىكى، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان؛ يەنە بىرى، تۇرپان رايونىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەرگە ئائىت بۇددا دىنى خارابىلىرىنىڭ ۋاقتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن بەش سۇلالە دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. تۆيۇق مىڭئۆيىدىكى «تۇدۇم سەلىنىڭ ئىبادەتخانا سالدۇرغانلىقى توغرىسىدىكى ئابىدە» نىڭ يېزىق شەكلى، تىل ئالاھىدىلىكى ۋە مەزمۇنى مەزكۇر ئابىدىنىڭ تەخمىنەن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى ۋاقىتتىن X ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تىكلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن، بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى پەيدىنپەي ئاجىزلىغان، بۇ ھەممەيلەن بىلىدىغان پاكىت. «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دا «ئەۋلىيا چيۇچۇجىنىڭ غەربكە قىلغان زىيارىتى»، «غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، « XII ئەسىردە شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى بۇددا دىنى مۇرىتلىرى بىلەن ئەمەلىيەتتە ھازىرقى جىمىسارنى پاسىل قىلغان، جىمىسارنىڭ شەرقى بۇددا دىنىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە، غەربى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى» دەپ قارالغان. XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە تۇرپاندا بۇددا دىنى يەنىلا گۈللەنگەن، « XV ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، تۇرپاننىڭ خان جەمەتى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان»، « XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇددا دىنىنىڭ قۇمۇلدىكى تەسىرى يەنىلا زور بولغاچقا، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلغان».

مېڭ فەنرېننىڭ قارىشى «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» دىكى قاراشلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇمۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تەخمىنەن XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇددا دىنى ئېتىقادىدىن ۋاز كەچكەن، دەپ ھېسابلىغان.

ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىر قەدەر كۆپرەك ئىزدەنگەن يەنە بىر مەسىلە ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان بۇددا دىنى بىلەن باشقا جايلاردىكى بۇددا دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى.

مېڭ فەنرېن ئەپەندى ماقالىسىدە بۇ مەسىلىنى خېلى ئەتراپلىق بايان

قىلغان، ئۇنىڭ قارىشىچە، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى بىلەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىلادىيە سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە ئۆتكەن ھەر قايسى سۇلالىلەر قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇيغۇر راھىبلارنىڭ ئىچكى رايونلاردىكى پائالىيەتلىرى كۆپەيگەن، قوچو بۇددا سەنئىتى بىلەن دۇنخۇاڭ مىڭئۆي سەنئىتىنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ بولغان، شۇڭا، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىچكى رايونلاردىكى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ليۇ يىڭشېڭ ئەپەندى «غەربىي شىمال رايونىدىكى بۇددا دىنى» («يۈەن سۇلالىسى تارىخى ھەمدە شىمال مىللەتلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى»، 1982 - يىل 6 - سان) ناملىق ماقالىسىنىڭ 3 - پاراگرافىدا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىن چىققان مەشھۇر بۇددا دىنى مۆرىتلىرى، ئالايلۇق، ساراران، ئەنسارى، ساڭگې، كارۇناداس قاتارلىقلار ھەمدە ئۇلارنىڭ تەسىرى توغرىسىدا مەخسۇس توختالغان. بۇ بۇددا دىنى مۆرىتلىرى نوم تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، بەزىلىرى يەنە خان سارىيىدا دەرس ئۆتكەن ۋە ئورنىدا مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر بۇددىستلار ئوردىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىدە ئىنچىل تۈردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. خاتانى ليۇتكى (يۈشى لياۋتى) يازغان، خې چاڭچۈن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرتتىكى بۇددا دىنى» (سودا نەشرىياتى، 1933 - يىل) ناملىق كىتابتا: «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ماھايانا مەزھىپىدە ئىدى» دېيىلگەن. ئۇنىڭ بۇ خۇلاسىسى ھەر قايسى ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى يىغىۋالغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى ئىچىدىكى ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت نوملارنىڭ بىر قەدەر كۆپ ئىكەنلىكىدەك ماددىي پاكىتقا ئاساسەن چىقىرىلغان.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989- يىل) دا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئائىت مەسىلەرنىڭ شەرھلىنىشى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەزكۇر كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ماھايانا مەزھىپى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما يەر ئاستىدىن تېپىلغان بەزى يازما يادىكارلىقلاردىن ھېلىمۇ مەزھىپىنىڭمۇ تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مىڭ فەنرېن ئەپەندى قوچودىكى بۇددا دىنى خارابىلىرىدا 11 يۈزلۈك ئامىتابا (شەپقەتچى مەبۇد)، مىڭ قوللۇق ئامىتابا (شەپقەتچى مەبۇد) لارنىڭ بارلىقى قاتارلىق پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى يەنە «قويۇق مەخپىي دىن تۈسىگە ئىگە» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

چېن شىلياڭ ئەپەندى «شىنجاڭدىكى دىنلار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل) ناملىق كىتابىدا، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ زاڭزۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە زاڭزۇ بۇددا دىنى XI ئەسىردە ھەقىقەتەن شىنجاڭغا تارقالغان، دەپ قارىغان.

گېڭ شىمىن ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل) ناملىق كىتابىدا: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى ئىچىدىكى مەخپىي دىنغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار» نىڭ كۆپىنچىسى تۈبۈت (زاڭزۇ) يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارايدۇ.

تۆۋەندە بىز يەنە ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز:

گېڭ شىمىن ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابىدا، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىنىڭ مەنبەسى ئۈچ خىل دەپ ھېسابلىغان:

دەسلەپكى دەۋرلەرگە ئائىت نوملارنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىك قەدىمكى كۇسەن، كىنگىت تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى نوملار خەنزۇچىدىن، يەنە بەزىلىرى تۈبۈتچىدىن تەرجىمە قىلىنغان.

ئېلىمىزدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «بۇد ساتۋا، ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى نوم ئۇستازىنىڭ تەرجىمىھالى» نى ئەڭ بۇرۇن داڭلىق ئالىم فېڭ جېڭجۈن ئەپەندى تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ كىتابنى سىڭقۇ

سەلى قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئەمما ئۇنى بىر قانچە كىشى كۆچۈرگەن. فون. گاباﺋىن خانىم بۇ كىتاب شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەرجىمە قىلىنغان دېيىلسە خېلى مۇۋاپىق بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

گېڭ شىمىن ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى›، ھەمدە ئۇنى تەرجىمە قىلغۇچى ئۇستاز شىڭگۇاڭ» («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 - يىل 6 - سان) ناملىق ماقالىسىدە، بۇ كىتابنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى توغرىسىدا يېڭىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى› نىڭ خەتلىرى ۋە تېكىستىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا دائىم چېلىقىدىغان t بىلەن d نى، s بىلەن z نى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەيدۇ، شۇڭا بۇ كىتاب يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرى، يەنى IX — XII ئەسىرلەردە يېزىلغان.»

كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەردە سىڭقۇ سەلىنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسى ھەمدە ئۇنىڭ خەنزۇ يېزىق مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە يۇقىرى باھا بېرىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ دوست ئۆتكەنلىكى، ئۆز ئارا ئۆگەنگەنلىكى، بۇ بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ ئۇزۇن مۇددەت زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ پاكىتلىرىدىن بىرى، دەپ قارىغان.

«ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالتىراقلىق قۇپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىق نوم بىتىك» بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپىنىڭ مۇھىم نوملىرىدىن بىرى. 1979 - يىلى «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ 3- سانىغا لى جىڭۋېي ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق نوم بىتىك› توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى بېسىلدى. لى جىڭۋېي ئەپەندىنىڭ بۇ ماقالىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق نوم بىتىك» نىڭ ئىككى خىل تەرجىمە نۇسخىسى تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ بىرىنى گېرمانىيىلىكلەر تۇرپان ئويمانلىقىدىن قولغا چۈشۈرگەن، ئەسلىي نۇسخىسى بېرلىندا ساقلانغان، ئۇنى مىيۇللېر تەتقىق قىلغان. يەنە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نۇسخىسىنى روسىيىنىڭ مالوۋ 1910 - يىلى گەنسۇنىڭ جيۇچۇەن ناھىيىسىنىڭ ۋېنشىگۇ جىلغىسىدىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولۇپ، ئەسلى نۇسخىسى لېنىنگرادتا ساقلانغان، 1913 ـ 1917 - يىللىرى مالوۋ بىلەن رادلوۋ ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەقلىد قىلىپ قوغۇشۇن ھەرپ بىلەن بېسىپ نەشر قىلدۇرغان. 1930 - يىلى رادلوۋ بۇ نومنىڭ پۇچۇلغان ۋاراقلىرىنى نېمىسچىگە تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭغا مالوۋنىڭ رۇسچە كىرىش سۆزىنى قوشۇپ نەشر قىلدۇرغان. بۇددا نومى توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن يەنە تۆۋەندىكىلەر بار:

لى جىڭۋېي ئەپەندى يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق نوم بىتىك› نىڭ مۇقەددىمىسى (پارچىسى) نىڭ يەشمىسى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987- يىل 4- سان)؛

جاڭ تيېشەن ئەپەندى يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق نوم بىتىك› نىڭ 7 - بۆلۈمى ئۈستىدە تەتقىقات» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988- يىل 5 - سان) ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن ياروق نوم بىتىك› نىڭ 4- جىلد 6 - بۆلۈمى ئۈستىدە تەتقىقات» (يۇقىرىقى ژۇرنال، 1990 - يىل 1 - سان)؛

فېڭ جياشېڭ ئەپەندى يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹بۇدساتۋا، ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى نوم ئۇستازىنىڭ تەرجىمىھالى› توغرىسىدىكى تەتقىقات دوكلاتى» («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» C تۇر، 1 - نومۇر، 1951-يىل)؛

خۇيافۇ ئەپەندى يازغان، قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنغان «ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالتىراقلىق قۇپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىق نوم بىتىك» («تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى» 77 - جىلد 9 - سان، 1962- يىل)، «يەر - ئاسمان ئىلاھلىرى ھەققىدىكى سەككىز يۇكمەك بۇددا قىسسىلىرى نومى» ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرى ئىچىدە نەشر نۇسخىسى ۋە كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى ئەڭ كۆپ

ساقلىنىپ قالغان نوم بولۇپ، فېڭ جياشېڭ ئەپەندى ئېلىمىزدە بۇ توغرىدا ئەڭ بۇرۇن تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1955 - يىلى «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 9 - سانىدا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان ‹يەر - ئاسمان ئىلاھلىرى ھەققىدىكى سەككىز يۈكمەك بۇددا قىسسىلىرى نومى› توغرىسىدا تەتقىقات» قوشۇمچە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ‹ئۇلۇغ ئاغلىق نوم› غا قوشقان تۈھپىسى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، سەككىز يۈكمەك نومىنىڭ ئويما مەتبەئە نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى، ئېلان قىلىنىشى، ۋەسىقىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە ئۇنى لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلدى.

جاڭ شىنيىڭ ئەپەندى «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988- يىللىق 1 - سانىدا «چېن نىڭ ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹سەككىز يۈكمەك نوم› نىڭ نەشر قىلىنغان جايى - فېڭ جياشېڭ ئەپەندىنىڭ بىر پارچە ماقالىسىنى ئوقىغاندىن كېيىن» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ماقالىدە «سەككىز يۈكمەك نوم» نىڭ ئويما مەتبەئەدە نەشر قىلىنغان ۋاقتى ھەمدە ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەر شەرھلەنگەن.

«مايترى سىمىت» ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مۇھىم بۇددا نوملىرىنىڭ بىرى. بۇ ئەسەرنىڭ لېكوك تۇرپاندىن تېپىپ ئېلىپ كەتكەن نۇسخىسىدىن باشقا، 1959 - يىلى قۇمۇلدا يەنە بىر نۇسخىسى تېپىلدى، مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «مايترىنىڭ ئۇچرىشىش خاتىرىسى» ، «مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى توغرىسىدىكى نوم» ، «مايترى سىمىت» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىۋاتقان بۇ بۇددا دىنى يازما يادىكارلىقىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر خىل بۇددا نومىنىڭ ھەر خىل ناملار بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ ئاتىلىشىدۇر.

«مايترى سىمىت» توغرىسىدا فېڭ جياشېڭ ئەپەندى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1962 - يىللىق 8 - سانىدا «1959- يىلى قۇمۇلدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە بۇددا نومى» ماۋزۇلۇق تەتقىقات ماقالىسىنى

ئېلان قىلدى. 80 - يىللاردىن بۇيان بۇ ئەسەر توغرىسىدا باشقا ئاپتورلارنىڭ ئون نەچچە پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

لى جىڭۋېي ئەپەندى «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1982 - يىللىق 1 - سانىدا «قۇمۇلدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىممىت نومى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

گېڭ شىمىن ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ئېپتىدائىي سەھنە ئەسىرى ‹مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى› نىڭ 2 - پەردىسى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ( «غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1986- يىل 1- سان) . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 - يىلى ئىسراپىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدى. لى جىڭۋېي ئەپەندى «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1981- يىللىق 2 - سانىدا «قۇمۇلدىن تېپىلغان ‹قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىممىت نومى› نىڭ 3 - پەردىسى ئۇستىدە تەتقىقات» ( «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلى» 1 - سانىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى) ۋە «32 خىل خاسىيەتنىڭ مەنبەسى ھەققىدە» ، «قەدىمكى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنغان نوملار توغرىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

جى شيەنلىن ئەپەندى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1983- يىللىق 1 - سانىدا «شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان توخرى يېزىقىدىكى سەھنە ئەسىرى ‹ مايترىنىڭ ئۇچرىشىش خاتىرىسى› توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

گېڭ شىمىن ئەپەندى «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986- يىللىق 3 - سانىدا «گەنسۇ ئۆلكىلىك مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹80 ئاغىلىق بۇددا ۋاتامساكا ماخاۋاپۇليا سۇترا› نىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گېڭ شىمىن ئەپەندى يەنە « مىللەتلەر تىل -

ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986- يىللىق 3 - سانىدا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹80 ئاغىلىق بۇددا ۋاتامساكا ماخاۋا پۇليا سۇترا› نىڭ پارچىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

6) ئىسلام دىنى ئېتىقادى

توپلانغان ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئېلىمىزدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىش مەسىلىسى

ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەن ۋاقتى توغرىسىدا ۋاڭ رىۋېي ئەپەندى «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە» («يۇگۇڭ يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى»، 4- جىلد 2 - سان) ناملىق ماقالىسىدە؛ لى جىننىيەن ئەپەندى «شىنجاڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدا مۇلاھىزە» («جۇغراپىيىشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1919 - يىللىق 2 -، 3 - سان) ناملىق ماقالىسىدە؛ سۇ بېيخەي ئەپەندى «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى»، «مىڭ يىلدىن بۇيان ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىياتى» («تارىخ ئوقۇتۇشى» ژۇرنىلى، 1952 - يىل9- ئاي) ناملىق ماقالىسىدە؛ لى تەييۈ ئەپەندى «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت تارىخىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» («غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى خەۋەرلىرى»، 1979 - يىل) ناملىق ماقالىسىدە؛ ۋاڭ جىلەي ئەپەندى «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدىكى تەرەققىياتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1978 - يىل) ناملىق ماقالىسىدە ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلام دىنى مىلادىيە VII ئەسىرلەردە دېڭىز يولى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دېڭىز ياقىسى رايونلىرىغا ۋە ئىچكى جايلىرىغا، تەخمىنەن ئۈچ ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىنجاڭغا تارقالغان، دەپ قارالغان. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن X ئەسىرنىڭ ئالدى -

كەينىدە ئىسلام دىنى ئاندىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا تارقالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى توغرىسىدا XIX ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېزىلغان «ئۇۋەيسنامە» بىلەن شۇ كىتاب يېزىلغان دەۋردە ئۆتكەن موللا ھاجى ئىسىملىك ئۇيغۇر دىنىي ئۆلىما تەرىپىدىن يېزىلغان «بۇغراخان تەزكىرىسى» دىن كەڭ تۈردە نەقىل ئېلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى كىتابنىڭ ئىككىلىسىدە ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا سۇتۇق بۇغراخان X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باشلاپ كىرگەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئىسىملىك ئۇيغۇر ئەدىب تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرنى توپلاپ، «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىنى يازغان. ئۇنىڭدىمۇ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا تارقىلىش جەريانى بايان قىلىنغان.

ئىلمىي ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا يەنە ئىسلام دىنى X ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئەمەس، بەلكى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارغا تارقالغان، دەپ قارايدىغانلارمۇ بار. ئۇلار بۇنىڭغا ئىسلام دىنى VII ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغاچقا، مۇسۇلمان سودىگەرلەر جەزمەن شىنجاڭغا كەلگەن، دېگەننى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما شۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك ئىز قالمىغان ياكى بۇنداق ئىزلار تېخى بايقالمىغان. چېن گوگۇاڭ ئەپەندى «ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقالغان ۋاقتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاخباراتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىللىق 5 - سان) ناملىق ماقالىسىدە: « X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى قاراخانىيلار سۇلالىسىنى ئىسلاملاشتۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا زور كۆلەمدە تارقىلىشىنىڭ سەھىپىسى ئېچىلدى. لېكىن بۇ، بۇ يېڭى دىننىڭ شىنجاڭغا تارقالغان ئەڭ بۇرۇنقى ۋاقتى ئەمەس.» « X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەن چاغدا،

شىنجاڭنىڭ غەربىدىن شەرقىگە ئىسلام دىنىنىڭ مۇرىتلىرى تارقالغانلىقى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا دائىر مەلۇمات بار» دېگەن. چېن گوگۇاڭ ئەپەندى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسلىنىپ، «‹كونا تاڭنامە› دىكى ‹كەييۈەننىڭ تۈنجى يىلى (713 - يىلى) ئەرەب ئەلچىلىرى ئوردىغا كەلدى› دېگەن مۇشۇ ۋاقىتنى ئىسلام دىنى قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىمىزگە تارقالغان ئەڭ بۇرۇنقى ۋاقىت دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ» غانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

چېن خۇيىسىن «ئەرەبلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي توقۇنۇشى ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى» («دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987- يىل 1 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ قارىغان: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۈلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئەرەب ئەسكەرلىرى جۇڭگودا تۇرۇپ قالغان، بۇنى ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگودا تارقىلىشقا باشلىغان ۋاقتى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.» مەزكۇر ماقالىدە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقالغان ۋاقتى مەسىلىسىگە بىۋاستە جاۋاب بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تيەنباۋنىڭ 10- يىلى تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەلىبىسى ئۇنىڭ شۇ دەۋردە جۇڭگوغا كېڭىيىشىگە راسا پايدىلىق بولغان. كېيىن ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلاملىشىشىمۇ مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا تەدرىجىي تاماملانغان.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارغا تارقىلىش جەريانىدا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگىچە بولغان چاغاتاي خانلىقى دەۋرى مۇھىم بىر باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. تيەن ۋېيجياڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ۋە كېڭىيىشى توغرىسىدا ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987- يىللىق 4 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ قارىغان: يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن مىڭ سۇلالىسي دەۋرىگىچە بولغان ۋاقىت شىنجاڭنىڭ ئىسلاملىشىش تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەزگىلنىڭ ئالدى - كەينىدە لياۋ، سۇڭ سۇلالىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەۋرلىرىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارغا تارقالغان ئىسلام دىنى بارا- بارا شەرققە كېڭىيىپ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە شىنجاڭغا پەيدىنپەي تارقالغان. بۇ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئامىللىرى بىرلىكتە رول ئوينىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. موڭغۇللارنىڭ تەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي يۇرتتا ئاجىزلاشقانلىقى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنى كونترول قىلالمىغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىدىكى ئالدىنقى شەرت، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشى، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بارغانسېرى تۈركلىشىشى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە روناق تېپىشىدىكى ئىچكى ئامىل، چوڭ خان ھوقۇقىنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى، بولۇپمۇ موڭغۇللارنىڭ دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئارىلىشىشى ھەمدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەسىرى تاشقى ئامىل بولغان. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىنى تەھلىل قىلساق، ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىش، قورال كۈچى بىلەن كېڭىيىش ۋە ئومۇميۈزلۈك تارقىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن جەرياندۇر. ئەمما ھەر قايسى جايلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن ۋاقتى بىردەك ئەمەس.

ئىسلام دىنىنىڭ كۇچاغا تارقالغان ۋاقتى توغرىسىدا لى جىنشىن «ئەرشىدىن خوجا مازىرى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كۇچاغا تارقىلىشى ھەققىدە مۇلاھىزە» («شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» نىڭ قوشۇمچە سانى) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ قارىغان: ئىسلام دىنى كۇچاغا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ لىزۇڭ دەۋرى (XIII ئەسىر) دە ئەمەس، تەخمىنەن XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن تارقالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇلغا تارقالغان ۋاقتى توغرىسىدا ھازىر ئۈچ خىل قاراش بار. جاۋئېنرۇ «قۇمۇل ۋاڭى، ئىسلام دىنى ۋە قۇمۇل تارىخى توغرىسىدا تەكشۈرۈش» («شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 1987- يىل 15 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى

قۇمۇلغا XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
تارقالغان، بۇنىڭ ئىسپادىسى شۇكى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 14 - يىلى
(1381 - يىلى) قۇمۇل ۋاڭى ئۈناشىرى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنى ئات.
تارتۇق قىلىشقا ئەۋەتكەندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭى ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى
يا دىنىي يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، مىڭ
سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن سودا ۋە سىياسىي جەھەتتە
قويۇق ئالاقە قىلغان. »

ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا
كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا گۇباۋ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ۋە ئىسلام
دىنى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنال ، 1979-
يىللىق 4 - سان) ناملىق ماقالىسىدە ئەتراپلىق توختالغان. ئۇ مۇنداق
دەپ قارىغان: ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ
دىنىي ئورگانلىرى — مەسچىت ۋە مازارلارنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ،
شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە كۆپلىگەن ۋەخپە (مەسچىتلەرنىڭ
ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر- زېمىن، ئۆي - جاي، تۈگمەن قاتارلىق مال -
مۈلۈك) لىرى بار. ئوخشاش بىر تېمىدا يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلەردىن
سۇ بېيخەي ئەپەندىنىڭ «ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى
تەرەققىياتى» («دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987- يىللىق
3- سان) ۋە «ئىسلاملىششنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى
توغرىسىدا مۇلاھىزە» («نىڭشيا ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى،
1988 - يىللىق 3 - سان) ۋە «ئىسلام دىنى تارقىلىشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ
يېزىق تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي
ژۇرنىلى» ، 1984 - يىللىق 2 - سان) قاتارلىقلار بار.

(2) دىنىي مەزھەپلەر مەسىلىسى توغرىسىدا

شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىدىن
قارىغاندا، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ئاساسەن ئورتودوكسال سۈننىي مەزھىپىگە
تەئەللۇق، سوپىزم مەزھىپىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەلۇم دەرىجىدە
تارقالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنى «ئىشان مەزھىپى» دەپ ئاتايدۇ. يېقىنقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىللاردىن بۇيان، بەزى جايلاردا يەنە ۋەھھابىي مەزھىپىمۇ تارقالدى.

ۋاڭ شۈلى ئەپەندى «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنال، 1981- يىل 40 - سان) ناملىق ماقالىسىدە، ئىسلام دىنى X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭغا تارقالغاندىن بۇيان ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان سۈننىي مەزھىپىدىكى ھەنەپىيە مەزھىپى، شىئە مەزھىپىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە تەسەۋۋۇپچى سوپىزم مەزھىپى (شىنجاڭدا ئىشان مەزھىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىقلار توغرىسىدا ئىزدەنگەن. بۇ مەزھەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى ۋە كېڭىيىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

ھاجى نۇر ھاجى ئەپەندى «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق (سوپىزم) نىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنال، 1983 - يىل 7 - سان) ناملىق ماقالىسىدە، شىئە مەزھىپىنى پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئورنى، تەسىرى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا تارقالغان تەسەۋۋۇپچىلىق مەزھىپىنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا توختالغان.

چېن گوگۇاڭ ئەپەندى يازغان «ئىشان مەزھىپى توغرىسىدا مۇلاھىزە» ۋە «شىنجاڭ ئىشان مەزھىپىگە دائىر يازما يادىكارلىق — ‹تەزكىرەئىي خوجىگان› (خوجىلار تەزكىرىسى)» («شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» نىڭ قوشۇمچە سانى) ناملىق ماقالىسىدە، قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئەجدادى ۋە XVII ئەسىردىن XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۆتكەن خوجىلارنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، شىنجاڭ ئىسلام دىنىدىكى ئىشان مەزھىپىنىڭ دەستۇرلىرى، ئەقىدىلىرى، دىنىي ئەمرىمەرۇپلىرى، پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ھەمدە بۇ مەزھەپنىڭ تارقىلىش، روناق تېپىش جەريانىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭ تەسەۋۋۇپچىلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يان تەرەپتىن ئەكس

ئەتتۇرۇپ بەرگەن.

چېن گوگۇاڭ ئەپەندى يازغان «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلادىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەنلىكى توغرىسىدا — شىنجاڭ ئىسلام دىنى تەسەۋۋۇپچىلىقىنىڭ ئىچكى رايونلارغا تارقالغانلىق مەسىلىسى» («دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىللىق 3- سان) ناملىق ماقالىسىدە، ئىلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل مەزھەپلەرنىڭ نەسەبىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلادى» (ھىدايىتۇللاھ — شىنجاڭنىڭ دىن تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس ئاپئاق خوجا) XVII ئەسىردە شىنجاڭدىن ئىچكى جايلارغا بېرىپ تەسەۋۋۇپچىلىقنى تارقاتقان تەسىرى ئەڭ چوڭ دىن تارقاتقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىقنى تارقاتقان ۋاقتى جەھرىيە سۇلۇكىنىڭ ئىجادچىسى مامىڭسىننىڭ يەمەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىن تەسەۋۋۇپچىلىقنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئىچكى جايلارغا تارقاتقان ۋاقتىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىققان.

دۇشاۋيۇەن ئەپەندى قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ مۇنداق دەپ قارىغان: «ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئېتىقاد جەھەتتە ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىگە، ئىلمى فىقھى جەھەتتە ھەنەپىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ. XVIII ئەسىردە ئىشان مەزھىپى سوپىزم ئېقىمىغا ئەگىشىپ شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن رايونلىرىغا تارقالغان.» («قەشقەر، يەكەن، خوتەن رايونلىرىدىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش» («دىن» ژۇرنىلى، 1987- يىللىق 1 ـ سان)، ۋاڭ شۇكەي ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى ئىشان مەزھىپىدىكى شامان دىنىنىڭ تەسىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش» («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى» ژۇرنىلى، 1987- يىللىق 4 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ قارىغان: تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسى بىلەن سوپىزم ئىلاھىيەتچىلىكى، يەنى ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ۋەكىلى — ئىشان مەزھىپىمۇ ئۇيغۇرلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پۇختا ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە. سوپىزم ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغاندىن كېيىن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ خان - پادىشاھلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ سوپىزم مەزھىپىنى قوبۇل قىلىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتتى.

چېن گوگۇاڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا نەقشىبەندى سۇلۇكى ۋە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى خوجىلار، غەربىي شىمال سۇلۇكلىرى» («دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1988 - يىللىق 1 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: « ملك سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان دەۋر ئىسلام دىنىنىڭ سوپىزم مەزھىپى زور كۆلەمدە ئەۋج ئالغان ھەمدە ئېلىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىغا، غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە - رايونلارغا كەڭ كۆلەمدە تارقالغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ. نەقشىبەندى سۇلۇكى ئىسلام دىنىنىڭ سوپىزم نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ سۇلۇك 3 - ئەۋلاد شەيخۇلئىسلام خوجا ئەھرارىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ سەھنىسىدە سەل قارىغىلى بولمايدىغان دىنىي كۈچكە ئايلىنىپ، سۇلۇكنىڭ سەردارلىرى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋە دىنىي كۈرىشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى خوجىلارنىڭ تارىخىدۇر.

## 3 . تىل - يېزىق تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلار كۆپ خىل يېزىقنى قوللانغان. شىمالىي چۆللۈكتىكى مەزگىلدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن (مىلادىيە X — VI ئەسىر) قەدىمكى تۈرك يېزىقى، يەنى «تۈرك - رۇنىك يېزىقى» ياكى «ئۇرقۇن - يېنىسەي يېزىقى»

نى قوللانغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار سوغدى يېزىقى ھەرپلىرى ئاساسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلغان، بۇ خىل يېزىق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگىچە، ئاساسلىقى، ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۇ دەرياسى ۋادىلىرىدا قوللىنىلغان. مىلادىيە X ئەسىردىن باشلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن، ئۇيغۇرلار بارا- بارا ئەرەب يېزىقىنىڭ ھەرپلىرىنى تىلىنىڭ تاۋۇش ئىپادىلەش بەلگىلىرى قىلىپ، كۆپ قېتىملىق ئۆزگەرتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ھازىرغا قەدەر قوللىنىۋاتقان مىللىي يېزىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەتقىقاتىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى ماقالىلەردىن لى فۇتۇڭ ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى» («چېگرا سىياسىتى ھەققىدە مۇلاھىزە»، 1944 - يىللىق 3- توم، 5 - سان)؛ سۇ بېيخەي ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ تىل- يېزىقى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1948 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈندىكى سانى)؛ گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ۋە يېزىقى» («ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ماقالىلەر توپلىمى»، 1 - قىسىم، 1958- يىل) قاتارلىقلار بار.

ئېلىمىزدە ئەڭ دەسلەپ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە قەدىمكى ھۆججەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا تۆھپە قوشقان كىشى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى بولۇپ، ئۇنىڭ «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹بۇدساتۋا، ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى نوم ئۇستازىنىڭ تەرجىمىھالى›، توغرىسىدىكى تەتقىقات دوكلاتى» («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، C تۈر، 1 - نومۇر، 1953 - يىل 6 - ئاي) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان چوڭ ھەجىملىك دوكلاتتۇر. ئۇنىڭدىن سەل كېيىن يەنە «1959 - يىلى قۇمۇلدىن يېڭىدىن بايقالغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نومى» («مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1962 - يىللىق 7 -، 8- سان) دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى. فېڭ جياشېڭ ئەپەندى ۋە چېرنىشېۋ بىرلىشىپ يازغان «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئۈچ خىل ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سېتىش تىلخېتى — قوشۇمچە خوجايىنىنىڭ ئۇستىدىن قىلىنغان شىكايەتنامە» («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1958 - يىللىق 2 - سان) ۋە «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى خىل ھۆججەت» («مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1960 - يىل 6 - سان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يەر - ئاسمان ئىلاھلىرى ھەققىدىكى سەككىز يۇكمەك بۇددا قىسسىلىرى نومى توغرىسىدا تەتقىقات— قوشۇمچە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ ئاغىلىق نومغا قوشقان تۆھپىسى» («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» 9 - سان) قاتارلىقلارمۇ زور قىممەتكە ئىگە ئىلمىي ماقالىلەردۇر.

جۇڭگو تارىخ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى پۈتۈكلىرى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ سەھىپىسىنى ئاچقان ماقالە — گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى پۈتۈكلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزاھ» («ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1978- يىللىق 4 - سان) ناملىق ماقالىسىدۇر. بۇ ماقالىدىن باشقا، گېڭ شىمىن ئەپەندى يەنە خېلى بۇرۇنلا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى›، نىڭ 7 - جىلدى ئۈستىدە تەتقىقات» («مىللەتلەر تىل-ئەدەبىياتى» 1979 - يىللىق 4 - سان، 1980 - يىللىق 3- سان) ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلغان ھەم قومۇلدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىتىنىڭ ئۇچرىشىش خاتىرىسى» (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ئىپتىدائىي سەھنە ئەسىرى «مايتىرى سىمىتىنىڭ ئۇچرىشىش خاتىرىسى»، قومۇل نۇسخىسى، «ئىجتىمائىي پەن» ژۇرنىلى، 1981-يىللىق 12- سان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ئىپتىدائىي سەھنە ئەسىرى ‹مايتىرى سىمىتىنىڭ ئۇچرىشىش خاتىرىسى›، نىڭ 2 - پەردىسى ئۈستىدە تەتقىقات» («غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق تۇنجى سانى) ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلغان.

گېڭ شىمىن ئەپەندى يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «80 ئاغىلىق

بۇددا ۋاتامساكاماخاۋاپۇلياسۇترا» («دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1986 - يىللىق 3 - سان) ۋە «ئابدارماكوشاۋاردى شاشتىر» («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 - يىللىق 4 - سان) نىمۇ تەتقىق قىلغان.

لى جىڭۋېي ئەپەندى ئېلىمىزدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغان پېشۋا بولۇپ، 70 - يىللاردىن تارتىپلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىتنىڭ ئۇچرىشىش خاتىرىسى» نى تەتقىق قىلىشنى باشلىغان. 1986 - يىلى «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات» نى تاماملىغان. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم مەزمۇنلىرى ژۇرناللاردا ئاشكارا ئېلان قىلىنغانىدى.

خوجېنخۇا ئەپەندى بىلەن خۇاڭ رۇنخۇا ئەپەندى ھەمكارلىشىپ «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل) نى ئېلان قىلدى. خوجېنخۇا ئەپەندى يەنە «‹غەربىي يۇرت تەلەپپۇزى› دىكى ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر» («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1979 - يىللىق 1 _ 2 - سان)، «ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى» («مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى» 1979 - يىللىق 2 - سان) نى ئېلان قىلدى، بۇ، خوجېنخۇا ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى سىستېمىلىق مۇھاكىمە قىلغان مۇھىم نەتىجىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

لى سېن ئەپەندى «تۈرك يېزىقى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1991 - يىللىق 1 - سان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1990 - يىللىق 3- سان)، «چاغاتاي يېزىقى توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1989- يىللىق 2 - سان) قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

ئابدۇرەئۇفپولات «چاغاتاي يېزىقى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى» («مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1990 - يىللىق 4 - سان) نى ئېلان قىلدى.

قاھار بارات ئەپەندى «تېرخىن ئابىدىسى ئۈستىدە دەسلەپكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1982- يىللىق 3 - سان)، «دۇرگۇت ئۇيغۇر يېزىقى ئابىدىسى ئۈستىدە دەسلەپكى تەتقىقات» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1984 - يىللىق 4 - سان) نى ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە لىۋ يىڭشېڭ ئەپەندى بىلەن ھەمكارلىشىپ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىدىقۇت قوجو خانىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى ھەققىدە ئىزاھ ۋە تەتقىقات» («يۈەن سۇلالىسى تارىخى ھەم شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى»، 1984 - يىللىق 8- سان) نى ئېلان قىلدى، بۇ ماقالىدە ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەتقىقاتىدىكى بىر مۇنچە خاتالىقلار تۈزىتىلگەن.

جاڭ تيېشەن ئەپەندى «سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلىنىۋاتقان STKY. 4/638 نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پۈتۈكنىڭ يەشمىسى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988- يىللىق 4 - سان)؛ «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق› نىڭ 7-بۆلۈمى ئۈستىدە تەتقىقات» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988- يىللىق 5 - سان)؛ «ئېلىمىزدە ساقلىنىپ ئېلان قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە ئۇلار ئۈستىدە تەتقىقات» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىللىق 4 - سان)؛ «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ‹پالنامە› نىڭ يەشمىسى» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993-يىللىق 2- سان)؛ «‹ئابىدارما كۇشاۋاردى شاشتىر› نىڭ پۇچۇلغان ۋاراقلىرى» («مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى»، 1994 - يىللىق 2 - سان) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

ياڭ فۇشۆ ئەپەندى «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە- يانچىلارنىڭ باجنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى تەلەپنامىسى ئۈستىدە تەتقىقات» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1988 - يىللىق 3 - سان)؛ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە كەچۈرۈمنامىنىڭ يەشمىسى» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1989 - يىللىق 4 - سان)؛ «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مال ئۆتنە ئېلىش تىلخېتى ئۈستىدە ئومۇمىي بايان» («دۆنخۇاڭ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1990-يىللىق 1 - سان)؛ «دۆنخۇاڭ تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتبەئە ھەرپلىرى» («دۆنخۇاڭ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1990-يىللىق 2-سان)؛ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىبادەتخانا ئىقتىسادىغا دائىر بىر پارچە قىممەتلىك ھۆججەت» («غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 1 - سان)؛ «دۆنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئارانمى فان قىسسىسى› قولىيازمىسىنىڭ يەشمىسى» («دۆنخۇاڭ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994-يىللىق 2 - سان)؛ «قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ‹تەس مەڭگۈ تېشى› نىڭ يەشمىسى» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1994 - يىللىق 4 - سان)؛ «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ ئويما خەتنىڭ دەسلەپكى يەشمىسى» («گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 - يىل 4-سان)؛ «غەربىي يۇرت، دۆنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرىنىڭ تەرجىمىسىگە نەزەر» («دۆنخۇاڭ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1995- يىللىق 4 - سان) قاتارلىق بىر يۈرۈش ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

ياڭ فۇشۆ ئەپەندى ۋە نيۇرۇجى ئەپەندى بىرلىشىپ ئېلان قىلغان ماقالىلەردىن «دۆنخۇاڭ تەتقىقات ئورنىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر ۋاراق پۇچۇلغان پۈتۈك» («دۆنخۇاڭ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 - يىللىق 2-سان)؛ «دۆنخۇاڭدىن تېپىلغان دەسلەپكى مەزگىللەرگە تەئەللۇق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى دىنىدىن غەيرىي ۋەسىقىلەرنىڭ يەشمىسى» («دۆنخۇاڭ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1994 - يىللىق 4 - سان)؛ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى پۈتۈكلىرىنىڭ يەشمىسىدىكى بىر نەچچە مەسىلە ئۈستىدە مەسلىھەت» («غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى، 1992- يىللىق 4 - سان)؛ «مانى يېزىقىدىكى بىر پارچە ھۆججەتتىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990-يىللىق 4-سان)؛ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بەش پارچە مانى دىنى ھۆججىتى ئۈستىدە تەھلىل» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 - يىللىق 4 - سان) قاتارلىقلار بار.

ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىرىشىنى ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلغان كىشى نيۇ رۇجى ئەپەندى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «ئۇيغۇر يېزىقى تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە مۇھاكىمە» («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 - يىللىق 6 - سان) دېگەن ماقالىسىدە، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرىنى خۇلاسىلەپ، بۇ ئالاھىدىلىكنى ئىككى تۈرگە ئايرىغان. ئۇ «ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە تەھلىل» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992-يىللىق 1 - سان) دېگەن ماقالىسىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە يېزىق قاتارلىق بىرقانچە جەھەتتىن ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. «تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىللىق 4 - سان) دېگەن ماقالىسىدە، قەدىمكى تۈرك يېزىقى تەسۋىرىي يېزىق، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مەنبەسى بار دەپ قاراپ، غەرب ئالىملىرىنىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرىگە باھا بەرگەن ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلغان ھەم تۈرك يېزىقى بەلگىلىرىنىڭ تاۋۇش، شەكىل، مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشىنى بىر - بىرلەپ مۇھاكىمە قىلغان ، شۇنداقلا تۈرك يېزىقىنىڭ بوغۇملۇق يېزىقتىن فونېمىلىق يېزىققا قاراپ ئۆزگىرىش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن بىرقانچە باسقۇچى توغرىسىدىكى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى توغرىسىدىمۇ توختالغان.

«شىنجاڭدىكى مىللىي يېزىقلار ۋە مىللىي مەدەنىيەت» («غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1990 - يىللىق 1 - سان) دېگەن ماقالىسىدە، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يېزىقلىرىنىڭ ئۆزگىرىش

ئەھۋالى ئۈستىدە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئەتراپلىق ئىزدەنگەن.

## 4 . ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى

ئۇيغۇر خەلقى مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن ئاجايىپ پارلاق قەدىمىي مەدەنىيەت ياراتقان. ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات، رەسساملىق ۋە مۇزىكا جەھەتتە نۇرغۇن بىباھا گۆھەرلىرى بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. ئۇ ھەم شىمالىي چۆللۈكتىكى مەزگىلدە شەكىللىنىشكە باشلىغان خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، ھەم قەدىمكى غەربىي يۇرتنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىدىن «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىقلار بار.

ليۇزىشياۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» (1- قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1885 - يىل نەشرى) دا، «قۇتادغۇبىلىك» جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان گۆھەرلەرنىڭ بىرى، دەپ قارالغان، ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدا ليۇ زىشياۋ ئەپەندى مۇنداق دەپ قارايدۇ: «تۈركىي تىللار دىۋانى» مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى XI ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر ئەينەك بولۇپ قالدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ھەر بىر سۆزلەمگە تەپسىلىي ئىزاھ بېرىلگەندىن باشقا، ئۇنىڭغا يەنە تۈرلۈك خەلق قوشاقلىرى، ماقال- تەمسىللەر، ھېكمەتلىك سۆزلەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

300 نەچچىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى قامۇسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتىكى مىسلىسىز كاتتا ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ غايەت زور قىممەتكە ئىگە.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ قارىشىچە، «قۇتادغۇبىلىك» بولسا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىنغاندىن كېيىنكى تۇنجى غايەت زور پوئېتىكا بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماي، يەنە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان، بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭراق بولغان.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا «تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدا مۇنداق دەپ قارالغان: بۇ كىتابتىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ 200 نەچچە پارچە قوشىقى ۋە ماقال ـ تەمسىللىرى ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇھىم ئورنىنى ئەكس ئەتتۇرگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاق قارىشىنى ئىپادىلىگەن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ئاللىقاچان خېلى يۇقىرى تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۇرگەن، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تىلى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» (يەنە بىر نامى «ھەقىقەت بوسۇغىسى») «قۇتادغۇبىلىك» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر چوڭ ھەجىملىك پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرلىك داستان بولۇپ، ئاساسەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى پەلسەپىسىنىڭ نەزەرىيىۋى قارىشىنى بايان قىلغان، پۈتۈن كىتاب مۇقەددىمە ۋە رەسمىي تېكىستتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن.

گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان «ئوغۇزنامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان،

ئىلىمىزدە «قۇتادغۇبىلىك» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان، گېڭ شىمىن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان قىسقارتىلما تەرجىمە نۇسخىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979 - يىلى نەشرى)، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان، خاۋگۇەنجۇڭ قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى)، ئەخمەد يۈكنەكى يازغان، ۋېي سۈيىي تەرجىمە قىلغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى) قاتارلىق كىتابلار ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە جاۋگورۇڭ، لىيۇبىڭ تۈزگەن «ئۇزاق قەدىمكى زاماندىن تارتىپ قۇجۇ خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئەدەبىيات»، (ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر بىر يۈرۈش كىتاب I ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995- يىلى نەشرى)؛ لىيۇبىڭ تۈزگەن «قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات» (ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر بىر يۈرۈش كىتاب ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995- يىلى نەشرى) قاتارلىق كىتابلارمۇ نەشر قىلىندى.

نۆۋەتتە بىز كۆرگەن مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى ماقالىلەردىن لۇچيەننىڭ «مەركەز گېزىتى» (1946 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈندىكى سانى) دە ئېلان قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى» ناملىق ماقالىسى، گۇاڭ تيەننىڭ «نۇر گېزىتى» (1956 - يىل 7- ئاينىڭ 13- كۈندىكى سانى) دە ئېلان قىلغان « ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» ۋە «نۇر گېزىتى» (1956-يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى سانى) دە ئېلان قىلغان « ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن سەل كېيىن خۇجېنخۇا، گېڭ شىمىن «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (1963 - يىللىق 3 - سان) دا «ئۇيغۇرلارنىڭ كىلاسسىك پوئېتىكىسى ـ ‹قۇتادغۇبىلىك›، » ناملىق ماقالىنى، لى جىڭۋېي 1979 - يىلى «ئۇيغۇر كىلاسسىك پوئېتىكىسى ـ ‹قۇتادغۇبىلىك› نى تونۇشتۇرۇش» («كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلى، 1979 - يىللىق 1 - سان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلدى. ئابلەت ئۆمەر «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى»، 1979 - يىللىق 3 - سان) ۋە «‹قۇتادغۇبىلىك› قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس» («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1979 - يىل 10-ئاينىڭ 28- كۈندىكى سانى) ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلدى. گېڭ شىمىننىڭ 1979 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خەنزۇچە قىسقارتىلما تەرجىمە نۇسخىسىغا يازغان كىرىش سۆزىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئەڭ دەسلەپ تەتقىق قىلغان ماقالە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گېڭ شىمىن ئەپەندى يەنە «قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان» («شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1979- يىللىق 8- سان) ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. 80 - يىللاردىن كېيىن، ئۆتكۈر ئەپەندى يازغان، شياۋ جۇڭيى تەرجىمە قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ژۇرنىلى، 1980 يىللىق 1 - سان)، ۋېي سۈيىي يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يازما يادىكارلىقى - ‹ئەتەبەتۇلھەقايىق›» («كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلى، 1980 - يىللىق 3- سان) ۋە «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەر - ‹قۇتادغۇبىلىك› ئۈستىدە مۇلاھىزە» («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 - يىللىق 4 - سان) قاتارلىق ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. 90 - يىللاردىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇبىلىككە دائىر ئىلمىي ماقالىلەردىن تاللانمىلار» (1 - قىسىم، 1991 يىل)، «قۇتادغۇبىلىككە دائىر ئىلمىي ماقالىلەردىن تاللانمىلار» (2 - قىسىم، 1992 - يىل) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرمۇ خېلى زور تەسىرگە ئىگە، بۇ دەۋردىكى ئەدىبلەر ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئۆزلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسى بويىچە چىنلىق بىلەن بايان قىلىپ، ئۇيغۇر رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىنى ياراتتى.

«تارىخى ئەمىنىيە» ۋە «تارىخى ھەمىدى» بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن نۇرغۇن ئەسەرلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىككى ئەسەردۇر.

«تارىخى ئەمىنىيە» بىلەن «تارىخى ھەمىدى» نى موللاموسا سايرامى يازغان. بۇ كىتابلاردا 1864 - يىلدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى قاپلىغان ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ھەيۋەتلىك كارتىنىسى، ياقۇپبەگنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىشى ھەمدە قەشقەر، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلار قوزغىلىڭىنى بىر- بىرلەپ باستۇرۇش جەريانى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياقۇپبەگنى يوقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنى قايتۇرۇۋالغانلىق تارىخى بايان قىلىنغان. بۇ ئىككى كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، تىلى راۋان، بايانلىرى ئېنىق بولۇپ، ئەدەبىي ۋە ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى ئەسەردۇر.

«تارىخى ئەمىنىيە» 1903 - يىلى يېزىلىپ تاماملانغاندىن كېيىن، 1904 - يىلى روسىيىنىڭ قازان شەھىرىدىكى «ئۇلۇم» ئىسلام ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. «تارىخى ئەمىنىيە» دىباچە، بىر مۇقەددىمە، ئىككى داستان ۋە بىر خاتىمىدىن ئىبارەت بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى مەرھۇم قىرغىز ئالىم ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان «تارىخى ھەمىدى» نىڭ قولىيازما نۇسخىسى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ كىتاب پاتلىق گېزىت قەغىزىگە يېزىلغان، ماۋزۇلىرى قىزىل سىيادا، مەزمۇنى قارا سىيادا قومۇش قەلەم بىلەن خەتتە نۇسخە تەئەللۇق ئۇسلۇبىدا كۆچۈرۈلگەن، ئۇ جەمئىي 399 بەت بولۇپ، ھەر بىر بەتنىڭ ھەجمى 21.5 × 16.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ھەر بىر بەتكە 15 قۇردىن 19 قۇرغىچە خەت يېزىلغان، تېكىست ھەجمى 15.5 × 11 سانتىمېتىر. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئۆز قەلىمى بىلەن بەش نۇسخا كۆچۈرۈپ تارقاتقان.» («تارىخى ھەمىدى» 13 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى «تارىخى ئەمىنىيە» بىلەن «تارىخى ھەمىدى» نىڭ مەزمۇنىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان ۋە مۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن: «ئاپتور ‹تارىخى ھەمىدى› دە بۇرۇنقى ‹تارىخى ئەمىنىيە› نىڭ دىباچە، بىر مۇقەددىمە، ئىككى داستان، بىر خاتىمىدىن ئىبارەت ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ۋە ئومۇمىي مەزمۇنىنى ساقلاپ قالغان، ئاپتور ئالدىنقى كىتابىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى پىتەرسىزلىكىنى، بەزى مەسىلىلەرنىڭ خاتا بايان قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ توغرىلاش ۋە تولۇقلاش مەقسىتىدە مەزكۇر ‹تارىخى ھەمىدى› نى يېزىپ چىققان.» («تارىخى ھەمىدى» 13 ـ بەتكە قارالسۇن).

ئەنۋەر ئەپەندى «تارىخــى ھەمىدى» گە باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «‹تارىخى ھەمىدى› ‹تارىخى ئەمىنىيە› گە قارىغاندا مەزمۇن جەھەتتىن تولۇق، ماتېرىيال جەھەتتىن خېلى توغرا، تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن خېلى گۈزەل، ھەجىم جەھەتتىن خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ‹تارىخى ئەمىنىيە› گە قارىغاندا ياخشى كۆچۈرۈلگەن ئەمەس.» («تارىخى ھەمىدى» 15 ـ بەتكە قارالسۇن)

«غازات دەر مۇلكى چىن» نىڭ ئاپتورى موللا بىلال نازىم بۇ كىتابنى تەخمىنەن 1876 ـ يىلى يازغان. مەزكۇر كىتابتا ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاستە سەۋەبلىرى، كۈرە، قارا بۇلاق، باياندايى، سۇيدۇڭ ئۇرۇشلىرى بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ ئاپتور ئىلى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ چار روسىيىگە قارشىلىق كۆرسىتىپ زەربە بەرگەنلىكىنى ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن تەسۋىرلەپ، چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىدا جەڭگاھتا قۇربان بولغان جەڭچى ـ سەركەردىلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، دۆلىتىمىز مىللىي مۇزىكا، سەنئەت، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش ۋە رەتلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ئىدارىسى مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئالدى بىلەن قەشقەر، يەكەنلەردە ساقلانغان 12 مۇقام تېكىستى ۋە مۇزىكىسىنى خاتىرىلەش ۋە رەتلەشنى كۆچەيتتى ھەمدە ئۇنى 1960 ـ يىلى نەشر قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇقام مۇزىكىسى دۆلەت

ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن ئالىملارنىڭ دىققىتىنى تارتتى، شۇنداقلا مۇزىكا تارىخى ۋە مىللىي مۇزىكا تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېما بولۇپ قالدى.

«12 مۇقام» غا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ليۇزىشياۋ ئەپەندى «يەكەن خانلىقى ۋە 12 مۇقام » («غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇر مۇقامى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئۇنىڭ مەنبەسى بىۋاستە قەدىمكى غەربىي يۇرت مۇزىكىسىغا چېتىلىدۇ. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرى قەدىمكى غەربىي يۇرت مۇزىكىسىنىڭ پارلاق دەۋرىدۇر. بۇ دەۋردە، غەربىي يۇرت مۇزىكىسىنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلمىسى كۆنسېرى مۇكەممەللەشكەنلىكتىن، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققىتىنى قوزغىغان ھەمدە ئوردىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئاخىرى ئوردا مۇزىكىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ ئۆزگىرىش جەريانىدا، قەدىمكى غەربىي يۇرت مۇزىكىسى تېخىمۇ تولۇقلىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ، خېلى مەزگىل ئىچىدە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي تېپىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

كېيىن، غەربىي يۇرت مۇزىكىسىنىڭ رەڭدارلىقى تەدرىجىي سۇسلاشتى. بۇ خىل ئۆزگىرىش سىياسەتكە تايىنىشنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى تۈنجى قېتىم نامايان قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بىر مەھەل ئاتاق قازانغان قەدىمكى غەربىي يۇرت مۇزىكىسى خەلق ئارىسىغا يېڭىۋاشتىن قايتىپ كېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى بىلەن ساقلىنىپ قالدى.

XVI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، يەكەن خانلىقى ئوردىسى تەرىپىدىن «مۇقام» دەپ نام بېرىلگەن، جەمئىي 16 قىسىمدىن تەركىب تاپقان يۇرۇشلەشكەن كۈي دۇنياغا كەلدى. ئۇ قەدىمكى غەربىي يۇرت مۇزىكىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋامىدا تولۇقلانغان، مۇكەممەللەشكەن ۋە تاللانغاندىن كېيىنكى پۈتۈنلەي يېڭىچە شەكلى ئىدى.

ۋەن تۇڭشۇ «12 مۇقامنى رەتلەپ نەشر قىلىشنىڭ ئۆتمۈشى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىللىق 5 ـ سان)

www.uyghurkitap.com

ناملىق ماقالىسىدە، 12 مۇقامنى رەتلەشنىڭ جەريانىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: 1951 - يىل 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا مۇقامنى رەتلەش باشلانغانىدى. 1954- يىلدىن 1983 يىلغىچە مەركىزىي رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەلق رەسىملىك ژۇرنىلى، خەلق گېزىتى (ئىنگلىزچە)، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى قاتارلىقلار 12 مۇقامنىڭ توپلىنىش ۋە رەتلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خەۋەر بەردى. مۇقام نوتىلىرىنىڭ نەشردىن چىقىشى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇزىكا ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇ 50 -يىللاردا مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مىللىي ئەنئەنىۋى مۇزىكىلارنى رەتلەشنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

گۇباۋ ئەپەندىنىڭ «كۇسەن مۇزىكىسى ۋە 12 مۇقام» ناملىق ماقالىسى، ۋەن تۇڭشۇنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى — 12 مۇقام» ناملىق ماقالىسى، جۇچىڭباۋنىڭ «مۇقام ھەققىدە ئىزدىنىش (1 - قىسىم)» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1981 - يىللىق 1- سان) ناملىق ماقالىلىرىدە مۇقام تېكىستىنىڭ مەنىسى، مۇقامنىڭ تۈرلىرى تەتقىق قىلىنىپ، كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ مۇزىكا قۇرۇلمىسىغا 12 مۇقام ۋارىسلىق قىلغان، دەپ قارالدى.

ۋاھىدوۋ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) يازغان، لى ۋېنجيې تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك مۇزىكا مىراسى — 12 مۇقام» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1982 -يىللىق 5 - سان) ناملىق ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: يىراق قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن، 12 مۇقام ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجادىي ئەمگىكى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز پىشىشقىلىنىپ مۇكەممەللەشكەن مۇزىكا سەنئىتىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى مۇزىكىلاشتۇرۇپ ۋە كۈيگە سېلىپ، قەدىمكى ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ئاساسىدا روناق تاپقان.

12 مۇقامنىڭ ئۈچ خىل ۋارىيانتىنىڭ قۇرۇلمىسىدا بەزى پەرقلەر

بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يىلتىزى بىر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن«ئامانىنىساخان ۋە 12مۇقام» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: ئامانىنىساخان ئەينى ۋاقىتتىكى مۇقامنى ئۈچ جەھەتتىن زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلغان: بىرىنچى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مۇقامىنىڭ مىللىي كۈي شەكلى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يەتتە مېلودىيە (ئاساسىي ئاھاڭ)، بەش قوشۇمچە ئاھاڭ كۈي شەكلى بىلەن ئۇيغۇر مۇقامىنى رەتلەپ قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇنى «مۇقام» غا ئايلاندۇرغان؛ ئىككىنچى، «مۇقام» ئۇقۇمىنى كېڭەيتكەن، ئامانىنىساخان بىلەن قېدىرخان مۇقام تەرەققىياتىنىڭ يېڭى شەكلىگە ئاساسەن، چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك ۋە بىر خىل كۈي شەكلى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن 12 مۇقامنى ھاسىل قىلغان؛ ئۈچىنچى، مۇقام تېكىستلىرىنى قايتىدىن بېكىتكەن.

جۇجى ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۇقامىدىكى 10 مەسىلە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 - يىللىق 2 - سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: 12 مۇقام، ئاساسلىقى، مۇزىكىنىڭ لوگىكىلىق باغلىنىشى بىلەن شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ھەر بىر قىسمىنىڭ مۇكەممەل ھېكايە ۋەقەلىكى يوق، بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن ھەر قايسى بۆلەكلەردىكى كۈيلەرنىڭ غەزەللىرىنىڭ مەزمۇنى بىر بىرىگە پۈتۈنلەي ئالاقىسىز. بىراق ھەر بىر قىسمىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇئەييەن قائىدە - تەرتىپكە ئۇيغۇن، ھەر بىر قىسىم «چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ» تىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتە ئۆمەرجان ئىمىن يازغان، ياڭ جىنشياڭ تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىم» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1990 - يىللىق 5 - سان) ناملىق ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قېلىشقا تازا كۆچەنگەن. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئىپتىدائىي ئەمگىكى ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ مىللىي ئۇسسۇل سەنئىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا ئۇنىڭدا ئىچكى روھ، قۇرۇلما، ۋە ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى مەۋجۇت، بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي روھ، مىللىي خاراكتېر، مىللىي پسىخولوگىيە ۋە مىللىي گۈزەللىك ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

يۈەن بىڭچاڭ «ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1995- يىللىق 10 - سانىدا «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا - ئۇسسۇلى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى.

خۇشياۋجىيې «سەنەمدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە نەزەر» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 1- سان) ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «سەنەمنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىدە.» ئۇنىڭ رىتىم ئالاھىدىلىكى: ئاستا - ئوتتۇراھال - تېز سۈرئەت؛ ئورۇنداش ئالاھىدىلىكى: يالغۇز كىشىلىك - ئىككى كىشىلىك - كوللېكتىپ ئورۇنداشتىن ئىبارەت. بۇ، سەنەمنىڭ مۇئەييەن تىپ خاراكتېرلىك شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سەنەمنى ئورۇنداش شەكلى ئاساسەن بىردەك بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ پەرقى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سەنەملىرى ئورۇنلاش جەھەتتە قىزغىن، مول مەزمۇنلۇق، سىلىق، گۈزەل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شىمالىي شىنجاڭدىكى غۇلجىدا ئەركىن، مەردانە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شەرقىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل سەنىمى سىلىق، ئاددىي - ساددىلىققا ئىگە. دولان سەنىمى كەسكىن ۋە ياڭراق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئازادلىقتىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات زور دەرىجىدە يۈكسەلدى ۋە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇ كەڭلىك جەھەتتىلا ئەمەس، چوڭقۇرلۇق جەھەتتىمۇ ئەكس ئەتتى، بۇ، ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىمىز تارىخىنى بەرپا

قىلىشتا، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى ئېچىشتا قوشقان تۆھپىلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، بۇ ئۇلۇغ تۆھپىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارلىق ۋە خوجايىنلىق ھېسسىياتىنى ئاشۇرۇش ھەمدە كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىشتىمۇ مۇھىم سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۈبھىسىزكى، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى ئومۇميۈزلۈك بايان قىلىش - بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت، لېكىن ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىم چەكلىك بولغاچقا، بۇ نەتىجىلەرنى تولۇق، توغرا ئىپادىلەپ بېرىشىم تەس، بۇ ماقالەمدە يېتىشسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ، لېكىن مەن بۇ جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىمگە ئىشىنىمەن.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن
تەرجىمە تەھرىرى: ئەزىز يۇسۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش ـ يۆتكىلىشلىرىدىن ئەينى چاغدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە نەزەر

## ئابلەت نۇردۇن

مەملىكىتىمىز جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر، مەيلى ئۇ قەدىمكى زاماندىكى مىللەتلەر بولسۇن ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ھازىرقى زاماندىكى مىللەتلەر بولسۇن، قەدىمدىن ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىپ، ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بەرپا قىلىش، ئۇنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشكە ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىنى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتتى. مۇشۇ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان شىنجاڭ (قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان) مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، ئاسىيانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى زاماندا جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولى، شۇنداقلا تارىختىكى ھەر خىل ئىرق، مىللەتلەر كۆچۈپ كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان، ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ ـ ئارىلىشىپ تۇرىدىغان ۋە ھەر خىل ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە بولۇپ تۇرىدىغان جاي ئىدى. تەبىئىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن ياكى يېغىلىق سەۋەبىدىن بەزى ئىرق، مىللەتلەر كۆچۈپ كېلىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇراقلىشىپ،

تىرىكچىلىك قىلغان ۋە كۆپەيگەن. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن، ئۇلار باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن، يا بويسۇندۇرۇلغان ياكى بىر قىسمى شۇ جايلاردا قېلىپ، كېيىن كەلگەن ئىرق، قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، يېڭى ئىرق، يېڭى مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن. دېمەك، ھەر ياقتىن كۆچۈپ كېلىش ۋە ھەرياققا كۆچۈپ كېتىش شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى مۇرەككەپ ئاھالىلەر مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. لېكىن بۇ،مەملىكىتىمىز بىلەن چەت ئەللەرنىڭ، بولۇپمۇ مەملىكەت ئىچىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسىنى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشى ۋە بىر- بىرىدىن ئۆگىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىشىگە، ئۆز ئارا قوشۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان. قىسقىسى، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا، جۈملىدىن شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر كۆچۈپ كېلىش ياكى كېتىش داۋامىدا گەرچە باشقا خەلقلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىككە مەلۇم دەرىجىدە زىيان سالغان بولسىمۇ، لېكىن خەن دەۋرىگە كەلگەندە، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۆز ئارا تالاش - تارتىش، ئۇرۇش - جېدەل ۋە بۆلۈنمىچىلىك ۋەزىيىتى خىرەلىشىپ، بىرلىك روشەنلەشتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىل ئەھۋال ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتى. بىز بۇ يەردە توختالماقچى بولغان قەدىمكى ئاھالىلەر بۇرۇن باشقا رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ، كېيىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن ياكى ئىلگىرى شىنجاڭدا ياشاپ، كېيىن باشقا رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن ئاھالىلەر بولۇپ، ماقالىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئاشۇ قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ۋە بۇ مۇناسىۋەتنىڭ تارىخ تەرەققىياتى جەريانىغا كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت.

مەملىكىتىمىزنىڭ شىيا، شاڭ ۋە غەربىي جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ھازىرقى تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

زادى قانداق ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ياشىغانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلار ئىنتايىن كەم. لېكىن دۆلىتىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى بىر مۇنچە تەتقىقاتچىلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، يەنى قەدىمكى ساكىيان رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەن ۋە شەرقىي ئىران تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان ئايرىم ساك ئۇرۇقلىرى بىلەن قان قېرىنداش بولغان ئارىيانلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ف. ئېنگېلس ئارىيان قەبىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا، يەنى كېيىنكى تارىخ كىتابلىرىدا «ماۋرائۇننەھر» دەپ ئاتالغان رايونلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ①. لېكىن، ئۇلار ئەسلىدىنلا مۇشۇ رايونلاردا ياشاپ كەلگەنمۇ ياكى باشقا ياقتىن كۆچۈپ كەلگەنمۇ؟ ئۇلار بۇ رايونغا كېيىن كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ، قانداق؟ دېگەندەك مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىشەنچلىك ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. يەنە باشقا بەزى ئالىملار بۇ توغرىدا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللىرى ئەتراپىدا (جۇڭگو باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمى دەۋرىدىكى بەش چوڭ ئاقساقاللىق دەۋرىدە) ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ناھايىتى ئېغىر كىلىمات ئۆزگىرىشى بولغانلىقى، شۇڭلاشقا بۇ جايدا ياشايدىغان ئارىيانلار تېز سۈرئەت بىلەن تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغانلىقى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ناھايىتى غول بىر قىسمى ھازىرقى قەشقەر ئەتراپىدىن چىڭخەي، گەنسۇ ئەتراپىغىچە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ②. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا، ئوتتۇرا ئاسىيا رىم (يۇنان) ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىن تارمار بولۇشقىچە بولغان جەرياندا، بىر بۆلۈم ساكلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كۆككىتارتنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا، ھەتتا ئاز بىر قىسمى خېشى جىلغىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا كىرگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ③. ۋاڭ شياۋپۇ ئەپەندى بۇ توغرىدا: «ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا، ئاساسلىقى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئۈچ مىللەت، يەنى ساكلار، ئۇسۇنلار ۋە توخرىلار

ياشىغان، دەۋرنىڭ ئۆتۈشىگە ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ساكلاردا شەرقتىن غەربكە كۆچۈش يۈزلىنىشى كۆرۈلگەن»④ دەپ ئېيتىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، كۆپلىگەن ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلار ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ رايونىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساكلار قوۋمىغا تەئەللۇق، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي مەلۇماتلىرىدا ساكىيان ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا مەيدانغا كەلگەن خۇاگدى قەبىلە ئىتتىپاقى، شيا، شاڭ ۋە غەربىي جۇ سۇلالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ رىۋايەتلەر بار. مەسىلەن، خۇاگدى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ 5 - ئەۋلاد سەردارى شۈن ئاقساقاللىق ئورنىغا چىققاندا، غەربتە كۇئېنلۈن تاغلىرىدا (يەنە بىر رىۋايەتتە ھازىرقى بوغدا كۆلى ئەتراپىدا) ياشايدىغان شىۋاڭمۇ (غەربىي خان ئاناا يەنى ئوماي) ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، قاشتاشتىن ئىشلەنگەن ھالقا سوۋغا قىلىپ، شۈننى تەبرىكلىگەن⑤. شاڭ ۋە غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، تارىم ئويمانلىقى ھەتتا پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى جايلارنىڭ بۇ سۇلالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە رىۋايەتلەر تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن، جۇ سۇلالىسىنى قۇرغان جۇۋۇۋاڭنىڭ ئوغلى جۇچېڭۋاڭ شاڭ سۇلالىسى قۇلدارلىرىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزگەن. بۇ چاغدا غەربىي جۇ سۇلالىسىگە قوشنا ياشايدىغان نۇرغۇن قەبىلە ۋە بەگلىكلەر سوۋغا - سالام بىلەن كېلىپ، جۇ چېڭۋاڭنى تەبرىكلىگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە فەرغانە ۋاڭى جۇچېڭۋاڭغا ئالاھىدە بىر تايغان ئىت سوۋغا قىلغان. قاڭلى قەبىلىسىنىڭ باشلىقى شەكلى خۇددى پىلغا ئوخشايدىغان بىر خىل نەشپۈت سوۋغا قىلغان. ئەينى زاماندا يەكەن، كۇئېنلۈن قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان قەبىلىلەر تۆگە، ئات، قېچىر، قاشتاش، ئوقيا قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغانىكەن⑥. يەنە بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق پادشاھى جۇمۇۋاڭ بىر بۆلۈم ھەمراھلىرىنى باشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇزاق مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ، كۇئېنلۇن ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ ئۇستىگە چىققان ۋە بۇ جايدا ياشايدىغان قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغان⑦. ئومۇمەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رىۋايەتلەر گەرچە تارىخىي چىنلىقتىن يىراق ۋە ئەينى زاماندىكى ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىدىكى گۈزەل تەسۋىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن قانداقلا بولمىسۇن ناھايىتى ئۇزاق زامان ئىلگىرىلا مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى بىلەن غەربىي شىمال خەلقىنىڭ مۇئەييەن ئالاقىدە بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىل رىۋايەتلەر يەنىلا شۇ چاغدىكى ئايرىم ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلىرىدە، تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان شەھەر بەگلىكلىرىنى قۇرغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ دەسلەپتە 36 بولۇپ، كېيىنچە 50 نەچچىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىكىلىرى «شەھەر بەگلىكلىرى»، تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىكىلىرى «كۆچمەن ئەللەر» دەپ ئاتالغان. نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللاردا قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ مۇشۇ «شەھەر بەگلىكلىرى» دىن ئۆتىدىغانلىقى كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئەينى دەۋردە تارىم ئويمانلىقىدىكى بەگلىكلەرنىڭ بۇ سودا يولىدا تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ چاغلاردا مەملىكىتىمىزدىن ھىندىستانغا ۋە ئېخىمۇ يىراق بولغان يۇنانغا بېرىش ئۈچۈن تارىم ئويمانلىقىدىن ئۆتمەي بولمايتتى. شۇڭلاشقا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى خېلى بۇرۇنلا ئەتراپتىكى قوشنا مىللەت ۋە قوۋملار بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي ۋە سودا ئالاقىلىرىدە بولغان. باشقا ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر ئەلۋەتتە ئىقتىسادىي ئالاقىدىن باشلىنىدۇ. «تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى قوۋملار، ئاللىقاچان چاڭلار ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى شيالار بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەنىكەن»⑧. بۇنىڭدىن

قەدىمكى «يىپەك يولى». نىڭ تۆرەلمىسىنىڭ شىيا سۇلالىسى دەۋرىدىلا شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش بىلەن بىرگە، تارىم ئويمانلىقىدىكى كىشىلەرنىڭ شەرقتە چاڭلار بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ يىراق بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر بىلەن ئالاقىدە بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

چاڭلار سانى بىر قەدەر كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى خېلى كەڭ بولغان، ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا خېلى زور تۆھپە قوشقان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار مەملىكىتىمىزدە قۇرۇلغان ئىككىنچى خانلىق — شاڭ سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 - يىلغىچە) دەۋرىدە ھازىرقى شەنشى، نىڭشىيا، چىڭخەي ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشىغان بولۇپ، شىنجاڭ رايونىغا يېقىن قوشنا ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 770 - يىلدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 256- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، چىن بەگلىكى (ئەينى چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يەتتە كۈچلۈك بەگلىكنىڭ بىرى) بارغانسېرى قۇدرەت تېپىپ، غەربىي شىمال تەرەپلەردە ياشىغۇچى چاڭلارغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. «چىن شىيەنگۇڭ زامانىغا كەلگەندە، ۋېيشۈي دەرياسى ۋادىسىغا ئەسكەر چىقىرىپ چاڭلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يىراقلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى»⑨. شۇنىڭدىن كېيىن چاڭلار ھەر قايسى يەرلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى چىڭخەيدىن غەربكە قاراپ نەچچە مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تارىم بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن، بىر قىسمى غەربىي جەنۇبقا قاراپ يۆتكىلىپ شىزاڭغا كۆچۈپ كېلىپ ھازىرقى زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان، يەنە بىر قىسمى ئۇدۇل جەنۇبقا كۆچۈپ سىچۇەنگە كىرىپ ئورۇنلاشقان. غەربكە كۆچكەن چاڭلار چىن شىخۋاڭنىڭ قالغان ئالتە ئورۇشقاق بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، غەربكە قاراشقا چولىسى تەگمەي قالغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، تېزلىكتە قۇدرەت تاپقان ۋە چېكىنگەيدىن تارىم ۋادىسى ۋە كۆئېنلۈن تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغىچە بولغان جايلارنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغان. «خەننامە» دە بۇ ھەقتە «كروراننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، ئەندىرنىڭ شەرقىدە، رۇڭلۇنىڭ جەنۇبىدا، چېدىرنىڭ غەربىدە، خوتەننىڭ جەنۇبىدا چاڭلار بولغان. يولئېرق، بارىكۆل، يېڭىسار، ئولمەلەردىمۇ چاڭ، دىلارغا ئوخشاش قوۋملار بولۇپ، ئۇلار كۆچمەن ئەللەر، لاداقنىڭ جەنۇبىدىمۇ چاڭلار بولغان»⑩لىقى قەيت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ خېلى كەڭ دائىرىدە تارقالغانلىقىنى ھەم شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بىر تەركىب بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ قەدىمدە شىيا سۇلالىسى دەۋرىدە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا چاڭلار بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. جيەن بوزەن ئەپەندى يەنە ئۇلارنىڭ چاڭلار ئارقىلىق قەدىمكى شيالىقلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلەشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنى تارىم بويلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «لوپنۇر رايونىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن دېڭىز جۇيخۇا گۈلىسىمان سەدەپتىن ئىشلەنگەن مارجانلار تېپىلغان. بۇنداق سەدەپلەر پەقەت شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىدىنلا چىقىدۇ. شىنجاڭدىن تېپىلغانلىرىنىڭ چاڭلار ئارقىلىق كىرگەنلىكىدە گەپ يوق»⑪. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىن چىقىدىغان قاشتاش ئاللىقاچانلا ئىچكى ئۆلكىلەردە داڭ چىقارغان. قەدىمكى دەۋرنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدا غەربىي خان ئانا ئىچكى ئۆلكىلەردە پادىشاھلارغا قاشتاشتىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەرمۇ بار. بۇ رىۋايەتلەر توغرۇلۇق ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا توختىلىپ ئۆتتۇق. «يېغىلىق دەۋرىدە يېزىلغان ‹گۇەنزى› ناملىق كىتابنىڭ بىرمۇنچە بابلىرىدا قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ ‹ياۋچى قاشتېشى› ۋە كۆئېنلۈن تاغلىرىدىن چىقىدىغان ‹كۆركەم قاشتاش› نى بەك قەدىرلەپ ئىشلىتىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇنداق تاشلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكى،

ئۇلارنى ئەكېلىدىغانلار ماڭىدىغان يول تولىمۇ يىراق بولۇپلا قالماي، بەلكى ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان»⑫. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ياۋچىلار» دەسلەپتە دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا ياشاپ، كېيىن زور كۆلەمدە غەربكە كۆچكەن توخرىلارنى كۆرسەتسە كېرەك (بۇ توغرىدا تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمىز). ئۇ چاغلاردا دۇنخۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر شىنجاڭ قاشتېشىنى «ياۋچى قاشتېشى» دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە يۇقىرىقى نەقىلدە كۆرسىتىلگەن «كۆركەم قاشتاش»، يەنى كۇئېنلۇن قاشتېشىنىڭمۇ كۇئېنلۇن تاغلىرىدىن چىقىدىغانلىقى دەرھەقىقەت. يۇقىرىدا دېيىلگەنلەر شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىنىڭ يىراق قەدىم زاماندىكى بېرىش - كېلىشلىرى توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەپسىلاتلار بولۇپ، بۇنىڭدا چاڭلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆچۈش - يۆتكىلىشلىرىنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق. قىسقىسى، چاڭلار قەدىمدە شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كۈچىيىشى، ئۆز ئارا چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئىككى رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشىغا، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى چاغلاردا خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشىگە ئاساس سالغان.

يۇقىرىدا بىز توخرىلار (ئۇلۇغ ياۋچىلار، 大月氏) توغرۇلۇق ئازراق توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. توخرىلارمۇ يېغىلىق دەۋرى ۋە چىن، خەن دەۋرلىرىدە دۇنخۇاڭ، خېشى كارىدورىدىن شىنجاڭغىچە بولغان بۇ كەڭ رايوننىڭ تارىخ سەھنىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن ۋە كېيىن غەربكە كۆچۈش نەتىجىسىدە شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. توخرىلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن قەيەرلەردە ياشىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بۇ توغرىدا ھەر خىل قاراشلار بار. بەزى

www.uyghurkitap.com

ماتېرىياللاردا «ساكلار جەنۇبقا كۆچۈشتىن بۇرۇن، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا يىراق قەدىم زاماندا جەنۇب تەرەپتىكى بوستانلىقنى بويلاپ شەرققە كۆچۈپ كەلگەن ياۋچىلار (توخرىلار) پاشايىتى»⑬ دەپ قەيت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن توخرىلار دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىغا غەربتىن كۆچۈپ كەلگەن، دېگەن چۈشەنچە كېلىپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ماكانى تەتقىــــقات ماقالىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغاچقا، بۇ جەھەتتە كۆپ توختالمايمىز. ئومۇمەن، توخرىلار ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار «كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تىــل ۋە ئادەت جەھەتتە ھۇنلارغا ئوخشايدىغان» بىر قەبىلە ئىدى. ئۇلار ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى دۇنخۇاڭ قەلئەسى ۋە چىلىيەنشەن تېغى ئەتراپىدا، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، ھازىرقى خېشى رايونىنىڭ شەرقىدە ئۇسۇنلار بىلەن قوشنا پاشايدىغان بىر قەبىلە ئىدى. «خەننامە» دە ئۇلارنىڭ كۆچۈشى توغرۇلۇق: «ئەسلىدە ئۇلار دۇنخۇاڭ بىلەن چىلىيەنشەن تېغى ئارىلىقىدا پاشايتتى. ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇرنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، ھۇنلار توخرىلارنى تارمار قىــلدى. كېيىــــــن ئاغا تەڭرىقۇت توخرىلار تەڭرىقۇتىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى مەي جامى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن توخرىلار يىراقلارغا كۆچۈپ كەتتى»⑭ دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. بۇلار توخرىلار توغرۇلۇق خەنزۇچە مەنبەلەردە يېزىلغان ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىلەردۇر. قەدىمكى ۋە ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىــــرىدا ھۇنلار، توخرىلار ۋە ئۇسۇنلار (ئۇيسۇنلار) دىن ئىــبارەت كۆچمەن چارۋىچـــــى مىللەتلەر پاشايتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۇنخۇاڭ، چىلىيەنشەن تېغى ئەتراپلىرىدا پاشايدىغان توخرىلار ھۇنلار باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئاۋۋال ناھايىتى كۈچلۈك بىر قەبىلە بولۇپ، 600 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ۋە 200 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇنغا ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئەتراپىدىكى قوشنىلىرى— ھۇن ۋە ئۇسۇنلارغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئادەم ۋە مال- مۈلكىنى بۇلاپ كېتەتتى. ھۇنلار باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە تەدرىجىي قۇدرەت تېپىپ، ئەتراپتىكى كۆچمەن قەبىلە ۋە مىللەتلەرنى

ئۆزگە بويسۇندۇرۇپ، هۇن ئىمپېرىيەسىنى قۇردى. هۇن ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى توخرىلارغا ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كەلدى. باتۇر تەڭرىقۇت شەرقتىكى توڭغۇسلارنى ئۆزگە قاراتقاندىن كېيىن، زور كۈچ بىلەن توخرىلارغا هۇجۇم باشلىدى. هۇنلارنىڭ مۇنداق كېڭىيىشى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى بىۋاستە ئۆزگەرتىپ، توخرىلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. توخرىلار ئاخىرى خېشى رايونىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچكەن ۋاقتى ۋە كۆچۈش يۆنىلىشى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە قاراش بىردەك ئەمەس. ۋاقىت مەسىلىسى توغرىسىدا تەپسىلىي تەھلىل قىلىشىمىزنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى بولمىغاچقا، بۇ يەردە توختالمايمىز. توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ يۆنىلىشى مەسىلىسىگە كەلسەك، قەدىمكى مەنبەلەردە ئوخشاش بولمىغان خاتىرىلەر مەۋجۇت. بۇ هەقتە «تارىخىي خاتىرىلەر» دە: «ئۇلۇغ توخرىلار هۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، يىراقلارغا كۆچۈپ فەرغانىدىن ئۆتۈپ، باكتىرىيىگە هۇجۇم قىلىپ، ئۇنى بويسۇندۇردى» ⑮ دېيىلگەن. بۇنىڭدا ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ فەرغانىدىن ئۆتۈپ باكتىرىيىگە هۇجۇم قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. «خەننامە» دە خاتىرىلەنگىنى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. «خەننامە. جاڭ چيەننىڭ تەرجىمىھالى» دە: «بۇ ۋاقىتتا ئۇلۇغ توخرىلار هۇنلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان مەغلۇپ قىلىنىپ، غەربتە ساكلارنىڭ خانىغا هۇجۇم قىپتۇ، ساك خانى ئېلىنى ئېلىپ يىراق تامانغا — جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇلۇغ توخرىلار ساكلارنىڭ يەرلىرىنى ئىشغال قىپتۇ» ⑯ دېيىلگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «توخرىلار غەربتە ساك خانلىقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بولۇر تاغلىرىدىن ئېشىپ، جەنۇبقا كۆچكەن ساكلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىدى. كېيىن ئۇسۇن كۇنبېگى ئۇلۇغ توخرىلارنى يەڭدى. توخرىلار غەربكە كۆچۈپ باكتىرىيىنى بويسۇندۇردى» ⑰ دېيىلگەن. «خەننامە» دە «فەرغانىدىن ئۆتۈپ» دېمەستىن، بەلكى «غەربتە باكتىرىيىگە هۇجۇم قىلدى» دېگەننى «غەربتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساكلارنىڭ خانىغا ھۇجۇم قىلدى» دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ خاتىرىلەردىن توخرىلارنىڭ ھۇنلارنىڭ زەربىسىدە غەربكە كۆچۈپ، دەسلەپتە ساكلارنىڭ يېرىگە كەلگەنلىكىنى، كېيىن بۇ يەردىمۇ ئۇسۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ فەرغانىگە كۆچۈپ كېلىپ، باكترىيىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى، يەنى ئۇدۇل غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئىلى دەرياسى بويلىرىغا بېرىپ، ئاندىن جەنۇبقا (باكترىيىگە) كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن كېيىنكى دەۋردىكى تەتقىقاتچىلار يۇقىرىقى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل خاتىرىگە ئاساسلىنىپ ئوخشاش بولمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. ۋاڭ گوۋېي ۋەكىللىكىدىكىلەر، «توخرىلار ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، غەربىي جەنۇبقا قاراپ چىڭخەينىڭ سەيدام ئويمانلىقى ئارقىلىق پىشامشان، چەرچەن ھەتتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگىچە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردە ئون يىل تۇرۇپ قالدى. كېيىن پامىردىن ئۆتۈپ باكترىيىنى بويسۇندۇردى»[18] دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا توخرىلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم كۆچكەنلىكى، يەنى ھۇنلار تەختىگە باتۇر تەڭرىقۇت چىققاندىن كېيىنكى دەسلەپكى دەۋردە كۆچكەنلىكى ۋە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى177 ـ 176- يىللىرى قىلغان يەنە بىر قېتىملىق ھۇجۇمىنىڭ تەسىرىدە كۆچكەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. ئېھتىمال، ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى ئېيتقان يۆنىلىش توخرىلارنىڭ كېيىنكى قېتىملىق كۆچۈش سەپىرىدە بېسىپ ئۆتكەن يولى بولسا كېرەك. ماقالىمىزنىڭ بېشىدا «گۆەنزى» ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان «ياۋچى قاشتېشى» توغرۇلۇق توختىلىپ ئۆتكەندۇق. ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى بۇ ئەسەرنى خەن دەۋرىگە ئائىت دەپ قاراپ، ئۇلۇغ توخرىلار خوتەن ئەتراپىدىكى رايونلارغىچە يېتىپ بارغان[19] دەيدۇ. «يېڭى خەننامە. غەربىي چاڭلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ بۇ ھەقتە: «توخرىلارنىڭ خانى ھۇن تەڭرىقۇتى باتۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. خەلقى تارقىلىپ، غەربتىكى پامىردىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاغرىق- سىلاق، ئاجىزلىرى جەنۇبتىكى تاغلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ چاڭلارغا بېقىندى ۋە ئاستا- ئاستا ئۆز ئارا نىكاھلاشتى»[20] دېيىلىپ، بۇ خىل قاراشنى تېخىمۇ

ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئومۇمەن، يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن توخرىلارنىڭ ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن بىر قىسمىنىڭ غەربكە سەپەر قىلىپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ۋە ئۇ يەردىن فەرغانىگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى، يەنە بىر قىسمىنىڭ شەرقىي جەنۇبقا سەپەر قىلىپ چىڭخەي ئارقىلىق پىشامشان، چەرچەن ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگىچە يېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

توخرىلارنىڭ كۆچۈشى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەر كۆچ سېلىشتۇرمىسى ۋە ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى بىۋاسىتە ئۆزگەرتىپ، غەربىي يۇرت تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ئۆز ئالدىغا يەككە- يېگانە ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر ياكى رايونلار بىر - بىرى بىلەن يېقىنلاشتى. ئۇلارنىڭ ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلاشتى. روشەنكى، بۇ ئەھۋال ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىگە شەكسىز پايدىلىق بولدى. «خەننامە» قاتارلىق خەنزۇچە مەنبەلەردە جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ توخرىلار بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بەلكىم توخرىلار دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى چاغلاردا، يەنى خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن تۈرلۈك ئالاقىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن، بولۇپمۇ خەلقلەر ئارىسىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. خەن سۇلالىسى خەن ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەندە، جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. جاڭ چيەننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھۇنلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن توخرىلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئىدى. بۇ، خەن سۇلالىسىنىڭ توخرىلار غەربكە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن تۇنجى قېتىم ئالاقىلىشىشى بولدى. گەرچە جاڭ چيەننىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، توخرىلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر ھەر خىل ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىدە بولۇپ كەلگەندى. ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى خەن دەۋرىگە ئائىت دەپ قارىغان «گۇەنزى» ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان كۇئېنلۇن ئېتەكلىرى ۋە خوتەندىن چىقىدىغان قاشتاشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ياۋچى قاشتېشى» دەپ ئاتىلىشى بۇنىڭ بىر جانلىق مىسالى بولسا كېرەك. قىسقىسى، توخرىلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆچۈشى مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيا تارىخىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ، غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرت ۋە ئېخىمۇ يىراق جايلارغا تارقىلىشىدا ۋە شۇنداقلا غەربىي يۇرتنىڭ بەزى مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرىشىدە زور رول ئوينىدى.

ئەمدى، ئەينى زاماندا جۇڭگو ۋە غەربىي يۇرت تارىخىدا زور رول ئوينىغان قوۋم — ئۇسۇنلار توغرۇلۇق توختىلىپ ئۆتەيلى. يىغىلىق دەۋرى ۋە چىن، خەن دەۋرلىرىدە خېشى كارىدورىدىن شىنجاڭغىچە بولغان بۇ كەڭ رايوننىڭ تارىخ سەھنىسىدە ئۇسۇنلارمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن قەدىمكى مىللەت ئىدى. ئۇلار شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخي تەرەققىياتىدا ھەمدە بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك مەملىكىتىمىزنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇسۇنلار ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار مەركەزلىك ھالدا «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە» قاتارلىق دەسلەپكى تارىخ كىتابلىرىدا كۆرۈلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەكمۇ قىسقا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرى، توخرىلار، ھۇنلار ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، غەربكە كۆچۈش ئەھۋالى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ئېنىق خاتىرىلەر بەك ئاز. شۇڭا مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇسۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى ياشىغان جايلىرى دېگەندە، ئاساسەن، ئۇسۇنلارنىڭ ناندۇبىي دەۋرىدە ياشىغان جايلىرى ۋە ناندۇبىينىڭ ئوغلى كۇنبىي غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى ياشىغان جايلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ناندۇبىي ۋاقتىدا ئۇسۇنلارنىڭ ياشىغان جايلىرى توغرىسىدا مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرىنىڭ پىكىرلىرى ھەر خىل بولغان، يېقىنقى زامان چەت ئەل ئالىملىرىمۇ ئورتاق بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن.

ناندۇبېي — تەخمىنەن يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا ئۆتكەن ئۇسۇن خانى بولۇپ، ئۇ چاغلاردا ئۇسۇنلار قۇدرەتلىك توخرىلار بىلەن قوشنا بىر كىچىك ئەل ئىدى. بۇ ھەقتە «خەننامە» دە ئېنىق خاتىرىلەر بار. ئۇنىڭدا: «ئۇسۇن ئەسلىدە توخرىلار بىلەن دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدا بىللە تۇراتتى»㉑، «كۇنبېينىڭ دادىسى ناندۇبېي ئەسلىدە توخرىلار بىلەن بىرلىكتە چىلىيەنشەن - دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا تۇراتتى»㉒ دېيىلگەن. ئۇلار يېقىن قوشنا بولغانلىقتىن، چىن، خەن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا توخرىلار ئۇسۇنلارنى مەغلۇپ قىلغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ پائالىيەت رايونلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن تومتاق خاتىرىلەردىن باشقا، «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» لەردە ھېچقانداق كونكرېت ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلغان ھازىرقى زامان جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى، ئادەتتە، «ئۇسۇن توخرىلارنىڭ غەربىدە ياشىغان»㉓ دەپ قارايدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرى بىردەك ئەمەس. ئومۇمەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى ۋە ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇسۇنلارنىڭ چىلىيەنشەن تېغى ۋە دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدا توخرىلارغا قوشنا، يەنى توخرىلارنىڭ غەربىدە ياشىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇسۇنلارنىڭ ئەتراپىدىكى قوشنا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، غەربكە كۆچۈشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى قاتارلىق مەسىلىلەرگە كەلسەك، بۇ مەسىلىلەر توغرۇلۇقمۇ قاراش بىردەك ئەمەس. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىدىن «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» لەرنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، ئۇسۇنلارنىڭ ھۇنلار ياكى توخرىلار تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىق مەسىلىسىدە ئىككى كىتابتىكى خاتىرىلەر ئوخشاش ئەمەس، يەنى «تارىخىي خاتىرىلەر» دە ھۇنلار، «خەننامە» دە توخرىلاردەپ قارايدۇ. كىمنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىق مەسىلىسىدە ئۇسۇنلار دائىم توخرىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغان بولسا كېرەك. چۈنكى ھۇنلار باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئاۋۋال توخرىلار خېشىدىكى كۈچلۈك قوۋملارنىڭ بىرى ئىدى. ھازىر بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توغرىدىكى ئومۇملاشقان قاراش مۇنداق: ئۇلۇغ توخرىلار ئۇسۇنلار خانى ناندۇبېيگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يەرلىرىنى تارتىۋالغان، خەلقى بولسا ھۇنلار زېمىنىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇلاردىن پاناھلىق تىلىگەن. بۇ ۋاقىتتا، ناندۇبېينىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى كۇنبېينى ھۇن تەڭرىقۇتى بېقىۋېلىپ چوڭ قىلغان بولۇپ، تەڭرىقۇت ئاتىسىنىڭ خەلقىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى ئۆز خەلقىگە سەردار قىلدى. بۇ ۋاقىتتا باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، توخرىلار ھۇنلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان مەغلۇپ قىلىنىپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتكەنىدى، كۇنبېي ئۆز خەلقىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ھۇن تەڭرىقۇتىدىن ئۇلۇغ توخرىلارغا ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. كۇنبېي تەڭرىقۇتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، غەربكە يۈرۈش قىلىپ توخرىلار زېمىنىغا (ئىلى دەرياسى بويلىرىغا) ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەردىن توخرىلارنى سىقىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. ھازىر كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا ئۇسۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئۆتمۈشى مۇشۇنداق بايان قىلىنىدۇ.

ئۇسۇنلارنىڭ غەربكە كۆچكەن يولى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق خاتىرە بولمىسىمۇ، مۇناسىۋەتلىك جۇغراپىيە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈپ قارىغىنىمىزدا، ئۇلار دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىن قۇمۇل بوستانلىقلىرىغا كىرىپ، ئۇ يەردىن تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىنى بويلاپ غەربكە كەتكەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا خېشى كارىدورىدىن چىقىپ غەربكە سەپەر قىلغاندا، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولىدىن ئىبارەت ئىككى يول بار ئىدى. «ئۇسۇنلار ئالدىنقى يولنى تاللىغان بولسا، كىرۇران بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش تەس بولاتتى. شۇڭا بۇ يول بىلەن مېڭىشنىڭ ئېھتىمالى ئاز. قۇمۇلدىن غەربكە مېڭىپ، تيانشاننى بويلاپ مېڭىش 17 تۈمەن چارۋىچى ئۈچۈن بىر قەدەر مۇۋاپىق بولۇپ، مەيلى تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكى ياكى تاغ ئارىسى بولسۇن، ھەممىسى ئوت-چۆپ، سۇلىرى مول ئوتلاقلار ئىدى». ㉔ ئۆتكەن بىرقانچە يىلدىن

بۇيان ئارخېئولوگلار ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە موڭغۇلكۈرە، گۈچۈڭلاردىن قەدىمكى مىس كان ئىزلىرى ۋە رەڭلىك ساپال قاچىلارنى تاپتى، بۇلار ئۇسۇنلارغا دائىر يادىكارلىقلار دەپ قارىلىۋاتىدۇ.㉕ يۇقىرىقى تەھلىل ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا قارىغاندا، ئۇسۇن خانى ئۈزىنىڭ قوشۇنلىرى ۋە خەلقىنى باشلاپ تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىنى بويلاپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ بارغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ئۇسۇنلار غەربكە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى كۈچلۈك ۋە چوڭ بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە «خەننامە» دە: «ئاھالىسى 120 مىڭ تۈتۈن، 630 مىڭ كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 188 مىڭ 800 نەپەر»㉖ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى زور سان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇسۇنلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىي ئاساسىنى قۇرۇپ چىقىشتا غايەت زور ۋە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇسۇنلارنىڭ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىشى شىنجاڭنىڭ ۋە ئۇسۇنلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى يېڭى نىشانغا باشلىدى. بەزىلەر ئۇسۇن بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇسۇنلار غەربكە يۆتكىلىپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كەلگەندىن كېيىن باشلانغان㉗ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدا «خەننامە. جاڭ چيەننىڭ تەرجىمىھالى» ئاساس قىلىنغان بولسا كېرەك. لېكىن ئۇسۇنلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن، يەنى خېشى رايونىدىكى چاغلاردىلا خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. يۇقىرىقى نەقىل بولسا غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇسۇنلارنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان. ئەينى چاغدا غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ھۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت ۋە توقۇنۇش بار ئىدى. بۇ ئاساسلىق زىددىيەت ئاساسىدا خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت ۋە ئۇسۇن بەگلىكى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتەك ئىستراتېگىيىلىك يول تۇتۇشى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاتار تەدبىر ۋە تاكتىكىلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ ئىشلار «خەننامە» دە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولۇپ، مەشھۇر سەييياھ جاڭ چيەن ئارقىلىق ئارتقۇرۇلغانىدى. جاڭ چيەن پادىشاھ خەن ۋۇدىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن توخرىلار بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلدى. بۇ شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتىن ھەم بۈگۈنكى دەۋر شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقانىدىمۇ زور ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. جاڭ چيەن گەرچە سەپەرنىڭ ئەسلى مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇسۇنلار ۋە غەربىي يۇرتنىڭ رايون ئەھۋالى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئېلىپ قايتتى. بۇ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنى مەملىكىتىمىز تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزۈشتە زور رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى ۋە بىر - بىرىنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە تەكلىپىگە بىنائەن ئۇسۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇسۇنلارمۇ جاڭئەنگە زىيارەتكە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇسۇنلار ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىلدى. بۇ مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە ئۇسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىشىشى ناھايىتى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ ئالدى بىلەن ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولىنى ئاچقان ھەم خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇسۇنلارنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈشىگە كۈچلۈك ئاساس سېلىپ بەرگەنىدى. «شۇنىدىن تارتىپ ئۇسۇنلار ھۇنلارنىڭ تەھدىتىدىن ئاساسەن قۇتۇلغان، ھۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭمۇ خەن سۇلالىسىگە قايتا زور ھەربىي تەھلىكە يۈرگۈزگۈدەك مادارى قالمىغان. بۇ، ئۇسۇن، دىڭلىڭ ۋە خەنزۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوخشاشلا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە» .[28]

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكى رايونلار بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈشى ياكى راۋانلىشىشى خەن سۇلالىسى

بىلەن ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى ياكى قۇدرەت تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولدى. شۇڭلاشقا ئۇسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقى ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرت، جۈملىدىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە ئۇنۇملۇك تەسىر كۆرسەتتى. خەن سۇلالىسى ھۇنلار بىلەن قوش (قاڭقىل) نى تالىشىش جەريانىدا ئۇسۇنلار بىلەن ھەمكارلاشقانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى بۇنداق ھەربىي ھەمكارلىققا دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ. خەن شۇەندى دەۋرىگە كەلگەندە، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 72 ـ 71 - يىللىرى ھۇنلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ھۇنلارنى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. خەن سۇلالىسى ئۇسۇنلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى كەڭ رايونلارنى ئەمەلىي كونترول قىلغاندىن كېيىن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرىدىغان ئەمەلدار — غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنى رەسمىي ئەۋەتتى. بۇ بىر نامايەندە بولۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ رەسمىي ھالدا خەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسىگە كىرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ مەيلى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا بولسۇن ياكى مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىدا بولسۇن، بىر قېتىملىق زور ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى.

ھۇنلار مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا ياشايدىغان ۋە بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش مىڭ يىل ئىلگىرى خۇاشيا قەبىلىسى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئېچىش، ئۇزاق تارىخنى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە ھۇن قەبىلىلىرى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى چوغاي تاغلىرى ئەتراپى ۋە ئوردۇس رايونى قاتارلىق جايلارنى ئاساس قىلىپ ھۇن قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنى تەشكىللىگەن، بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي مەركىزى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋۇيۈەن ناھىيىسى ئەتراپىدىكى تۇمەن شەھىرى ئىدى. ئەينى چاغدا يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يەتتە كۈچلۈك بەگلىك ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلىپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى تامامەن دېگۈدەك ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالدى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان ھۇن قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى پات - پات ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە باستۇرۇپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى يەنى خەن گاۋزۇ لىيۇباڭ خەن سۇلالىسىنى قۇرۇشتىن تۆت يىل بۇرۇن، ھۇن شاھزادىسى باتۇر ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ، ھۇن قۇلدارلىق دۆلىتىنى قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەينى چاغدا جۇڭگو زېمىنىدا غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىدىن ئىبارەت ئىككى زور سىياسىي كۈچ ئوخشاش دېگۈدەكلا مەيدانغا چىقتى. بۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالى ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ كۆچۈش - يۆتكىلىشلىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، غەربىي يۇرت تارىخىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ھۇنلار باتۇر تەڭرىقۇت (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 ـ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 174 ـ يىللار) دەۋرىدە تازا كۈچىيىپ، ئۆز ئەتراپىدىكى نۇرغۇن مىللەت، قەبىلىلەرنى ۋە رايونلارنى بويسۇندۇردى. باشتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، توخرىلار بىلەن ئۇسۇنلارمۇ ھۇنلار قۇدرەت تاپقان مۇشۇ دەۋردە كۆچۈپ كەتتى. خەن سۇلالىسى بولسا خەن گاۋزۇ لىيۇباڭ دەۋرىدە مۇرەسسەلىشىش، يارىشىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى، شۇنداقتىمۇ پات - پات چېگرا توقۇنۇشىمۇ بولۇپ تۇردى. لېكىن ھۇنلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە قۇدرەت تېپىپ موڭغۇل دالاسى ۋە غەربىي يۇرتقا ئوخشاش كەڭ رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى مەملىكىتىمىز تارىخىدا ناھايىتى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ئۆز ئالدىغا يەككە - يېگانە ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر ياكى رايونلار بىر - بىرى بىلەن يېقىنلاشتى، ئۇلارنىڭ ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلاشتى. بۇ ھال ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا شەكسىز پايدىلىق ئىدى. «بۇ

دەۋردە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى بەزى خەنزۇ مەدەنىيەتلىرى ھۇنلار ئارقىلىق شىمالدىكى ۋە غەربتىكى ناھايىتى يىراق جايلارغا تارقالدى. شۇنىڭدەك چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ۋە غەربىي رايوننىڭ بەزى مەدەنىيەتلىرىمۇ ھۇنلار ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىردى.»㉙

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 - يىلى باتۇر تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىدا تۇرغاندىن كېيىن، ھۇنلار غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆچىيىش ۋە ئاجىزلىشىشتەك ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى (مىلادىيە 48 - يىلى) گە كەلگەندە، جەنۇب ۋە شىمال ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى، جەنۇبىي ھۇنلار خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ياشىدى. شىمالىي ھۇنلار بولسا خەن سۇلالىسى بىلەن داۋاملىق دۈشمەنلىشىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە دائىم بېسىپ كىرىپ تۇردى. شىمالىي ھۇن قۇلدارلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك سالغۇچى كۈچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشى خەن سۇلالىسىگە، شۇنداقلا كەڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا باشتىن - ئاخىر تەھدىت ۋە توسالغۇ بولۇپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، خەن سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ دۆلەتنىڭ كۈچىيىشىھەمدە جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ ياردىمى بىلەن، شىمالىي ھۇنلارغا قارشى پائال تۈردە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ھۇنلارغا كەڭ كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى مىلادىيە 89 - يىلى باشلانغان. نەتىجىدە خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبىي ھۇنلار قوشۇنىنىڭ ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشى شىمالىي ھۇنلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، شىمالىي ھۇنلار تەڭرىقۇتىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبىي ھۇنلار قوشۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە مىلادىيە 91 - يىلى شىمالىي ھۇنلار تەڭرىقۇتى قىسمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئادەملىرىنى باشلاپ غەربكە قاچتى، شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈش جەريانى باشلاندى. ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈش يۆنىلىشى ھەققىدە لىن گەن ئەپەندى: «بىرىنچى مەنزىلى ئۇسۇنلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونى، ئىككىنچى مەنزىلى كانگىيە، ئۈچىنچى مەنزىلى ئالان (ئائورسى) بولغان، ئاندىن ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن»㉚ دەپ قارايدۇ. ياڭ جيەنشىن ئەپەندىنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى» ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قارىشىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ھۇنلار مۇشۇ كۆچكەنچە ياۋروپاغا باستۇرۇپ كىرىپ، ياۋروپادا مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈش دولقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۇنيا تارىخىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى كېيىن ھازىرقى ۋېنگرىيە زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ھازىرقى ۋېنگر مىللىتىنى شەكىللەندۈردى. جەنۇبىي ھۇنلار بولسا ئۇزاق مەزگىل شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىدە ياشاپ، كېيىنچە ئالدىنقى جاۋ، شىمالىي لياڭ، شيا قاتارلىق خانلىقلارنى تىكلىدى. بۇ جەرياندا جەنۇبىي ھۇنلار ئاساسەن تۈرك، سيانپى، جۇرجان ۋە خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى.

ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ مەملىكىتىمىز تارىخىغىلا ئەمەس، دۇنيا تارىخىغىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. بولۇپمۇ مەملىكىتىمىز بىلەن چەت ئەللەرنىڭ، ھەم مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاقىسىنى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشى، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىشىگە، ئۆز ئارا قوشۇلۇشىغا تۈرتكە بولغانىدى.

خۇلاسىلىگەندە، ئەمىنىيە، يىغىلىق دەۋرلىرىدىن بۇيان ئىككى خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، خىشى كارىدورى ۋە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەر بىر نەچچە قېتىم زور

كۆلەمدە كۆچكەن. بۇ مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرى غەربتىن شەرققە، بەزىلىرى شەرقتىن غەربكە قاراپ كۆچكەن. شەرق تەرەپتىن ئالغاندا، بۇ كۆچۈشكە چىن سۇلالىسى، ھۇنلار ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ غەربكە كېڭىيىشى سەۋەب بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىدىكى مىللەتلەرنىڭ شەرققە قاراپ كۆچۈشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. غەرب تەرەپتىن ئالغاندا، رىم (يۇنان) ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربكە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىرىشى سەۋەب بولغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەتلەرنىڭ غەربتىن شەرققە، شەرقتىن غەربكە كۆچۈشى خېشى كارىدورى ۋە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. شەرق، غەرب مىللەتلىرىنىڭ بۇنداق زور كۆلەمدىكى كۆچۈشى، شۈبھىسىزكى، بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدىكى، بولۇپمۇ قاتناش لىنىيىسى بويلىرىغا جايلاشقان مىللەتلەرگە زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىمۇ زور رول ئوينىغان.

ئىزاھلار:

① ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، خەنزۇچە نەشرى، 24 — 25 - بەتلەر.

② مىككوئېن: «ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 37- بەت.

③ ۋاڭ زۇڭۋېي: «دۇنخۇاڭ دېگەن ئىسىمنىڭ يېشىمىسى — قوشۇمچە جۇڭگو توخارلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1987 - يىل 4- سان.

④⑬ ۋاڭ شياۋپۇ: «ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا ياشىغان ساكلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987- يىل 3- سان.

⑤ «شۈنزى. ئومۇمىي بايان»، ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئېلىنغان نەقىل، 62 - بەت.

⑥ «جى قەبرىستانلىقىدىكى جۇ يازما يادىكارلىقلىرى. خانلار تەزكىرىسى»، ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئېلىنغان نەقىل، 64-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەت.

⑦ «مۇتىيەنزى تەزكىرىسى»، ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئېلىنغان نەقىل، 64 ـ بەت.

⑧ جيەن بوزەن: «تارىختىن ئىلگىرىكى چاغلار بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى قوۋملارنىڭ مۇناسىۋىتى»، «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار» (شىنجاڭ قىسمى) غا كىرگۈزۈلگەن ماقالە، 2 ـ قىسىم، 621 ـ بەت.

⑨ ياڭ جيەنشىن: «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 192 ـ بەت.

⑩⑰㉑㉖ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑪⑫ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 23 ـ بەت.

⑭⑮ «تارىخىي خاتىرىلەر. فەرغانە تەزكىرىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑯㉒ «خەننامە. جاڭ چيەن، لى گۇاڭلىنىڭ تەرجىمىھالى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑱⑲ ياڭ جيەنشىن: «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر تارىخى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1988-يىل، خەنزۇچە نەشرى، 75-بەت.

⑳㉓㉗ ليۇگۇاڭخۇانىڭ «يەنە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇسۇن ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 ـ يىل، 4 ـ سان.

㉔ ۋاڭ بىڭخۇا، ۋاڭ مىڭجې: «ئۇسۇنلارنىڭ تارىخىدىكى بىرقانچە زور مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىل 3 ـ سان.

㉕ چېن گې: «شىنجاڭنىڭ رەڭلىك ساپاللىرى توغرىسىداقىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىل 3 ـ سان.

㉘ لىن گەن: «ئۇسۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىل 1 ـ سان.

㉙ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 46 ـ بەت.

㉚ لىن گەن: «شىمالىي ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىل 1 ـ سان.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز يۈسۈپ

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپى مەسىلىسى *

## ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپى مەسىلىسى پۈتكۈل ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى مۇرەككەپ ۋە قىزىقارلىق چوڭ بىر تېما. ئۇنى پەقەت بىر - ئىككى پەنگىلا، بىر - ئىككى ئالىمغىلا تايىنىپ ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ پەن - تېخنىكا كۈنسايىن تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى ئېلېكترون، ئۇچۇر، يادرو كاربون ئانالىزى ... دەۋرىدە تېخىمۇ شۇنداق. بۇ مەسىلىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسى تارىخ، ئارخېئولوگىيە ئىلمىدىن باشقا، پالېئانتروپولوگىيە، جۇغراپىيە، كاربون 14 ئانالىزى، مېدىتسىنا، خىمىيە، ئالىي ماتېماتىكا، كۆپ ئىقتىدارلىق كومپيۇتېر قاتارلىقلار ماسلاشتۇرۇلغان ئۇنىۋېرسال تەتقىقاتتىكى ئەڭ تۆۋەن كۆرسەتكۈچ - ئالامەتلەر ئارقىلىق يورۇتۇلىدۇ، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، مۇشۇ ساھەگە قىزغىن ۋە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان، مۇئەييەن كەسپىي بىلىم ئىگىلىگەن زور بىر تۈركۈم تەتقىقاتچىلار قوشۇنىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ خىزمەت مۇشۇ ساھەدىكى باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ئىنكار قىلىش مەيدانىدا تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۈرنەك قىلغان ھالدا، ئۆزىمىزگە خاس تەتقىقات ئۇسۇلىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ قول سېلىپ ئىشلىشىمىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەت، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتى

---

* ئانتروپولوگىيە — ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي قۇرۇلۇشىنىڭ ھەمدە ئۇ مەنسۇپ بولغان ئىرقنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى بىئولوگىيىلىك پەن.

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى قاتارلىقلارنى بىلىشكە قىزىققىنىغا ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي تۈزۈلۈشى جەھەتتە، يەنى ئانتروپولوگىيىلىك تىپى جەھەتتە قايسى ئىرقىي تىپقا مەنسۇپلۇقىنى بىلىشكىمۇ قىزىقىدۇ. ۋەھالەنكى، ئانتروپولوگىيىلىك تىپ دېگەن نېمە، دۇنيادىكى مىللەتلەر قانچە ۋە قايسى ئىرقىي تىپلارغا بۆلۈنىدۇ، جۇڭگودىكى خەلقلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپلىرى قانداق، ئۇيغۇرلارنىڭچۇ، مىللەتلەرنى ئىرقىي تىپلارغا ئايرىشنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم - بەلگىلىمىلىرى بارمۇ، يوق، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتىدا ئۇيغۇرلارغا ئائىت قانداق مەلۇماتلار بار، دېگەندەك مەسىلىلەرگە زامانىمىز تەلىپى بويىچە جاۋاب بېرىدىغان ماتېرىياللار ئاز. بىز بۇ يەردە ماقالىنىڭ ھەجىمىنىڭ ئېشىپ كېتمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاساسلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى بەزى مۇھىم باسقۇچلارنى مەركىزىي تېمىغا يانداشتۇرۇپ شەرتلىك ھالدابايان قىلىمىز. بۇ بەلكىم، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي تىپىغا نېمە ئۈچۈن باشقا ئالىملار قوشۇلۇپ قالغاندۇ دەيدىغان، ئاڭلىماققا ئاددىي، لېكىن بىر ئېغىز سۆز بىلەن دەل جايىدا جاۋاب بېرىش تەس بولغان مۇرەككەپ سوئالغا جاۋاب بولۇپمۇ قالار، دېگەن ئۈمىدىمىز.

(1)

ماركسىزملىق تارىخ ئىلمى: مىللەت مۇئەييەن بىر تارىخىي كاتېگورىيە، مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە تەدرىجىي ھالدا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ، ئاخىرى بۇرۇنقى مىللەت سۈپىتىنىڭ يوقىلىشى نەتىجىسىدە يېڭى بىر ئېتنىك ئومۇملۇق پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى قەدىمدە ئۆتكەن بارلىق ئۇرۇق، قەبىلە ۋە

قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىسى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرگەن. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىسپاتلىنىدۇ. چۈنكى بۇ، جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى. لېكىن شۇنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، مىللەتنىڭ بۇ خىل تەرەققىياتى ناھايىتى ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ بىر تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتىدۇ. بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغىنىغا ئوخشاش، شۇ مىللەتنىڭ تەركىبىگە كىرگەن ئۇرۇق، قەبىلە ۋە قەبىلىلەر بىرلەشمىسى (كونفېدېراتسىيىسى) نىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش ۋە باشقا ئېتنىك ئومۇملۇقى تەركىبىگە قوشۇلۇپ كېتىش ياكى باشقا ئېتنىك ئومۇملۇقنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ قوشۇۋېلىش جەريانىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان جەريان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۇزاققا سوزۇلغان ۋە مۇرەككەپ جەرياننى ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ «خەلق» ( 部族 ) بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋاقتىنى «ئۇيغۇر» دېگەن نام تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن ئاندىن باشلانغان دەپ ھېسابلاش، روشەنكى، خاتا. بۇنداق ھېسابلاشنىڭ خاتا يېرى شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ «خەلق» بولۇپ شەكىللىنىش تارىخى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە قەدەر يېتىپ بارىدۇ. بۇ نۇقتىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاتۇش ۋە كۆنچى دەرياسى بويىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ ماتېرىياللار ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدە پالېئولىت (قەدىمكى تاش قورال) دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ۋە نېئولىت (يېڭى تاش قورال) دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ ياشاپ تىرىكچىلىك قىلغانلىقىنى سۆزسىز ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. لېكىن نېئولىت دەۋرى ئادەملىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ياراتقان ماددىي مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان كونكرېت ۋە بىر قەدەر مۇقىملاشقان تەتقىقات ماتېرىياللىرى يەنىلا ناھايىتى ئاز.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 2000 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىللارنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە يەرلىك قەبىلىلەر بىلەن بىر قاتاردا ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەر ياشىغان. مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى بىرىنچى مىڭ يىللىقتىن باشلاپ بۇ رايوندا تىل جەھەتتىن ھىندى - ئىران تىلى (ھىندى - ئىران تىللىرىنى بۇرۇن ئارىئانلار تىلى دەپ كەلگەنمىز) غا مەنسۇپ بولغان قەبىلىلەرنىڭ پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا يازما مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى I ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ رايوننىڭ ئەسلى تۇپ خەلقى ئاشۇ كۆچۈپ كەلگۈچى ھىندى - ياۋروپا ۋە ھىندى - ئىران تىللىق قەبىلىلەر تەرىپىدىن تولۇق سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ تىللار بۇ رايوندا مەلۇم مەزگىل ئۈستۈنلۈكتىمۇ تۇرغان①.

ئالىملار مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 2000 - يىللاردا شىنجاڭ تېررىتورىيىسىگە كۆچۈپ كەلگۈچىلەرنىڭ تىللىرىغا «تۇخار تىلى» دەپ نام بەرگەن. تىلشۇناسلار بۇ تىلنى ھىندى- ياۋروپا تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. تىلشۇناس ئە. بېنۋېنىست «تۇخار تىلى» نى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ، بۇ تىلنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىل ئائىلىسىنىڭ كېلت تىل گۇرۇپپىسىغا ياتىدىغانلىقىنى، يەنى بۇ تىل بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان ②.تىلشۇناسلار تۇخار تىلىنىڭ فونېتىكىسى، گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لېكسىكىسىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، بۇ تىلغا ھىندى ۋە ئىران تىللىرىنىڭمۇ ئارىلاشقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئالىملار بۇ ئارىلاشقان ھىندى ۋە ئىران تىللىرىنى تۇخار تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر غەربىي يۇرت تېررىتورىيىسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھېسابلىماقتا. تىلشۇناسلار يەنە تۇخار تىلىغا يۇقىرىدا ئېيتىلغان تىللاردىن باشقا، ھىندى - ئىران تىل گۇرۇپپىسىغا ياتمايدىغان باشقا بىرخىل يەرلىك تىلنىڭمۇ ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئەمما شۇنىسى بەك ئەپسۇسكى، ئاشۇ يەرلىك تىلدا كىملەر سۆزلەشكەندۇ؟ دېگەن مەسىلە تا بۈگۈنكى كۈنگىچە «يېشىلمىگەن سىر» بولۇپ كەلدى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، مۇشۇ ساھەدىكى

تەتقىقاتنىڭ دېگەندەك چوڭقۇرلىشىپ كېتەلمىگەنلىكى ۋە شۇنىڭدەك مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرىنىڭ كەملىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك.

قەدىمكى شىنجاڭ تارىخىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدا تۈركلىشىش زور ۋە مۇھىم بىر ۋەقە. ئالىملار مىلادىيە I ئەسىرلەردىن باشلاپ قەدىمكى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە ئومۇميۈزلۈك تۈركلىشىش باشلاندى، بۇ زور تارىخىي ۋەقە ھۇنلارنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كېلىپ ئورۇنلىشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىماقتا. بۇ تۈركلىشىش جەريانىدا، مىلادىيە IV ئەسىرلەرگە كەلگەندە كۆچمەن ئاھالە ئىچىدە تۈركىي تىل — ئۇيغۇر تىلى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا بولسا تۈركىي تىل VIII ئەسىرلەردىن باشلاپ ئاساسەن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتكەن ۋە ئۇيغۇرلىشىش جەريانى مەركىزىي ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا قارىغاندا قەدىمكى شىنجاڭنىڭ تېررىتورىيىسىدە ھەم تېز، ھەم ئومۇميۈزلۈك بولغان. قىسقىسى، IV ئەسىردىن VIII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئېتنىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئومۇمىي يېغىندىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مۇشۇ بەش - ئالتە ئەسىرچە ۋاقىت غەربىي يۇرت تېررىتورىيىسىدىكى ھىندى - ئىران تىللىق ۋە ھىندى- ياۋروپا تىللىق خەلقلەرنىڭ تىل جەھەتتە تۈركلىشىش جەريانى بولدى.

مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئومۇمىي تارىخىدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى دەۋرى مەيلى قەدىمكى شىنجاڭ تارىخى ياكى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە ياشىغان ساك، ئۇسۇن، ياۋچى، ھۇن، سوغدى، تۈرك - ئۇيغۇر، موڭغۇل، تۇبۇت ۋە باشقا قەبىلە - خەلقلەر تارىخى ئۈچۈن بولسۇن، ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇھىم، شۇنداقلا ناھايىتى جەلپ قىلارلىق بىر مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. ئېتنىك ئومۇملۇقلار كېيىنكى مەزگىللەرگىچە داۋاملىق بىر خىل تۇرىۋەرمىدى، بەلكى VIII ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدىن باشلاپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. بۇ ئۆزگىرىش، ئاساسەن، موڭغۇلوئىدلىق تىپنىڭ ياۋروپېئىدلىق تىپقا تەسىر كۆرسىتىشى بولدى. نەتىجىدە ياۋروپېئىدلىق تىپتا «يېڭى ئالامەت» پەيدا قىلدى. ۋەھالەنكى، بۇنداق ئۆزگىرىش

ياۋروپپىئىدلىق تىپنى ياكى مۇشۇ تىپنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىللارنى تامام ئۆزگەرتىۋېتەلمىدى. بۇنىڭدىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مۇھىم مەسىلە ئايان بولدى: بىرى، مىلادىيىدىن ئاۋۋال ۋە مىلادىيە 1 ـ مىڭ يىللىقنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، قەدىمكى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە ھىندى ـ ياۋروپا تىللىق ۋە ھىندى ـ ئىران تىللىق خەلقلەر ۋە شۇنىڭدەك بۇ خەلقلەر تىللىرىغا تالىق بولمىغان باشقا بىر خىل يەرلىك تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشىغان. لېكىن تارىخىي، ئېتنىكىلىق ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مىلادىيە IV ئەسىردىن مىلادىيە VIII ئەسىرگىچە كۆچمەن ئاھالە ۋە ئولتۇراقلاشقان ئاھالە ئىچىدە تۈركىي تىل — ئۇيغۇر تىلى ئاساسەن ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن؛ يەنە بىرى، قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا غەربىي يۇرت تېررىتورىيىسىدە ئانتروپولوگىيىلىك تىپ جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان بىرنەچچە خىل تىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ئەمما ئۇزاققا سوزۇلغان تارىخىي تەرەققىيات ۋە مۇرەككەپ ئۆزگىرىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ياۋروپپىئىدلار بىلەن موڭغۇلوئىدلار ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كەتكەن. ئالىملار بۇ قەدىمكى شىنجاڭ تارىخىدىكى غايەت زور ۋەقەنى پەقەت مۇشۇنداق قويۇش ۋە مۇشۇنداق تونۇشلا بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق قاراش، ئەينى ۋاقىتتا يەنە غەربىي يۇرت تېررىتورىيىسىدە مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 2000 ـ 1000 ـ يىللار ئارىلىقىدا ياشىغان، تىل جەھەتتە ھىندى ـ ئىران ۋە ھىندى ـ ياۋروپا تىللىق قەبىلە ـ خەلقلەر، ئانتروپولوگىيە جەھەتتە ياۋروپپىئىدلىق خەلقلەر نەگە كەتكەن بولغىيدى، دېگەن چوڭ ۋە مۇرەككەپ سوئالغا بېرىلگەن بىر قەدەر توغرا ۋە ئىلمىيرەك جاۋاب بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

(2)

ئۇرۇق، مىللەت، ئىرقلارنىڭ ھەر بىرى خاس ئۇقۇم ۋە ئالاھىدە مەزمۇنغا ئىگە ئايرىم ـ ئايرىم بىرلىك ۋە گەۋدە، بولۇپمۇ ئۇرۇق بىلەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىللەت بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم. ئىنسانلار ئۇرۇقتىن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنگە قەدەر ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريان ۋە مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

ئۇرۇق — ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكى، بۇ بىرلىك كىشىلەرنىڭ قانداشلىق رىشتىسىنى ۋاستە قىلىدىغان بىرلىكتۇر. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ماترىئارخاللىق ۋە پاترىئارخاللىق تۈزۈمدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن. ماترىئارخاللىق تۈزۈم دەۋرىدە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى ھەممىدىن يۇقىرى ئىدى، ئۇرۇق ئىچىدىمۇ زور ھۆرمەت ۋە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە ئىدى. . . ئومۇمەن، ئاياللار شۇ مەزگىلدىكى ئىرىكچىلىك مەئىشەتنىڭ مۇھىم ئىشتىراكچىسى ئىدى. نېئولىت دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ماترىئارخاللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىنىپاترىئارخاللىق تۈزۈم ئىگىلىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇرۇق ئىچىدە ئەرلەر جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىپ، ئەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ھۆرمىتى يۇقىرى ئورۇنغا چىقتى، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە ئۇرۇق ئىچىدىكى ئورنى، ھۆرمىتى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى بۇ مەزگىلدىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرى، ئېغىر ئەمگەكلەر، ئۇرۇق ئەزالىرىنى يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن، تاشقى دۈشمەن كۈچلەردىن ساقلاش ۋە باشقا ئىشلار ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئۇرۇق ئىچىدىكى قانداشلىق رىشتە ماترىئارخاللىق تۈزۈم دەۋرىدىكى ئانا جەمەتنى، يەنى ئاياللارنى ئاساس قىلىشتىن ئەمدىلىكتە پاترىئارخاللىق تۈزۈم دەۋرىدىكى ئاتا جەمەتنى، يەنى ئەرلەرنى ئاساس قىلىشقا ئۆتتى. . . كېيىنچە، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمنىڭ ئورنىنى يېزا جامائەسى ئىگىلىدى. يېزا جامائەسى بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم ئاساسىدىكى ئائىلىنى بىرلىك قىلغان، شۇنداقلا تېررىتورىيىنى بىرلىك قىلغان، يېگى بىر بىرلىك — ئومۇملۇق بولۇپ، قانداشلىق ئاساسىي ئورۇندا ئەمەس ئىدى.

قەبىلە قانداشلىقنى ئاساس قىلغان بولۇپ، قانداشلىق رىشتىسى چىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولغان ئىككى ـ ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ جىقراق ئۇرۇق بىرلىشىپ بىر قەبىلىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇنداق قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى، بەلگە-نىشانىسى، ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلىك زېمىن دائىرىسى، قەبىلىنىڭ ئىچكى-تاشقى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان قەبىلە يول باشچىسى — ئاقساقىلى، ئاقساقاللار كېڭىشى . . . قاتارلىقلار بولاتتى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، سىنىپ، سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق شەكىللىنىپ، ئۇرۇق ئەزالىرىدا ئورتاق ئەمگەك قىلىپ تەڭ بۆلۈشىدىغان ئىپتىدائىي كوممۇنىزم تۇرمۇشى يىمىرىلدى. چوڭ ئىككى قېتىملىق ئىش تەقسىماتى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش، ئاھالىلەر سانىنىڭ كۆپىيىشى، مال - مۈلۈك، بايلىققا بولغان ئىنتىلىش، بولۇپمۇ قەبىلىلەر ئارا مال - مۈلۈك، بايلىق، ئادەم ۋە باشقىلارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن بولۇنغان ئۇرۇش ۋە ھەربىي ھەرىكەتلەر قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىگە ئېلىپ كەلدى. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر ئارقىسىدا، قەبىلىلەر كونفېدېراتسىيىسى - قەبىلىلەر ئىتتىپاقى (ياكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسى) مەيدانغا كەلدى. بۇنداق شەكىللەنگەن بىرلەشمە-ئىتتىپاقنىڭ ئورتاق ئېتىقاد نىشانىسى، خېلىلا چوڭ تېررىتورىيىسى، ئۆزلىرىنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادىتى، بەلگىلىك يوسۇنى. . . بولاتتى. ئىچكى جېدەل - غەۋغالارنى ئۆز ئىچىدە بىر تەرەپ قىلاتتى. سىرتتىن كېلىدىغان ھەر قانداق خىرىسقا پۈتكۈل ئىتتىپاق جېنىنى تىكىپ قوياتتى. . .

قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تۇغقان قەبىلىلەر ۋە قوشنا قەبىلىلەر بىلەن ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۆز ئارا قويۇق ئالاقە ئورنىتىپ ۋە بۇنداق ئالاقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ بېرىپ، ئاخىرى تائىپە-نارودنوستتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي تەشكىل (ئومۇملۇق) ۋۇجۇدقا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كېيىن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشكە شەرت ھازىرلىغان بولدى، لېكىن ئۇ تېخى «مىللەت» دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەنىدى.

شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخى

جەرياندا قانداشلىق رىشتىسىنى مەركىزىي لىنىيە قىلىپ تۇرۇپ ئۇرۇق بولۇپ ئۇيۇشقان. بىرقانچە يېقىن ئۇرۇق بىرلىشىپ، يوغۇرۇلۇپ قەبىلىنى تەشكىل قىلغان. تۇغقان قەبىلىلەر، قوشنا قەبىلىلەر ۋە ئالاقىلىرى يېقىن قەبىلىلەردىن بىرقانچە قەبىلە (ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئادەم سانى ۋە تېررىتورىيە دائىرىسى قاتارلىقلار بىر - بىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئەمەس) ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشى، تىرىكچىلىك ئوقىتى، مال - مۈلكى، تېررىتورىيىسى ۋە باشقىلارنى قوغداش، سىرتتىن كېلىدىغان دۈشمەنلىككە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئېھتىياجىدىن، ئىجتىمائىي تەشكىل — قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشقان. بۇ تەشكىلىي شەكىلنىڭ ياكى ۋاقىتلىق، ياكى مەڭگۈلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ مۇھىمى، بۇ تەشكىلىي شەكىل «مىللەت» كاتېگورىيىسىگە ئەڭ يېقىن كېلەتتى.

مىللەت دېگىنىمىز، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ بىر ئورتاق گەۋدە بولۇپ، يەر شارىدا ئىنسانلار پەيدا بولۇش بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن بىر باسقۇچقا يەتكەندە (كاپىتالىزم باسقۇچىغا كىرگەندە) پەيدا بولغان، مىللەت قانداشلىق ئاساسىدىكى ئومۇمىي بىرلىك ئەمەس، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، تېررىتورىيىنى ئاساس قىلغان كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي بىرلىكىدىن ئىبارەت. كىلاسسىكلىرىمىزمۇ ئۇرۇقنىڭ، قەبىلىلەر بىرلىكىنىڭ مىللەت ئۇقۇمى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ناھايىتى بۇرۇنلا ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن. مەسىلەن، ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «ئۇرۇقداشلىقتىكى قانداشلىق مۇناسىۋەت تېزدىن ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ دېيىلسە، مادامىكى، ئۇ، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئاپپاراتى قەبىلە ۋە پۈتۈن مىللەت (KLOV) نىڭ ئىچكى قىسمىدا بويسۇندۇرۇلۇشتىن ھاسىل بولغان ئۆزگىرىش نەتىجىسىدۇر. مەلۇمكى، بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى بىلەن چىقىشالمايدۇ.» يەنە «كۈنسايىن زىچلىشىۋاتقان ئاھالە ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن تېخىمۇ زىچ

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ؛ ئۇزۇن ئۆتمەي ھەر قانداق قېرىنداش قەبىلىلەرنىڭ زېمىنلىرىنىڭ تۇتىشىپ بىر مىللەت (KLOV) نىڭ ئورتاق زېمىنىغا ئايلىنىش زۆرۈرىيىتىمۇ تۇغۇلىدۇ.»③ ستالىنمۇ قەبىلىۋى بىرلىك ۋە ئىرقنىڭ مىللەت ئەمەسلىكىنى قەيت قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «مىللەتمۇ ھەر بىر تارىخىي ھادىسىلەرگە ئوخشاش، ئۆزگىرىش قانۇنىغا ئىتائەت قىلىدۇ. بۇنىڭ تارىخىي باشلىنىشى، ئاخىرلىشىشى بولىدۇ»، «مىللەت دېگەن ھەممىدىن بۇرۇن ئومۇملۇق، ئادەملەرنىڭ مەلۇم ئومۇملۇقىدۇر»، «بۇ ئومۇملۇق ئىرقىي ۋە قەبىلىۋى ئومۇملۇق ئەمەس. ھازىرقى ئىتالىيان مىللىتى رومالىقلار، ئىترۇسلار، يۇنانلار، ئەرەبلەر ۋە باشقىلاردىن تەشكىل بولغان. فرانسۇز مىللىتى گاللار، رومالىقلار، بىرىتلار، گېرمانلار ۋە باشقىلاردىن تەركىب تاپقان. ھەر خىل ئىرق، قەبىلە ئادەملىرىدىن ئىبارەت مىللەت بولۇپ تەشكىل قىلىنغان، ئىنگلىزلار، نېمىسلار ۋە باشقىلار توغرىسىدىمۇ شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇ»، «دېمەك مىللەت دېگەن ئادەملەرنىڭ ئىرق ۋە قەبىلىۋى بىرلىكى ئەمەس، بەلكى تارىخىي يوسۇندا قۇرۇلغان ئومۇملۇقتۇر.»④ ستالىن يەنە: «مىللەت — ئادەملەرنىڭ تىل، تېررىتورىيە، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئومۇملۇقى ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان روھىي ھالەت تۈزۈلۈشى ۋە ئومۇملۇقى ئاساسىدا تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن مۇستەھكەم بىرلىكىدۇر»⑤ دېگەن. دېمەك، ستالىننىڭ مىللەت توغرىسىدىكى تەبىرىنىڭ يادروسى «مىللەت» نىڭ «تۆت خۇسۇسىيەتكە» ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. ستالىننىڭ مىللەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئېلېمېنت مەنبە توغرىسىدىكى قارىشىنىڭ يادروسى — بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىرلا ئېتنىك تەركىبنى ئەمەس، بىرنەچچە ئېتنىك تەركىبنى مەنبە قىلىدۇ، بىر مىللەتكە ئېتنىك مەنبە بولغان مەلۇم بىر ئېتنىك تەركىب يەنە بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك تەركىبىمۇ بولالايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئىرقنىڭ «مىللەت» كە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، مىللەت ئەسلىدىكى ئۇرۇق، قەبىلە ۋە قەبىلىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتىنىڭ رامكىلىرىنى بۇزۇپ كىرىپ قەبىلە،

قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ھەتتا ھەر خىل ئىرقلاردىكى ئادەملەرنى ئۆزىگە قوشۇپ، سىڭدۈرۈپ، يۇغۇرۇپ، جىپسىلاشتۇرۇپ كەتكەن، ئۇزاق تارىختا شەكىللەنگەن ۋە يۇقىرىدا ستالىن كۆرسەتكەن «تۆت خۇسۇسىيەت» كە ئىگە بولغان ئادەملەرنىڭ ئومۇملۇقىدىن ئىبارەت. بىر مىللەتنىڭ نوپۇسى قانچە كۆپ بولسا، شۇ مىللەتكە قوشۇلغان ئېتنىك تەركىبمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەت پەقەت بىر ياكى ئىككىلا ئۇرۇق-قەبىلىدىن، ياكى بىرلا ئەجدادتىن شەكىللەنگەن ئەمەس. يولداش ماۋ زېدۇڭمۇ: «خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ ئۇزاق ۋاقىتلار داۋامىدا بىرمۇنچە مىللەتلەرنىڭ قان قوشۇلۇشىدىن بولغان»⑥ دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى، تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىدا قەدىمدە ئاتالمىش «تۇخار تىلى» دا سۆزلەشكۈچى ئاھالىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات مەسىلىرى دەل شۇنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ مەسىلىدە گۇ باۋ ئەپەندىمۇ مۇشۇنداق قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدە مەخسۇس مۇشۇ توغرۇ لۇق توختىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «مىللەت قانچىكى چوڭ بولسا، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئارىلاش ئامىللارمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ھەرقانداق مىللەت يەككە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە تەرەققىي قىلغان ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەتراپىدىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار نوپۇسى كۆپ، يۇكسەك ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا، ئۇنىڭغا دەسلەپ شىمالىي چۆللۈكتىكى باشقا تۈركىي تىللىق كۆچمەن مىللەتلەر قوشۇلغان. كېيىنچە تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تۇخار تىلى (ياكى قاراشەھەر تىلى، كۇسەن - كۇچا تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دا سۆزلىشىدىغان ۋە كۇئېنلۇننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قارۇشتى تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئىككىنچى مىللەتلەر قوشۇلغان. VIII ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن بۇرۇن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى كىيۇ جەمەتى قۇجۇ خانلىقىدىكى تۈركلەر — تېلېلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. ئەھۋال

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇنداق ئىكەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا ئىككىنچى مىللەتلەرنىڭمۇ قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش تەس بولمىسا كېرەك. . .»⑦ گۇ باۋ ئەپەندى قەدىمكى شىنجاڭدىكى غەيرىي تۈركىي ئاھالىلەرنىڭ تۈركلىشىش— ئۇيغۇرلىشىش ئەھۋالى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى توغرىسىدا توختالغاندا، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئېنىق قىلىپ: 840 - يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ تۇرپان، جىمسار، قاراشەھەر، كۇچا رايونلىرىغا، قىسقىسى، «تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا» كۆچۈپ كېلىشى «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئىككىنچى ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇرلىشىپ كېتىشىدىكى مۇھىم ئامىل ئەمەس، بەلكى يەرلىك ئاھالىنىڭ تۈركلىشىشى - تېلېلىشىشىنى، يەنى ئۇيغۇرلىشىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن ئىككىنچى ئورۇندىكى، ئادەتتىكى ئامىل دەپ قارايمىز، چۈنكى ئۇنىڭدىن ناھايىتى بۇرۇن يەرلىك ئاھالىدە تۈركلىشىش - ئۇيغۇرلىشىش باشلىنىپ كەتكەن. . . شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئېتنىك مەنبەسى دىڭلىڭ، تېلې ۋە خۇيخېلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان؛ ئەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئولتۇرۇشلۇق ھەرقايسى ئىككىنچى قەبىلىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى» ⑧ دەپ كۆرسىتىدۇ.

مىللەت، سىنىپ، دۆلەت ئۈچىلىسىلا تارىخ تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، يەنى ئىپتىدائىي جەمئىيەت يىمىرىلىپ، سىنىپىي جەمئىيەت بارلىققا كەلگەن چاغدا پەيدا بولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ، لېكىن بۇلارنىڭ پەرقى بار. مىللەت ئۇزاق تارىختا شەكىللەنگەن ۋە تۆت خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان كىشىلەر ئومۇملۇقىدىن ئىبارەت. ئۇ سىياسىي ماللىمانچىلىقنىڭ يۈز بېرىشى ياكى دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن دەرھال ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. دۆلەت بولسا سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇرەسسە قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق قورالىدۇر. ئۇ

سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىملىق ياكى مالىمانچىلىق، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ياكى ۋەيران بولۇشى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. دۇنيا دائىرىسىدىن ئالغاندا، بىر مىللەت بىر دۆلەت بولغان ئەھۋال، (ئىربلانديە، فرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيىگە ئوخشاش) ، بىر مىللەت بىرقانچە دۆلەت بولغان ئەھۋال (ئەرەب ئەللىرى دۆلەتلىرى) ۋە بىرقانچە مىللەت، ئون نەچچە مىللەت ھەتتا نەچچە ئون مىللەت بىر دۆلەت بولغان ئەھۋال (جۇڭگو، روسىيە، مالايسىياغا ئوخشاش) لار بار. بىر مىللەت بىر دۆلەت بولغان ئەھۋال بار دېگىنىمىزدە، تارىختىكى فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر كۆزدە تۇتۇلىسىمۇ، لېكىن ئۇ دۆلەتلەردە مىللىي تەركىب جەھەتتە يەنىلا بىر قانچە مىللەت بار (بۇ يەردە سۆز، مۇھىمى، شۇ ئەللەردىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنىدىكى مىللەت تەركىبى ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ) .

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، مىللەت بىلەن دۆلەت، بىر مىللەتلىك دۆلەت بىلەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ پەرقى بار. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىر مىللەتلىك دۆلەتتە مىللەتنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن دۆلەتنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسەن جىپسىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تولا ھاللاردا «مىللەت» بىلەن «دۆلەت» بىر مەنىدە قوللىنىدۇ. مەلۇم بىر مىللەت تىلغا ئېلىنسا، ئۇ مەلۇم بىر دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھال غەربىي ياۋروپادىكى ئىسمى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دۆلەتلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك. شۇنداق قىلىپ، «قەبىلىلەر تەرەققىي قىلىپ مىللەت ۋە دۆلەتكە ئايلاندى.»⑨ لېكىن مىللەت بىلەن دۆلەت ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ تەرەققىي قىلىدۇ، ئاخىرىدا ئۆزگىرىدۇ، يەنى دۆلەت سىنىپنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. مىللىي خۇسۇسىيەت، مىللىي پەرق ۋە مىللەتمۇ يوقىلىدۇ. لېكىن بۇنداق ئۆزگىرىش، بۇنداق تەقدىر مۇشۇنداق ئۆزگىرىش ۋە تەقدىرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ھەممە شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلگەن چاغدىلا ئاندىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئۇ يېقىن كەلگۈسىدە ئەمەس، يىراق كەلگۈسىدە يۈز بېرىدۇ. مىللەتنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېتىدۇ. «مىللىي خۇسۇسىيەت، مىللىي پەرقنىڭ يوقىلىشى كەلگۈسىدە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى كوممۇنىزمغا كىرگەندىن كېيىن، دۇنيا ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ يۈز بېرىدىغان تەبىئىي ئاقىۋەت» ⑩. يولداش ماۋزېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئاۋۋال سىنىپ يوقىلىدۇ، ئاندىن كېيىن دۆلەت يوقىلىدۇ، ئاخىرىدا مىللەت يوقىلىدۇ، پۈتۈن دۇنيادا شۇنداق بولىدۇ.»⑪

ئەسلى سۆزىمىزگە كەلسەك، مىللەت ئوخشاش ياكى بىر ئىرقتىكى ئادەملەر ئومۇملۇقى ئەمەس، بەلكى تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن، تېررىتورىيە ئاساس قىلىنغان، نىسبەتەن مۇقىم ئادەملەر بىرلىكىدۇر.

ئىرق دېگىنىمىز، ئۇ بىر تارىخىي ئۇقۇم بولماستىن، بەلكى بىئولوگىيىلىك ئۇقۇمدۇر. ئىرق ئاساسەن ئادەملەرنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگى، چېچى، چىرايى، بۇرنى، ساقال- بۇرۇت تۈكلىرىنىڭ قويۇق-شالاڭلىقى، ئۇچلەمچى تۈك قاتلىمى ۋە باشقىلارغا قاراپ ئايرىلغان گۇرۇپپىلارغا ئېيتىلىدۇ. ئۇنى قىسقارتىپ ئېيتقاندا، ئىرق ئادەملەرنىڭ تەن تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئىرسىيەتلىك بولغان فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر ۋە پەرقلىرىگە ئاساسلىنىپ بۆلۈنگەن ئادەملەر توپىدىن ئىبارەت. بىر ئىرق بىرقانچە مىللەتنى تەشكىل تېپىشى مۇمكىن، بىر مىللەتتە بىر قانچە ئىرق ئامىللىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. دۇنيادا ھېچقانداق «ساپ قان» ۋە «ساپ ئىرق» دېيىلىدىغان قان ۋە ئىرق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

## (3)

چەت ئەللىك ئالىملار ئانتروپولوگىيە ساھەسىدىكى تەتقىقاتنى خېلى بۇرۇنلا ئېلىپ بارغان. ئۇلار بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىمۇ ئانتروپولوگىيە جەھەتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان. ئەنە شۇنداق ئالىملارنىڭ بىرى

ئۇيفالۋى (Uifalvy) 1878-، 1879-، 1880-يىللىرى مەخسۇس ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلقلىرىنى ئانتروپولوگىيە جەھەتتىن تەكشۈرگەن ماتېرىياللىرى، ئالاقىدار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، «ئۆلچىگىلى» ۋە «تەرتىپ بەرگىلى بولغۇدەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ماتېرىياللار» نى «تازا كۆپ ئالالمىغان» بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر ھالدا شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىسى ساھەسىدە تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن دەسلەپكى ئالىملاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ساھەدە كۆرۈنەرلىك خىزمەت ئىشلىگىنى ئا. ستېيىن بىلەن جويىستۇر. ئا. ستېيىن ئالدىن بىر پروگرامما تۈزۈپ، شىنجاڭ ئاھالىلىرىنى 25 گۇرۇپپىغا بۆلۈپ تەكشۈرگەن، شىنجاڭغا قوشنا رايونلاردىنمۇ 72 ئادەمنى تەكشۈرگەن. ئانتروپولوگىيە مۇتەخەسسىسى جويىس (Joyes) ستېيىن تەكشۈرۈپ توپلىغان ماتېرىياللارنى قايتىدىن ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭ خەلقلىرى توغرىسىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى 1903-، 1912- ۋە 1926-يىللىرى كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلدى. جويىس ستېيىن توپلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا، شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايون خەلقلىرىنى ئانتروپولوگىيە جەھەتتىن تۆۋەندىكى بەش تىپقا بۆلگەن:

1- تىپ: تېرىسىنىڭ رەڭگى ئاق ھال رەڭلىك، براخىكېفال*لىقى گەۋدىلىك. بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئوتتۇرا بويلۇقتىن سەل پاكارراق. بۇرنى ئىنچىكە، ئېگىز، قوش تۇمشۇق بىلەن تۈز بۇرۇن ئوتتۇرىسىدا. يۈزى سوقىچاق، ئۇزۇن، چېچىنىڭ رەڭگى قارا، قارامتۇل، شەكلى (پاسونى ئەمەس) دولقۇنسىمان (بۇدۇرسىمان). بەدىنى تۈكلۈك. كۆزىنىڭ

---

* براخىكېفال — ئانتروپولوگىيىدە قوللىنىلىدىغان خاس تېرمىن بولۇپ، مەنىسى باش سۆڭىكىنىڭ كەڭلىكى باش سۆڭىكى ئۇزۇنلۇقىنىڭ 0.80 گە توغرا كەلگەن باش سۆڭەكنى كۆرسىتىدۇ. باش سۆڭىكى مۇشۇ نىسبەتتىكى ئادەملەر دۈگىلەكرەك باشلىق ئادەملەر تىپىغا كىرىدۇ. بۇ تىپتىكى ئادەملەر يەنە قىسقا باش ياكى كالتە باش ئادەملەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئانتروپولوگىيىدە بۇ تىپتىكى ئادەملەر براخىكېفاللىق تىپتىكى ئادەملەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قارىچۇقىنىڭ رەڭگى ئوتتۇراھال قوڭۇر كەلگەن ئىرق. بۇ ھوما ئالپىنوس لىياۋپۇجا ئىرقى دېيىلىدۇ. ئۇ ئالپ ئىرقى ياكى تاغلىقلار ئىرقى دېگەنلىك بولىدۇ.

2- تىپ: تېرىسىنىڭ رەڭگى ئاق، سەل بۇغداي ئۆڭلۈك. براخېكىفاللىقى كۈچلۈك. بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئوتتۇرا بويلۇقتىن پاكارراق. بۇرنى ئادەتتە كەڭ ۋە تۈز. ياڭاق سۆڭىكى كەڭ. چېچى قوڭۇر رەڭلىك، لېكىن ئانچە قويۇق ئەمەس، تۈز ئۆسكەن. كۆزى قوي كۆزلۈك ئىرق. بۇ تۈركىي ئىرقتۇر.

3- تىپ: تېرىسىنىڭ رەڭگى ئالما ئۇرۇقى رەڭ، باش سۆڭىكى مېزوكېفاللىق *. بويى ئېگىز، بۇرنى ئىنچىكە ۋە ئېگىز، قۇش تۇمشۇق بۇرۇنلۇق. يۈزى سوقىچاق، چېچىنىڭ رەڭگى قارا، شەكلى دولقۇنسىمان، كۆزى قوي كۆزلۈك كەلگەن ئىرق. بۇ ھىندى - ئافغان ئىرقىدۇر.

4- تىپ: تېرىسىنىڭ رەڭگى ئالما ئۇرۇقى رەڭ. باش سۆڭىكى براخېكىفاللىق. بويى ئوتتۇرا بويلۇقتىن سەل پاكار. بۇرنى تۈز ۋە سەل قېلىنراق، كەڭ. چېچىنىڭ رەڭگى قارا، شەكلى دولقۇنسىمان. ساقال - بۇرۇتلىرى شالاڭ. كۆزى قوي كۆزلۈك كەلگەن ئىرق. بۇ، تىبەتلىكلەر ئىرقىدۇر.

5- تىپ: تېرىسىنىڭ رەڭگى ساغۇچ، باش سۆڭىكى براخېكىفاللىق. بويى پاكارراق. بۇرنى تۈز، قېلىنراق ياكى ئېگىزرەك، بۇرۇن تۆشۈكى سەل چوڭراق، كۆندىلەڭ شەكلىدە. يۈزى قىسقا، لېكىن كەڭ. چېچىنىڭ رەڭگى قارا، شەكلى تۈز. ساقال- بۇرۇتلىرى شالاڭ (كوسا) . كۆزى قارا كۆز. كۆزىنىڭ قارىچۇقى سوقىچاقراق. قاپىقى روشەن يېپىق كەلگەن ئىرق. بۇ موڭغۇلوئىدلار ئىرقىدۇر (جويىسىنىڭ 1930 - يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 232 - بېتىگە قاراڭ) .

---

*مېزوكېفال - ئانتروپولوگىيىدە قوللىنىلىدىغان خاس تېرمىن بولۇپ، مەنىسى، باش سۆڭىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ 0.75 تىن 0.80 گە توغرا كەلگەن باش سۆڭەككە ئېيتىلىدۇ. باش سۆڭىكى بۇ نىسبەتتىكى ئادەملەر ئوتتۇراھال باش تىپىدىكى ئادەملەر قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ، ئانتروپولوگىيىدە مېزوكېفاللىق تىپتىكى ئادەملەر دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىقى مەلۇماتلار بىلەن كەڭ ئۇچراشقان ھەمدە ئۆزىمۇ تەكشۈرۈشلەرگە ئىشتىراك قىلغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئانتروپولوگىيە ئالىمى ن. ن. چېباكساروۋ ئانتروپولوگ جويىس كۆرسەتكەن يۇقىرىقى بەش تىپ ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ن. چېباكساروۋنىڭ قارىشىچە، جويىس كۆرسەتكەن 1 - تىپ (جويىسنىڭ ئۆزىنىڭ تېرمىنى بويىچە ئالغاندا ھوما ئالپىنىس لىياۋ پۇجا — تاغلىقلار ئىرقى) پامىر- فەرغانە ياۋروپېئىد ئىرقىنىڭ دەل ئۆزى دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ياۋروپا ئىرقىنىڭ پامىر - فەرغانە تىپى دېگەنلىكتۇر. جويىسنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپلار ئايرىمىسى كۆرسىتىلگەن 40- جەدۋەلدىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇشۇ تىپ شىنجاڭدا يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سارىقوللۇقلار (تاجىكلار) دا، ۋاخانلار (ۋاھانلار ياكى ۋاھلار — پامىرلىقلارنىڭ بىر گۇرۇپپىسى) ۋە خوتەن، كېرىيىدىكى ئۇيغۇرلاردا، شۇنىڭدەك ئۇلارغا قوشنا بولغان تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلاردا روشەن كۆرۈلىدۇ. بۇ تىپتىكى ئاھالىنىڭ باش سۆڭىكى يۇمىلاقراق، يۈزى ئانچە چوڭ ئەمەس، چېچى يۇمشاق، بۇدۇرە ساقال - بۇرۇتى قويۇق. ئۇلاردا موڭغۇللارنىڭ سىياقىدىن ھېچقانداق ئەسەر يوق. قەدىمكى يېزىقلار مۇتەخەسسىسى، ئارخېئولوگ قۇربان ۋەلىنىڭ كىروران توغرىسىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇملۇقتىن تېپىلغان 6000 يىللىق موميا (4000 يىللىق دەپمۇ ھېسابلانماقتا - نەقىل ئالغۇچىدىن) دا ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ناھايىتى گەۋدىلىك»⑫ ئىكەن.

جويىس ئايرىغان 2 - تىپ تۈركوئىدلار ئىرقى بولۇپ، بۇ ئىرقنى دېنىكېر دېگەن ئالىم 1926- يىلى «تۈركلەر ئىرقى» دەپ ئاتىغان (دېنىكېرنىڭ 1926 - يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 459 - بېتىگە قارالسۇن)، بۇناكا دېگەن ئالىم «غەربىي ئاسىيالىقلار ئىرقى» دەپ ئاتىغان (بۇناكانىڭ 1927 - يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 40 _ 41- بەتلىرىگە قارالسۇن). بۇنى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، جويىس

www.uyghurkitap.com

كۆرسەتكەن 2 ـ تىپ — تۈركوئىدلار ئىرقى ذېنىكېرنىڭ تۈركلەر ئىرقى دېگىنىگە، بۇناكانىڭ غەربىي ئاسىيالىقلار ئىرقى دېگىنىگە ۋە يارخونىڭ جەنۇبىي سىبىرىيىلىكلەر دېگىنىگە توغرا كېلىدىكەن. شىنجاڭدىكى بۇ تىپتىكى ئالامەتلەر يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بويلىرىدىكى ئاھالىلەردە، قىرغىزلاردا ۋە دولانلاردا، ئاقسۇ ھەمدە پەيزاۋات ئۇيغۇرلىرىدا گەۋدىلىك ئىكەن. بۇ تىپتىكى ئاھالىلەر باش سۆڭىكىنىڭ يۇمىلاقلىقى، يۈزىنىڭ كەڭ ۋە گۆشلۈكلىكى، چېچىنىڭ دولقۇنسىمان بولۇشى (ئەمەلىيەتتە، چېچىنىڭ تۈز ۋە يۇمشاق بولۇشى) ، بىرىنچى تىپقا نىسبەتەن ئۈچلەمچى تۈك قاتلىمىنىڭ ئانچە بەك تەرەققىي قىلمىغانلىقى، كۆزىنىڭ ئېپىكانتۇسلۇق بولماسلىقى، كۆزىنىڭ قوي كۆزلۈك، ئارىلاشما كۆزلۈك ۋە كۆزىنىڭ قاپاق قېتىنىڭ چوڭ، كۆز ئوقىنىڭ سەل ـ پەل قىڭغىر (قىرغىزلارنىڭ 73%، جويېسنىڭ 1912ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرىنىڭ 464ـ 465 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن) لىق ئالامەتلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ شەرقىدە قۇمۇل، تۇرپان ۋە كورلىلاردا جەنۇبىي سىبىرىيە ئامىللىرىنىڭ ئارىلاشمىلىرىنى ئاسانلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

جويېس كۆرسەتكەن ئۈچىنچى تىپ ھىندى ـ ئافغان ئىرقىنى ياۋروپېئىدلارنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تىپىغا، كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، مىزودولىخوكېفاللىق * تىپقا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. بۇ تىپتىكى ئاھالىلەرنىڭ باش سۆڭىكى كۆرسەتمىسىنىڭ سوقىچاق بولماسلىقى (باش سۆڭىكىنىڭ كەڭلىكىنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا بولغان نىسبىتى 0.77 — 0.80 بولۇشى) چاچ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنىڭ ئۆسۈشى، يۈزىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، كۆز ئالمىسىنىڭ شەكلى قاتارلىق ئىرق ئايرىمىلىرىنى بەلگىلەيدىغان ئالاھىدىلىكلەر ئۆزىنى

---

* مىزودولىخوكېفال — ئانتروپولوگىيىدە قوللىنىلىدىغان خاس تېرمىن. مېزو يۇنانچە نىزوس دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، مەنىسى ئوتتۇرا دەرىجىلىك، ئوتتۇرىدا تۇرغۇچى دېگەن بولىدۇ. مىزودولىخوكېفال تىپىدىكى ئادەملەر دېگەندە، بۇ ئادەملەرنىڭ بېشىنىڭ قىسقا باشمۇ ئەمەس، سوقا باشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ھال تىپلىق باش ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئېنىق كۆرسەتكەن ياۋروپېئىدلىق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن جىپسىلىشىپ كېلىدۇ. مەركىزىي ئاسىيادا مۇشۇ تىپنىڭ كەڭ تارقالغان بەلۋىغى غەربىي جەنۇب رايونىدۇر.

جويىس ئايرىغان 4 - تىپ — تىبەت ئىرقى دېگىنى، شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا — خوتەن، نىيە ۋە لوپنۇر ئەتراپلىرىدا يولۇقىدىكەن. مەركىزىي تىبەتكە جايلاشقان غەربىي چاڭلار تىبەت ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي تەركىبلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ چاڭلار قەدىمكى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىگە مىلادىيىنىڭ 1 - يىللىرى كېلىشكە باشلىغان. ئۇلار بۇ رايونغا كەلگەندىن كېيىن، مەركىزىي ئاسىيا ئىتنوسى دەپ ئاتىلىدىغان ئانتروپولوگىيىلىك تىپقا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۈچلۈك دەرىجىدە كۆرسەتكەن. ف. ۋ. توماس قاتارلىق ئالىملار ھەتتا خوتەن، نىيە، كىروران خەلقلىرىنى تىبەتلىكلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى بوۋىلىرىدۇر، دەپ ھېسابلايدۇ.

جويىس ئايرىغان 5 - تىپ موڭغۇلوئىدلار ئىرقى بولۇپ، شىنجاڭدا موڭغۇلوئىدلارنىڭ رېئال — ئەمەلىيەتتىكى بەلگىلىرى گەنسۇدىن كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇ قېرىنداشلاردا ئەڭ يۇقىرى ( ماكسىمۇم) دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، شىنجاڭدىكى باشقا خەلقلەرگە سېلىشتۇرغاندا، گەنسۇلۇق خەنزۇلارنىڭ چاچلىرى قاتتىق ۋە تۈز كېلىدۇ. ئۈچلەمچى تۈك قاتلىمى بەك ئاز تەرەققىي قىلغان. تېرىسى سېرىقراق، ئېپىكانتۇسلۇق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك. مانا بۇ، شىمالىي جۇڭگودىكى خەنزۇ ئىرقىنىڭ گەنسۇ ۋارىيانتىدۇر.

ئانتروپولوگ جويىس ئاخىرقى ئىككى تىپ ئۈستىدە كېيىنرەك يېزىلغان ئەسەرلىرىدە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىزدىنىپ، زۆرۈر بولغان بەزى تولۇقلاشلارنى كىرگۈزگەن. ئۇ تىبەتلىكلەرنى ئانتروپولوگىيە جەھەتتە ئايرىلىشىپ كەتكەن، دەپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي شەكىللىرىنى ئايرىپ چىققان. تىبەت ئىرقى بىر يىغىلما ئىرق بولۇپ، شىنجاڭدا بىر مۇئەييەن ئورۇننى كۆرسەتمەيدۇ، موڭغۇلوئىد ئىرقىدىكىلەرنىمۇ مۇئەييەن بىر تېررىتورىيىلىك ئورۇنغا باغلاشقا

بولمايدۇ، تىبەتلىكلەرنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي شەكىللىرىنىڭ (تىپلىرىنىڭ) پەرقى شىمالىي ۋە جەنۇبىي موڭغۇلوئىدلارنىڭ ئايرىمىلىقى بىلەن ئوخشاش دەپ كۆرسىتىدۇ (جويىبسنىڭ 1912 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابىنىڭ 468 - بېتىگە قارالسۇن).

ئانتروپولوگ ن. ن. چېباكساروۋنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارىشىچە، ستېيىن ۋە جويىبسنىڭ توپلىغان ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان ماتېرىياللىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى خەلقلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىسى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىدۇ. شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى خەلقلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىسى توغرىسىدا بۇرۇنقى روسىيە ئالىملىرىدىن پوياركوۋ، ماتسىيېۋسكى (1883 - يىل)، ئىۋانوۋسكى (1893-يىل) لارنىڭ بۇرۇنقىراق مەلۇماتلىرى ۋە سوۋېت ئالىملىرىنىڭ جۇڭغارىيىگە قوشنا بولغان قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلاردىكى ئېتنىك گۇرۇپپىلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، شىمالىي شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ تەركىبىگە تۈرلۈك ياۋروپېئىد ۋە موڭغۇلوئىد تەركىبلىرىمۇ كىرگەن، دەپ پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ تەركىبلەر ئىچىدە ياۋروپېئىد ئىرقىنىڭ پامىر-فەرغانە تىپى شىنجاڭدا جۇڭغارىيە دائىرىسىدە، قەشقەرلىكلەر ئىچىدە، شەھەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بىلەن بەك ئارىلىشىپ كەتكەن موڭغۇل تىل سىستېمىسىدىكى ئاھالىلەر ئىچىدە كۆپ تارقالغان. بۇ تىپتىكىلەرنىڭ گەۋدىلىك ئالامەتلىرى ئادەملىرىنىڭ ئوتتۇرا بويلۇق ياكى ئوتتۇرا بويلۇقتىن سەل پاكارراق بولغان خۇسۇسىيىتىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ مۇتلەق رازمېرى (كۆرسەتكۈچ نومۇرى) نىڭ ئانچە چوڭ بولماسلىقى، قىسقا باش، يۇمشاق چاچلىق ۋە چېچىنىڭ تۈز ياكى دولقۇنسىمان كېلىشى، ساقاللىق، يۈزىنىڭ نىسبەتەن تار ۋە قىسقىراق كېلىشى، كۆزىدە موڭغۇلوئىدلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ گەۋدىلىك بولماسلىقى، چىرايلىق تۈز بۇرۇنلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ براخىكېفال (تۈركوئىدلار) تىپى جۇڭغارىيىدە

ھەممىدىن ئاۋۋال موڭغۇلوئىد - ياۋروپپېئىدلارنىڭ ئۆتكۈنچى شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مانا مۇشۇ تىپ پامىر - فەرغانە ئامىللىرى بىلەن ئارىلىشىپ قازاقلارنىڭ ۋە قىشلاق - يېزا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسىي يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شىنجاڭ ئومۇمەن تۈرلۈك خەلقلەر ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان تىپىك بىر رايوندۇر. بۇ يەردە موڭغۇلوئىد، ياۋروپپېئىد، براخىپكىفال ۋە دولىخوكىفاللار، كەڭ يۈزلۈكلەر. . . ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ كەلگەن⑬.

## (4)

قەدىمكى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە ساكلار، ئۇسۇنلار، ياۋچىلار (توخرىلار)، سوغدىلار، خەنزۇلار، تۈركلەر، موڭغۇللار، تۇبۇتلەر، چاڭلار ۋە باشقا قەبىلە - خەلقلەر ياشىغان. بۇ قەبىلىلەرنىڭ نەچچە ئون ئەسىر ئىلگىرىكى تىل سىستېمىسى جەھەتتە قايسى تىل سىستېمىسى ۋە قايسى تىل ئائىلىسىگە مەنسۇپلۇقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ قەبىلە ۋە خەلقلەر نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، سىڭىشىپ، بىر- بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

بىر قىسىم ئالىملار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەبىلىلەر ئىچىدىن ساكلارنى ۋە ياۋچىلارنى شەرقىي ئىران سىستېمىسىغا مەنسۇپ خەلق ئىدى، دەپ ھېسابلىسا، يەنە بىر قىسىم ئالىملار بۇ قەبىلىلەرنى تۈركىي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ خەلقلەر ئىدى، دەپ ھېسابلايدۇ. يەنە بەزى ئالىملار بولسا بۇ قەبىلىلەر ئايرىم - ئايرىم قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىدى، بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا تۈرلۈك ئېتنىك تەركىبتىكى قەبىلىلەر كىرگەن، تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ شۇ قەبىلىلەر ئىچىدە بار ئىدى، دەپمۇ ھېسابلايدۇ. ئالايلۇق، ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ھۇنلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىدى دېسە، بىر قىسىم ئالىملار ھۇنلار ئېتنىك جەھەتتە مۇرەككەپ بولغان چوڭ بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىدى، ئۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئاساسلىق رول ئوينىغان، دەپ ھېسابلايدۇ. ۋەھالەنكى ، تارىخ ئىلمى ساھەسىدە بۇ قەبىلىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبى توغرىسىدا تا ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق.

بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار تەركىبىگە كىرىپ بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان ساكلار ۋە باشقا قەبىلە - خەلقلەر توغرىسىدىكى بەزى ماتېرىياللارنى كۆرۈپلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىم زامانلاردىن تارتىپلا شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە ياشاپ كەلگەن قەدىمىي خەلق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي ئەمەلىيەتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ بىپايان شىمالىي زېمىندا ئورقۇن ۋە يېنىسەي ۋادىلىرىدا - موڭغۇلىيە داللىرىدا ياشىغانلىقلىرىنى نەزەردە تۇتۇپلا، بۇنىڭدا كۆپ زامانلار ئىلگىرى تىيانشان تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياشاپ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن بىرمۇنچە قەبىلە ۋە خەلقلەرنى ئىنكار قىلىشاق، بۇ ئېنىقكى، ئۇزاق تارىخىي جەرياندا يۈز بەرگەن ئېتنىك تەرەققىيات جەريانىغا كۆز يۇمغانلىق بولىدۇ، قەبىلە ۋە خەلقلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا ئادىل قارىغانلىقمۇ بولمايدۇ، ئوبيېكتىپ باھا بەرگەنلىكمۇ بولمايدۇ، مەسىلىگە ئىلمىي قارىغانلىقمۇ بولمايدۇ. مىلادىيە 840 - يىلدىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا يوق ئىدى دەيدىغان قاراشنىڭ تېخىمۇ ئىلمىي ئاساسى يوق. ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان غەربىي شىمال زېمىنىدا قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ياشاپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، غەربىي شىمالنى ئېچىش ۋە قوغداش، گۈللەندۈرۈش بۈيۈك ئىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. بۇنى ۋەتىنىمىزنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىكى ئالاقىدار پۈتۈكلەر ھەتتا ئۇنىڭ كەمتۈكلىرىنى تولۇقلايدىغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارمۇ ئىسپاتلايدۇ.

جۇڭگودا جۇڭگو خەلقلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىسى جەھەتتىكى تەتقىقات

تېخى يېقىنقى يىللاردىلا باشلاندى: 1985 - يىلى خەن كاڭشىن ئەپەندى «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى خەلقلىرىنىڭ ئىرقىي تەۋەلىكى توغرىسىدا دەسلەپكى ئانتروپولوگىيىلىك مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. 1986 - يىلى قەدىمكى يېزىقلار مۇتەخەسسىسى، ئارخېئولوگ قۇربان ۋەلى ئۆزىنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدى. 1987 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، پېشقەدەم تارىخشۇناس ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى مەزكۇر ئاكادېمىيىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى بىلەن تۈزگەن «بىر قىسىم شەرقشۇناس - ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر بايانلىرىدىن قىسقىچە توپلام» (2) غا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئانتروپولوگى ن. ن. چېباكساروۋنىڭ «جۇڭگونىڭ ئېتنىك ئانتروپولوگىيىسى» ناملىق ئەسىرىدىكى «شىنجاڭ خەلقلىرى» قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزدى. بۇ توپلامغا يەنە ئانتروپولوگىيىگە ئالاقىدار بولغان «تۈركىي تىللىق خەلقلەر»، «تيانشان ئاھالىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى» ۋە «تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر توغرىسىدا» قاتارلىق مۇھىم ماتېرىياللارمۇ كىرگۈزۈلگەن. 1989 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا تەتقىقاتلار» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكىدە يۇقىرىقى «توپلام» غا كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ خەلقلىرى» نىڭ ئانتروپولوگىيىسى تەتقىقاتىنى تونۇشتۇردى.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، جۇڭگودا بەزى مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، گېنېتىكىلىق باغلىنىشى، جىسمانىي - بىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى، ئىرسىيەت ۋە تەدرىجىي ئۆزگىرىش ئامىللىرى، ئۆز ئارا قوشۇلۇپ، سىڭىشىپ، بىر - بىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ يېڭى بىر ئېتنىك ئومۇملۇقنى شەكىللەندۈرۈش ئەھۋالى، يەنە باشقا بىر مۇنچە مەسىلىلەرمۇ تېخى تامامەن قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە يورۇتۇلۇپ كېتىلمىدى. شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قان تېپى، ئىرقىي تەۋەلىكى، تەرەققىيات تارىخىنىڭ باسقۇچلىرى ۋە باشقىلارمۇ مەخسۇس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساھە سۈيىتىدە تەكشۈرۈپ چىقىلمىدى. مۇشۇنداق بىر قاتار خىزمەتلەر ئۇيغۇر تارىخىدىكى، شۇنداقلا پۈتكۈل ئۇيغۇرشۇناسلىقتىكى كۆنتەرتىپكە قويۇلۇپ، ئېنىقلىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تېپى مەسىلىسى چوڭ، مۇرەككەپ تېمىلارنىڭ بىرى. بۇرۇن بۇ ساھەدە ئۆزىمىز ئەتراپلىق ئىشلەپ كۆرمىگەن. بۇنداق ئەھۋالدا بىز باشقىلارنىڭ بۇ ساھەدە ئىشلىگەنلىرىدىن پايدىلىنىشىمىز، مەنپەئەتلىك بىلىم - تېخنىكا ۋە تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئىگىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزگە خاس ئۇسۇل، مەيدان، نۇقتىئىنەزەر بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىز، مۇھاكىمە قىلىشىمىز، باشقىلاردىن ئۆگىنىپ، ئۆزىمىز يېڭىلىق يارىتىشىمىز، بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشىمىز لازىم. ئۆزىمىز تەكشۈرۈپ كۆرمىگەن، ئۆزىمىز بىكىتمىگەن دېگەن ئىدىيىدە تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ بۇ ساھەدە ئىشلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىراقلا ئىنكار قىلىۋېتىش پوزىتسىيىسىمۇ، ياكى باشقىلارنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى تامامەن توغرا، ئۇنى قايتا قاراپ چىقىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىز قول سېلىپ ئىشلىمەي، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلماي قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشاشلا توغرا ئەمەس. بۇ جەھەتتىكى بىردىنبىر توغرا يول كەمتەرلىك بىلەن ئىلىم ۋە ئىلغار پەن- تېخنىكا ئىگىلەپ، دادىللىق بىلەن ئىشلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ، بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت.

چەت ئەل ئانتروپولوگلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا: «ئانتروپولوگىيىلىك جەھەتتە ئۇيغۇرلار ياۋروپا ئىرقىغا ياتىدۇ. ئۇيغۇرلارغا ئاز مىقداردا موڭغۇل ئىرقى ئامىللىرىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن.» ⑭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيىسىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ

تەتقىق قىلىشتىن چىققان نەتىجە «ئانتروپولوگىيە جەھەتتە ئۇيغۇرلار بىر خىل ئەمەس، ئۇلار ئىچىدە براخىېكىفاللىق پامىر - فەرغانە ياۋروپا ئىرقى تىپى ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ تىپقا موڭغۇلوئىد ئامىللارمۇ ئارىلاشقان»⑮دېگەندىن ئىبارەت.

دۇنيادا ئۆزگەرمەس، مۇتلەق نەرسە يوق. بۇرۇنقى بەزى «تەۋرەنمەس يەكۈن»، «ھۆكۈم» لەر كېزى كەلگەندە يېڭى تېپىلغان ماتېرىياللار، يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا تولۇقلىنىپ، تۈزىتىلىپ، بېيىپ، توغرىلىنىپ بارىدۇ، بۇ ھەممىگە چۈشىنىشلىك بولغان تەرەققىيات قانۇنىيىتىدۇر. ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ جۇڭگو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىسى تەتقىقاتىدا يېقىن كەلگۈسىدە تەتقىقاتچىلارنى خۇشال قىلارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى مەيدانغا چىققۇسى!

ئىزاھلار:

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى».

② ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى».

③ ستالىن: «ماركسىزم ۋە مىللىي مۇستەملىكە مەسىلىسى».

④ ستالىن: «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە».

⑤ ماۋزېدۇڭ: «ئون چوڭ مۇناسىۋەت توغرىسىدا».

⑥ ماۋزېدۇڭ: «چېگدۇ يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز».

⑦ «مىللىي مەسىلە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە»، شۆي يۈچى قاتارلىقلار باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، 1993 - يىل.

⑧ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 - يىللىق 6 - سان.

⑨ «مىللەتلەر خىزمىتىگە ئائىت بىلىملەر»، 1995 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

⑩ «مىللىي خىزمەتكە دائىر ھۆججەتلەردىن تاللانما».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

⑪ «پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ئۆگىنىدىغان ھۆججەتلەردىن تاللانما».

⑫ «بىرقىسىم شەرقشۇناس ـ ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر باياناتلىرىدىن قىسقىچە توپلام» (2)، ئۇيغۇر سايرانى، ھەببۇللا خوجا لەمجىنى تۈزگەن، 1987 ـ يىل.

⑬ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 1986 ـ يىل، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى.

⑭ خەن كاڭشىن: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى خەلقلىرىنىڭ ئىرقىي تەۋەلىكى توغرىسىدا دەسلەپكى ئانتروپولوگىيىلىك مۇلاھىزە».

⑮ ھەببۇللا خوجا لەمجىنى: «ئۇيغۇرلار تارىخى توغرىسىدا تەتقىقاتلار».

⑯ ن. ن. چىباكساروۋ: «جۇڭگونىڭ ئېتنىك ئانتروپولوگىيىسى»

⑰ ب. ئا. لىتۋىنسكى: «غەربىي يۈرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىي تەقدىرى».

⑱ ۋارابىيوۋا ـ دىسيە توۋسكيا: «غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىكى ھىندىلار».

⑲ «سوۋېت چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 26 ـ توم.

⑳ «سوۋېت چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 44 ـ بەت.

(ئاخىرقى بەش پارچە ئەسەر ۋە مەزكۇر ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن بەزى نەقىللەر ئەسلى رۇسچە بولۇپ، بۇلاردىن ۋاستىلىك پايدىلىنىلدى).

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز يۈسۈپ

# چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل يادىكارلىقلار

ئابدۇقەييۇم خوجا

## 1. كىرىش سۆز

دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان چەرچەن ناھىيىسى تارىم ۋادىسىدىكى تارىخى ئۇزۇن يۇرتلارنىڭ بىرى.

چەرچەننىڭ تارىختىكى نامى خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەردە «چالمادانا» ، «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخا V باب، 85 - ۋاراق، 10 - قۇر) دا «سارامادان بالىق» ، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە « 折摩驮那 » (جېمودانا) ياكى قىسقارتىلىپ « 且末 » (چيېمو) دەپ يېزىلغان.

1985 - يىلى 4 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار چەرچەن ناھىيىسىنىڭ مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىگىلىگەن ئۇچۇر بويىچە ناھىيە ئەتراپىدىكى «زاغۇنلۇق» يېزىسىغا جايلاشقان قەدىمكى قەبرىستانلىقنى تەكشۈردۇق. قەبرىستانلىقنىڭ دائىرىسى چوڭ بولۇپ، بۇ دائىرىدىكى نۇرغۇنلىغان قەبرىلەر ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن كۆپ قېتىم «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» ھەمدە ئەتراپتىكى تۇز كولىغۇچى ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىنغۇچىلىكى ئىكەن.

بىز 1985 - يىل 9 - ئايدا ئىككىنچى قېتىم چەرچەن ناھىيىسىگە بېرىپ زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى بەش قەبرىنى قېزىپ رەتلىدۇق. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلغان قەبرىلەرنىڭ سانى گەرچە ئاز بولسىمۇ، لېكىن ئالاھىدە قۇرغاق ھاۋا شارائىتىدا چىرىپ كەتمەي، بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ئىپسىل، رەڭدار ساپ يۇڭ رەختلەر ۋە ئۇلاردىن تىكىلگەن خىلمۇ خىل كىيىم - كېچەكلەر، يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان، كىگىزدىن تىكىلگەن ھەر خىل بۆك، تۇماق - قۇلاقچا، قالپاقلار، قۇرۇپ قېتىپ قالغان ئەر، ئايال، بوۋاقنىڭ جەسەتلىرى ۋە باشقا خىلدىكى قىممەتلىك يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلىشى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ، ساياھەتچىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. بۇ ئىپسىل يادىكارلىقلار تارىم ۋە چەرچەن تەۋەسىدە بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۆزىگە خاس يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى ئالەمگە نامايان قىلدى.

كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان بىرەر قېتىملىق زور تېپىلما ۋە قېزىلمىلار ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە ئاسانلا تېپىلىۋېرىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇلار ئارخېئولوگلارنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمكى مەدەنىيەتنى ئىزدەپ تېپىش يولىدا ئېلىپ بارىدىغان ئۇزۇن يىللىق، ئىنتايىن جاپالىق ۋە ئالىيجاناب خىزمەتلىرىدە ناھايىتى تەستە قولغا كېلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

بۇ قېتىم زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا سىناق تەرىقىسىدە قېزىپ رەتلەنگەن قەبرىلەردىن تېپىلغان ھەمدەپنە بۇيۇملىرى يىل - دەۋرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، تۈرى ۋە سانىنىڭ كۆپلۈكى، چوڭقۇر ئىلمىي قىممەتكە ۋە خاس يەرلىك مەدەنىيەت تۈسىگە ئىگە ئىپسىل يادىكارلىقلار بولۇش سۈپىتى بىلەن، 80 - يىللاردا تارىم ئارخېئولوگىيىسىدە ئۇچرىغان ئەڭ زور تېپىلىش بولۇپ سانىلىدۇ.

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا قېزىپ

تەكشۈرۈلۈشى ئىنسانشۇناسلىق، ئىرقشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، ئىپتىدائىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، يوسۇنلار، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخى، تارىم ۋادىسىنىڭ قەدىمكى زامان جۇغراپىيىسى، ئېكولوگىيىسى، ياۋايى هايۋانات ۋە چارۋىچىلىقى، دېھقانچىلىقى، ئەجدادلارنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق هۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى... قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا چوڭقۇر ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىنى قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەن مەسئۇل بولغاندىن تاشقىرى، يەنە كەسپداشلاردىن ئەھمەد رىشىت، دولقۇن قەمبىرى، يۈسۈپ مۇھەممەد، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىن غەنى سايىم، چەرچەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن تۇرسۇن بەكرى، تۇردى كېرەملەر قاتناشتى.

قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا رەتلەش، بولۇپمۇ هەر خىل كىيىم - كېچەكلەر، يۇڭ توقۇلمىلارنى هەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى، تۈرى، توقۇلۇش هۈنەر - تېخنىكىسى بويىچە رەتلەش، يۇيۇپ تازىلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. قەدىمكى جەسەتلەر ۋە ئۇلارغا كىيدۈرۈلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تازىلاپ رەتلەش، هەر خىل هەر رەڭدىكى يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن كىيىم - كېچەكلەرنى يۇيۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتلىرىنى تىيەن لىڭ، مۇنەۋۋەر قاتارلىق كەسپىي خادىملار ئىشلىدى.

قېزىۋېلىنغان هەر خىل يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، توقۇلۇش ئۇسۇلى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدىكى تەھلىل - چۈشەندۈرۈشلەرنى تەييارلاشتا تەتقىقاتچى جيايىڭيى يېقىندىن ياردەملەشتى. كىيىم - كېچەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن نۇسخا - ئۆرنەكلىرىنى سىزىش ئىشلىرىنى كاندىدات تەتقىقاتچى خۇاڭ شياۋجاڭ ئىشلىدى. هەر خىل يادىكارلىقلارنىڭ شەكىل - رەسىملىرىنى يۈسۈپ مۇھەممەد، ئەنۋەر هەسەن قاتارلىق خادىملار سىزىپ تەييارلىدى. فوتو سۈرەتكە تارتىش، سۈرەتلەرنى يۇيۇش، چوڭايتىش خىزمەتلىرىنى فوتوگراف خۇشياڭلى ئىشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## 2. قەبرىلەرنىڭ جايلاشقان ئورنى، قۇرۇلمىسى ۋە قېزىلىش ئەھۋالى

### 1) جۇغراپىيىلىك مۇھىت

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، توغراقلىق يېزىسىنىڭ «زاغۇنلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئېگىز تۆپىلىككە جايلاشقان. قەبرىستانلىقنىڭ خەرىتىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان (ئۇزۇنلۇق) ″29 ′28 °85، شىمالىي پاراللېل (كەڭلىك) ″16′07°38 بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1270 مېتىر كېلىدۇ (1- خەرىتىگە قاراڭ).

قۇم، ئۇششاق شېغىل، تۇز قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان تۆپىلىككە جايلاشقان بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 1,100 مېتىر، غەربتىن شەرققە كەڭلىكى 750 مېتىر بولۇپ، جەنۇب تەرىپى پايانسىز قۇملۇققا تۇتىشىدۇ. قەبرىستانلىقتىن تەخمىنەن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا «لەئلىلىك» خارابىسى، خارابىنىڭ يېنىدا چەرچەن دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئېقىن ئىزى بار. يەر يۈزى بىر قەدەر تەكشى بولۇپ، قەبرىستانلىق دائىرىسىدە كۆچمە قۇم، شېغىللاردىن ھاسىل بولغان بىر مۇنچىلىغان ئېگىز - پەس قۇم دۆۋىلىرى بار. نەچچە مىڭ يىللىق قۇم، بوران دەستىدىن قەبرىلەرنىڭ دائىرىسى، بەلگە - ئالامەتلىرى قۇم - توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكتىن، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان قەبرىلەرنىڭ قايسى دائىرىگە جايلاشقانلىقى، يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەبرىلەرنىڭ سانى قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق ھۆكۈم قىلىش تەس.

### 2) قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى ۋە قۇرۇلمىسى

قەبرىستانلىق دائىرىسىنى تەپسىلىي كۆزەتكەندىن كېيىن، بۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن بىر قەدەر ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەن دائىرە

ئىچىدىن بەش قەبرىنى قېزىپ تەكشۈردۇق. نەتىجىدە قېزىپ تەكشۈرگەن قەبرىلەر ئىچىدە QZM1 . 85، QZM2 . 85 (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ M1، M2 دەپ ئاتىلىدۇ) نومۇرلۇق قەبرىلەرلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي ساق قالغانلىقى مەلۇم بولدى. قالغان M3، M4، M5 - نومۇرلۇق قەبرىلەر ئەينى زاماندا باشقىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكتىن، ئۇلارنى قائىدە بويىچە رەتلەپ، قېزىپ رەتلەش جەريانىدا تېپىلغان يادىكارلىقلارنى تىزىملاپ يىغىۋالدۇق. قېزىپ رەتلىگەن يۇقىرىدىكى بەش قەبرە ئىچىدە M2، M3، M5M4 - نومۇرلۇق قەبرىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە تىك كولانغان بىر پەلەمپەيلىك قەبرىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرىگە بىر ياكى ئىككى جەسەت، بەزىلىرىگە كۆپ جەسەت دەپنە قىلىنغان. تۆۋەندە بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي ساقلىنىپ قالغان، قۇرۇلمىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان M1، M2 - نومۇرلۇق قەبرىلەرنى تەپسىلىي تونۇشتۇرىمىز:

M1 - نومۇرلۇق قەبرە: لەھەت پەقەت بىر بوۋاق ئۈچۈنلا تەييارلانغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 175 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئەسلىدە بوۋاق جەسىتى ئۈستىگە ئۇزۇنلۇقى 130 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 55 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىر كېلىدىغان، ئىچى ئويۇۋېتىلگەن تەگنە شەكلىدىكى توغراق ياغىچى يېپىلغان بولۇپ (1 - سۈرەتكە قاراڭ)، ئۇنىڭ ئۈستى قۇمۇش، ئوت - چۆپلەر بىلەن ئورىلىپ، قۇم-توپا بىلەن كۆمۈلگەنىكەن. لەھەت ئۈستىگە يېپىلغان تەگنە شەكلىدىكى توغراق ياغىچى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بوۋاق جەسىتىنىڭ ئەسلى ھالىتى مەلۇم بولدى. بوۋاق جەسىتى ئىچى تەبىئىي ئاق رەڭلىك، سىرتى قوڭۇر (توق قىزىل) رەڭلىك يۇڭ توقۇلما داكا بىلەن يۆگەپ زاكىلانغان. زاكىنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرى، يەنى پۇتىنىڭ ئۇشۇقىدىن تارتىپ مۈرىسىگىچە بولغان ئارىلىق كۆك ۋە قىزىل رەڭلىك يۇڭدىن ئېشىلگەن يىپ بىلەن(تىزىنىڭ تۆۋىنىدە ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يۈگەم، تىزىنىڭ يۇقىرىسىدا بىر يۈگەم، مەيدىسىدە قىيپاش بىر يۈگەم، مۇرىسىدە بىر يۈگەم) باغلانغان بولۇپ، بوۋاقنىڭ بېشىغا ئىچى قىزىل، تېشى كۆك تىۋىتلىق بۆك كىيدۈرۈلگەن. بوۋاق بىر پارچە ئاق كىگىز (40 × 15cm) ئۈستىگە ئوڭدىسىغا يانقۇزۇلغان، بېشىنىڭ ئاستىغا كىگىز پارچىلىرىدىن تەييارلانغان ياستۇق قويۇلغان، ئۇنىڭ يۈزى ئوچۇق ھالەتتە بولۇپ، ئىككى كۆزىگە 3 × 2 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا، 2.5 مىللىمېتىر قېلىنلىقتىكى ئىككى پارچە ياپىلاق قارا تاش باستۇرۇپ قويۇلغان، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىگە قىزىل يۇڭ يىپ تىقىلغان. بوۋاق جەستى ئۆز پېتى ساقلانغان بولۇپ، گويا زاكىسىدا ئوخلاپ قېتىپ قالغاندەكلا كۆرۈنىدۇ(2 - سۈرەتكە قاراڭ).

بوۋاقنىڭ بويى: چوققىسىدىن بويۇنغىچە 15.5 سانتىمېتىر، مۇرىسىدىن تاپىنىغىچە 36 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بوۋاقنىڭ باش تەرىپىگە قوينىڭ يېلىنىدىن تىكىپ ياسالغان 6 × 14 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئېمىزگۈ(ئىچىدە قېتىپ قالغان سۈت «ئوغۇز» قالدۇقى بار)، تورپاق مۈڭگۈزىدىن ياسالغان قەدەھ (ئۇزۇنلۇقى 9.3 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 4.4 سانتىمېتىر) قاتارلىقلار قويۇلغان. M1 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 80 سانتىمېتىر يىراقلىقتا يەرنى كولاپ بوۋاق ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان قوينىڭ بېشى كۆمۈلگەن.

M2 - نومۇرلۇق قەبرە: زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، ئالاھىدە پۇختا قۇرۇلمىغا ئىگە، بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىماي ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر قەبرە بولۇپ، ئۇ M1 - نومۇرلۇق قەبرە(بوۋاقنىڭ قەبرىسى) نىڭ غەربىي شىمالىدىن 2 مېتىر يىراقلىقتا، قەبرە ئاغزى (ئۈستى) نىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.35 مېتىر، كەڭلىكى 3 مېتىر، قەبرە ئاستى(تەكتى) نىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.1 مېتىر، كەڭلىكى 1.55 مېتىر، قەبرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 2.40 مېتىر كېلىدۇ. ئالاھىدە قۇرۇلمىغا ئىگە بۇ قەبرىنىڭ قاتلام — قەۋەتلىرى تۆۋەندىكىچە: 1 - قاتلام — 50 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قۇم-توپا؛ 2 - قاتلام — قەبرە ئۈستىگە 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قومۇش يېپىلغان؛ قومۇش ئۈستىگە قۇربانلىق قىلىنغان مۈڭگۈزلۈك قوي

كاللىسى، كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان قەدەھ، قەبرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 1.75 مېتىر يىراقلىقتا ئاتنىڭ باش سۆڭىكى، بىر پۇتى (ئاتنىڭ پۇتىنىڭ تىزىدىن تۆۋەن قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۆڭەكى ئېلىپ تاشلانغان. تېرىسى بىلەن تۇيىقى قالدۇرۇلۇپ، ئىچىگە قومۇش تىقىپ قويۇلغان) بار. مۇشۇ قاتلامدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك، قەبرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا تۆڭلۈك (تۆڭلۈك 2 - قاتلامدىلا توختاپ قالغان)، تۆڭلۈكنىڭ ئاغزى قېلىن يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن تون، كىگىز توقۇم (ئىچلىك)، ئېگەرنىڭ ئۈستىگە سېلىنىدىغان كۆرپە (كۆرپىنىڭ ئىچىگە تەبىئىي ئاق يۇڭ تولدۇرۇلغان) قاتارلىقلار بىلەن ھەم يېپىلغان. تۆڭلۈك ئاغزىدىكى كىگىز ئۈستىگە يەنە بىر دانە ساپال قاچا قويۇلغان؛ 3 - قاتلام — 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى قومۇشلار ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاستىدا بىر - بىرىگە چېتىپ تەييارلانغان ئىككى قەۋەت قومۇش بورا (ھەر بىرى 2.4 × 3.8 مېتىر) بار؛ 4- قاتلام — بىر - بىرىگە چېتىپ تەييارلانغان قومۇش بورىلار ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاستىدا قەبرىگە يېپىلغان ئات، قۇلان، قوتازنىڭ ئۈچ پارچە تېرىسى بار؛ 5 - قاتلام — تېرىلەر ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاستىغا مەخسۇس يۇلغۇن نوتىلىرىدىن توقۇلغان قوشام (يەرلىك ئۇيغۇرلار شۇنداق ئاتايدۇ) يېپىلغان؛ 6 - قاتلام — يۇلغۇن نوتىلىرىدىن توقۇلغان قوشام ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاستىدا قەبرە پەلەمپىيىگە توغرىسىغا قاتار يېپىلغان 25 تال ئۇزۇن - قىسقا توغراق ياغاچ بادىرىلىرى بار بولۇپ، ياغاچلارنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى 2.6 مېتىر، توملۇقى 15 - 25 سانتىمېتىر كېلىدۇ (3 - سۈرەتكە قاراڭ). توغراق ياغاچلىرى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، قەبرە ئىچى كۆرۈنىدۇ. قەبرە ئىچى (تەكتى) نىڭ قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە: قەبرە ئاستىغا چوڭلۇقى 1.3 × 2.75 مېتىر قوشام سېلىنغان بولۇپ، قوشام ئۈستىگە جەسەتلەر قويۇلغان. جەسەتلەرنىڭ چىرىمەي ياخشى ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئاستىغا 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئېرىقچە كولىنىپ، ئېرىقچە ئۈستىگە چوڭ -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىچىك 14 تال توغراق ياغىچى قويۇلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە بىر ئالاھىدە ئەھۋال — قەبرىنىڭ تۆت تەرەپ تېمى تەبىئىي تۈز قاتلىمىدىن ئىبارەت.

M2 - نومۇرلۇق قەبرىگە جەمئىي تۆت جەسەت دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئەر، قالغانلىرى ئايال، ئەر بىلەن ئايالنىڭ جەستى تەبىئىي قۇرۇپ - قېتىپ ياخشى ساقلىنىپ قالغان (باشقا ئىككى ئايالنىڭ جەستى ئوخشىمىغان دەرىجىدە چىرىپ بۇزۇلغان) . تۆۋەندە تەبىئىي شەكىللەنگەن قۇرۇق جەسەتلەرنى ئايرىم تونۇشتۇرىمىز:

1) ئەر جەسەت — ئىككى قولى قوشتۇرۇلۇپ، تىزى بېغىشىدىن يېرىم ئېگىلگەن ھالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان، بويى: (1) چوققىسىدىن بوينىغىچە 23 سانتىمېتىر، (2) بويندىن بەلگىچە 57 سانتىمېتىر، (3) بېلىدىن تىزىغىچە 47 سانتىمېتىر، (4) تىزىدىن تاپىنىغىچە 44 سانتىمېتىر بولۇپ، جەسەتنىڭ قۇرۇپ كەتكەن تەن بۆلەكلىرى بويىچە ئۆلچەنگەن يۇقىرىدىكى سانلارنى جەملىسەك، ئۇنىڭ قۇرۇپ قالغان بويى 1.71 مېتىر كېلىدۇ (4-سۈرەتكە قاراڭ) . ئەرنىڭ يۈزى دۈگىلەك، كۆزلىرى يوغان، بۇرنى قاڭشارلىق، چاچ، ساقاللىرى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، يېرىم ئاقارغان، ئۇنىڭ قاش، كىرپىك، ساقال - بۇرۇت ھەتتا مەيدە تۈكلىرىگىچە ئۆز ئەينى ساقلانغان. قولاقنىڭ ھالقا تاقايدىغان تۆشۈكىگە 5 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قىزىل يۇڭ يىپ ئۆتكۈزۈلگەن، پېشانە ۋە ئىككى چېكىسى، مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆز، بۇرۇن ئۈستىنى بويلاپ تاكى ئېڭەك ئاستىلىرىغىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا گىرىم قىلىنغان، بولۇپمۇ ئىككى چېكىسى بىلەن مەڭزىگە بوياقتا سىزىلغان قوچقارنىڭ يۆگىمەچ مۈڭگۈزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن (5 - سۈرەتكە قاراڭ) . يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان (چاچنىڭ ئۇچى تەرىپىدىن 15 سانتىمېتىر ئارىلىقتا قىزىل يۇڭ يىپنى قوشۇپ ئۆرىگەن) ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى بار. ئېڭەكتىن چوققىسىغىچە زىچ توقۇلغان قوڭۇر (قىزغۇچ) رەڭلىك يۇڭ بوغقۇچ (چىلتەك) بىلەن چېتىلغان، سول

قولىنىڭ ئوتتۇرانچى بارمىقىغا 2 سانتىمېتىر كەڭلىكتە تاسما چەمبىرەك (قامچا دەستىسىگە ئۆتكۈزۈلگەن تاسما بولۇشى مۇمكىن) ، بويىنىغا 1.5 سانتىمېتىر كەڭلىكتە چىلتەك ئېسىلغان، ئىككى قولى بېغىشىدىن قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن باغلانغان. تىزىنىڭ تۆۋىنى (لېپەك قوشۇلۇپ) ئاچ قىزىل رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن كىرىشتۇرۇپ چېتىلغان. جەسەتكە قوڭۇر رەڭلىك ساپ يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن تونچە ياقىلىق چاپان، ئوخشاش رەڭدىكى ئۇزۇن ئىشتان، پۇتىغا تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان، گۈل بېسىلغان رەڭدار كىگىز پايپاق (ئۇزۇنلۇقى 55 سانتىمېتىر، كىگىز پايپاقنىڭ ئىچى قوڭۇر، تېشى قىزىل، سېرىق سۇس كۆك رەڭدە) ، كىگىز پايپاقنىڭ تېشىغا بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك (ئۇڭ پۇتىغا كىيدۈرۈلگەن ئۆتۈكنىڭ ئۇستۈنكى يېرىمى چىرىپ كەتكەن، يان، ئاستى، تاپان قىسمى ساقلىنىپ قالغان. سول پۇتىدىكى ئۆتۈك ئاساسەن ساق بولۇپ، ئۇچى ئازىراق چىرىپ كەتكەن. ئۆتۈكنىڭ يۇقىرى قونچىدىن تاپانغىچە ئۇزۇنلۇقى 56 سانتىمېتىر، پاشنىسىدىن بارماق ئۇچىغىچە 21 سانتىمېتىر كېلىدۇ) كىيدۈرۈلگەن.

2) ئايال جەسەت: ئىككى قولى قوشتۇرۇلغان، تىزى بېغىشىدىن يېرىم ئېگىلگەن هالەتتە ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان. بويى: (1) چوققىسىدىن بويىنىغىچە 23 سانتىمېتىر (2) بويىنىدىن بەلگىچە 40 سانتىمېتىر (3) بەلدىن تىزغىچە 50 سانتىمېتىر (4) تىزىدىن تاپانغىچە 44 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇپ قالغان تەن بۆلەكلىرىنىڭ هازىرقى هالىتى بويىچە ئۆلچەنگەن يۇقىرىقى سانلارنى قوشقاندا بويى 1.67 مېتىر كېلىدۇ (6 - سۈرەتكە قاراڭ) . ئايالنىڭ يۈزى سوزۇنچاق، بۇرنى قاڭشارلىق، كۆزلىرى يوغان، چاچلىرى قوڭۇر (ئاقارغان) ، قۇلاقنىڭ تۆشۈكىگە قىزىل يۇڭ يىپ ئۆتكۈزۈلگەن. پېشانە، چېكە، مەڭزىنى ئاساس قىلغان هالدا كۆز، بۇرۇن ئۇستىنى بويلاپ تاكى ئېڭەكلىرىگىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا ئۆزگىچە گۈللۈك شەكىل چىقىرىپ گىرىم قىلىنغان. ئېڭىكى زىچ توقۇلغان قىزىل يۇڭ شوينا (چىلتەك) بىلەن

www.uyghurkitap.com

چېتىلغان. ئىككى قولى بېغىشىدىن قىزىل، كۆك رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن باغلانغان. تىزىنىڭ يۇقىرىسى قىزىل، كۆك رەڭلىك يۇڭ شوينا بىلەن چېتىپ باغلانغان. قوڭۇر رەڭلىك ئاقارغان چاچلىرى 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىككى تال ئۆرۈلگەندىن تاشقىرى، يەنە 45 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆرۈلگەن ئىككى تال سۈنئىي (ياسالما) ئۆرۈمە چېچىمۇ بار. ئۇچىسىغا توق قىزىل رەڭلىك ساپ يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن تونچە ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك، پۇتىغا رەڭدار گۈل بېسىلغان كىگىز پايپاق (ئوڭ پۇتىغا قىزىل، قوڭۇر، سېرىق، كۆك رەڭلىك ئۇزۇن كىگىز پايپاق كىيدۈرۈلۈپ، پۇتىنىڭ ئۇچىغا ئاقۇچ يۇڭ يۆگەلگەن. سول پۇتىغا تەكتى قوڭۇر، ئۈستى قىزىل رەڭلىك ئۇزۇن كىگىز پايپاق) كىيدۈرۈلگەن. پايپاقنىڭ ئۈستىگە بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك (تىزىدىن پاچاقىچە 40 سانتىمېتىر بۆلىكى ياخشى ساقلانغان) كىيدۈرۈلگەن.

قېزىۋېلىنغان ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە ھەر خىل ھەر رەڭدىكى كۆركەم يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئەر، ئايال، بالىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، كىگىز، يۇڭ رەختىن تىكىلگەن ۋە يۇڭ يىپتىن توقۇلغان باش كىيىملەر، زىچ توقۇلغان رەڭدار چىلتەكلەردىن قۇراپ (بىر - بىرىگە ئۇلاپ) تىكىلگەن نەپىس كىيىملەر، يۇڭ كەشتە، ئەدىيال، پالاس، كىگىز قاتارلىقلار بار.

ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار ئىچىدە يا، ئوق (ئوقيانىڭ)، سوغا (ياغاچ چېلەك)، تاغاق، ئورچۇق، قامچا دەستىسى، دەستىگاھ (توقۇمىچىلىق دۈكىنى) سايمانلىرىدىن كەرگە قاتارلىقلار، سۆڭەك - مۈڭگۈزدىن ياسالغان بۇيۇملاردىن قوشۇق، تارغاق، ئىلمەك قاتارلىقلار، تۆۋى دۈگىلەك قارا رەڭلىك ساپال قاچىلار، تېرىدىن ئىشلەنگەن توقۇم ۋە باشقا نەرسىلەر بار. يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان زىخقا ئۆتكۈزۈپ قويۇلغان پاقلان گۆشى (كاۋاپ ئۈچۈن تەييارلانغان)، تېرىق (سۆك) ئۇنىدىن پىشۇرۇلغان توقاچ (نان) لارمۇ ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان.

# 3. قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا قېزىپ رەتلەنگەن بەش قەبرىنىڭ ھەممىسىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە يۇڭ توقۇلمىلار تېپىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپرەكى مېيىتلارغا كىيدۈرۈلگەن كىيىم - كېچەكلەر ۋە بىر بۆلۈك ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن ئىبارەت. بىز بۇ قېتىم 70 نەچچە دانە (پارچە) ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ نۇسخىلىرىنى تاللاپ رەتلىدۇق. بۇ توقۇلما بۇيۇملار مەيلى كىيىملەرنىڭ تۈرى، پاسونى، بېزەكلىرى، توقۇلما بۇيۇملارنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلى، ئۆرۈش ۋە ئارقاق يىپلىرىنىڭ ئېشىلىشى، ئەنلىرىنىڭ شەكلى، بويىلىشى، نەقىش، ئۆرنەكلىرىگىچە زاغۇنلۇقتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر - تېخنىكىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

(1) M1 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى بوۋاقنىڭ ئىككى قەۋەت زاكىسى: ئىچى تەبىئىي ئاق رەڭلىك قىيپاش يوللۇق يۇڭ توقۇلما، تېشى توق قىزىل رەڭلىك تۈز يوللۇق يۇڭ توقۇلما داكىدىن ئىبارەت.

(2) M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان كىيىم - كېچەكلەر خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن تونلار، تونچە ياقىلىق كۆڭلەك، كالتە چاپانلار، ئۇزۇن ئىشتان، يوپكا، يۇڭ توقۇلما ئۇزۇن رومال قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلىمۇ ھەر خىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قىيپاش يوللۇق يىرىك توقۇلما، داكىسىمان يۇڭ توقۇلما، ئۆزگىرىشچان ئۇسۇل بىلەن توقۇلغان توقۇلما ۋە كەشتىلەش، ئۆرۈپ توقۇش ئۇسۇلى بىلەن توقۇلغان توقۇلمىلار بار. بولۇپمۇ ياقا - پەشلىرىنىڭ چۆرىسىگە رەڭدار گۈللۈك جىيەكلەر تۇتۇلۇپ تىكىلگەن ئەرەنچە تون (چاپان)، ئۆزگىرىشچان ئۇسۇلدا توقۇلغان يۇڭ

توقۇلمىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك (ئايالنىڭ) ، ئۆرۈپ توقۇش ئۇسۇلىدا توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن يوپكا قاتارلىقلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

(3) M3 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆرۈپ توقۇش ئۇسۇلىدا توقۇلغان رەڭدار چىلتەكلەردىن توغرىسىغا بىر - بىرىگە چېتىپ (قۇراپ) تىكىلگەن ئۈچ دانە يوپكا، تۈز يوللۇق توقۇش ئۇسۇلىدا نەقىش ئۆرنەكلەرنى چۈشۈرۈپ توقۇلغان بۇيۇملار، بولۇپمۇ تەكتى قوڭۇر، بۆكەن قاتارلىقلارنى ئۆرنەك قىلىپ توقۇلغان يۇڭ توقۇلما رومال قاتارلىقلارنىڭ نۇسخىلىرى نەپىس، رەڭلىرى بەك ماسلاشقان.

(4) M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان كىيىم - كېچەك ۋە يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ سانى، تۈرى كۆپ بولۇپ، بەزى تونچە ياقىلىق ئۇزۇن-قىسقا چاپان - تونلار، ئىشتان - كۆڭلەكلەر M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ قەبرىدىن يەنە باش كىيىم، يوپكا، ئالاھىدە توقۇلمىلار قېزىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 4/4 لىك قىيپاش يوللۇق توقۇلمىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن تونىنىڭ ئېتەكلىرىنىڭ ئاستىغا تۇتۇلغان گۈل نەقىش ئۆرنەكلىرى، بەزى ئۇزۇن ئىشتانلارنىڭ بەل، پۇشقاقلىرىغا چۈشۈرۈلگەن كەشتە ۋە رەڭلىك جىيەكلەر ئاجايىپ چىرايلىق، بەزى رومال قاتارلىق توقۇلمىلارنىڭ تەكتى سېرىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قىزىل رەڭدە قاينام شەكلىدىكى نۇسخىلار سىزىلغان، ھەتتا بەزى توقۇلمىلارنىڭ يۈزىگە تۆگە، يولۋاس، ياۋا تۆڭگۈز، بېلىق قاتارلىق ھايۋانات رەسىملىرى ناھايىتى جانلىق ۋە ئوبرازلىق قىلىپ سىزىلغان. بۇلاردىن ئۇز زامانىسىدا زاغۇنلۇقتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ گۈزەللىكنى بەك ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

(5) M5 - نومۇرلۇق قەبرىدىن رەتلەنگەن توقۇلمىلار ئانچە كۆپ ئەمەس، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزگەرتىشچان توقۇش ئۇسۇلىدا توقۇلغان توقۇلمىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن تون ۋە بىر قىسىم قۇراپ توقۇلغان جىيەكلەر، تەبىئىي ئاق، قوڭۇر رەڭلىك توقۇلما بۆك (باش كىيىم)

قاتارلىقلار مۇشۇ قەبرىدىن تېپىلغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بۇيۇملار ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان بەش قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان كىيىم - كېچەكلەر، توقۇلمىلار ئەجدادلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىشلىتىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى، شۇنداقلا ئۇلار ياراتقان ماددىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 4. كىيىم - كېچەكلەر

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قېلىن ۋە نېپىز، رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئۇزۇن- قىسقا چاپان - ئىشتانلار، كۆڭلەكلەر، يوپكا - رومالّلار، كىگىز ۋە توم ئېگىرىلگەن يۇڭ يىپلاردىن تىكىلگەن قالپاق (قۇلاقچا)، بۆك - پوسمىلار، تېرە(كۆن) دىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكلەر، رەڭدار گۇللۇك، ئۇزۇن كىگىز پايپاق قاتارلىق بىر يۈرۈش كىيىم - كېچەكلەردىن بىز ئۆز زامانىسىدا زاغۇنلۇقتا(جۇملىدىن تارىم ۋادىسىدا) ياشىغان ئەجدادلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى تۆۋەندىكىچە بولغانلىقىنى بىلىمىز:

ئەرلەر بېشىغا كىگىزدىن تىكىلگەن ئېگىز ۋە ئۇچلۇق قالپاقلار (بەزىلىرى قۇلاقچە شەكلىدە، بەزىلىرى توم يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان ئۇچلۇق بۆكلەر) نى كىيگەن بولۇپ، باش كىيىملەرنىڭ كۆپىنچىسىگە قۇش پەيلىرى قادالغان(ياكى قىستۇرۇلغان) ؛ ئۇچىسىغا ياقا، يەڭ، پەشلىرى ھەر خىل شەكىللىك ئۇزۇن تون ۋە قىسقا چاپانلارنى كىيگەن، ھەر خىل توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئىشتانلار يارىشىملىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇشقاقلىرى ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك ۋە گۇللۇك كىگىز پايپاقلارنىڭ ئىچىگە تىقىلغان؛ چاپان ۋە تونلارنىڭ ياقا، پەشلىرىنىڭ چۆرىسىنى بويلىتىپ رەڭدار جىيەكلەر تۇتۇلغان، بەزى تونلارنىڭ يەڭ ئۇچى ۋە تۆۋەنكى پەشلىرىگە رەڭدار نەقىش - ئۆرنەكلەر كەشتىلەنگەن؛ ئاياللار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بېشىغا يۇڭ يىپتىن سىپتا توقۇلغان ئۇچلۇق بۆك، سىرتىغا رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن توقۇلغان تور قاپلىنىپ تەييارلانغان دۈگىلەك (قاسقان شەكلىدە) تۇماق (ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قۇش پەيلىرى قادالغان) كىيگەن؛ ئۇچىسىغا قىلىن، نىپىز، رەڭدار، جۇلالىق يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن، ياقىلىرى دۈگىلەك ۋە «V» شەكىللىك ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى، بەل ۋە پۇشقاقلىرىغا ھەر خىل رەڭدە چىرايلىق ئۆرنەكلەر نەقىشلەنگەن ئىشتانلارنى كىيگەن؛ پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق تېرە (كۆن) ئۆتۈك، ئۆتۈك ئىچىگە گۈللۈك كىگىز پايپاقلار (ياز كۈنلىرى كالتە قونچلۇق ئاياغلار) نى كىيگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇلار يەنە رەڭلىرى تەبىئىي ماسلاشتۇرۇلۇپ، يۇقىرى ماھارەت بىلەن زىچ توقۇلغان ھەر خىل جۇلالىق يۇڭ چىلتەكلەردىن توغرىسىغا چېتىپ قۇراپ تىكىلگەن ئۇزۇن يوپكىلارنى، خۇددى نىپىز شايى ياكى داكىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەپىس يۇڭ رەختلەردىن تىكىلگەن ھەر خىل پاسوندىكى يازلىق كىيىملەرنى كىيگەن؛ ئاياللارنىڭ بويىنى، دۈمبىلىرىنى ئوراپ - يېپىشقا ئىشلىتىدىغان روماللىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇلار ئاياللارنىڭ خاھىشى، ئېھتىياجى بويىچە قېلىن، نىپىز، ئۇزۇن ھەم كەڭ، زىچ ۋە شالاڭ توقۇلغان. ئىككى بېشىدا ئۇزۇن پۆپۈكلەر ساڭگىلاپ تۇرغان، توقۇلۇش ئۇسۇللىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، رەڭدار، كۆركەم روماللارنىڭ بەزىلىرىگە ئاجايىپ چىرايلىق نەقىش - ئۆرنەكلەر چۈشۈرۈلگەن بولسا، بەزىلىرىگە ھايۋانات ئوبرازى ۋە باشقا شەكىللەر ناھايىتى جانلىق سىزىلغان.

1) كىيىملەر

بىز بۇ قېتىم تاللاپ رەتلىگەن كىيىملەر 24 پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ 17 سى بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان. كىيىملەرنىڭ ئالدى پەش، ئارقا بوي، يەڭلىرى كەڭ ئەنلىك، ھەر خىل ئۇسۇلدا توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىلاردىن پىچىپ تەييارلىنىپ، بىر - بىرىگە چېتىپ تىكىلگەن. ئۇلارنى پاسونلىرىغا ئاساسەن ئۇزۇن تون، كۆڭلەكلەر ۋە قىسقا كىيىملەر، دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) ئۇزۇن تون (چاپان) ۋە كۆڭلەكلەر توققۇز پارچە بولۇپ، بۇنىڭ

ئالتىسى M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن، ئۈچى M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈزۈن كۆڭلەكلەرنىڭ سانى ئازراق بولۇپ، M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان ئىككى پارچىسى، M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان بىر پارچىسى تونۇشتۇرۇلدى.

ئوچۇق پەشلىك ئۈزۈن تون(چاپان) لار جەمئىي ئالتە پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت بىرسىلا (M4 : 64) ئاق رەڭلىك، قالغانلىرى قىزىل ۋە قوڭۇر رەڭدە. بۇ تون(چاپان) لارنىڭ ياقا، ئالدى پەش، يەڭ ئۇچى، پەشنىڭ تۆۋىنىگە بىر نەچچە تال رەڭلىك يىپلاردىن ئېشىپ تەييارلانغان جىيەكلەر تۇتۇلغان. بەزى تونلارنىڭ تۆۋەن پەشلىــــرىگە ئايلاندۇرۇپ رەڭدار، كۆركەم نەقىش-ئۆرنەكلەر چۈشۈرۈلگەن. ئەڭ ئېچىرىم ساقلانغان (10 : M2 - نومۇرلۇق) قوڭۇر رەڭلىك ئۈزۈن تون(قىيپاش يوللۇق توقۇلما) 3/3 لىك ئېلىن توقۇلمىدىن تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىــــڭ ئۆلچىمى: كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 45 1 سانتىمېتىر، كۆكرەك ئايلانمىسى04 2 سانتىمېتىر، تــۆۋەنكــى ئېتــەك ئــايلانمىسى 20 2 سانتىمېتىر، يەڭ ئۇزۇنلۇقى 45 سانتىمېتىر، يەڭنىڭ بېشى 27 سانتىمېتىر، يەڭ ئاغزى 13 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئېتەكنىــڭ تۆۋەن بۆلىكى بىلەن يەڭنىڭ ئۇچىغا زىننەتلەش ئۈچۈن 9 ـ 15 سانتىنمېتىر كەڭلىكتە چىلان رەڭلىك يوللۇق نۇسخا قوشۇپ توقۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىككى پەش، تۆۋەنكى پەش، يەڭ ئاغزىنى بويلاپ، چىلان رەڭ (ئىككى ئۆرۈم) ، هال(ئىككى ئۆرۈم) ۋە قىزىل(بىر ئۆرۈم) قاتارلىق بەش ئۆرۈم يىپتىن ئىشلىگەن رەڭلىك جىيەك تۇتۇلۇپ، تېخىــــمۇ كۆركەملەشتۈرۈلگەن. قىزىل رەڭلىك قىيپاش يوللۇق يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلــــىپ، ◫ گــۈللــۈك جىيەكلــەر بىلــەن بېزەلگــەن ئــۇزۇن تــون (34 : M2) ۋە تەكتى قىزىل، قوش رومبا نۇسخىلىق جىيەكلەر بىلەن بېزەلگەن ئۇزۇن تون(2 ـ 57: M4) لارنىڭ ئېتەكلىرىنىــڭ تۆۋەن قىسمىغا يەنىلا چىلان رەڭ، ئاچ قىزىل، كۆك، ساغۇچ، سېرىق رەڭلەردە توقۇپ چىقىرىلغان ◫ نۇسخىلىق ۋە قوش رومبا نۇسخىلىق گۈل نەقىش-ئۆرنەكلىرى چۈشۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئۆزۈن كېيىملەر ئىچىدە M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئەر (مېيىت) گە كىيدۈرۈلگەن قوڭۇر كېيىم بىلەن 64 : M4- نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان تەبىئىي ئاق رەڭلىك ئۆزۈن كېيىمنىڭ ئالدى پەشلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە چىرىپ كەتكەنلىكتىن، ئالدى قىسقا، كەينى ئۆزۈن بولۇپ قالغان.

ئۆزۈن كۆڭلەكلەر ئىچىدە M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئايالغا كىيدۈرۈلگەن قىزىل (چىلان رەڭ)، قىيپاش يوللۇق قېلىن توقۇلمىدىن تىكىلگەن ئۆزۈن كۆڭلەك (1/2 لىك قىيپاش يوللۇق توقۇلما) بىلەن 21 : M2 - نومۇرلۇق ئۆزۈن كۆڭلەك (قىزىل رەڭلىك، توغرىسىغا كۆپتۈرمە يول چىقىرىپ توقۇلغان رەختتىن تىكىلگەن) لەر ھازىرمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى دائىم كىيىدىغان ئۆزۈن كۆڭلەكلەرگە بەكلا ئوخشايدۇ. M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئايالغا كىيدۈرۈلگەن قىزىل (چىلان رەڭ) كۆڭلەكنىڭ تىكىشلىرىنى بويلاپ كۆك، قوڭۇر، ئاق رەڭلىك يىپلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆرگەن جىيەكلىك يىپلار باستۇرۇپ تىكىلگەن (2 - رەسىمگە قاراڭ). قىزىقارلىقى، كىيىپ سېلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ كۆڭلەكنىڭ ئىككى قولتۇق يېنىدىن 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ھەم يوچۇق چىقىرىلغان. يۇقىرىدىكى كۆڭلەكلەرنىڭ رەڭلىرى بىلەن جىيەك- چىلتەكلىرىنىڭ رەڭلىرى ئوچۇق، جۇلالىق بولۇپ، ئۆز ئارا بەك ماسلاشقان.

(2) قىسقا كىيىملەر (كالتە چاپان، كۆڭلەكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سەككىز پارچە بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئالدى ئوچۇق پەشلىك قىلىپ تىكىلگەن. بۇ خىل كىيىملەرنىڭ كۆپرەكى نېپىز (شالاڭ) توقۇلغان تۈز يوللۇق رەختلەردىن تىكىلگەن بولسا، بەزىلىرى تەكتى داكىسىمان، تىك يول چىقىرىپ توقۇلغان رەختلەردىن تىكىلگەن؛ 64 : M2 - نومۇرلۇق تەكتى قىزىل، توغرىسىغا كۆپتۈرمە يول چىقىرىپ توقۇلغان يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن كىچىك بالىنىڭ ئالدى ئوچۇق پەشلىك كىيىمى داكا - شايىلارغا ئوخشاش نېپىز بولۇپ، رەختنىڭ قېلىنلىقى 0.073 سانتىمېتىر، كۆپتۈرمە يوللۇق توقۇلمىنىڭ قېلىنلىقى ئاران 0.095 سانتىمېتىر

كېلىدۇ. ئۇ كېيىمنىڭ يەڭلىرى تار بولۇپ، ئالدى ئىككى پېشى، يەڭ، ياقىلىرىدىكى تىكىشلەر بىلەن قوشۇپ كۆك يىپ باستۇرۇلغاندىن تاشقىرى، ئالدى پەشلىرىنىڭ ئىككى قىرى، مۇرىلىرىنى بويلاپ كۆك، قىزىل، ئاق رەڭلىك يىپلاردىن ئۆرۈپ توقۇلغان جىيەكلەر تۇتۇلغان.

ئومۇمەن، يۇقىرىقى كىيىملەرگە تۇتۇلغان (قوشۇپ باستۇرۇپ تىكىلگەن) رەڭدار جىيەكلەر كىيىملەرنىڭ بىر پۈتۈن تاشقى قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەندىن باشقا، كىيىملەرنىڭ ئۇزۇنى ۋە توغرىسى ئارىلىقىدىكى سېلىشتۇرمىنى تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇپ، ھەر قايسى بۆلەكلىرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەن؛ رەڭلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى، رەڭلەرنىڭ تەبىئىي ھالدا ئۆز ئارا ماسلىشىشى كىيىملەرنىڭ كۆركەملىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

2) ئۇزۇن ئىشتانلار

بىز تاللاپ رەتلىگەن ئۇزۇن ئىشتان يەتتەپارچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن، بەشى M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان. بۇ ئۇزۇن ئىشتانلارنىڭ ئاغلىرى ھەر خىل شەكىلدە، مەسىلەن، پەلەمپەي - بالداق شەكىلدە، بەزىلىرى ئۇزۇن چاسا شەكىلدە تىكىلگەن. 1 - 33 : M2 - نومۇرلۇق تەبىئىي ئاق رەڭلىك يۇڭ توقۇلما (قىيپاش يوللۇق) دىن تىكىلگەن ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 125 سانتىمېتىر، بەل ئايلانمىسى 119 سانتىمېتىر، پۇشقاق كەڭلىكى 61 سانتىمېتىر بولۇپ، پەلەمپەي - بالداق شەكىلدە تىكىلگەن‌ئېغىنىڭ ئەڭ كەڭرى يېرى 44 سانتىمېتىر كېلىدۇ. 57 : M4 - نومۇرلۇق چىلان رەڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن ئىشتان بىلەن M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئەر جەسەتكە كىيدۈرۈلگەن قوڭۇر ئىشتاننىڭ ئاغلىرى ئۇزۇن تۆت چاسا شەكىلدە تىكىلگەن. بەزى ئۇزۇن ئىشتانلارنىڭ بەل ۋە پۇشقاقلىرىغا رەڭلىك جىيەكلەر تۇتۇلغاندىن تاشقىرى، كەشتىسىمان رەڭدار ئۆرنەكلىك جىيەكلەر بىلەن بېزەلگەن. ئىشتاننىڭ بەل قىسمىدىكى كەشتىسىمان بېزەكلەر ھەرە چىشى ئۆرنەكلىك بولسا، پۇشقاقلىرىغا قاينام شەكىللىك بېزەكلەر چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى كۆركەم ۋە يارىشىملىق كۆرۈنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

3) يوپكىلار

قېزىۋېلىنغان كىيىم - كېچەكلەر ئىچىدىن رەتلەپ تاللانغان يوپكىلار يەتتە پارچە(M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر پارچە، M3 - نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۈچ پارچە، M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۈچ پارچە) بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى توغرىسىغا چېتىلىپ تىكىلگەن. M2 - ۋە M3 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان يوپكىلارنىڭ تولىسى ئۆرۈش ئۇسۇلىدا توقۇلغان رەڭدار جىيەكلەردىن قۇراپ تىكىلگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەقەت بىر خىللا رەڭدە توقۇلغان جىيەكلەردىن قۇراپ تىكىلگەن بولسا، بەزىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل رەڭدىكى جىيەكلەردىن ھاسىل قىلىنغان تەگلىك ئۈستىدە توغرىسىغا قۇراپ چىقىرىلغان ئۆرنەكلەردىن گۈللۈك قىلىپ تىكىلگەن؛ 2 : M3- نومۇرلۇق تەكتى قىزىل توغرا يوللۇق يوپكا 49 تال جىيەك(قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل رەڭلىك) تىن قۇراپ تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تىكىلىشى تۆۋەندىكىچە: بىر تال قىزىل جىيەك قۇراپ تىكىلگەندىن كېيىن، يەنە باشقا خىلدىكى رەڭلىك جىيەكلەردىن قۇرالغان، مەسىلەن، قىزىل - كۆك - قىزىل؛ قىزىل - يېشىل - قىزىل. . . ۋە باشقىلار. قۇراپ تىكىلگەن رەڭدار گۈللۈك بۇ يوپكىلار كىشىگە ھەسەن - ھۈسەننى ئەسلىتىدۇ. يەنە بىر خىلى 3/2 لىك قىيپاش يوللۇق، قىزىل، كۆك (يېشىل)سېرىق رەڭلىك، ئېنى 10ـ 20 سانتىمېتىر كېلىدىغان يۇڭ توقۇلمىلارنى توغرىسىغا بىر - بىرىگە ئۇلاپ تىكىلگەن ئۇلاق يوپكىلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 59:M4 - نومۇرلۇق يوپكا بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 94 سانتىمېتىر، ئايلانمىسى (كەڭلىكى) 210 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ ئۇلاق يوپكا قىزىل، توق سېرىق، قىزىل، ئاچ سېرىق، قىزىل رەڭلەردىكى 5 پارچە(ئەن) قىيپاش يوللۇق توقۇلمىدىن ئۇلاپ تىكىلگەن(7 - سۈرەتكە قاراڭ).

4) روماللار

قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە رەتلىنىپ تىزىملانغان روماللار

بەش پارچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىللە قوشۇپ توقۇلغان مەخسۇس ھەر خىل گۈل ئۆرنەك نۇسخىلىرى، ئىككى بېشىدا پۆپۈكلىرى بار. مەسىلەن، 5: M2 - نومۇرلۇق تەكتى كۆك، قىزىل يول چىقىرىپ توقۇلغان رومالنىڭ (ئۇزۇنلۇقى 114.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 55 سانتىمېتىر) يۇزىگە ئۈچ گۇرۇپپا قىزىل رەڭلىك يول (ئۇزۇنىسىغا) چىقىرىپ توقۇلغان. رومالنىڭ چىداملىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىككى بېشىنىڭ قىرىنى بويلىتىپ توغرىسىغا يەنە بىر قۇر قىزىل ئۆرۈش (يول) قوشۇپ توقۇلغان (3 - رەسىمگە قاراڭ). رومال پۆپۈكلىرى (ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا) ئۆرۈش يىپلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېشىۋېتىلگەن. 10 : M3- نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان تەكتى قوڭۇر رومال گەرچە تىتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى بۆكەن، تۆگە ئوبرازلىق ئۆرنەكلەر ناھايىتى ئېنىق ۋەچىرايلىق. 79: M4- نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان تەكتى سېرىق، قىيپاش يوللۇق توقۇلمىدىن تەييارلانغان روماللارغا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆرنەكلەر چۈشۈرۈلگەن. رومااللارغا چۈشۈرۈلگەن قاينام (يۆگىمەچ گۈل) ئۆرنەكلىك گۈل نۇسخىلار قىزىل رەڭ بىلەن قولدا سىزىلغان بولۇپ، بۇيۇملارغا ھۆسن ئۈستىگە ھۆسن قوشقان. 80: M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان رومال (2/2 لىك قىيپاش يوللۇق توقۇلما) خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان، ئۇزۇنلۇقى 47 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 60 سانتىمېتىر، پۆپۈكلىرىنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

5) باش كىيىملەر

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى (M1، M3، M4، M5)دىن تېپىلغان باش كىيىملەرنىڭ سانى 10 دىن ئاشىدۇ. باش كىيىملەرگە قوي يۇڭى ئاساسلىق خام ماتېرىيال قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۇختا ئېتىلگەن كىگىزدىن، بەزىلىرى يۇڭ رەختتىن، بەزىلىرى ھەر خىل ئېشىلگەن يۇڭ يىپلاردىن تەييارلانغان. قويۇق يەرلىك ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە باش كىيىملەرنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلار قالپاق، تۇماق، قۇلاقچا، توربۆك، پوسما قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرلەرگە، شەكىل جەھەتتىن قۇش بويۇنلۇق ئېگىز قالپاق، ئىككى يېنىغا ھايۋان مۈڭگۈزى شەكلى ئورنىتىلغان قۇلاقچا، قاسقان شەكىللىك تور تۇماق، ئۇچلۇق قالپاق، يۇڭ يېپتىن توقۇلغان ئۇچلۇق تور بۆك، تىۋىتى ئۆرلەپ تۇرىدىغان (رەڭلىك) پوسما قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. تۆۋەندە ئالاھىدە شەكىلگە كەلتۈرۈپ تىكىلگەن (توقۇلغان) باش كىيىملەردىن بىر نەچچىسىنى ئايرىم تونۇشتۇرىمىز:

(1) M3 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان قۇش بويۇنلۇق ئېگىز قالپاق: تەبىئىي قارا (قوڭۇر) رەڭلىك كىگىزدىن تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى كەڭ، ئۈستى تار ھەم ئۇچلۇق، خۇددى قۇشنىڭ بويىنى ۋە بېشىغا ئوخشايدۇ. قالپاقنىڭ ئېگىزلىكى 35 سانتىمېتىر، ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ ئايلانمىسى 52 سانتىمېتىر، ئۈستى تومشۇق كەسمىسى 5 سانتىمېتىر. قالپاقنىڭ قىر (چەك) گىرۋەكلىرى تەبىئىي ئاق يۇڭدىن ئېشىلگەن يىپ بىلەن 74 يەردىن پەرلەنگەن، ئۇنىڭ گىرۋەكلىرى ئارقىسىغا قايرىلغان، ئارقا تەرەپىنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلانغان چېكىنى بويلاپ ھەر قاتىرى 14 تالدىن ئىككى قاتار موي (قىلغا ئوخشايدىغان بىر خىل تەبىئىي قارا رەڭلىك موي) باستۇرۇپ تىكىلگەن. مويلارنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئورنى: 1 - قاتاردىكى 1 -، 2 -، 4 -، 9 -، 10- تىكىشلەردە؛ 2 - قاتاردىكى 1 -، 2 -، 5 -، 6-، 7-، 10-، 11 -، 12 - تىكىشلەردە بولۇپ، قالغانلىرى چۈشۈپ (تۈزۈپ) كەتكەن بولسىمۇ، موي قىستۇرۇلغان ئورنىنى يەنىلا ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ (8- سۈرەتكە قاراڭ).

(2) مۈڭگۈز شەكلى ئورنىتىلغان قۇلاقچا: M4 : 48 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ ئۆلچەپ كېسىلگەن ئىككى پارچە ئاق كىگىزدىن تىكىلگەن. قۇلاقچىنىڭ ئۈستى (ئالدى) تەرىپىگە كىگىز پارچىسىدىن ھايۋان مۈڭگۈزىگە ئوخشىتىپ تىكىلگەن «مۈڭگۈز» ئورنىتىلغان، ئۇزۇنلۇقى 24 سانتىمېتىر (بىر تەرىپى 12 سانتىمېتىر) قۇلاقچىنىڭ ئېگىزلىكى 15 سانتىمېتىر (قۇلاقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر)، ئاغزىنىڭ كەسمىسى 25 سانتىمېتىر، ئىككى قۇلاق ئۇچىغا

يۇڭ شوينا بېكىتىلگەن(9 ـ سۈرەتكە قاراڭ).

(3) ئۈچلۈق تور بۆك [ئۈچلۈق تور بۆكلەرنىڭ بەزىلىرى قارا (قوڭۇر) رەڭلىك، ئىنچىكە، توم يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان(تىكىلگەن) بولۇپ، بىر قانچە بۆكنىڭ سۈرىتى بېرىلدى] M5 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇ ئۈچلۈق توربۆك ياخشى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، تومىراق ئېگىرىلگەن تەبىئىي ئاق رەڭلىك يۇڭ يىپتىن توقۇپ (36 قۇر) تەييارلانغان، ئېگىزلىكى 22.5 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 18 سانتىمېتىر؛ بۆكنىڭ ئۈچ تەرىپىگە ئاق رەڭلىك پەي قىستۇرۇلغان(10ـ سۈرەتكە قاراڭ).

(4) تور قاپلانغان تۇماق: 47 : M4 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇ ئالاھىدە تۇماقنىڭ تىكىلىشى ئۆزگىچە بولۇپ، ئالدى بىلەن ھەر خىل قوي يۇڭلىرى 20 سانتىمېتىر توملۇقتا دۇگىلەك شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنى سىرتىدىن يۇڭ شوينا بىلەن چىڭ ئوراپ قاسقان شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ سىرتىنى قوڭۇر رەڭلىك ئىنچىكە يۇڭ يىپتىن يول چىقىرىپ سىپتا توقۇلغان تور بىلەن قاپلىغان. بۇ ئالاھىدە باش كىيىمنىڭ ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر، ئايلانمىسى 84 سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ باش كىيىمنىڭ ئۈستىگە قۇش پېيى قادالغان.

## 5. يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى

ئۆز زامانىسىدا زاغۇنلۇقتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ھۈنەر- تېخنىكىسىغا تايىنىپ تەييارلىغان كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ئىشلەتكەن ھەر خىل رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ توقۇلۇش ئۇسۇلى، قۇرۇلمىلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ قېتىم رەتلەنگەن كىيىم ـ كېچەك ۋە ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدە قىيپاش يوللۇق توقۇلما 29 پارچە، تۈز يوللۇق توقۇلما 27 پارچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

داكىسسىمان توقۇلما يەتتە پارچە، تۈز يوللۇق ئۆزگىرىشچان قۇرۇلمىلىق توقۇلما ئۈچ پارچە، كەشتىسىمان توقۇلما ئىككى پارچە بولۇپ، ئۆرۈپ توقۇش ئۇسۇلى بىلەن توقۇلغان توقۇلمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

ھەر خىل رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئۇزۇن - قىسقا تون، چاپان، كۆڭلەك، ئىشتان، يوپكا، رومال قاتارلىقلارنىڭ ئەنلىرى، كىيىم- كېچەكلەرنىڭ ئۆلچىمى، پاسونى، تىكىلىش ئېھتىياجى بويىچە بېكىتىلگەن. شۇڭا، ئۇلارنى «يۇڭ توقۇلمىلار ۋە كىيىم - كېچەكلەر دۇنياسى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ چىدامىلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن،ئۇلارغا ھەر خىل توقۇش ئۇسۇلىدا گىرۋەك - جىيەكلەر چىقىرىلغان. ئۆرۈشكە بىرىكتۈرۈپ گىرۋەك چىقىرىلغان توقۇلمىلار ئىچىدە قىيپاش يوللۇق توقۇلمىلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. قېزىۋېلىنغان ھەر خىل تون، چاپان، ئىشتان، كۆڭلەك بىر - بىرىگە چېتىپ ئۇلاپ تىكىلگەن يوپكا، رومال قاتارلىقلار چۆرىسىگە چىدامىلىق گىرۋەك چىقىرىلغان يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن. يۇڭ توقۇلمىلارغا ئىشلىتىلگەن ساپ يۇڭ يىپلارنىڭ ئېگىرىلىشى(ئۆرۈش ۋە ئارقاقلىرىنىڭ ئېگىرىلىشى) كۆپرەك «Z» يۆنىلىشتە، تاق يىپلار «Z» يۆنىلىشتە بولسا، بىرىكمە ياكى كۆپ قاتلىق يىپلار «S» يۆنىلىشتە ئېگىرىلگەن؛ ئۆرۈش، ئارقاق يىپلار توقۇلمىلاردا ئادەتتە تاق ئېگىرىلگەن، ئىككى(قوش) قات ئېگىرىلگەنلىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئادەتتە، تۈز يوللۇق توقۇلمىلاردا ئارقاقلىرىنىڭ تىزىلىشى شالاڭراق، ئۆرۈشلىرىنىڭ تىزىلىشى زىچراق بولسا، قىيپاش يوللۇق توقۇلمىلاردا ئارقاقلار زىچراق، ئۆرۈشلەر شالاڭراق تىزىلغان.

زاغۇنلۇقتا ياشىغان ئەجدادلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قالاق بولغان شارائىت ئاستىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلارنى بېزەپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرگەن. توقۇلمىلارغا كەشتىسىمان گۈل - ئۆرنەكلەرنى چىقىرىش، رەسىم سىزىش قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، يۇڭ توقۇلمىلارنى بېزەش بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ

تۆرمۆشىنىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن. M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن رەڭلىك سىزما رەسىم ئۆرنەكلىك يۇڭ توقۇلمىلار كۆپرەك تېپىلدى. مەسىلەن، 2 ـ 23: M4 - نومۇرلۇق ئاق رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىغا قىزىل رەڭدە ياۋا توڭگۇز بىلەن قوش ئۆركەشلىك تۆگىنىڭ ئوبرازى سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا (توقۇلمىدا ساقلىنىپ قالغىنى) تۆت قاتار، ھەر قاتارىدا تۆت تۇياق توڭگۇز ۋە تۆگە ئوبرازى بار. M4 : 79 - نومۇرلۇق تەكتى سېرىق ئۈچ پارچە رومالنىڭ ئۈستىگە قىزىل رەڭدە قاينام ۋە سۇ دولقۇنلىرىنىڭ تەسۋىرى سىزىلغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا لايىقلاشتۇرۇپ يۇڭ توقۇلما يۈزىدىكى بوشلۇقلارغا قارا ۋە سۇس سېرىق رەڭلەردە ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك ئۆرنەكلەر سىزىلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، سېرىق رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق پايپاققا قىزىل رەڭدە يولۋاسلارنىڭ ئوبرازى ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ سىزىلغان؛ 1 ـ 23: M4- نومۇرلۇق سېرىق رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىغا بېلىقلارنىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ھالەتتە تۇرغان قىياپەتلىرى ناھايىتى جانلىق سىزىلغان.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئېسىل رەڭلىك سىزما رەسىم ئۆرنەكلىك يۇڭ توقۇلمىلار ئەجدادلارنىڭ گۈزەل سەنئەت (رەسساملىق) تالانتىنى ئەتقىق قىلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك ماددىي بۇيۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىيىم - كېچەكلەر ئىچىدىكى تون، چاپان، ئىشتان قاتارلىقلارنىڭ پەش - ئېتەكلىرى، بەل - پۇشقاقلىرىغا كەشتىسىمان گۈل چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ھەر خىل ئۆرنەكلەر توقۇلۇپ، كىيىملەر بىلەن ئۆرنەكلەر تەبىئىي يوسۇندا بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇلار ئېھتىياجغا قاراپ توقۇلمىلارنىڭ مۇۋاپىق بۆلەكلىرىگە رەڭلىك ئارقاقلارنى ئۆرۈشلەر بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ توقۇش ئۇسۇلى بويىچە توقۇپ چىقىرىلغان. مەسىلەن، M2 :34 - نومۇرلۇق قىزىل توننىڭ تۆۋەنكى ئېتەكلىرىگە 13 سانتىمېتىر كەڭلىكتە كۆك، سېرىق، قىزىل يىپلاردىن ⊟ نۇسخىلىق ئۆرنەك چىقىرىلغان. 2 ـ 57 : M4 - نومۇرلۇق، 4/4 لىك قىيپاش يوللۇق توقۇلمىدا تىكىلگەن تونغا قوش رومبا نۇسخىلىق ئۆرنەك چىقىرىلغان؛ M4 :50 - نومۇرلۇق ئىشتاننىڭ بەل ۋە پۇشقاقلىرىغا قوڭغۇر، كۆك،

www.uyghurkitap.com

يىشىل يىپلاردىن قايىنام، دولقۇن شەكىللىك كەشتىسىمان ئۆرنەكلەر توقۇپ چىقىرىلغان. يەنە بىر پارچە تەكتى چىلان رەڭ تەگلىك ئۈستىگە سۇس سىرىق، قىزغۇچ سىرىق، كۆك رەڭلىك يىپلار بىلەن دولقۇن شەكىللىك ئۆرنەك چىقىرىلغان. 6 : M4 - نومۇرلۇق ئۆلاق يوپكىنىڭ بىزەكلىرى ئۆزگىچە، ئۇنىڭغا قىزىل، سىرىق، يىشىل، كۆك، ئاق رەڭلىك يىپلاردىن قوي مۈڭگۈزى شەكلىدىكى غەيرىي ئۆرنەك چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ كەشتىسىمان ئۆرنەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 77 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 .10 ـــ 7 .12 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنى ئىككى خىل رەڭلىك يىپنىڭ تۇتاشقان يېرىدىن باشقا رەڭلىك ئارقاقنى بىر تال ئۆرۈش بىلەن بىرگە يۆگەپ، كېيىن يەنە ئۆرنەكنىڭ كىرەكلىك يېرىگە قايتۇرۇپ بىرىكتۈرگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە بىر خىل كەشتىسىمان گۈل - ئۆرنەك چىقىرىش ئۇسۇلىمۇ بار بولۇپ، ئۇنى شالاڭ تۈز يوللۇق تەگلىك ئۈستىگە، يەنە تۈز يوللۇق توقۇش ئۇسۇلىدا رەڭلىك ئۆرنەكلەرنى توقۇپ چىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەييارلىغان. بۇ خىلدىكى ئىبىسل توقۇلمىلاردىن ئۈچ خىلى تېپىلدى، ئۇ توقۇلمىلارغا توقۇپ چىقىرىلغان ئۆرنەكلەرنىڭ ستېرېئولۇگىقى كۈچلۈك بولۇش بىلەن بىللە، ئىشلىتىلگەن يۇڭ يىپلارمۇ رەڭدار، مەسىلەن، 10 : M3 - نومۇرلۇق تەكتى قوڭۇر توقۇلمىغا قىزىل، كۆك، ئاق، قىزغۇچ سىرىق رەڭلەردە، مۈڭگۈزلىرى يېتىلگەن قامەتلىك بۆكەنلەرنىڭ ئوبرازى ناھايىتى چىرايلىق توقۇپ چىقىرىلغان.

شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە تېخى تۇنجى قېتىم تېپىلغان، ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان مۇشۇنداق ئىبىسل، رەڭدار، نەپىس ئۆرنەكلىك توقۇلمىلار ئەتىۋارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ قىممەتلىك ماددىي پاكىت بولۇپ سانىلىدۇ.

## 6. يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ بويىلىشى

قېزىۋېلىنغان رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلارنى كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ

بويىلىشىدا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئەھۋال مەلۇم بولدى:

(1) يۇڭ توقۇلمىلارنى توپ بويىچە بوياش ۋە پارچە بويىچە بوياش ئۇسۇلى

بەزى يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ يىرتىلغاندىن كېيىن كۆرۈنۈپ قالغان تالالىرى بىلەن يۈزىدىكى رەڭلىرىنىڭ توقۇلمىلارنىڭ كەينىدىكى رەڭلەردىن سۇس بولغانلىقى ئۇنىڭ توپ بويىچە بويالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. M4 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان تەكتى سېرىق، ئۈستىگە قىزىل رەڭدە قاينام ئۆرنەكلىك گۈل سىزىلغان ئۇزۇن رومال بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ، يەنە بەزى قىزىل رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ رەڭگى بارا - بارا ئۆڭۈپ، ئاچ قىزىل ياكى سېرىققا ئۆزگىرىپ كەتكەن (M4 : 77 - نومۇرلۇق قىزىل رەڭلىك توقۇلما) . يۇقىرىقى ئەھۋاللار توقۇلمىلارنىڭ توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن توپى بويىچە بويالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا، زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن يەنە بىر مۇنچە ھەر خىل بويالغان يۇڭلار بىلەن رەڭلىك يۇڭ يىپلارمۇ تېپىلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بەزى يۇڭ توقۇلمىلار، بولۇپمۇ ناھايىتى قېلىن يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن تونلار ۋە ئۇلارنىڭ كەشتىسىمان ئۆرنەكلەر چىقىرىلغان بۆلەكلىرى بويالغان يۇڭلاردىن ئېشىپ تەييارلانغان يۇڭ يىپلار بىلەن توقۇلغانلىقى ئېنىق.

(2) بوياق ماتېرىياللىرى

زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلارغا ئىشلىتىلگەن بوياق ماتېرىياللىرىنى ئىلمىي ئانالىز قىلمىغان بولساقمۇ، ئۇلارنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ يەنىلا مىنېرال ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئاساس قىلغانلىقىنى جەزم قىلالايمىز. چۈنكى مىنېرال خام ئەشياسى سېرىق مەرگىمۇش بىلەن زەرنىخ قاتارلىقلاردىن سېرىق بوياق ھاسىل بولىدۇ. بەزى قىزىل رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەندىن كېيىن سۇس قىزىل ياكى سېرىق رەڭگە ئۆزگەرگىنىگە قاراپ، ئۇنىڭ بوياق ماتېرىيالىنىڭ رويان (ئوردان) ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارىم بوستانلىقلىرىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق ھۈنەر - تېخنىكىسىنى ئىنچىكە كۆزەتسەك، ئۇنىڭدا بىر خىل قەدىمكى يەرلىك ھۈنەر - تېخنىكىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش قورال سايمانلىرىنىڭمۇ ناھايىتى قەدىمىي، ئىپتىدائىي ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە ئەڭ قەدىمكى (ئىپتىدائىي) دۇكان - دەستىگاھلاردا ئولتۇرۇپ، ساپ تۆگە يۇڭىدىن ئېگىرىلگەن يىپلار بىلەن چەكمەن ۋە تىۋىت ئارىلاشتۇرۇلغان تۆگە يۇڭىدىن تىۋىتلىق چەكمەن، تىۋىت رومال، يۇڭ پالاس، كاشا(بەلگە ئورايدىغان)، ئات - ئۇلاغلار يوپۇقى، يۇڭ تاغار، يۇڭ خۇرجۇن قاتارلىق توقۇلمىلارنى توقۇيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بوياقچىلىقى ئۇزۇن تارىخقا، خاس يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلار بوياق ئۈچۈن تۇخۇمەك، زاڭ، زەمچى، ئانار پوستى، ياڭاق پوستى، يۇلغۇن چېچىكى، ئۈرۈك قوۋزىقى، تۆمۈر دېتى، داشقال قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى بوياق ماتېرىيال خۇرۇچلىرىنى تەجرىبىلىك ئۇستىلار قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر - بىرىگە تەڭشەپ، ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قىزىل، نىل، قارا، قارا كۆك، زەيتۇن رەڭ، سۆسۈن، جىگەررەڭ، شاپتۇل چېچىكى، ئانار گۈلى، خورما رەڭ، توپا رەڭ، يېشىل، ئەت رەڭ، توق سېرىق، تۇخۇم سېرىقى قاتارلىق كۆپ خىل رەڭلەرنى ئىشلەيدۇ. بۇ خىل بوياق - رەڭلەرنىڭ سۈپىتى ئېسىل بولۇپ، ئەسىرلەر بويى ئۆچمەيدۇ.

## 7 . باشقا يادىكارلىقلار

بۇ قېتىم «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دا ئېلىپ بېرىلغان قېزىپ رەتلەش خىزمىتى جەريانىدا، قېزىپ رەتلەنگەن بەش قەبرىدىن

تېپىلغان باشقا خىلدىكى يادىكارلىقلارنىڭ سانى، تۈرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۈنىڭ ئۈستىگە، M3، M4، M5 - نومۇرلۇق قەبرىلەر باشقىلار تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكتىن، ئۇ قەبرىلەرگە قويۇلغان ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭمۇ ئەسلى قويۇلغان ئورنى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. بەزى يادىكارلىقلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزۇلغان. شۇڭا بۇ خىل يادىكارلىقلارنى قەبرىدىكى ئەسلى ئورنى ۋە رەت تەرتىپى بويىچە تولۇق تونۇشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولمىدى. تۆۋەندە قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان تۆۋى دۈگىلەك (قازان تەكتى شەكلىدە) ياسالغان قوڭۇر رەڭلىك ساپال قاچىلار، سوغا (ياغاچ چېلەك)، ئوق باشىقى ۋە ئوق دەستىسى بىلەن بىللە ئويۇپ ياسالغان ئوقيانىڭ ئوقلىرى، ياغاچتىن ياسالغان تارغاق، ئۇرچۇق، قامچا دەستىسى، سۆڭەك ۋە مۈڭگۈزدىن ياسالغان بۇيۇملاردىن قوشۇق، تاغاق، ئىلمەك قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرىمىز:

M2 : 7 ـ 01 - نومۇرلۇق تەكتى دۈگىلەك، قوڭۇر رەڭلىك ساپال قاچا سىدام، گۈل - نەقىشلىرى يوق، قولدا ياسالغان. گىرۋەكلىرى تۈز، تەكتى يۇمىلاق. ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 23 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 0.9 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

M2 : 7 ـ 02 - نومۇرلۇق تەكتى دۈگىلەك، قوڭۇر رەڭلىك ساپال قاچا قولدا ياسالغان، گۈل - نەقىشلىرى يوق، سىدام، تەكتى يۇمىلاق، گىرۋەكلىرى تۈز بولۇپ، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 13 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

M2 : 7 ـ 03 - نومۇرلۇق تەكتى دۈگىلەك، قوڭۇر رەڭلىك ساپال قاچىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى يۇقىرىدىكىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

85QZM3:2 - نومۇرلۇق تەكتى دۈگىلەك، قوڭۇر رەڭلىك ساپال قاچا قولدا ياسالغان، گۈل - نەقىشلىرى يوق، سىدام، تەكتى يۇمىلاق، گىرۋەكلىرى تۈز بولۇپ، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 16 سانتىمېتىر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېگىزلىكى 11 سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 6 مىللىمېتىر كېلىدۇ.

1 : M4 - بىر قۇلاقلىق ساپال كوزا قوم ئارىلاشما لاي بىلەن قولدا ياسالغان. سۇس كۆلرەڭ، تەكتى يۇمىلاق بولۇپ، ئاغزى ئۇزۇنچاق، ئالدىغا ئۆسۈپ چىققان ئوقۇرسىمان جوغىسى بار (گۈل ـ نەقىشلىرى يوق) . ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 24 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 48 سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

1 : M3 - سوغا (ياغاچ چېلەك) ئىچى كاۋاك توغراق كۆتىكى (ياغىچى) دىن ياسالغان بولۇپ، يۇقىرى (ئاغزى) تەرىپىگە يونۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىككى قۇلاق چىقىرىلغان. سوغىنىڭ ئاستى تۈز، ئۇنىڭغا 8 مىللىمېتىر قېلىنلىقتىكى توغراق تاختىيىدىن تەگلىك ئورنىتىلغان بولۇپ، تەگلىك 8 دانە ياغاچ مىخ بىلەن ھەم قىلىپ بېكىتىلگەن. سوغىنىڭ يۇقىرى (ئاغزى) گىرۋىكىدە توغراق كۆتىكىنىڭ تەبىئىي پۇتاق ئىزى بار (كۆتەكتىكى پۇتاق ياغىچى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى قۇرۇپ، قاغجىراش نەتىجىسىدە چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىزى قالغان) . بۇ سوغىنىڭ ئېگىزلىكى 32 سانتىمېتىر، كەڭلىكى (دىئامېتىرى) 17.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىر، قۇلاق قىسمىنىڭ كەڭلىكى 4.4 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

تەبىئىي توغراق كۆتىكىدىن ئەپچىللىك بىلەن ياسالغان بۇ سوغا چەرچەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇن ياسىغان سۇ قاچىلاش بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئىي ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ ئىشلەتكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. قىزىقارلىقى، تارىم ۋادىسىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ توغراق، سۆگەت، تېرەك، ئۈجمە، جىگدە قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ كۆتەكلىرىنى ئويۇپ يونۇش ئارقىلىق سوغا، تۈلۈك، تەڭنە، ئاياق (تاۋاق)، ئۇلاق، قولۋاق، ئوقۇر قاتارلىقلارنى ياساپ ئىشلىتىدۇ.

3QZM : 85QZM3 ياغاچ ئوقلار (ئوق دەستىسى بىلەن ئوق باشىقى

بىللە ئويۇپ ياسالغان) ، M3 - قەبرىدىن بۇ خىل ياغاچ ئوقتىن سەككىز تال قېزىۋېلىندى. بۇنىڭدىن ئالتىسى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان، ئىككىسىنىڭ باشاق قىسمى يوقالغان. بېجىرىم ساقلىنىپ قالغان ئالتە تال ياغاچ ئوقنى ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تۆتىنىڭ ئوق دەستىسى بىلەن بىللە ئويۇپ ياسالغان باشاقلىرى قىرلىق، ئۇچلۇق، ئۆتكۈر بولۇپ، باشاق قىرىنىڭ ئىككى يېنىدا قارماقسىمان ئىلمىكى بار؛ قالغان ئىككىسىنىڭ باشاقلىرى ئىلمەكسىز، تومراق قىلىپ ياسالغان. تۆۋەندە ياغاچ ئوقلاردىن ئىككىسىنىڭ ئۆلچىمىنى تونۇشتۇرىمىز:

بىرىنچى خىلدىكى (قارماقسىمان ئىلمىكى بار، قىرلىق، ئۇچلۇق) ياغاچ ئوقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 72 سانتىمېتىر، باشاق قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4 مىللىمېتىر؛ ئىككىنچى خىلدىكى (باشىقى ئىلمەكسىز، تومراق) ياغاچ ئوقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 سانتىمېتىر، باشاق قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.3 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 6 مىللىمېتىر كېلىدۇ. ياغاچ ئوقلارنىڭ ھەممىسىگە كىرىكچە تىرىلىدىغان تىرەكلەر ئويۇپ چىقىرىلغان.

بىزگە مەلۇمكى، سىپتا تاش قوراللاردىن تاش ئوق (قاتتىق جىنسلىق تاشلاردىن ياسالغان تاش ئوق)، ئېگىلىشچان ۋە چىدامىلىق ياغاچ ماتېرىياللىرىدىنى يا، ھايۋانلارنىڭ تېرە، پەيلىرىدىن كىرىچ ئىختىرا قىلىنىپ، ئىنسانلار دەسلەپكى ئوقيانى ياساپ چىققاندىن كېيىن، بۇ يېڭىلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئەجدادلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىشلىرىغا نۇرغۇن قولايلىق يارىتىپ بەرگەن.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان دەستىسى بىلەن بىللە (تۇتاش قىلىپ) ئويۇپ ياسالغان قىرلىق، ئۇچلۇق، ئىلمەكلىك ۋە ئىلمەكسىز ياغاچ ئوقلار ناھايىتى سۈپەتلىك، چىدامىلىق بولۇپ، ئۇ چەرچەن دىيارى (جۈملىدىن تارىم ۋادىسى) دا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئوقياچىلىق ھۈنەر - تېخنىكىسىغا قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار شۇ قەدىمكى زامانلاردا تۆمۈر ۋە مىس قاتارلىق مېتاللاردىن ئوق باشاقلىرىنى بىۋاستە ئىشلەپچىقىرالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئېگىلىشچانلىقى يۇقىرى بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىداملىق ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ياغاچ ئوقلارنى، هايۋان مۈڭگۈزلىرىنى كېسىپ ئېگىپ، ئۇنى پەي - تارمۇشلار بىلەن قېتىپ يەملەپ، ئۇنىڭدىن ئېسىل، سۈپەتلىك يالارنى، هايۋانلارنىڭ تېرە، پەي، تارمۇشلىرىدىن ئېشىپ تەييارلانغان چىداملىق كىرىچلارنى ياساپ، خېلى يىراقتىكى نىشانغا دەل تېگىدىغان سۈپەتلىك ئوقيالارنى ئىجاد قىلغان (1996 - يىل 9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دا 2 - قېتىم 102 قەبرىنى قېزىپ تەكشۈرگەندە يەنە نۇرغۇنلىغان ھەر خىل ياغاچ ئوقلار، كىرىچلىرى مەزمۇت قىلىپ ياسالغان يا قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلدى).

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىكى M2، M4، M5 - نومۇرلۇق قەبرىلەردىن بىر قانچە ئۇرچۇق ۋە رەڭلىك يۇڭ يىپلار يۆگەكلىك پېتى ساقلىنىپ قالغان ياغاچ بىگىزلارمۇ قېزىۋېلىندى. تۆۋەندە ياخشى ساقلىنىپ قالغان، ياسىلىشى بىر قەدەر ئالاھىدە بىرقانچە ئۇرچۇقنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

85QZM2 - نومۇرلۇق ئۇرچۇقنىڭ دىئامېتىرى 6 سانتىمېتىر، ئەڭ كەڭ يېرىنىڭ قېلىنلىقى 2.6 سانتىمېتىر، ئۇرچۇقنىڭ دەستە ياغىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4 مىللىمېتىر، ئۇرچۇق توپچىسىنىڭ ئۈستى يۈزى يۇملاق، كەسمە يۈزى ( قىرى بىلەن چوققىسى) روشەن پەرقلىق بولۇپ، چوققىسىدىن قىرىغىچە تۇمارچە (كونۇس) شەكلىنى ھاسىل قىلغان. ئۇرچۇق توپچىسىنىڭ ئۈستى يۈزى ۋە ئەتراپى (كەسمە يۈزى) غا ئايلاندۇرۇپ تۆت گورۇپپا يۆگىمەچ شەكىللىك گۈل نۇسخىسى ناھايىتى نەپىس ئويۇلغان. ئۇرچۇقنىڭ دەستە (تۇتقا) ياغىچىغا ئازراق رەڭلىك يۇڭ يىپ ئورالغان.

85QZM5 - نومۇرلۇق ئۇرچۇقنىڭ دىئامېتىرى 6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى (ئېگىزلىكى) 3.6 سانتىمېتىر، دەستە ياغىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 38.8 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 6 مىللىمېتىر؛ ئۇرچۇق توپچىسىنىڭ شەكلى 85QZM2- نومۇرلۇق ئۇرچۇق توپچىسىغا ئوخشايدۇ. ئۇرچۇق

توپچىسىنىڭ يۈمىلاق يۈزىگە ئايلاندۇرۇپ ئىككى گورۇپپا يۈگىمەچ شەكىللىك گۈل نۇسخىسى ئويۇلغان.

ئۇرچۇق قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەر خىل (يۇڭ، پاختا، كەندىر قاتارلىق) يىپلارنى ئېگىرىشتە مۇھىم قورال بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى تاشتىن، ياغاچتىن ياكى ساپالدىن ياسالغان بولۇپ، «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان ئۇرچۇقلار ئىچىدە ياغاچتىن ياسالغانلىرى كۆپ سانلىق ئىگىلەيدۇ.

ئۇرچۇق ئۇرچۇق دەستىسى ۋە ئۇرچۇق توپچىسىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ياغاچ ئۇرچۇقلارنى يونۇش، قىرىش ۋە سىلىقلاش ئارقىلىق ياسايدۇ. ئۇرچۇق دەستىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 ــ 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، توملۇقى 1 ــ 0.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. سىلىقلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇرچۇق دەستىسىنىڭ ئىككى ئۇچى بىگىزسىمان شەكىلگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇرچۇق توپچىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك تېشىلىپ، دەستىسىنىڭ بىر ئۇچى شۇ تۆشۈكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىپ ئېگىرىشتە، دەستىنىڭ ئۇزۇن تەرىپىنى قولدا تۇتۇپ، ئۇرچۇق توپچىسى بېكىتىلگەن تەرىپىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ پىرقىرىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يىپ ئېگىرىلىدۇ. ئۇرچۇقنىڭ ياسىلىشى (ماتېرىيالى)، كۆرۈنۈشى ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتكۈل توقۇمىچىلىق ھۈنەر كەسپىدىكى رولى زور. قەدىمكى چەرچەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئاددىي ئۇرچۇقلاردا ئىنچىكە - توملۇقى ئوخشىمايدىغان خىلمۇ خىل يىپلارنى ئېگىرىپ، ھەر خىل - ھەر رەڭدىكى يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەپىس يۇڭ توقۇلمىلار (جۈملىدىن ئەنە شۇ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر) نى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن. . .

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە يەنە ياغاچ، سۆڭەك ۋە مۈڭگۈزدىن ياسالغان تاغاق، قوشۇقلار، ھاسا تاياق، كەرگە تاياق قاتارلىقلارمۇ بار. تۆۋەندە بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان تاغاق (ساقال تاغاقلىرىمۇ بار)، مۈڭگۈزدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياسالغان قوشۇقلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

85QZM3 : 14 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان سۆڭەك (مۈڭگۈز) دىن ياسالغان تاغاق، ئېگىزلىكى 8.4 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4 مىللىمېتىر بولۇپ، 19 تال چىش چىقىرىلغان (يەتتە تال چىشى سۇنۇپ يوقالغان، قالغانلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدۇ)، سىپتا ئىشلەنگەن، گۈل - نەقىشلىرى يوق.

85QZM3 : 15 - نومۇرلۇق سۆڭەك تاغاق. ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 7 مىللىمېتىر بولۇپ، 17 تال چىش چىقىرىلغان (بەزى چىشلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇزۇلغان)، تاغاق تۇتقۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 4 × 3 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا تۆشۈك چىقىرىلغان.

85QZM4 : 12 - نومۇرلۇق تاغاق. دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7.8 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 8 مىللىمېتىر، ئېگىزلىكى 5.8 سانتىمېتىر بولۇپ، تاغاق دەستىسىنىڭ ئوتتۇرىسى ئويۇلۇپ 12 تال چىش ئورنىتىلغان.

85QZM4 : 13 - نومۇرلۇق ياغاچ تاغاق. ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 6 مىللىمېتىر بولۇپ، 11 تال چىش چىقىرىلغان.

85QZM : 1 - نومۇرلۇق ياغاچ تاغاق. ئۇزۇنلۇقى 10.7 سانتىمېتىر، دەستىسىنىڭ كەڭلىكى 2.1 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 6 مىللىمېتىر، تاغاق دەستىسىنىڭ ئوتتۇرىسى ئويۇلۇپ، چىش ئورنىتىلغان (ھازىر 18 تال تاغاق چىشى ساقلىنىپ قالغان). تاغاقنىڭ دەستىسىگە ئىككى يۈرۈش رەسىم ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئويۇلغان. بىرىنچى يۈرۈشىدە، يۆگىمەچ مۈڭگۈزلۈك يېتىلگەن ئۈچ ئارقار (غۇلجا) نىڭ ئوبرازى ئويۇلغان؛ ئىككىنچى يۈرۈشىدە، گەجگىسىگە ئوق تېگىپ يىقىلغان بۆكەن ۋە ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان بۆرىنىڭ ئوبرازى ئويۇلغان (7 - رەسىمگە قاراڭ).

16 : 85QZM3 نومۇرلۇق قوشۇق (مۈڭگۈزدىن ياسالغان) .- ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر (سېپى بىلەن قوشۇلۇپ)، دىئامېتىرى 5.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4 مىللىمېتىر كېلىدۇ.

17 : 85QZM3 - نومۇرلۇق قوشۇق (مۈڭگۈزدىن ياسالغان). ئۇزۇنلۇقى 18.8 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 4.6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4.2 مىللىمېتىر كېلىدۇ.

## 8. خۇلاسە

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، يەنى چەرچەن دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ قەبرىستانلىق بولۇپ، بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان كىچىك دائىرىلىك قېزىش-رەتلەش خىزمىتى مۇشۇ قەبرىستانلىقتا ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەبرىستانلىقنىڭ ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىدىن باشقا، قەبرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، دەپنە ئادەتلىرى، جۈملىدىن ھەمدەپنە بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قويۇق يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ساقلانغان. بۇ ئالاھىدىلىكلەر قەدىمكى زاماندا تارىم ۋادىسى (جۈملىدىن چەرچەن دەرياسى ساھىلى) دا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئىرقى، ئۇرۇق - نەسەبلىرى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ھۈنەر - سەنئىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشى... قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماددىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

1) قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى توغرىسىدا

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان بىر يۈرۈش ماددىي بۇيۇملار ئىچىدە ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشكە ئاساس بولالايدىغانلىرى — ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن، ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقلىنىپ قالغان كىيىم - كېچەكلەر، تەكتى يۇمىلاق قىلىپ ياسالغان ساپال قاچىلار، ياغاچ، سۆڭەك ۋە مۈڭگۈزدىن ياسالغان تاغاق، ئوقيانىڭ ئوقلىرى، قەدەھ (جام) قاتارلىقلارنى كۆرستىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قەبرىلەرنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلەرنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قارىمىقىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندىن كېيىن، بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 115 $\pm$ 2960 يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكى بېكىتىلدى.

تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندا، «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» ئىزچىل ھالدا دەۋردىن دەۋرگە ئۆلىشىپ، ئۇزۇن زامانلارغىچە داۋاملىق كېلگەيگەن. ئۇنىڭ دەسلەپكى دەۋرى بىلەن ئاخىرقى چېكى بۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە ئېنىقلانغۇسى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى دەۋرلەرگە خاس قەبرىلەر «لەئلىلىك» خارابىسىدا ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئەجدادلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. قەبرىلەرنىڭ ئاخىرقى چېكى ئىسلام دىنى تارىم ۋادىسىدا ئومۇملاشقانغا قەدەر داۋاملاشقان بولۇشى مۇمكىن.

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان رەڭدار، خىلمۇ خىل يۇڭ توقۇلمىلارنى لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر ۋە قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى، توقۇش - بوياش ئۇسۇلى، ھۈنەر - تېخنىكىسى قاتارلىقلار بىر - بىرىگە ناھايىتى ئوخشايدۇ. 1979 ـ، 1980 - يىللىرى لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسى بىلەن تېمەن دەرياسى ئەتراپىدىكى بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈرگەندە، ئۇ يەردىن ياغاچ تاۋۇت ئۈستىگە يېپىلغان قوي، كالا، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن باشقا، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، چورۇق، يۇڭ پالاس، پەي قىستۇرۇلغان ئېگىز، ئۇچلۇق يۇڭ توقۇلما بۆك، كىگىز قالپاق قاتارلىق

يادىكارلىقلار تېپىلغانىدى(31ـ، 32 ـ رەسىملەرگە قاراڭ) . قەبرىلەردىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا، ئۇنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 3800 ـ 4000 يىللار ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

قۇمۇلدىكى «قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن تېرە ئىشتان، رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن يۇمىلاق ياقىلىق ئۇزۇن تون ۋە باشقا كىيىملەر، ئۇزۇن قونچلۇق كۆن ئۆتۈك قاتارلىقلار بار. بۇ جايدىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلارغىمۇ رەڭدار يىپلار بىلەن خىلمۇ خىل گۈل نۇسخىلىرى توقۇپ چىقىرىلغان. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن 3200 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئەھۋاللار بىزگە ئۇلاردا بىر خىل ئورتاق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى، جۈملىدىن ئۇنى ئوخشاش مەدەنىيەت تىپىغا ئائىت دەپ ھېسابلاشقا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دا قېزىپ رەتلەنگەن بىر نەچچە قەبرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ يىل دەۋرى مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىشتا، ئەلۋەتتە، ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىرىنىڭ رولىنى تارىخىي رېئاللىق بويىچە تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن تېپىلغان بىباھا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى شۇ بايلىقلارنى ياراتقان خەلقنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇلاردا مۇستەقىل، ئۆزىگە خاس شەكىلگە ئىگە ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتى بولغانلىقىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ھەر خىل رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلارغا گۈل نۇسخا ئورنىدا توقۇپ چىقىرىلغان(بەزىلىرىگە سىزىلغان) ھايۋانات ئوبرازلىرى يۇڭ توقۇلمىلارنى تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

كۆركەملەشتۈرۈش رولىنى ئوينىغان. يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىدىكى بۇ ئالاھىدىلىكنى چەرچەن دىيارى (جۇملىدىن تارىم ۋادىسى) دا ياشىغان ئەجدادلار ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى، ئېستېتىك تۇيغۇسى ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن. قەدىمكى زاماندا ياشىغان توقۇمىچى ھۈنەرۋەن ئۇستىلار، سەنئەتكارلار ئۆزلىرى توقۇغان يۇڭ توقۇلمىلارغا ھايۋانات ئوبرازلىرىنى گۈل نۇسخا ئورنىدا توقۇپ چىقىرىشتا، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زېمىندا بار بولغان بەزى ھايۋانلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ياشاش ئادەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇلارنى پەقەت قىياپەت، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىي ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا مەلۇم ھايۋاننىڭ بەزى جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلىغان.

10 : 85QZM3- نومۇرلۇق رەڭدار يۇڭ توقۇلمىغا ھەر خىل رەڭلىك (چىلان رەڭ، قىزغۇچ، سېرىق، كۆك، ئاچ سېرىق) يىپلاردىن، يېتىلگەن مۈڭگۈزلىرىنىئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ قاتار كېتىپ بارغان قامەتلىك يەتتە بۆكەننىڭ ئوبرازى گۈل نۇسخا ئورنىدا توقۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، قارىماققا بۇ بۆكەنلەر ئاددىي ۋە تۇرغۇن ھالەتتە كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىنچىكە كۆزەتسە، ئاشۇ تۇرغۇنلۇق ئىچىدە قانداقتۇر بىر خىل جانلىقلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. سەنئەتكار ئۇستىلار يېتىلگەن بۆكەنلەرنىڭ جىسمانىي خوسۇسىيەتلىرى بىلەن تەن شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جانلىق ئىپادىلىگەن.

2) دەپنە قىلىش يوسۇنلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر توغرىسىدا

M1 -، M2 - نومۇرلۇق قەبرىلەرنىڭ بىر توپا دۆۋىسى ئاستىدىن چىققانلىقىغا قارىغاندا، قەبرىگە دەپنە قىلىنغان مېيىتلار ( M1 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى بوۋاق، M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى بىر ئەر، ئۈچ ئايال) بەلكى بىر ئائىلە كىشىلىرى ياكى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلار بولۇشى مۇمكىن. 3000 يىل بۇرۇنقى تارىخىي شارائىت ۋە ئەينى زامانىدىكى

ئىقتىسادىي ئەھۋال قاتارلىقلارنى نەزەردە تۇتساق، قەبرە قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، قەبرىگە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ كۆپلۈكى (ئات، كالا، قويلارنى قۇربانلىق قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە قوتاز، ئات، قۇلانلارنىڭ تېرىسىنىمۇ قەبرە ئۈستىگە ياپقان)، ئەر - ئايال مېيىتلارغا كىيدۈرۈلگەن كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئېسىللىقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۆز زامانىسىدا مال - چارۋىغا باي، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە كىشىلەر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. قەبرە ئىچىگە قاتار قىلىپ ئۇچىغا قىزىل يۇڭ يۆگەلگەن، يېنىپ تۇرغان مەشئەلگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان نۆكچىلەرنىڭ قويۇلغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇلاردا ئوتقا چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ خېلى كۈچلۈك بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بىز قەدىمدە تارىم ۋادىسى، جۈملىدىن چەرچەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ دەپنە قىلىش يوسۇنلىرى، نەزىر - چىراغ، ماتەم قاتارلىق ئىشلىرىدىكى قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە باشقا ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق يازما مەنبەلەرگە ئىگە ئەمەسمىز. شۇڭا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە تېپىلغان ماددىي يادىكارلىقلار ئەجدادلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى دەپنە قىلىش قائىدە - يوسۇنلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

### 3) كىيىنىش ئادەتلىرى توغرىسىدا

ھەر خىل رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلار ۋە ئۇلاردىن تىكىلگەن ئەر - ئايال، بالىلارنىڭ خىلمۇ خىل كىيىم - كېچەكلىرى، يۇڭ يىپلاردىن توقۇلغان ھەر خىل رەڭدىكى ئۇچلۇق، يۇمىلاق بۆكلەر، كىگىزدىن تىكىلگەن ئېگىز، ئۇچلۇق قالپاق، قولاقچىلار، ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق كۆن ئۆتۈك، رەڭدار، ئۇزۇن كىگىز پايپاقلار، نەپىس گۈل نۇسخىلىرى ئۆرنەك قىلىپ توقۇلغان پۆپۈكلۈك يۇڭ رومال قاتارلىقلارنىڭ ئۆز پېتى ساقلىنىپ قېلىشى بىزنى يىراق قەدىمكى زاماندا چەرچەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ تۇرمۇش ۋە كىيىنىش ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلىدى.

ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلىرىغا نەزەر تاشلىساق،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىيىنىش ئادىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىكەنلىكى، ھەر قايسى رايون خەلقلىرىنىڭ كىيىنىش ئادىتىگە كىرگەن دەۋرىنىڭمۇ تەكشى ئەمەسلىكى بىلىنىدۇ.

ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش-تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسى توقۇلما رەخت كىيىملەر دەۋرى ئىنسانىيەتنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىگە خاتىمە بېرىپ، مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەنلىكىنىڭ روشەن بەلگىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە باسقۇچ ھېسابلىنىدىغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى، بولۇپمۇ تارىم ۋادىسىدىكى لوپنۇر (كۆنچى، تېمەن دەريا ۋادىلىرى)، چەرچەن، نىيە، خوتەن، كېرىيە دائىرىسىدىكى دەريا ۋادىلىرى، قۇمۇل رايونىدىكى قارا دۆۋە، پىچان ناھىيىسىنىڭ سۇبېشى قاتارلىق جايلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە يۇڭ توقۇلمىلار ۋە توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كىيىملەر خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەھۋال قەدىمكى زاماندا ئاشۇ رايونلاردا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن يۇڭ توقۇلمىلاردىن كىيىم-كېچەك تىكىپ كىيىشكە ئادەتلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ خام ماتېرىيالى چارۋىچىلىق (قوشۇمچە ئوۋچىلىق) ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەھسۇلاتى بولغاچقا، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە شۇ دەۋرلەردىكى تۇرمۇش ئېھتىياجى يۇڭ توقۇمىچىلىق، كىگىزچىلىك، كۆن-بۇلغارچىلىق قاتارلىق ھۈنەر-كەسىپلەرنىڭ بۇرۇنراق تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان بۇنىڭدىن ئۈچ-تۆت مىڭ يىل بۇرۇنقى يۇڭ توقۇلما كىيىملەرنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇمىلاق؛ بۆرەك ياقىلىق، ئالدى ئوچۇق پەشلىك ئۇزۇن ۋە كەڭ ئەرەنچە تونلار، تونلارنىڭ تۆۋەنكى پەش-ئېتەكلىرىنى بويلىتىپ رەڭلىك يۇڭ يىپلاردىن ئۈچبۇلۇڭ (ھەرە چىشلىق)، رومبا شەكىللىك، دولقۇنسىمان (يۆگىمەچ) گۈللۈك ئۆرنەكلەر توقۇپ چىقىرىلغان، بەزىلىرى كەشتىلەنگەن.

قىزىقارلىقى، توقۇلمىلاردىكى رومبا شەكىللىك، 回 ۋە دولقۇنسىمان گۈل نۇسخىلار قۇمۇلدىكى يانبۇلاق، پىچاندىكى سۇبېشى، توقسۇن ناھىيىسىدىكى ئارغۇغول (ئالغۇي)، خېجىڭ ناھىيىسىدىكى چابخا جىلغىسى قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان (بۇنىڭدىن 2500ـ 3000 يىللار بۇرۇنقى)، رەڭلىك ساپال قاچىلارغىمۇ سىزىلغان؛ بۇ تېپىلمىلار مۇشۇ خىلدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، دائىرىسى ۋە بۇ تارىخىي مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلارنىڭ ياشىغان، ھەرىكەت قىلغان يەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېنىقلاشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلما كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ تۈرى كۆپ، شەكلى ھەر خىل ۋە رەڭگارەڭ بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدىلىكنى چەرچەن (ۋە تارىم) دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى بىلەن ئېستېتىك ئېھتىياجىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەنلىكى ناھايىت ئېنىق. ئومۇمەن، جۇغراپىيىلىك شارائىت، ماددىي تۇرمۇش شارائىتى جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەجدادلار، جۈملىدىن ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پەرقلىق كىيىنىش ئادىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

ياۋروپا ـ ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا ساكلار ۋە ئىسكىفلارنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرگە تەئەللۇق قەبرىلىرىدىن چاپان، ئىشتان، ئۆتۈك، كىگىز پايپاق، ئېگىز، ئۇچلۇق قالپاق قاتارلىقلار تېپىلغان. يۇقىرىدا دېيىلگەن كىيىم ـ كېچەكلەر گەرچە دەۋرى جەھەتتىن زاغۇنلۇقتىن قېزىۋېلىنغان كىيىم ـ كېچەكلەردىن تۆت ـ بەش ئەسىر كېيىن بولسىمۇ، لېكىن كىيىملەرنىڭ شەكلى، تۈر ـ خىللىرىدا يەنىلا ئوخشاشلىقلار ساقلانغان. پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندە بىرقانچە نەقىلنى تونۇشتۇرىمىز:

«كولئوبا (كىرچ شەھىرىنىڭ يېنىدىكى قەدىمكى ئىسكىفلار داھىيسىنىڭ قەبرىسى) دىن تېپىلغان قاپارتما نەقىش چۈشۈرۈلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كومۇش قاچىدىكى تەسۋىرلەردىن قارىغاندا، ئىسكىفلارنىڭ ئىشتانلىرى تار ۋە كەڭ ئىككى خىل بولۇپ، پۇشقاقلىرى كالتە قونچلۇق ئۆتۈكلەر ئىچىگە تىقىلغان.» (33 ـ سۈرەتكە قاراڭ).

«پېرسېپول (ئىراننىڭ شىراز شەھىرىدىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە ياسالغان، ئاھمانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزى) دىن تېپىلغان قاپارتما قىلىپ ئىشلەنگەن تەسۋىرىي سەنئەت بۇيۇملىرىدىمۇ تىگرەخائۇت ساكلىرى ئۆتۈكلىرىنىڭ پاشنىسىز ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا يەنە ئۆتۈك قونچى تىزغىچە كېلىدىغانلىقى كۆرۈلىدۇ. ئامۇ دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى خەزىنىدىن تېپىلغان ئالتۇن قاداقلاردا ساكلار ئۈستىگە كالتە چاپان ۋە ئۇزۇن قونچلۇق پاشنىلىق ئۆتۈك كىيگەن قىياپەتتە ئىپادىلەنگەن.» ئالتايدىكى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئالتاي رايونى) قاراكۆل قەبرىستانلىقىدىن ئۈستى تەرىپى كەشتىلەنگەن كىگىز پايپاق تېپىلغان.

ئومۇمەن، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن ساكلارنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنىڭ ئىككى خىل بولغانلىقى (بىرى، ئۇزۇن قونچلۇق، يەنە بىرى، قىسقا قونچلۇق) نى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى تېرە، يۇڭ توقۇلما، ۋە كىگىز بولۇپ، ئەرەنچە ئىشتانلارمۇ شۇ خىل ماتېرىياللاردىن تىكىلگەن. نويىن ئۇلا (شىمالىي موڭغۇلىيە) دىكى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان شۇ خىلدىكى ئىشتان پارچىلىرى ھۇنلار دەۋرىدىمۇ ئەرلەرنىڭ يۇڭ توقۇلما ۋە يىپەك توقۇلما ئىشتان، قىسقا كىگىز چاپانلارنى كىيگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

«...ئۇچلۇق قالپاقلارنى پەقەت تىگرەخائۇت ساكلىرىلا ئەمەس، بارلىق ساك قەبىلىلىرى، ھەتتا ياۋروپا ئىسكىفلىرىمۇ كىيگەن. لېكىن ھەر خىل ساك قەبىلىلىرىنىڭ باش كىيىم شەكىللىرىنى سېلىشتۇرساق، ساك قەبىلىلىرى بىلەن ئىسكىفلارنىڭ باش كىيىملىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، يەنىلا پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئامۇ دەرياسى بويىدىن تېپىلغان بىر ساك ئادىمىنىڭ ھەيكەلچىسىدە، ئۇنىڭ قالپىقىنىڭ ئۇچى تۆۋەنگە

ساڭگىلىتىلغان. خالچايان* دىن تېپىلغان ھەيكەلدە ۋە كولئوبادىن تېپىلغان ئىسكىف تەسۋىرى قاتارلىقلاردا، ئۇلار پاكار ۋە كونۇس شەكلىدىكى قالپاقلارنى كىيگەن. بېھىستۇن** ۋە پېرسېپولدىن تېپىلغان قاپارتما تەسۋىرلەردە ساكلارنىڭ باش كىيىملىرى ئېگىز، ئۇچلۇق، تىك كونۇس شەكلىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ» دېيىلگەن. *** (34-سۈرەتكە قاراڭ)

1983 - يىلى يازدا، كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى Ⅱ - Ⅳ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ساكلارنىڭ قەبرىلىرىدىن بىرونزىدىن ياسالغان بىر ھەيكەل (ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىر ، ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرام كېلىدۇ) تېپىلغان بولۇپ، ھەيكەلدە تەسۋىرلەنگەن ئوبرازنىڭ قەددى-قامىتى كېلىشكەن، بەستلىك، قاڭشارلىق، يوغان ۋە چوڭقۇر كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن، بېشىغا ئۇچى ئىلمەك ئېگىز قالپاق كىيگەن بولۇپ، ئۇ خۇددى خاقان ئالدىدا يۈكۈنۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقان باتۇر سەركەردە ئوبرازىغا ئوخشايدۇ (35-سۈرەتكە قاراڭ) .

1972 - يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى مىلادىيە Ⅵ — Ⅸ ئەسىرلەرگە تەۋە قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان لايدىن ياسالغان تۆگىچى ھەيكىلى (ھەيكەلگە ئاق، قىزىل، قارا رەڭلەر بېرىلگەن) ناھايىتى ئوبرازلىق ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدا ئۇچى كەينىگە قايرىلغان ئېگىز كىگىز قالپاق،

---

* خالچايان — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى مىڭ يىللىقنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مىلادىيە Ⅱ ئەسىرلەرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا (سۇرخان دەرياسى ئوبلاستى) دىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.

** بېھىستۇن - دارا I نىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىراننىڭ ھامادان شەھىرى يېنىدىكى بېھىستۇن دېپ ئاتىلىدىغان قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ئۈچ تىللىق (قەدىمكى پارس، ۋاۋىلون ۋە ئېلام تىللىرى) تېكىست. ئۇنىڭدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 519 - 522 - يىللاردىكى ئاھمانىيلار سۇلالىسىدە يۈز بەرگەن ئىشلار بايان قىلىنغان. قىيا تاشقا دارا I (دارىئۇس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ تۆھپىسى تەبرىكلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى رەسىملەر ئويۇلغان.

*** ك. ئا. ئاكشېۋ : «ئېسىك قەبرىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، ئۇيغۇرچە، 1991 - يىل 2 - 3 قوشما سان، 61 — 62 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچىسىدا ئۇزۇن تون، پۇتىدا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك بار(36 ـ سۈرەتكە قاراڭ) .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەتتىسۇ رايونى بىلەن ئالتاي تاغلىق رايونى، پامىر، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالى، تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدىن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى چۆ، تالاس دەريالىرى ۋادىلىرى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى كۈنەس ـ يۇلتۇز ياپلاقلىرىدىن تارتىپ تاكى ئارغۇغول (ئالغۇي) جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىـــزى، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئايدىڭكۆل، سۇبېشى، چوڭ قىر ۋە قۇمۇل رايونىدىكى قارادۆۋە قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش-قېزىشلاردا تېپىلغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار بۇ جايلارنىڭ مىلادىيىدىن نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرىلا ساك قوۋملىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەركىزىي رايونلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشىغان قەدىمكى قەبىلىلەر، جۈملىدىن ساك قەبىلىلىرىنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى يازما خاتىرىلەر پارس (ئىران)، يۇنان ۋە كونا خەنزۇچە سالنامىلارغا پۈتۈلگەن.

نەقشى رۇستەمدىكى مىخ شەكىللىك يېزىقتا ئويۇلغان تاش ئابىدە* دە ساكلارنىڭ ئۈچ گۇرۇھى تىلغا ئېلىنغان: بىـــرىنچـــى، ساكا خائۇماۋارگالار ـ SAKA HAUMA VARGA ئۆزى چوقۇنىـدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېلىپ يۈرىدىغان ساكلار مەنىسىدە ، ئۇلار فەرغانە ئويمانلىقى ۋە پامىر، ئالاي تاغلىرى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان؛ ئىككىنچى، ساكا تىگرا خائۇدالار ـ SAKA TGRAHAUDA (ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار مەنىسىدە) ئۇلار قىرغىزىستان ۋە جەنۇبىي قازاقىستان

---

* نەقشى رۇستەم ـ قەدىمكى پېرسىيە پادشاھى دارىئۇس قاتارلىقلار دەپنە قىلىنغان جاي، دارا I (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 521 ـ 486 ـ يىللار) نىڭ پايتەختى پېرسىيىدىكى پېلىس ئەتراپىدا بولۇپ، ھازىرقى شىرازنىڭ شەرقىي شىمالىغا يېقىن، ئۇ يەردە پېرسىيە شاھلىرىنىڭ ئوردا ـ قەسىرلىرى بار. دارا I (دارىئۇس) نىڭ قەبرىسى تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىگە مىخ شەكىللىك يېزىقتا بېغىشلىما ئويۇلغان. شۇڭا، ئۇ «نەقشى رۇستەم» ئابىدىسى دەپ ئاتىلىدۇ.



1-رەسىم



2-رەسىم



3-رەسىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



4-رەسىم



5-رەسىم



6-رەسىم



7ـ رەسم



8ـ رەسم

تۇغۇلۇغ كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



9-رەسىم



10-رەسىم



11-رەسىم

يايلاقلىرى، يەنى پامىر، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالى، جۈملىدىن تاشكەنت، تىيانشان تېغى بويلىرىدىن تارتىپ بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارغا تارقالغان؛ ئۈچىنچى، ساكاتىئايتارادرايا SakaTyai taradraya (دېڭىزنىڭ ياكى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ساكلار مەنىسىدە)، ئۇلار ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى، ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، سوغدىيانا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. «بېھىستۇن ئابىدىسى» دىمۇ ساكلار تىلغا ئېلىنىپ، «ساكلارنىڭ دۆلىتى دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئۇ يەردىكىلەر ئۇچلۇق قالپاق كىيىدۇ» دېيىلگەن.①

«قىسقىسى، قەدىمكى پارسلار ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان قەبىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ساكلار دەپ ئاتىغان. مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان قوۋملارغا كەلسەك، ئۇلارنى دائىم دېگۈدەك مۇقىم ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ نامى بىلەن، مەسىلەن، مەرغىيانا (موئۇرۇ) لىقلار، باكتىرىيىلىكلەر، خارەزملىكلەر، سوغدىيانالىقلار دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان. ھىندىستانلىقلارمۇ پارسلارغا ئوخشاشلا ئاسىيادىكى قوۋملارنى ساكلار دەپ ئاتىغان.»②

يۇنان تارىخچىسى ھېرودوت ئۆزىنىڭ توققۇز جىلدلىق «تارىخ» دېگەن ئەسىرىدە: «پارسلار بارلىق سېكتېئانلار (ئىسكىفلار) نى ساكلار دەپ ئاتايتتى... سېكتېئانلارغا تەۋە ساكلار بىر خىل ئېگىز قالپاق كىيىدۇ، قالپىقى ھەم تىك، ھەم قاتتىق، ئۈستى تەرىپى ئۇچلۇق كېلىدۇ...»③ دەپ يازغان. بۇنىڭدىن ساكلار بىلەن سېكتېئانلار (ئىسكىفلار) نىڭ نامى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بىر خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قەدىمكى پارسچە يازما يادىكارلىقلاردىكى «ساك» دەپ ئاتالغانلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە پۈتۈلگەن خاتىرىلەردە « 塞 » دەپ يېزىلغان. چۈنكى، سەي خېتىنىڭ قەدىمكى ئاھاڭى (SaK - سەك) ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقلاردا چارۋىچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىدىغان ساكلار بىلەن جەنۇبىي قىسىمدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ساكلار ئارىسىدا ئىرق، تىل، كىيىم - كېچەك قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور ئورتاقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە خېلى زور پەرقلەر ساقلانغان بولۇپ، يىلقىچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ ئىش تەقسىماتىنىڭ ئايرىلىشى تېخىمۇ كېڭەيگەن ۋە مۇقىملاشقان.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «... ئاسىيۇ خانلىقى شەرقتە خۇن، غەربىي شىمالدا كانگا (كاڭگۈي)، غەربتە فەرغانە، جەنۇبتا شەھەر بەگلىكلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يېرى ئەسلىدە ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى. ئۇلۇغ توخرىلار غەربتە ساكلار خانلىقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بولۇر تاغلىرىدىن ئېشىپ جەنۇبقا كۆچكەن ساكلارنىڭ يەرلىرىنى توخرىلار ئىگىلىدى. كېيىن ئاسىيۇ كۈنبېگى ئۇلۇغ توخرىلارنى يەڭدى. ئۇلۇغ توخرىلار غەربكە كۆچۈپ باكتىرىيىنى بويسۇندۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاسىيۇ كۈنبېگى ئۇلۇغ توخرىلار كۆچۈپ كەتكەن زېمىندا ماكانلىشىپ قالدى. شۇڭا ئاسىيۇلاردا ساكلار ۋە ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ نەسلى بار»④ دېيىلگەن. «خەننامە. كەشمىر خانلىقى» دا: «بۇرۇن خۇنلار ئۇلۇغ توخرىلارنى يەڭگەندىن كېيىن، ئۇلۇغ توخرىلار يۆتكىلىپ باكتىرىيىگە، ساكلار خاقانى جەنۇبقا يۆتكىلىپ كەشمىرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. كېيىن پارچىلانغان ساك قوۋمى بىرقانچە قوۋمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. سۇلې، ئۇلۇغچات * قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە ساك نەسلىدىن ئىدى» دېيىلگەن⑤.

بىز يۇقىرىدا، قەيت قىلىنغان مەلۇماتلاردىن ساك قوۋملىرىنىڭ ياشىغان، ھەرىكەت قىلغان جايلىرىنى بىلگەندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ناملىرىنىڭ ھەر قايسى دەۋر ۋە ھەر قايسى خەلق (مىللەت) تىللىرىدا

---

* ئۇلۇغچات (ئۇلۇغئارت) بەگلىكى (捐毒国) خەن دەۋرىدىكى بەگلىكلەردىن بىرى. ئۇنىڭ شەرقى كاشغەر، غەربى ئەركاشتام، غەربىي شىمالى فەرغانە، شىمالى ئاسىيۇلارغا چېگرىداش.

خىلمۇ خىل ئاتالغانلىقىنىمۇ بىلەلەيمىز. پارس مەنبەلىرىدە دېيىلگەن تىگراخائۇدا ساكلىرى ئەمەلىيەتتە شەرقىي ساكلار بولۇپ، ئۇلارنى يۇنانلىقلار «سېكتىيئانلار» دەپ ئاتىغان. ئۇلار كىيىنىش جەھەتتە ئۇچىسىغا ئۇزۇن تون (بەزىلىرى كالتە چاپان)، پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا ھەر خىل ئۇچلۇق قالپاقلارنى كىيگەن.

يۇقىرىدا ئاساسەن زاغۇنلۇق (چەرچەن)، قوشۇمچە كروران، قۇمۇل، پىچاندىكى سۇبېشى قاتارلىق بوستانلىقلاردا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ يۇڭ توقۇلما كىيىم - كېچەكلىرى ۋە كىيىنىش ئادەتلىرى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي توختالدۇق. تۆۋەندە، كېيىنكى دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىلمىي پەرەزلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ھەر قانداق بىر قەدىمكى مەدەنىيەت ياكى ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلغاندا، شۇ خىل مەدەنىيەت ياكى ئۆرپ - ئادەتنىڭ مەلۇم خەلق ياكى مىللەت ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىزلىرىدىن دەلىل ئىزدەش ئىلمىي ساھەسىدە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان نۇقتا، مۇشۇ نۇقتا بويىچە ئېلىپ ئېيتساق، بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئەجدادلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىگە ئائىت ئالاھىدىلىكلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى بوستانلىقلىرىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەر ئارىسىدا بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىت جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمدىن تارتىپ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدە روشەن پەرقلەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەرلىرى ئادەتتە ياز كۈنلىرى ھەر خىل سىدام ۋە يوللۇق رەختلەردىن (كۆپرەك ئاق، قارا، قاراكۆك، قوڭۇر، جىگەررەڭ ) تىزىنى بېسىپ تۇرىدىغان، ئالدى ئوچۇق تونچە كۆڭلەك ياكى ئەستەرلىك تونچە چاپان، ئۇزۇن ئىشتان كىيىدۇ، بېلىگە ھەر خىل رەختلەردىن بەلۋاغ (پوتا) باغلايدۇ، بېشىغا (ياش قۇرامىغا قاراپ) ھەر خىل گۇللۇك دوپپا، پۇتىغا كۆن - خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك ياكى مەسە - كالاچ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەش، كېپىشلەرنى كىيىدۇ؛ قىش كۈنلىرى ئاشلانغان ئېسىل تېرىلەردىن تۇماق، تۆپە، قۇلاقچا قاتارلىق باش كىيىمى، ئۇستىگە ئالدى ئوچۇق، ئۇزۇن پاختىلىق چەكمەن چاپان، قوش ئەستەر (بەزىلىرى قاتمۇ قات، كۆپ ئەستەرلىك) ئۇزۇن بەقەسەم چاپان (تون) كىيىدۇ، سوغۇق (تاغلىق) رايونلاردىكىلەر ئاشلانغان ھەر خىل تېرىلەردىن تىكىلگەن ياقىلىق ئۇزۇن جۇۋا، پاختىلىق (ياكى تېرىدىن تىكىلگەن شالۋۇر) ئىشتان، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق كۆن - خۇرۇم ئۆتۈك (ئۆتۈك ئىچىگە ئۇزۇن كىگىز پايپاق) كىيىدۇ، بېلىگە كاشا (تۆگە يۇڭىدا قېلىن توقۇلغان مەخسۇس بەلۋاغ) ياكى باشقا رەختلەردىن پوتا باغلاپ، سول يېنىغا كۆن غىلاپقا سېلىنغان ھەر خىل پىچاقلارنى ئاسىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك تەلىپى ۋە پسىخولوگىيىلىك ھالىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، گۈللۈك ۋە رەڭدار يىپەك، پاختا رەختلەردىن ئۇزۇن (پۇتۇن - ساپلىما) كۆڭلەك (كۆڭلەكلەرنىڭ فورمىسى، ئېتەك، ياقا، يەڭ، بەللىرى ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە بوي - تۇرقىغا ماسلاشتۇرۇلىدۇ) ۋە ئوشۇقنى يېپىپ تۇرىدىغان ئىشتان، كۆڭلەك ئۇستىگە تىك ياقىلىق جىلىتكە ياكى تاۋار جىلىتكە، ئىزمىلىك كەمزۇل چاپان قاتارلىق كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن؛ ئاياللار (قىزلار) بېشىغا چىرايلىق تىكىلگەن گىلەم دوپپا، گۈللۈك ۋە زەر باسقان دوپپىلارنى، پۇتىغا كۆن (بۇلغار) ياكى خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك (چېتىك ) ، مەسە - كالاچ، خۇرۇمدىن گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن كېپىشلەرنى كىيىدۇ.

« قاراخانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق ئىككى بۈيۈك ئەسەر - ‹قۇتادغۇبىلىك› بىلەن ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق مەلۇماتلار بار. مۇشۇ مەنبەگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ماتېرىيالىغا قاراپ، تېرە كىيىم، يۇڭ كىيىم، يىپەك كىيىم ۋە پاختا رەخت كىيىم دەپ تۆت خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ» ⑦ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، I توم، 93 - بەتتە «ئىچۈك» سۆزىنى ئىزاھلاپ، ئۇنى بۇلغۇن، سۆسەر ۋە شۇنىڭغا

ئوخشاش قىممەتلىك ھايۋان تېرىسىدىن تىكىلگەن «جۇۋا » دېيىلگەن.

يەنە بىرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قارس» دەپ ئاتالغان يۇڭ چەكمەن چاپاننى، تۆگە ياكى قوي يۇڭىدا ئىشلەنگەن «كىيىم» دەپ ئىزاھلىغان («تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 453 - بەت).

«ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە باش كىيىمنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇيغۇر ئەرلىرى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشمىغان باش كىيىملەرنى كىيىشكە، ئاياللىرى ئومۇمەن بېشىغا ياغلىق سېلىشقا ياكى دوپپا كىيىشكە ئادەتلەنگەن... رايون پەرقى، كەسىپ پەرقى ۋە ياش قۇرام پەرقى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى ناھايىتى كۆپ خىللىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن كىيگەن باش كىيىمگە قاراپ شۇ كىشىنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ياش قۇرامىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى شەكىل جەھەتتىن ئومۇمەن قىشلىق تېرە تۇماق، سىدام دوپپا ۋە گۈللۈك دوپپىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. بۇ باش كىيىملەرنىڭ ھەر قايسى تۈرىدە يەرلىك رايون پەرقى روشەن گەۋدىلەنگەن.»⑧ ئۇيغۇرلارنىڭ قىشلىق باش كىيىملىرى ئىچىدە تېرىدىن ئىشلەنگەن تۇماق نۇسخىلىرى ئون نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە سالۋارتۇماق، يېڭىسار تۇمىقى، كېرىيە تۇمىقى، ساغان تۇمىقى (يېڭىسار)، يەكەننىڭ كاچۇڭ تۇمىقى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇلاردا بىر خىل قەدىمكى نۇسخىلارساقلىنىپ قالغان، بولۇپمۇ ساغان تۇمىقى بىلەن كاچۇڭ تۇمىقى ئالاھىدە ئېگىز ۋە كۆركەم بولۇپ، ئادەتتە، ئۇ خىل تۇماقلارنىڭ ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

4) يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى توغرىسىدا

ئوزۇقلۇق تەييارلاش ۋە ئوزۇقلىنىش ئادىتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بىر تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئىنسانلاردا مەدەنىي ئوزۇقلىنىش ئادىتى بارلىققا كەلگەن.

ئىنسانلار تەبىئەت ئالىمىدىن ئۆزىگە خاس يېمەكلىكلەرنى تاللاپ-ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن يېيىش ئادىتىگە كۆچكەن. بۇ باسقۇچتا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوتنىڭ ئىشلىتىلىشى مەدەنىي ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ، يېمەكلىكلەرنى ئوتتا قاقلاپ پىشۇرۇشتىن ئىبارەت ئەڭ بۇرۇنقى شەكىل ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەجدادلار ئۇزاق تارىخىي جەريان ۋە باسقۇچلاردا ئۆزلىرى ياشىغان ئىقلىم شارائىتىغا، ئوزۇقلىنىش ئادىتىگە ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىجاد قىلغان. «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان يېمەكلىكلەر گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن (زىخ كاۋاپ ئۈچۈن تەييارلانغان) پاقلاننىڭ قوۋۇرغا گۆشى، تېرىق ئۇنىدا تەييارلانغان توقاچ نانلار چەرچەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرىنى، بولۇپمۇ كاۋاپ بىلەن ناننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلىدى.

قەدىمكى ئوۋچىلىق دەۋرىدىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى ھايۋانات گۆشى بولغانلىقى ئۈچۈن، كاۋاپنىڭ خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى » دىمۇ كاۋاپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە سۆزگە ئىزاھات بېرىلگەن. مەسىلەن، II توم 180 - بەتتە « تاقىلدى » دېگەن بۇ سۆز «گۆش شىشقا (زىخقا) ئۆتكۈزۈلدى» دېگەن جۈملە بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن؛ III توم 333 - بەتتە «سۆگلۈنچۈ» دېگەن بۇ سۆز «كاۋاپ» دەپ؛ III توم 602 - بەتتە «كۈرپلەدى» دېگەن بۇ سۆز «كاۋاپ قىلدى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

زاغۇنلۇقتىن قېزىۋېلىنغان يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن پاقلاننىڭ قوۋۇرغا گۆشى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كاۋاپنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە يۇلغۇن قاتارلىق ياغاچ نوتىلىرىنى ئۇچلاپ ياغاچ زىخ قىلىپ، ئۇنىڭغا پاقلان گۆشىنى ئۆتكۈزۈپ ئوتتا قاقلاپ پىشۇرۇش زىخ كاۋاپنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۈرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كاۋاپنىڭ تۈرلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىغان. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 156 - بەتتە «ئىڭلىچ» دېگەن بۇ سۆز «سامساققا ئوخشايدىغان بىر خىل تاغ ئوتى، كاۋاپ بىلەن يېيىلىدۇ» دېگەن جۈملە بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ بىزگە ئەجدادلارنىڭ ئۆز زامانىسىدا، كاۋاپقا ياۋا پىياز، ياۋا سامساق قاتارلىق كۆكتاتلارنى قوشۇپ يېگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ تېخىمۇ قىزىقارلىقى، ھازىرقى ئۇيغۇرلار توي، مەشرەپ، سەيلە قاتارلىق چوڭ سورۇنلاردا ھەر خىل دورا-دەرمەك (تۇز، تۇخۇم، زىرە، پىياز، قىزىلمۇچ) ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان پاقلان گۆشلىرىنى يۇلغۇن قاتارلىق ياغاچ نوتىلىرىدىن تەييارلانغان ئۇزۇن زىخلارغا ئۆتكۈزۈپ، مەززىلىك قىلىپ پىشۇرىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا كاۋاپنىڭ تۈرلىرىدىن زىخ كاۋاپ، تونۇر كاۋىپى، كۆممە كاۋاپ ياكى قېرىن كاۋىپى (پاكىزە يۇيۇپ تازىلانغان قېرىنىنىڭ ئىچىگە دورا - دەرمەكلەر ئارىلاشتۇرۇلغان گۆشلەر تىقىلىدۇ، قېرىنىنىڭ ئېچىلغان يېرى تىكىلىدۇ، ئاندىن قۇم ئۈستىگە قالانغان چوغلار قايرىلىپ، قېرىن كۆمۈلىدۇ. قېرىن قۇم ئىچىدە ئىككى، ئۈچ سائەت تۇرغاندىن كېيىن پىشىدۇ)، قىيما كاۋاپ، قازان كاۋىپى قاتارلىقلار بار.

زاغۇنلۇقتىن قېزىۋېلىنغان تېرىق ئۇنىدىن تەييارلانغان توقاچ ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە ئاساسلىق ئوزۇقلۇقلىرىدىن بىرى بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. تارىم ۋادىسىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدىمۇ ئاشلىقتىن تەييارلانغان تاماقلار خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ئاشلىق (ئۇن) دىن تەييارلىنىدىغان تاماق تۈرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەدەر قەدىمىي ئەنئەنىۋى تاماقلىرى ھەققىدە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەزى مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، I توم 464 - بەتتە «توقۇچ»، I توم 504 - بەتتە «چۆرەك» دېگەن سۆزلەرگە «توقاچ» دەپ ئىزاھ بەرگەن؛ I توم 626 - بەتتە

www.uyghurkitap.com

«كۆۋشەك» دېگەن سۆزنى «بولدۇرغان نان» دەپ ئىزاھلىغان. توقاچ ئۇيغۇر نانلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ناندىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى يېيىش، مېھمانلارغا قويۇش ياكى سەپەرگە چىققاندا يولدا ئوزۇق قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل مەززىلىك توقاچلارنى ياقىدۇ.

### 5) ئۆرۈمە چاچ ۋە بەدەنگە گۈل چېكىش - سىزىش توغرىسىدا

ئۆرۈمە چاچ - زاغۇنلۇق M2 - نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىركېلىدىغان (چاچنىڭ ئۈچى تەرىپىدىن 15 سانتىمېتىر ئارىلىقتا قىزىل يۇڭ يىپنى قوشۇپ ئۆرگەن) ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى بار. ئەرنىڭ پېشانىسى، ئىككى چېكىسى ۋە مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆز، بۇرۇن ئۈستىنى بويلاپ تاكى ئېڭەك ئاستىلىرىغىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا ھەر خىل شەكىللەر سىزىلغان ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىككى چېكىسى بىلەن مەڭزىگە سىزىلغان قوچقارنىڭ يۈگىمەچ مۈڭگۈزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن؛ M2 - نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ قوڭۇر رەڭلىك ئاقارغان چاچلىرى 20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەندىن تاشقىرى، يەنە 45 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆرۈلگەن ئىككى تال سۈنئىي (ياسالما) چېچىمۇ بار. ئايالنىڭ پېشانىسى، ئىككى چېكىسى ۋە مەڭزىنى ئاساس قىلغان ھالدا، كۆز ۋە بۇرۇن ئۈستىنى بويلاپ تاكى ئېڭەكلىرىگىچە سېرىق رەڭلىك بىر خىل مىنېرال بوياقتا گۈللۈك شەكىللەر سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يۈگىمەچ شەكىل ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار بىزگە: ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بەدەنگە گۈل سىزىش (چېكىش) نىڭ قەدىمكى زاماندا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۆز بەدىنىنى زىننەتلەش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشتە قوللانغان شەكىل - ۋاستىلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇ يالغۇز ئەڭ بۇرۇنقى بىزەك - پەرداز مەزمۇنىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى مەدەنىيەت مەنىسىگىمۇ ئىگە (كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكنى

سۆيگەنلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» گە دەپنە قىلىنغان ئەر-ئاياللارنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بىللە، يۈزىگە بوياق بىلەن ھەر خىل شەكىللەرنى سىزغانلىقى ئۆرۈمە چاچ قويۇش بىلەن بەدەنگە گۈل سىزىشنىڭ ئۆز زامانىسىدا تەڭ قوللىنىلغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇ خىل بېزىنىشلەرنىڭ شەكىل، مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلىدى.

يىراق قەدىمكى زامانلاردا مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ھەممىسى ئۆرۈمە چاچ قويغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، قۇمۇل رايونىدىكى «قارادۆۋە قەدىمكى قەبرىلىرى» دىن قېزىۋېلىنغان ئايال مېيىتىنىڭ (بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇنقى ) قوش ئۆرۈمە چاچلىرى، پىچان ناھىيىسىنىڭ سۇبېشى دېگەن يېرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرگە (2 - نومۇرلۇق قەبرە) دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ قوش ئۆرۈمە چاچلىرى يۆگەلگەندىن كېيىن، مەخسۇس ياسالغان چاچ تورىغا تىقىلغان. 1983 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلگەندە، قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان مېيىتلارنىڭ ھەر خىل چاچ پاسونلىرى ئېنىقلانغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ئۆرۈمە، تاق ئۆرۈمە، قوش ئۆرۈمە، ئەشمە چاچ ۋە ياسالما ئۆرۈمە چاچلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ئۆرۈمە چاچلارنىڭ بىر يۇرۇشى تۆت تال، ئەڭ كۆپلىرى 16تال بولۇپ، تاق ئۆرۈمە چاچلارنى- ئۈچ ئېشىم چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر قىلىپ ئۆرۈگەن ؛ ئۇنىڭدىن باشقا ياسالما چاچلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچى خىلى، ئۈچ تۇتام چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر قىلىپ ئۆرۈگەندىن كېيىن، ئاشۇ خىل ئۈچ تال ئۆرۈمە چاچنى يەنە بىرىكتۈرۈپ بىر يۇرۇش قىلىپ ئۆرۈگەن؛ ئىككىنچى خىلى، ئالتە تۇتام چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر يۇرۇش قىلىپ ئۆرىگەن. ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ نويان تاغلىرى ئەتراپىدىن قېزىلغان ھۇنلارغا ئائىت قەبرىلەردىن 17 تال قىزىل يۇڭ شويىنىنى قوشۇپ ئۆرۈگەن چاچ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېپىلغان⑨. ئاسىيا رايونىدىكى كەڭ ياپلاقلارغا تىكلەنگەن ھەر قايسى دەۋرلەرگە خاس بالبال (تاش ھەيكەل) لاردىمۇ ئۆرۈمە چاچلار ئويۇلغان. بولۇپمۇ ئىلى ۋادىسى (موڭغۇلكۈرە) كىچىك خونقاي ياپلىقىدىكى غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تىكلەنگەن بالبال (ئەر) نىڭ كەينى تەرىپىدە ئۆششاق ئۆرۈلگەن چاچ ئۆرۈملىرى (17 تال، بەلنىڭ تۆۋىنىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ) بار. بالبالنىڭ يۈزى كۆن چىقىشقا قاراپ تۇرىدۇ، قولىقىدا ھالقىسى بار.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن باشقا، كونا خەنزۇچە سالنامە، تارىخىي خاتىرىلەردە، مەسىلەن، «گۇيفاڭ تەزكىرىسى» دە: ھۇن، توقبات، سيانپى قاتارلىقلارنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرى بار، دەپ خاتىرىلەنگەندىن تاشقىرى، «كونا تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ، «يېڭى تاڭنامە. كۇسەن تەزكىرىسى» قاتارلىقلاردىمۇ ئاياللارنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويىدىغانلىقى ھەققىدە بايانلار بار. ئارخېئولوگىيىلىك، ئېتنوگرافىيىلىك تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى ئىسلام دىنى تارىم ۋادىسى (ۋە باشقا رايونلار) دا ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئەمەلدىن قالغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خوتۇن - قىزلارنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بايان قىلغان، لېكىن ئەرلەرنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى توغرىسىدا توختالمىغان. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 129-بەتتە:

θrguq – ئۆرۈمە چاچ؛
(ئۆرگۈچ)

θrmaSaq – ئۆرۈمە چاچ [I توم 175 - بەت]،
(ئۆرۈمە ساچ)

θNiK – چۈپۈرچاچ (ياسىما چاچ) [I توم 182 - بەت]،
(ئۆڭك)

θNikand؛ – چاچ سالدى [I توم 140 - بەت]،

(ئۆنىكلەندى )
UraɣUt θNiKland: - خوتۇن چاچ سالدى
(ئۇراغۇت ئۆنىكلەندى )
يەنى چوپۇردىن ياسالغان ماڭلاي چاچ تاقىۋالدى[ I توم 409 - بەت] .

ئومۇمەن، ھەر خىل شەكىللەردىكى ئۆرۈمە چاچلارنى قويۇش، ياسالما (سۈنئىي ) چاچلارنى سېلىش، بېزىنىش ئادەتلىرى بىر خىل ئەنئەنە سۈپىتىدە دەۋرمۇ دەۋر، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ، ھازىرقى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەردە تېخىمۇ كۆپ خىل شەكىلدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى مىللەتلەرنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش، بېزىنىش ئادەتلىرىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ئەمەلىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسلەن، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىدا ھەر خىل ئۆرۈمە چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەر شەكىللەنگەن.

«ئۇيغۇرلاردا توي قىلمىغان قىزلارنىڭ چېچى ئون بەش، ئون يەتتە، يىگىرمە بىر، ھەتتا قىرىق بىر تال قىلىپ ئۆرۈلىدۇ، ھەرگىز جۈپ ئۆرۈلمەيدۇ ھەمدە بۇنداق توي قىلمىغان قىزنىڭ پېشانىسىدە كوكۇلا چېچى بولىدۇ. ئۇنىڭ پاتاڭ (شىللە) قىسمىدىكى سۇمبۇل چاچنىڭ ئاستى قىسمى ئۈستىرا بىلەن چۈشۈرۈپ تۇرۇلىدۇ. قىزنىڭ تويى بولىدىغان كۈنى ئۇنىڭ شىللە قىسمى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈلىدۇ. توي قىلىپ ئەتىسى ياكى بىر قانچە كۈندىن كېيىن قىز (چوكان) نىڭ كوكۇلا چېچى ئىككى تەرىپىگە قايرىلىدۇ. ئۇزۇن سۇمبۇل چېچى جۈپ ئۆرۈلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ياڭاق سېكىلەك چاچ قويۇلىدۇ. چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. . . ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار جۇۋان دېيىلىپ، ئۇلار ياڭاق سېكىلەك چاچ قويۇش بىلەن بىرگە چېچىنى بەش، يەتتە، توققۇز. . . تال قىلىپ تاق ئۆرۈۋالىدۇ. بۇ، تۇللۇق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ياشانغان (نەۋرىلىك بولغان ) ئاياللار ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ، ئۇنى چاچتەڭگە بىلەن جۈپلىۋالىدۇ. . . دېمەك، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ تۇرىگە ۋە سۇمبۇل چېچىنىڭ جۈپ ياكى تاق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆرۈلگەنلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ قىز، چوكان، جۇۋان، ياشانغان ئايال. . . ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ» ⑩ بەدەنگە گۈل چېكىش، يۈزىگە بوياق بىلەن ھەر خىل شەكىللەرنى سىزىش، پەرداز قىلىش ئادەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» گە دەپنە قىلىنغان ئەر - ئايالنىڭ يۈزىگە سىزىلغان شەكىللەرنى تونۇشتۇرغاندا قىسقىچە بايان قىلغانىدۇق. تۆۋەندە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك ۋە بەزى تارىخىي مەلۇماتلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

ئۆز زامانىسىدا چەرچەن (تارىم ۋادىسى) دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشى، گۈزەللىكنى سۆيۈشىنى يالغۇز كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىدا ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزلىرى ياسىغان پەرداز بوياقلىرى ئارقىلىق بەدىنىگە ھەر خىل شەكىللەرنى سىزىش بىلەنمۇ ئىپادىلىگەن. بۇ خىل پەرداز ئادەتلىرى باشقا جايلاردىمۇ بايقالغان. مەسىلەن، كافكازدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە، سۆڭەك ۋە سېغىز لايدىن ياسالغان تامغا - قېلىپلار تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارغا «+» بەلگىلىك، ⚭ مەركەزداش چەمبىرەك، چۆگىلىمەش شەكىللەر ئويۇلغانىكەن. ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەر بۇ خىل تامغىلارنى ئادەم بەدىنى (تېرىسى) گە ھەر خىل ئۆرنەكلەرنى بېسىپ چىقىرىشتا ئىشلەتكەن. ئارخېئولوگلار تاپقان بۇ خىل تامغا - قېلىپلار ئىچىدە ئوتتۇرا كافكاز رايونىدىن تېپىلغان برونزا قوراللار دەۋرىگە ئائىت تامغىلار، سارمات - ئالانلار دەۋرىگە (چېچەن - ئىنگۇشتىكى «ئالقان قارا قەلئەسى» ) ئائىت تامغىلارمۇ بار ئىكەن.

ئېتنوگرافىيە، مىللەتشۇناسلىق، قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتكە دائىر تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا، بەدەنگە گۈل سىزىش ۋە چېكىشنىڭ يەنە بىر خىل مۇھىم مەنىسى بارلىقى قەيت قىلىنغان. مەسىلەن، «تۇڭگۇس ئۇۋچىلىرى ئىچىدە، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ بەدەنلىرىگە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئۆزىگە خاس گۈل - شەكىللەرنى سىزىدىغان ئادىتى بار ئىكەن.» ئۇلار يۈز - بەدەنلىرىگە سىزىلغان ئاشۇ گۈل - شەكىللەرگە

قاراپ قارشى تەرەپنى (ياكى دۈشمەن تەرەپنى) ئېنىق ئايرىپ زەربە بېرىدىكەن. شۇڭا ئالىملار بەدەنگە گۈل چېكىش ۋە سىزىشنى ـ مىللەت ياكى قەبىلىلەرنىڭ بەلگە ـ ئالامەتلىرى، بىر جەمئىيەت (توپ) بىلەن يەنە بىر خىل كىشىلەر توپىنىڭ شەرتلىك بەلگىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن.

6) ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللار توغرىسىدا

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان خىلمۇ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىزنى چەرچەن دىيارىدا ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى توغرىسىدا بەزى ئىلمىي پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلىدى. قەبرىلەرنىڭ دەۋرى ۋە قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ مۈلكى تەڭسىزلىك ئاساسىدا ئىجتىمائىي تەبىقىلەرگە تەقسىملەنگەنلىكىنى، ئۇلار ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلغان، ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلەر ئۇرۇقى بولۇپ ئۇيۇشقان، قەبىلە ئاقساقاللىرى باشچىلىقىدىكى جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بىزنىڭچە، چارۋا-ماللارنىڭ كۆپىيىشى ۋە قولدىن قولغا ئۆتۈشى جەمئىيەتنىڭ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش جەريانىنى، ئايرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوۋم، ئائىلە ۋە شەخسلەرنىڭ بېيىشىنى، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نامراتلىشىشىنى تېزلىتىپ، مۈلۈك جەھەتتە تەڭسىزلىك ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قاتلاملارغا بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلار ئۆز زامانىسىدا نىسپىي تۇراقلىق ھالەتتىكى قىسمەن يېكىنمە شەكىللىك تۇرمۇش كەچۈرگەن بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قوشنا رايونلاردىكى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئارا ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىدە بولغان، بولۇپمۇ يۇڭ توقۇمىچىلىق، كىگىزچىلىك، كۆن-بۇلغارچىلىق قاتارلىق ھۈنەر-تېخنىكىلارنى ئۆز ئارا ئۆگىنىش، كېڭەيتىش پائالىيەتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۇلار ئۆز زامانىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈچلىرى تەرەققىي قىلمىغان، ماددىي ئاساسى ئاجىز بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا كالا، قوي، تۆگە، قوتاز، ئات - قۇلان قاتارلىق ھايۋانلارنى تۇركۈملەپ باققان. قوشۇمچە ئوۋچىلىق بىلەنمۇ خېلى كەڭ شۇغۇللانغان؛ دېھقانچىلىقتا تېرىق، ئارپا، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغان؛ قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە ئۆزىگە خاس يەرلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ھەر خىل رەڭدار يۇڭ يىپلاردىن تۈز يوللۇق، قىيپاش يوللۇق ۋە كەشتىسىمان توقۇش ئۇسۇلىدا خىلمۇ خىل يۇڭ توقۇلما رەختلەرنى، يۇڭ پالاس، گىلەم، زىلچا، ئەدىيال، رەڭدار جىيەك قاتارلىقلارنى توقۇغان؛ كىگىزچىلىك، ياغاچچىلىق، ساپالچىلىق، كۆن (بۇلغار) چىلىك ھۈنەر - تېخنىكىسىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، پىششىق ئىشلەنگەن رەڭدار گۈللۈك كىگىز (تەڭلىمات)، رەڭدار كىگىز پايپاق، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك ۋە باشقا ئاياغ كىيىملەر، كىگىزدىن تىكىلگەن ھەر خىل قالپاق، قۇلاقچا، توقۇم قاتارلىقلار ئەسلى ھالىتى بويىچە ساقلىنىپ قالغان.

ئومۇمەن، يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ، سۈپىتى ئېسىل بولۇپ، دەۋردىن ھالقىغان بۇ خىل ئېسىل يۇڭ توقۇلما يادىكارلىقلار كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلار چەرچەن دىيارىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پەيدىنپەي تەرەققىي قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر - تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

7) ئېتنىك ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا

دەرۋەقە، بۈنىڭدىن ئۈچ - تۆت مىڭ يىللار بۇرۇن رايونىمىزنىڭ تارىم ۋادىسى، قۇمۇل - تۇرپان بوستانلىقلىرىدا ياشىغان قەدىمكى خەلق (قەبىلە-قوۋملار) نىڭ نىمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق يازما مەنبەگە ئىگە ئەمەسمىز.

شۇڭلاشقا، مۇشۇ جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك

تەكشۈرۈش - قېزىشلاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللار ۋە بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا ئاساسەن، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، ئېتنولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق ساھەلىرىدە ھەر خىل كۆز قاراشلار، يەكۈنلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. ھەر قايسى ئاپتورلار بۇ قەدىمكى خەلق (قەبىلىلەر) نى ئېتنىك جەھەتتىن ئېنىق بېكىتىش، ياشىغان جايلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان بىرەر ئىلمىي تەتقىقات قەدىمكى خەلق (قەبىلىلەر) نىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئولتۇراقلىشىش دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئۆز ھەسسىسىنى قوشالايدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن بىرنەچچە مىسالنى قىسقىچە بايان قىلىمىز:

1989 - يىلى شاۋشىڭجۇ، ۋاڭ بو ئەپەندىلەر زاغۇنلۇق M2 - نومۇرلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئەر ۋە ئاياللار ئۈستىدە ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلار بىلەن قىسقىچە خۇلاسىنى ئېلان قىلدى.[11] ئۇلار 15 تۈردە تەكشۈرۈش، 28 تۈردە ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىنكى كىچىك خۇلاسىسىدە: «تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش نەتىجىلىرىگە ئاساسەن تەھلىل قىلغاندا، زاغۇنلۇق ئادىمى (ئەر) نىڭ ياۋروپا ئاق ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئايالدا ئاق ئىرق بىلەن سېرىق ئىرقنىڭ ئارىلاشما (شالغۇت) ئالامەتلىرىنى بار ئىكەنلىكىنى (بۇ نۇقتىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ قايتا بېكىتىش كېرەك) دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىشكە بولىدۇ»[12] دەيدۇ.

ئامېرىكىدا ئېچىلغان «مىس قوراللار ۋە دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مىللەتلەر» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى[13] غا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، فىنلاندىيە، ئىرېلاندىيە، كانادا، روسىيە، ئۇكرائىنا، قازاقىستان، تۈركمەنىستان، كورىيە، ھىندىستان ۋە جۇڭگو قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتتىن يۈزگە يېقىن ئالىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاتناشقان. يىغىن قاتناشچىلىرىدىن ف. ت. خىيبېرت (F. T. Hiebert) ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى Peabody مۇزېي تەتقىقاتچىسى) ئۆزىنىڭ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربى ۋە شىنجاڭنىڭ مىس قوراللار دەۋرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ مەنبەسى» ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قۇملۇق رايونلىرى ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار ئەڭ قەدىمكى يېزا ئىگىلىك بوستانلىقلىرىنىڭ بۇنىڭدىن تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرىلا قوشنا رايونلاردىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇغىرىشى ئارقىلىق بەرپا قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدىكى بۇ خىل ئەڭ بالدۇرقى بوستانلىق مەدەنىيىتى مىلادىيىدىن 2200 يىل ئىلگىرى پەيدا بولغان ھەمدە مىلادىيىدىن 2000 يىل ئىلگىرى ھەر قايسى جايلارغا ئومۇملىشىپ، بىرخىل يېڭى مەدەنىيەت فورماتسىيىسى شەكىللەنگەن. ئۇ جايلاردىكى ئاھالىلەر كاسپىي دېڭىزىدىن تارتىپ پامىر رايونىنىڭ ئوتلاق (ئېگىزلىك) لىرىغىچە، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چارۋىچىلار بىلەن ھەر خىل ئالاقىلەردە بولغان. بۇ يايلاق چارۋىچىلىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردىن باشلاپ تارىم ۋادىسىدىكى ئوخشاپ كېتىدىغان مۇھىتتا مۇستەقىل تەرەققىيات مەركىزىنى شەكىللەندۇرگەن⑭.

بۇ قېتىمقى يىغىندا نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى پروفېسسورى شۇي تاۋ ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىدە: «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارغا ئاساسەن، تارىم ۋادىسى بىلەن فەرغانە رايونىنىڭ مىس قوراللار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىلىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى مىڭ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كافكاز ئىرقىدىكى ئاھالىلەر فەرغانە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىدىن چىقىپ، پامىردىن ئۆتۈپ، تارىم ۋادىسىغا كىرگەن»⑮ دەپ بايان قىلدۇ.

يىغىن قاتناشچىلىرىدىن مەشھۇر ئىرسىيەتشۇناس ل. كاۋاللى-سفورزا (L. cavalli—Sforza) نىڭ تەتقىقاتىدا، ئىرسىيەتشۇناسلىق سانلىق مەلۇماتلىرى بىلەن تىلشۇناسلىق سانلىق مەلۇماتلىرى ئوتتۇرىسىدا

باغلىنىشى بارلىقى ئىسپاتلانغان. ئۇ شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى جەسەتلەرنى DNA ( ئوكسىمىگېن ئاجراتقان يادرو قەنت كىسلاتا ) لىق ئانالىز ئارقىلىق تەكشۈرگەن. ئانالىز جەريانىدا، بۇ ئالىم ئېلېمېنت ئارخېئولوگىيىسىنىڭ يېڭى تېخنىكىسىدىن تولۇق پايدىلىنىش بىلەن بىللە، ئۇنى ھازىرقى زامان ئىرسىيەتشۇناسلىقى تەتقىقاتىنىڭ يەكۈنلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قېزىۋېلىنغان ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنى پەننىڭ مەلۇم تۈردىن ھالقىغان دەرىجىدە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاق ئىرق ئاھالىلىرىنىڭ ئىرقى، تىل ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا يېڭىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: «ھازىرچە بىز شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى جەسەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ زادى كىملەر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمىسەكمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن توخرىلار ۋە توخرى تىلىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە مەنبە مۇناسىۋىتى بارلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دېيەلەيمىز» ⑯ دەپ قارىغان. بۇخىل قاراش يىغىن ئەھلىنىڭ بىردەك قوشۇلۇشىغا ئېرىشكەن.

يىغىن قاتناشچىلىرىدىن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى خەن كاڭشىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئادەملىرىنىڭ باش سۆڭەكلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە لوپنۇر رايونى، تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ۋە پامىر رايونى قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان 274 دانە باش سۆڭىكى (دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1800 ـ 300 يىللارغىچە) توغرىسىدىكى خۇلاسىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ: «... شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئىرق تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ، چوڭ سىستېما جەھەتتىن ئېيتقاندا، ياۋروپا ئىرقى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئىرقىي فورماتسىيە تىپى يەككە بولماستىن، بەلكى ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىرقىي فورماتسىيىدىن ئايرىلىپ چىققان ياۋروپا ئىرق تىپىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. ياۋروپا ئىرق تىپىدىن باشقا، كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىقىشى (مەنبەسى) شەرقتىن بولغان موڭغۇل تىپلىقلارمۇ شىنجاڭ دائىرىسىدە پەيدا بولغان»⑰ دەپ بايان قىلغان.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان بايانلار مىس قوراللار دەۋرىنىڭ ئالدى - كەينىدە تارىم (جۇملىدىن قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرى) ۋادىسىدا ياشىغان خەلقنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئېنىقلاشتا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. لېكىن ئۇ خىل ئىلمىي پەرەز ۋە يەكۈنلەرنى قەدىمدە تارىم ۋادىسى، قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان خەلقنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە چىقىرىلغان بىردىنبىر يەكۈن دېيىشكە تولۇق ئاساسىمىز يوق. چۈنكى تارىم ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ئېنىقلانغان بەزى مۆرەككەپ، سىرلىق تۈس ئالغان ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ھەققىدە داۋاملىق، سىستېمىلىق، ئىز قوغلىشىپ قېزىپ تەكشۈرۈشكە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېتىشىپ كېتەلمىدۇق... ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىدىرىپ تەكشۈرگەنسېرى يىل دەۋرى تېخىمۇ قەدىمىي ھېسابلىنىدىغان ئەھۋاللار داۋاملىق مەلۇم بولماقتا.

1980 - يىلدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تىزناپ يېزىسى جىرغال مەھەللىسى تەۋەسىدىن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا ئائىت قەدىمكى ئىز تېپىلدى. 1981 - يىل 8 - ئايدا، ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بوغازدەرياسى قىرغىقىدىكى مەلۇم جايدا ئىپتىدائىي ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ، يەنى ماڭلاي سۆڭەك، چېكە سۆڭىكى، چوققا سۆڭىكى ۋە كېپىنەك سۆڭىكىدىن ئىبارەت تۆت پارچە تاش قاتمىسى تېپىلغانىدى.

1983 - يىل 7 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيى، ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئىدارىسى يەر قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى ئىلمىي خادىملار بىرلىكتە بۇ جاينى تەكشۈرۈپ، يەنە ئۈچ پارچە (سول تەرەپ چېكە سۆڭىكى، قۇلاق ئاستى سۆڭىكى قاتارلىق) تاش قاتمىلارنى تاپقان. بۇنىڭ بىلەن، ئىپتىدائىي ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ (تاشقا ئايلانغان) كەم قىسمى

تولۇقلانغان. ئىپتىدائىي ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ تاش قاتمىسى ئاتۇش ناھىيىسى تەۋەسىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «ئاتۇش ئادىمى» دەپ نام بېرىلگەن.

«ئاتۇش ئادىمى» باش سۆڭىكىنىڭ تاش قاتمىسى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە تۇنجى قېتىم ئېنىقلانغان مۇھىم بايقاش بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىل خۇسۇسىيىتى، تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى ۋە يەر قاتلىمى ئانالىزلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا تەئەللۇق بولغان 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى ئىكەنلىكى بېكىتىلگەنىدى. ئۇنىڭ تەخمىنەن دەۋرى بۈگۈندىن 10 ــ 30 مىڭ يىللار ئىلگىرى، دەپ پەرەز قىلىنماقتا. لېكىن مۇشۇنداق بىر مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك ئىزنى ئەتراپلىق، نۆقتىلىق قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلمىدى...

ئومۇمەن، «جىرغال قەدىمكى ئىزى» بىلەن «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ تېپىلىشى يىراق قەدىمكى زامانلاردا تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ بەدەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى، قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىدا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى بوستانلىقلارنىڭ تاش قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىش، ئىپتىدائىي ئادەملەر توپلىرىنىڭ تارالغان دائىرىسىنى ئېنىقلاش، شۇ دەۋرلەردىكى جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق بىرمۇنچە ئىلمىي مەسىلىلەردە بىزنى ئىنتايىن مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى. يېقىنقىلاردىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربى، شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەر قايسى جايلاردىن مىس قوراللار دەۋرىگە ئائىت مۇكەممەل مەدەنىيەت خارابە ئىزلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە كەينى - كەينىدىن تېپىلماقتا. بۇ مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تېپىلۋاتقان يادىكارلىقلار ئەينى زاماندا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىگىلىكنىڭ تەڭلا مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. ئارخېئولوگلارنىڭ ئەتراپلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىزدەنگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مىس قوراللار دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000- يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 800- يىللارئارىلىقىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. تارىم ئارخېئولوگىيىسىدە ئېنىقلانغان مىس قوراللار دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى مەدەنىيەتنى ئېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان مىس قوراللار دەۋرىگە ئائىت بىر قانچە تىپىك قەدىمكى مەدەنىيەتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

ئاننو مەدەنىيىتى-ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئاننو كوپېت تېغىنىڭ ئالدى ئېتىكىگە جايلاشقان ئاشخاباد ئەتراپىدىكى بىر بوستانلىق بولۇپ، ئۇ يەردىن قەدىمكى ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان ئىز (چوڭ ئىككى دۆڭلۈك) تېپىلغان. 1940- يىلى، ئامېرىكىلىق رافائېل پومپېللىي بۇ يەردە ئومۇميۈزلۈك قېزىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى ئاننو مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتقان. ئۇ ئاننو I (شىمالدىكى دۆڭلۈك) نى تاش قورال دەۋرىگە، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 8000 - يىللار غا، ئاننو II نى مېتال قوراللار بىلەن تاش قوراللارنى تەڭ ئىشلەتكەن دەۋرىگە، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6000 - يىللاردىن 5000- يىللارغىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ، جەنۇبتىكى دۆڭلۈك مىلادىيىدىن ئىلگىرىدىكى 5000 - يىللاردا شەكىللەنگەن؛ ئاننو III (جەنۇبتىكى دۆڭلۈك) نى مىس قوراللار دەۋرىگە، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5000 - يىللاردىن 1000 - يىللارغىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ؛ ئاننو IV (جەنۇبتىكى دۆڭلۈك) نى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ، دەپ مۇقىملاشتۇرغان. ھازىر ئىلىم ساھاسىدىكىلەر ئادەتتە پومپېللىينىڭ شىمالدىكى دۆڭلۈك مەدەنىيىتىنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشى بەك ئالدىغا سۈرۈلۈپ كەتكەن، شىمالدىكى دۆڭلۈك مەدەنىيىتى (ئاننو I ۋە ئاننو II مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ يىل دەۋرى ئەڭ بۇرۇن بولغاندىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4000 - يىللاردىن ئىلگىرى بولماسلىقى، يەنى مىس قوراللار بىلەن تاش قوراللارنى تەڭ

ئىشلىتىش دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، دەپ قاراۋاتىدۇ. ئاننو مەدەنىيىتى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا خاس رەڭلىك ساپاللار شىنجاڭنىڭ رەڭلىك ساپاللىرىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئاننو مەدەنىيىتىدىن تېرىقچىلىقنىڭ ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، شۇڭا پۇمپېللىي: ئۇ جايىنىڭ دېھقانچىلىقى چارۋىچىلىقىدىن ئىلگىرى، دەپ ھېسابلىغان⑱.

«ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاق رايونىنىڭ مىس قوراللار مەدەنىيىتىگە مىنوسىنىسكى ئويمانلىقى مەدەنىيىتىنى ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ. مىنوسىنىسكى ئويمانلىقى سايان چوققىسىنىڭ شىمالىغا، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان. بۇ يەردە كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان. مىس قوراللار بىلەن تاش قوراللارنى تەڭ ئىشلىتىش دەۋرىدىن باشلاپ، بۇ يەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان بىر قاتار مەدەنىيەتلەرنىڭ مىس قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە داۋام قىلىشى ئوۋچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىققا تەرەققىي قىلىش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئافاناسوۋ مەدەنىيىتى. بۇ مەدەنىيەت مىس قوراللار بىلەن تاش قوراللارنى تەڭ ئىشلەتكەن دەۋرگە، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3000-يىلنىڭ ئاخىرىدىن 2000 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلگە مەنسۇپ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى ئەڭ ئاۋۋال مىنوسىنىسكى ئويمانلىقىنىڭ باتىن كەنتى ئەتراپىدىكى ئافاناسوۋ تېغىنىڭ باغرىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش تىپتىكى مەدەنىيەت قەدىمكى كاتون دەرياسى ۋادىسىدىنمۇ تېپىلغان. قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلاردىن، ئافاناسوۋدا ياشىغان قەبىلىنىڭ ئىت باققانلىقىنى، كالا، قويلارنى ئاۋۇتقانلىقىنى، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، لېكىن ئوۋچىلىقنى تاشلىمىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئۇلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئوۋچى چارۋىچىلار بولۇپ، مېتال تاۋلاشنى بىلگەن، گەرچە بۇ يەردىن مىس پىچاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاش قورال ۋە سۆڭەك قوراللار ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاننو مەدەنىيىتى تېپىدىكى رەڭلىك ساپال ۋە ئامۇ دەرياسىدىن چىقىدىغان قۇلۇلە قېپىدىن ياسالغان تۇمارنىڭ تېپىلغانلىقى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئارال دېڭىزى رايونىدىكىلەر بىلەن سودا ۋە باشقا جەھەتلەردە ئالاقە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(2) ئاندېرونوۋ مەدەنىيىتى. بۇ مەدەنىيەت مىس قورالالار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىلىگە، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا مەنسۇپ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى يېنىسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاقىنساق رايونى ئاندېرونوۋ كەنتىدىن تېپىلغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش تىپتىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى جەنۇبىي سىبىرىيە، غەربىي سىبىرىيە ۋە قازاقىستاندىكى بىر مۇنچە رايونلارغا تارالغان. ئۇ يەنە ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاندېرونوۋ مەدەنىيىتىنى ياراتقان بۇ قەبىلىنىڭ مۇقىم ئولتۇراق ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق ۋە مۇقىم ئولتۇراق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، لېكىن چارۋىچىلىقنى ئافاناسوۋ مەدەنىيىتى مەزگىلىدىكىدىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى، ئۇۋچىلىقنى ئاللىقاچان تاشلىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئۇ يەردىن كالا، قوي سۆڭەكلىرىدىن باشقا، يەنە ئات سۆڭەكلىرىمۇ تېپىلغان. ئۇ جايدىن يەنە تۇۋى تەكشى، يۇزىگە گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەر چىقىرىلغان ساپاللار، تاش چانىغۇچ، يارغۇنچاق، بۇغداي غولى ۋە دانچىلىرى؛ مىس قوراللاردىن خەنجەر، پىچاق، پالتا، بىلەيزۈك قاتارلىقلار تېپىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە ئۇزاق زامانلاردا چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن ئاندېرونوۋ مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000ـ يىلنىڭ ئاخىرى ۋە 1000 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، بۇ يەردە ياشىغان كىشىلەر پۈتۈنلەي كۆچمەن چارۋىچىلىققا ئۆتكەن. ئۇنىڭدا ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان...

(3) قاراسۇق مەدەنىيىتى. بۇ مەدەنىيەت تەخمىنەن مىلادىيىدىن

ئىلگىرىكى 1200 ــ 700 - يىللارغا، يەنى مىس قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە مەنسۇپ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزلىرى ئەڭ ئاۋۋال مىنوسىنىسكى ئويمانلىقىدىكى قاراسۇق دەرياسى بويىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى يەنە بايقال كۆلى رايونى، ئالتاي، سىمپالاتىسكى ۋە زايسان كۆلى ئەتراپلىرىدىنمۇ تېپىلغان بولۇپ، ئۇ ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتىدىنمۇ كەڭرەك تارالغان. قاراسۇق مەدەنىيىتىگە ئائىت تۇرالغۇ ئىز خارابىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتلىمىنىڭ نېپىزلىكى ۋە ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، بىر جايدا ئۇزۇنغىچە مۇقىم ئولتۇراقلاشماي، دائىم دېگۈدەك كۆچۈپ يۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار چارۋىچىلىقتا ئاساسلىقى قوي پادىلىرىنى باققان... ⑲

تارىختا ئۆتكەن ھەر قانداق خەلق ياكى مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ تارىخىنى ئۇلارنىڭ نامى تېخى ئەلگە تونۇش بولمىغان مەزگىلدىن، يەنى قەدىمكى رىۋايەت باسقۇچى ياكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىن باشلاش تارىخ ئىلمىدە قوللىنىلىۋاتقان ئومۇمىي ئۇسۇل. ئالايلۇق، رۇس تارىخچىلىرى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسەن، رۇس خەلقىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى «رۇس» نامى تارىختا مەلۇم بولمىغان ناھايىتى قەدىمكى زاماندىن باشلىسا، خەنزۇ خەلقىمۇ ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى، «خەنزۇ» دېگەن نام تېخى مەلۇم بولمىغان ناھايىتى بۇرۇنقى «يەن - خۇاڭ»، «ياۋ»، «شۈن - يۈ» ۋە باشقا قەدىمكى ئەپسانە رىۋايەتلەردىن باشلايدۇ. دېمەك، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى، تارىخىنى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن، تارىختا ئۆتكەن ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن باشلىشى غەيرىي نورمال ئەھۋال ئەمەس.

8) مېيىتلارنىڭ چىرىپ كەتمەي «قۇرۇق جەسەت» كە ئايلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەب - ئامىللار توغرىسىدا

ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى لوپنۇر، كۆنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەرياسى ساھىلىدىن، چەرچەننىڭ زاغۇنلۇق، قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە، يانبۇلاق، پىچاننىڭ سۇ بېشى قاتارلىق جايلىرىدىن تەبىئەت ئاتا قىلغان ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىت ئىچىدە تەبىئىي ھالدا قۇرۇپ قاق بولۇپ قالغان قەدىمكى جەسەتلەر تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» گە دەپنە قىلىنغان مېيىتلارنىڭ قۇرۇپ، ياخشى ساقلىنىپ قېلىشىدا تۆۋەندىكىچە سەۋەب - ئامىللار بار:

(1) رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدە قۇرغاق ھاۋا؛

(2) قەبرە قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى؛

(3) دەپنە قىلىنغان ۋاقىت ۋە باشقىلار.

چەرچەن ناھىيىسى قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقتا جايلاشقان بولۇپ، ئالاھىدە قۇرغاق ھاۋالىق رايونغا ئورۇنلاشقان. ھازىرقى جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى بويىچە ئېيتقاندا، پۈتۈن يىللىق كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى 2907.7 سائەتتىن ئاشىدۇ. يىللىق يامغۇر مىقدارى 18.6 مىللىمېتىر، يىللىق ھورغا ئايلىنىش مىقدارى 2507 مىللىمېتىر بولۇپ، يامغۇر مىقدارىنىڭ 135 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدە قۇرغاق ھاۋانىڭ رولى چوڭ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى جايلاشقان ئورۇن قۇم، شېغىل، توپا (شورلۇق) ئارىلاش ئېگىز تۆپىلىكتە بولغاچقا، كۈن نۇرىغا قاقلىنىشى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ.

چەرچەننىڭ ھازىرقى ھاۋارايى ئادەتتە 1 - ئايدا ئەڭ سوغۇق ۋاقتى نۆلدىن تۆۋەن 26°—27° گىرادۇس، ئەڭ ئىسسىغاندا (7 - ئاي) نۆلدىن يۇقىرى 41.5° گىرادۇس بولىدۇ. ئەگەر مېيىت ياز ۋە كۈز كۈنلىرىنىڭ دەسلىپىدە دەپنە قىلىنسا، قەبرىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت كۈن نۇرىغا قاقلىنىشى، ھورغا ئايلىنىشى تېز بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا چىرىپ كەتمەي قۇرۇق جەسەتكە ئايلىنىشى تېز بولىدۇ.

M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئەر ۋە ئايال جەسەتلىرىنىڭ تەبىئىي ھالدا قۇرۇپ، ئاساسەن ياخشى ساقلىنىپ قېلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ

يەنە بىرى، قەبرىنىڭ ئازادە، تورۇسلۇق قىلىپ ياسىلىشى، يەنى ئۆيگە ئوخشاش ئازادە قېزىلغان قەبرىنىڭ ئۈستى قاتمۇ قات (ياغاچ، بورا، قوشام، هايۋان تېرىلىرى، قومۇش قاتارلىق) نەرسىلەر بىلەن هەم يېپىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەبرىنىڭ تۆت تېمى تۇز (شور) قاتلىمىغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، جەسەتلەردىكى مىكروبلارنىڭ كۆپىيىشى تەبىئىي تىزگىنلىنىپ، قۇم - توپىدىن خالىي، قەبرە ئىچىدىكى ئازادە بوشلۇقتا هورغا ئايلىنىش، قۇرۇشى تېزلىشىپ، چىرىپ كەتمىگەن.

ئەجدادلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زېمىنىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكلىرىدىن پايدىلىنىشنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، دەپنە قىلىش - ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا هازىرقىلارنىمۇ قايىل قىلغۇدەك ئۇسۇل - چارىلەرنى ئىجاد قىلغان. مەسىلەن، M2 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگىمۇ ئېرىقچە كولىنىپ (بۇ قەۋەتمۇ تۇز - شور قاتلىمىغا توغرا كەلگەن)، ئۇنىڭ ئۈستىمۇ ياغاچ، بورىلار بىلەن يېپىلغاندىن كېيىن، مېيىتلار قويۇلغان، مېيىتلارنىڭ ئاستىغا كەلتۈرۈپ كولانغان بۇ ئېرىقچە جەسەتلەرنىڭ دۇمبە، بەل، يانپاشلىرىنىڭ چىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينىغان.

M1 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى بوۋاق ۋە M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى مېيىتلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە قارىغاندا (يۇڭ توقۇلما تون، كۆڭلەك، ئىشتان، كىگىز پايپاق، كۆن ئۆتۈك قاتارلىقلار)، ئۇلارنىڭ كەچ كۈز ياكى قىشنىڭ دەسلەپىدە دەپنە قىلىنغانلىقى بىلىنىدۇ.

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن بۇ قېتىم قېزىۋېلىنغان هەر خىل رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلار ۋە ئۇلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر، جۈملىدىن تۇرلۇك هەمدەپنە بۇيۇملىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە تارىخ جەھەتتىكى ئەهمىيىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش، يەكۈنلەش ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ۋە پەرەزلەرنى ئۆزگەرتىپ، قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى باشقىدىن باهالاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدى.

«زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

يادىكارلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئەسلى پېتىچە ساقلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى زاماندىكى دەپنە يوسۇنلىرى، كىيىنىش ئادەتلىرى ۋە باشقىلارنى ئىمكانقەدەر تولۇق، توغرا ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، زاغۇنلۇق قەبرىلىرىدىن تېپىلغان رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ بىر يۈرۈش نەمۇنىلىرى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان زور بايلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پايدىلىنىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار:

1. 1985 ـ يىل 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا چەرچەن ـ زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىش مەيدانىدا يېزىلغان خاتىرىلەر، قەبرە ئارخېپىدىكى ھەر خىل جەدۋەللەر، دەسلەپكى (بىرىنچى قول) ماتېرىياللار، خەرىتە، رەسىم، سۈرەتلەر.
2. ك. ئا. ئاكشېۋ: «ئېسىك قەبرىسى» (قازاقىستان ساكلىرىنىڭ سەنئىتى) «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1991 ـ يىل، 2 — 3ـ قوشما سان.
3. ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» I ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
4. «خەننامە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل،ئۇيغۇرچە نەشرى.
5. ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل 4 ـ ئاي.
6. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I، توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 9 ـ ئاي.

ئىزاھلار:

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» I ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993ـ يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 33ـ 34 ـ بەتلەر.
② يۇقىرىقى ئەسەر، 34 ـ بەت.
③ ھېرودوت: «تارىخ» ، سودا نەشرىياتى، 1959 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 476ـ

بەت.

④ «خەننامە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 902- بەت.

⑤ «خەننامە» ، ئۇيغۇرچە نەشرى؛ 865 - بەت.

⑥ئا. راخمان، ر. ھەمدۇللا، ش، خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى.

⑦ ئا. راخمان قاتارلىقلار، يۇقىرىقى ئەسەر، 19 - بەت.

⑧«شىمالىي رايونلار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - 北方文物 » ژۇرنىلى، 96- يىللىق 4 - سان، 66 - بەت.

⑨ ئا. راخمان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» ، 156 - بەت.

⑩شياۋ شىگجۇ، ۋاڭ بو: «زاغۇنلۇق M2 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئەر ۋە ئايالنىڭ قەدىمكى جەسىتى توغرىسىدا دەسلەپكى تەتقىقات» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1989 - يىل 4 - سان (خەنزۇچە) 72 -، 77 - بەتلەر.

⑪يىغىنى ئامېرىكا پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە - ئېتنولوگىيە مۇزېيى ۋە ئاسىيا ئوتتۇرا شەرق تەتقىقات فاكۇلتېتى بىرلىكتە ئاچقان (ۋاقتى 1996- يىل 19 - ئاپرېلدىن 21 - ئاپرېلغىچە) .

⑫⑬⑭⑮«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ، خەنزۇچە نەشرى، 1996 - يىللىق 3 - سان، 78 -، 81 - بەتلەر.

⑯ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» I ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 19 - 20 - بەتلەر.

⑰ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» I ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 23 — 26- بەتلەر.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز يۈسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدە ئۇيغۇرلاردا يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى

ياڭ فۇشۇ

سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرى ئۇيغۇرلاردا يانچىلىق تۈزۈمى شەكىللەنگەن ھەم تېز تەرەققىي قىلغان باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈزۈم ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جەمئىيەت تارىخىغا چوڭقۇر ھەم زور تەسىر كۆرسەتكەن. لېكىن بۇ تۈزۈمنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخي تەرەققىياتى توغرىسىدا ئىلمىي ساھەسىدىكىلەر كەم توختالدى. دەرۋەقە، ھازىر بار خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بەك ئاز بولۇپ، ئەينى چاغدىكى تارىخي ئەمەلىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى تەس. شۇنداق بولسىمۇ، بەختكە يارىشا XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان شىنجاڭ، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلار ئۆز دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىپ قالدۇرغان ئىجتىمائىي ئىگىلىككە دائىر زور تۈركۈم يازما يادىكارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن قېزىپ چىقىلدى، بۇ يازما يادىكارلىقلاردا شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، تارىخي خاتىرىلەردىكى يېتەرسىزلىكلەر تولدۇرۇلدى. بىز مۇشۇ يېڭى تېپىلغان قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ياردىمى بىلەن، ئىلگىرى بىزگە تونۇشلۇق بولمىغان بۇ ساھە ئۈستىدە بىرقەدەر ئىنچىكىلەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

## 1. تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىدە ئۇيغۇرلاردا يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ بېخلىنىشى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى بىخ ئۇرغان ۋاقتىنى مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. تۈرك يېزىقىدىكى «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» (تۈرك مەڭگۈ تېشى، 732 - يىلى ئورنىتىلغان) دا تۈرك شاھزادىسى كۆل تېكىن (686 ـ 731) نىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن:

بىر يىلى ئەتىيازدا، بىز ئوغۇزلار (ئۇيغۇرلار) غا جازا يۈرۈشى قىلدۇق، كۆل تېكىن بۇيرۇق بويىچە ئوردىنى ساقلاشقا قالدى. دۈشمەن ئوغۇزلار ئوردىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى، كۆل تېكىن ئاق ئاتقا مىنىپ، توققۇز دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، ئوردىنى ساقلاپ قالدى. ئانىمىز خاتۇن ۋە ئۆگەي ئانىلىرىمىز، سىڭىللىرىمىز، كېلىنلىرىمىزدىن تىرىك قالغانلىرى قۇل - دېدەك بولۇشتىن ساقلىنىپ قالدى، ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى دالىدا تاشلىنىپ قالمىدى ①.

تۈركلەرنىڭ بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشى VII ئەسىرنىڭ ئاخىرى VIII ئەسىرنىڭ بېشىدا بولغان، بۇ، شۇ چاغدا ئۇيغۇرلاردا قۇل ساقلاش ئادىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. 957 - يىلى ئورنىتىلغان تۈرك يېزىقىدىكى ئۇيغۇر مەڭگۈ تېشى ـ «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دا، ئۇيغۇر قاغانىنىڭ قۇلى ئېنىق قىلىپ ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. بىر قېتىمدا «مېنىڭ قۇلۇم (Qulum) » دېيىلگەن، يەنە بىر قېتىمدا «مېنىڭ دېدىكىم (kungum) » دېيىلگەن②. مانا بۇ، شۇ چاغدا ئۇيغۇرلاردا قۇل ساقلاش تۈزۈمى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن بۇ شۇ دەۋردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ قۇللۇق تۈزۈم باسقۇچىغا كىرىپ بولغانلىقىدىن دېرەك

www.uyghurkitap.com

بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، زور مىقداردىكى ئەمگەك كۈچىگە مۇھتاج ئەمەس. قۇللۇق تۈزۈم شارائىتىدا، قۇللاردا ھېچقانداق مال - مۈلۈك بولمايدۇ، كىشىلىك سالاھىيىتى تېخىمۇ يوق، ھەتتا ھاياتىمۇ كاپالەتسىز، شۇڭا ئۇلاردا ئەمگەك قىزغىنلىقى كەم، ئادەتتە مەجبۇرلۇق بىلەن ئەمگەك قىلىدۇ. ئۇلار پۇرسەت بولسىلا قېچىپ كېتىدۇ. يايلاقلاردا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن قاتتىق نازارەت قىلىشمۇ تەس، ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشمۇ قىيىن. شۇڭا، ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلار ساقلىغان قۇللار ئاساسەن ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» دىكى ئالاقىدار مەزمۇندىن قارىغاندا، ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلار ساقلىغان قۇللار ئاساسەن ئايال قۇل (دېدەك) بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە سېلىنمىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن قۇللۇق جەمئىيەتكە كىرمەي، بىۋاسىتە فېئوداللىق تۈزۈمگە (فېئوداللىق، پاتريئارخاللىق كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيەتكە) ئۆتكەن. بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەبتىن باشقا، تۈركلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلارنىڭ تەسىرىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئامىلدۇر. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلار يىغىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا فېئوداللىق جەمئىيەتكە كىرگەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مۇكەممەللىشىپ ۋايىغا يەتكەن. شىمالدىكى تۈركلەرمۇ فېئوداللىق كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدە بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە قۇللۇق تۈزۈم باسقۇچىغا قايتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

840 - يىلى، شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە تاشقى پاراكەندىچىلىكنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن پارچىلىنىپ كېتىپ، ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئارقا - ئارقىدىن سىرتقا قاچتى، ئۇلارنىڭ زور بىر قىسمى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى رايونلارغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، ئۇزۇن ئۆتمەي

قوجو (هازىرقى تۇرپان) بېشبالىق (هازىرقى جىمسار) نى مەركەز قىلغان قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. شۇ جايلاردىكى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىدە كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىققا ئۆتۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

قوجو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىنى ئىدىقۇت موڭغۇللارغا بەيئەت قىلغان 1209 - يىلنى پاسىل قىلىپ، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى دەپ ئىككى مەزگىلگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئالدىنقى مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى توغرىسىدا تۈرلۈك تارىخ كىتابلىرىدا قالدۇرۇلغان خاتىرە يوق. تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئىجتىمائىي ئىگىلىككە دائىر نۇرغۇن ۋەسىقىلەر تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرەر پارچىسىنىڭمۇ ئىلگىرىكى مەزگىلگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن پاكىت تېپىلدى③. ھازىرغا قەدەر، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئالدىنقى مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىككە دائىر ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسى دۈنخۇاڭدىكى ئېگىز قۇم مىڭئۆيىنىڭ نوم ساقلاش ئۆڭكۈرى (هازىرقى 71 - ئۆڭكۈر) دىن تېپىلغان بولۇپ، يىل دەۋرى XI ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كېيىن ئەمەس. بىرمۇنچە ۋەسىقىلەر شۇ مەزگىلدە شاجۇ (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۈنخۇاڭ شەھىرى) رايونىدىكى ئۇيغۇرلاردا قۇل - دېدەك مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

(1) P. ئۇيغۇر 4: «سەن باشقا بىر كىشىدىن گۆرۈگە قويۇلغان بىر ئەر قۇلنى ئېلىۋالغىن.»④

(2) P.3046: «قۇت سانغۇنىڭكىدە بىر دېدەك قالدۇرۇلدى. ئېگەن سېنقۇرنىڭكىدە بىر دېدەك قالدۇرۇلدى.» ⑤

(3) P. ئۇيغۇر 10: «يەنە توققۇز (توپ) كاناپ رەختكە يازۇق ئىسىملىك بىر دېدەك تېگىشىۋېلىندى .... مەن بىر دېدەك ئەۋەتىپ بەردىم.»⑥

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە ئېيتىلغان «قۇل» ، «دېدەك» لەر قۇللۇق سالاھىيىتىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن، يانچىلىق سالاھىيىتىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، قۇلغا باراۋەر دېيەرلىك، ئەمما قۇلدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ۋە ئۆز ئائىلىسىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ، ئۇلارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىغا ۋە ئەينى چاغدىكى خېشى رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا، بۇ يەردە ئېيتىلغان «قۇل» قۇل ئەمەس، بەلكى يانچى بولۇش كېرەك، دەپ قارايمىز. ئەگەر بۇ پەرىزىمىز خاتا بولمىسا، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ۋەسىقىلەر يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ IX — XI ئەسىرلەردە شاجۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلاردا شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شاجۇ ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيىتى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيىتىنىڭ تەڭ قەدەمدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ھەمدە 1209 ـ يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىكى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى تۇرپان، خېشى قاتارلىق جايلاردا يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا شۇنداق ھۆكۈم قىلالايمىزكى، يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىلا مەۋجۇت بولغان.

## 2. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

XII ئەسىرنىڭ بېشىدا چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلدى، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلار مۇشۇ سەۋەبتىن مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. 1209 ـ يىلى، ئەسلى غەربىي لياۋ (قىتانلار) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ھاكىمىيىتى موڭغۇللارغا بەيئەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تېز سۈرئەت بىلەن تىكلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، بويسۇندۇرۇلغان ئەللەرنىڭ ھەممىسى موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر چىقارغان، ئۇيغۇرلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە. تارىختا مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

ئىدىقۇت «جەبە نويان بىلەن قۇمۇل، سوتەن ۋە بىرقانچە مۇسۇلمان ئەللەرگە يۈرۈش قىلدى، قول ئاستىدىكى تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئىنتىزامى قاتتىق بولۇپ، ھەربىر يۈرۈشتە غەلىبە قىلدى. يەنە خانغا ئەگىشىپ نىشاپۇرغا يۈرۈش قىلدى، خېشى رايونىنى بويسۇندۇردى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە زور خىزمەت كۆرسەتتى.»⑦ ئۇنىڭ ۋارىسى مامۇراق تېكىنمۇ «تۈمەن كىشىلىك تەرەپ قوشۇننى باشلاپ، شيەنزۇڭ (بورجىگىن مۆڭكۆ) بىلەن بىرگە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خېجۇ ئايمىقىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، دياۋيۈشەن تېغىنى ئېلىشتا خىزمەت كۆرسەتتى.»⑧

ئىدىقۇتتىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى يەرلىك ئاقساقاللىرىمۇ ئۆز قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ موڭغۇللارنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلغان قوشۇنلىرىغا قوشۇلۇپ ماڭدى. مەسىلەن، كۆل بېئۈچ «تەيزۇ (بورجىگىن تېمۇرچىن) نىڭ شىمالغا يۈرۈش قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كەلدى. مۇسۇلمان ئەللەرگە يۈرۈش قىلىشتا نەچچە قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى.»⑨ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇش جەريانىدا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جەستى جەڭ مەيدانىدا قالدى، ھايات قالغانلارمۇ ئۇزۇن مەزگىل باشقا يۇرتلاردا تۇرۇپ قالدى، نەتىجىدە ئۇيغۇرلار رايونى نۇرغۇنلىغان ئەمگەك كۈچىدىن مەھرۇم بولدى. ھەربىي قوشۇننى قوراللاندۇرۇش ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئاھالىلەر «كېلىنلىرى ۋە بالىلىرىنى گۆرۈگە قويىدى ۋە ساتتى.»⑩ يەنە بەزىلەر يەرلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى⑪. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قارام ئەل بولۇش سۈپىتى بىلەن، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىغا ئولپان تۆلەش ۋە تارتۇق يوللاش ئىدىقۇتنىڭ ئادا قىلىشى زۆرۈر بولغان مەجبۇرىيىتى ئىدى. چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا ئىدىقۇت ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يوللاپ تۇرغانىدى. قايدۇ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، قارىمۇ-قارشى ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقىدىكى رايوندا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار چوڭقۇر بالايىئاپەتلەرگە ئۇچرىدى، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىنى بولۇشىچە تارتقاندىن باشقا، يەنە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ۋە توپىلاڭچى قوشۇنغا ئوخشاشلا ئولپان تۆلەش، پۇل بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. يۈەن سولالىسى ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇرلار زېمىنىدا مو ھېسابلاپ باج ئېلىشقا بۇيرۇق قىلدى.»⑫ يەرلىك دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر قەرەل بويىچە فېئودallıq دۆلەتكە باج تۆلىشى، ھەربىي خىزمەت ئۆتىشى، ھاشارغا چىقىشى شەرت ئىدى. بىر مەھەل يولغا قويۇلغان نوپۇس بېجى تۈزۈمى فېئوداللارنىڭ ئېتىز-ئېرىقلىرى كېڭەيگەنسېرى كەتكەن يەرلىرىنىڭ بېجىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويىدى. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، ھوقۇقى، كۈچى بار فېئوداللار ئۆزى تۆلەشكە تېگىشلىك باج - سېلىقلارنى تۆلىمەسلىك ياكى ئاز تۆلەش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ يانچىلىرىمۇ باجدىن كەچۈرۈم قىلىنىش ئىمتىيازىغا ئىگە ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «يانچىلارنىڭ باجىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى تەلەپنامىسى» ئەنە شۇ ئەھۋالنىڭ ئەينەن ئىنكاسى:

. . . قىران بېجى ئالغاندا، سۈيۈرغاللىق يەردىكى يانچىلاردىن
ئالمىدى.

. . . ئىسەن بۇقا دەۋرىدە، قۇدرەتلىك ئىدىقۇت كەتەي بار
ئىدى. ئەلچى بىلەن بىرلىكتە باج ئېلىشقا باشلىغاندا،
سۈيۈرغاللىق يەردىكى يانچىلاردىن قىران بېجى ئالمىدى.

ئوخشاش بىر قاغان دەۋرىدە، قۇتلۇق باتۇر بىلەن يەكەندىن كەلگەن
ئىركەي قاتارلىق ئەلچىلەر بىرلىكتە قىران بېجى ئالغاندا،
بۇرۇنقىدەكلا، سۈيۈرغاللىق يەردىكى يانچىلاردىن قىران بېجى
ئالمىدى.

كىبەك خان دەۋرىدە، يابغۇ بەگلەر قىران بىجى ئالغىلى كەلگەندىمۇ، سۇيۇرغاللىق يەردىكى يانچىلاردىن قىران بىجى ئالمىدى (USP 22) ⑬.

بۇ پۇتۇكلەردە توققۇز نەپەر موڭغۇل چاغاتاي خانلىرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، باج يىغقۇچى ئەمەلدارلار تۇرپان رايونىدا سۇيۇرغاللىق يەردىكى يانچىلاردىن پۇتۇنلەي باج ئالمىغان. دېھقانلارنىڭ ئۇستىدىكى باج - سېلىق بەكمۇ ئېغىر بولغان. بىر پۇتۇكتە، بىر كىشىنىڭ بەگكە باج ئۇچۇن ماتا، ئۇزۇم ۋە باشقا نەرسىلەرنى تاپشۇرۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن، «ئۆستەڭنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى تېرىلغۇ يېرىنى قانۇنلۇق ھالدا ساتقان»⑭ لىقى يېزىلغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان ماتا نوقۇل ھالدىكى رەخت بولماستىن، ئەينى چاغدا ئۇ پۇلنىڭ رولىنى ئوينىغان ⑮. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە «خاننىڭ تامغىسى بېسىلغان ماتا» دېگەن جۈملىلەر دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ (PSU. 107، 108، 110 قاتارلىقلار) . XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق دەپ ئىزاھلىغان:

«قامدۇ - بويى تۆت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىرپارچە بوز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا - سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بوز كونىرىسا، ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم يۇيۇپ، ئۇستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ.» ⑯

ئەلۋەتتە، ئاز مىقداردا پۇلمۇ تاپشۇرۇلاتتى، ئەينى چاغدىكى ئەھۋالدا، ماددىي نەرسە ئېلىش باج يىغىشنىڭ ئاساسىي شەكلى ئىدى. تۇرپان، خوتەن، قەشقەر رايونلىرى بۇرۇندىنلا ئۇزۇم يېتىشتۇرۇش بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇزۇم موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ خەلقنى شىلىۋېلىشتىكى ئوبيېكتىدىن بىرى ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى فېئوداللىق دۆلەت ئۇزۇمزارلىقنىڭ كۆلىمىگە قاراپ ئۇزۇم بىجى ئالغان (PSU. 80) ؛ بەزىدە يەنە مۇسەللەس بىجىمۇ ئالغان (PSU. 65، 78، 88) ؛ بەزىدە يېمەكلىك ۋە مۇسەللەستىن قوشۇپ باج

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالغان (PSU . 75) . موڭغۇل مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىدىن باشقا، يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ خەلقنى قاتمۇ قات شىلىغان. بىر پۈتۈكتە، بەگكە بىر كۈپ ھاراق تاپشۇرۇلدى، دەپ يېزىلغان. يەنە بىر پۈتۈكتە، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى بەگ باجغا ھاراق ئالغانلىقتىن، كېيىن ھاراقنى تاپشۇرۇلىدىغان باج تۈرىگە كىرگۈزۈش بەلگىلەندى، دېيىلگەن (PSU . 65) . ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قاتمۇ قات ئېكسپىلاتاتسىيىسى دېھقانلارنى ھەمىشە خانىۋەيرانلىق گىردابىغا چۈشۈرۈپ قويغان.

لەڭگەر (ئۆتەڭ) ئالۋىنى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئۈستىگە يۈكلىگەن يەنە بىر ئېغىر سېلىقى ئىدى. غەربىي شىمال رايونىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، چىڭگىزخان دەۋرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي رايونغا بارىدىغان لەڭگەر ۋە مۇناسىپ ھالدىكى لەڭگەر ئەسلىھەلىرى بىنا قىلىنغان. ئوگېداي دەۋرىدە يەنە قاراقۇرۇمدىن چاغاتاي سۇيۇرغاللىقىغا بارىدىغان، چاغاتاي سۇيۇرغاللىقىدىن باتۇ سۇيۇرغاللىقىغا بارىدىغان پوچتا يولى بىنا قىلىنغان. كېرىيە، چەرچەن، يەكەن ئەتراپلىرىدىمۇ لەڭگەر سالغان، بۇ لەڭگەرلەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن لەڭگەر ئاھالىسى قىلىۋېلىنغان. ئۇلار لەڭگەردىن ئۆتىدىغان ئەلچىلەرنى يېمەك - ئىچمەك، ياتاق بىلەن تەمىنلەشكە؛ لەڭگەرنى ئات - ئۇلاغ قاتارلىق قاتناش قورالى ۋە ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل بولغان؛ يەنە ئات - ئۇلاغلارنى بېقىش، ئات باققۇچى، ھارۋىكەش، كېمىچى، ھاممال، سارايۋەن بولۇشنى ئۈستىگە ئالغان. يەنە بەزى ۋاڭ - گۇڭ ئاقسۆڭەكلەر، ئەمەلدارلار ھەمىشە دېگۈدەك لەڭگەر ئەسلىھەلىرىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، تەمىنات بۇيۇملىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، لەڭگەر ئاھالىلىرىگە ئېغىر سېلىق سالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈەن سولالىسى ھۆكۈمىتى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاشلىق، ئوتۇن - سامان ئالۋان قويغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار كۆپرەك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، بىر پۈتۈكتە: «كالا يىلى 11- ئاينىڭ 9 -

كۈنى، ئات باققۇچى ئىكتۇ مەسئۇل بولغان ئاتقا 20 باغ كۆك يەم - خەشەك، ئىككى كۆشۈك سامان بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ قېتىم ھۆددىگە ئالغان سالىغا 11 باغ كۆك يەم - خەشەك بېرىلسۇن دەپ بۇيرۇق قىلىندى» ⑱ دېيىلگەن. خوتەن رايونىدىكى قول ھۈنەرۋەنلەر يەنە يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قاشتاش يەتكۈزۈپ بېرىش ئالۋىنىنى ئۈستىگە ئالغان. جىيۈەننىڭ 13- يىلى (مىلادىيە 1276 - يىلى)، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بېشبالىقتا توقۇمىچىلىق كارخانىسى قۇرغان، «توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنى ياللانما باشلىق ناشىش قاتارلىقلار باشقۇرغان.»⑲

ئەسكىرىي خىزمەت، ھاشار، ئالۋان، باج - سېلىقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى زوز دەرىجىدە ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتتىق دەخلى قىلغان. يۈەن دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى چاغدا شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە ھېچقانداق تەرەققىيات بولمايلا قالماستىن، بەلكى بۇرۇنقىغا قارىغاندا چېكىنىپ كەتكەن. يۈەن دەۋرىدىكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ خارابلاشقانلىقى، خەلقنىڭ ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن سەرسان بولغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر ناھايىتى كۆپ. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شىزۇنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، جىيۈەن يىللىرىدىلا ئون نەچچە قېتىم چوڭ ئاپەت يۈز بەرگەن. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېچنېمىگە دال بولماي، مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلالمىغان. ۋەھالەنكى، ئۇيغۇر خەلقىگە تېخىمۇ زور بالايىئاپەت كەلتۈرگىنى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ئېلىپ بارغان نەچچە ئون يىللىق قالايمىقان ئۇرۇشى بولدى.

1260 - يىلى مۆڭكەخان ئۆلگەندىن كېيىن، خانلىق تەختىنى تالىشىش ئۈچۈن، ئارىغ بۆكە غەليان كۆتۈردى. ئارىغ بۆكەنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە ئارغۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، ئارىغ بۆكەنىڭ قوشۇنى پولاد، ئېمىل ۋە ئالمالىق رايونلىرىغا بېسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كېرىپ، زور كۆلەمدە قىرغىن ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. جەڭ مالىمانچىلىقى تىيانشان ئەتراپلىرىغا يامراش بىلەن، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۇزاققىچە داۋام قىلغان ئۇرۇش قايىنىمىغا سۆرەپ كىرىلدى.

ئارىغ بۆكەنىڭ توپىلىڭى ئەمدىلا تىنچىشىغا، قايدۇ باشچىلىقىدىكى يەنە بىر توپىلاڭچى گورۇھ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۇرۇش ئوتىنى ياقتى. قايدۇ ئىمىل دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىنى ئىشغال قىلىپ، تەسىر كۆچىنى ئۇيغۇرلار رايونىغا كېڭەيتتى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ رايونلار قىرغىنچىلىق جەڭگاھىغا ئايلاندى.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قايدۇ- تېمۇر توپىلىڭىدا، ئۇيغۇر پۇقرالار تەپرىقچىلىككە ئۇچراپ چېچىلىپ كەتتى» ⑳. بىر مۇنچە ئادەملەر گەنسۇ قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇرۇش قاتناش يوللىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى، بىر مۇنچە شەھەرلەر ۋەيران قىلىۋېتىلدى. XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئەرەب ئالىمى ئەبۇل فىدا مۇنداق دەپ خاتىرىلىگەن: خوتەن «مەشھۇر شەھەر ئىدى، ھازىر پەقەت بىر پارچە خارابە دېگەن نام بىلەن ئاتالماقتا.» ㉑ يەكەن شەھىرىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاشلا كۆلپەتلىك تەقدىرگە ئۇچرىدى. كەشمىرلىك ئالىم مەۋلانە ئەبۇ مۇھەممەد شاھ مۇنداق دەپ خاتىرىلىگەن: «يەكەن شەھىرى ئەسلى ئەڭ قەدىمي شەھەر بولۇپ، بۇ يەردىن ئالتۇن چىقاتتى، موڭغۇللار شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرنى تالىشىپ ئۆز ئارا توختىماي ئۇرۇشتى، نەتىجىدە شەھەر بارا - بارا چۆللىشىپ كەتتى.» ئاخىرى «ياۋا مۈشۈكلەر كېچىسى كېلىپ ياتىدىغان جايغا، قاغا - قۇزغۇنلار بەس - بەس بىلەن كېلىشىپ چاڭگا سالىدىغان ماكانغا ئايلاندى.» ㉒

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەرمۇ چۆللىشىپ قالدى. ئەينى چاغدا ئىككى نەپەر ئۇيغۇر نېستورىيان مۇخلىسى رەببان سائۇما بىلەن ماركۇس ئېرۇسالىمغا تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، خوتەن، قەشقەر شەھەرلىرىدىن ئۆتكەندە، ئاشۇنداق چۆللىشىپ ئادەمزات قالمىغانلىقىنى كۆرگەن. خوتەندىن قەشقەرگە ئەسلى بىر ھەپتىدە كەلگىلى بولاتتى، ئۇلار

ئەمەلىيەتتە ئالتە ئاي يول يۈرگەن، قەشقەرگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇيەر بىر پارچە خارابىيلىققا ئايلانغان، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بۇلاڭچىغا ئۇچرىغان [23].

ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا، توپىلاڭچى قوشۇن ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيۋاق، ھويلا - ئاراملىرىنى بولۇشچە ۋەيران قىلغان. ئىسەن بۇقىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنى بارغانلا يەردە، كۆزگە چېلىقىدىغان ھەربىر كەنتنى ئۇزۇل - كېسىلۋەيران قىلغان. ئۇلار: ئەگەر غەلىبە قىلالىساق، ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن قايتا قۇرساقمۇ كېچىكمەيمىز؛ ئەگەر مەغلۇپ بولساق، دۈشمەنلەرگە كەنتلەردىن نەپ ئالغۇدەك بىرەر نەرسە قالدۇرمايمىز[24] دەپ جار سالغان. تۇركۇملىگەن تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ھەربىـــي لاۋازىمەتكە ئىشلىتىلگەن ياكى ئۆلتۈرۈپ يېيىلگەن؛ ئاھالىلەر ئۆلۈپ كەتكەن، سۇ ئىنشائاتلىرى بۇزۇلغان، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكىدەك ئوت - چۆپلەرنى ئۆرتەپ يەرنى چوقۇلاپ تېرىش ھالىتىگە چېكىنگىلى تاسلا قالغان.

تېخىمۇ ئېغىر بولغىنـــى، ئۇرۇش تەســـرى تۇپەيلـــدىن، دېھقانچىلىقنىڭ پەسىل خاراكتېرى پۈتۈنلەي قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلگەن، زىرائەتلەرنى ئۆز مەۋسۇمىدە تېرىشقا ياكى ئۆز ۋاقتىدا يىغىۋېلىشقا مۇمكىن بولمىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدە بىـــر قەدەر تەرەققىـــي قىـــلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلـــىققا ئۇچرىغان، ئەمگەكچى خەلق ئاچ - يالىڭاچلىق ئىچىدە ئۆزاققىچە ئۆلۈم گىردابىدا جان تالاشقان.

## 3. يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ يۈەن دەۋرىدىكى تەرەققىياتى

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللار ئېلىپ بارغان جازا يۈرۈشى ئۇرۇشىدا، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئۆزلۈكىدىن چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، غەربىي شىيا (تاڭغۇتلار) نى ئىستېلا قىلىشىغا ياردەملەشكەنلىكى ئۈچۈن، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىغا ئېرىشكەن. بىرمۇنچە ئۇيغۇر فېئوداللىرى ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ياكى باشقا سەۋەبلەردىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىدە ئەمەلدار بولغان، مەسىلەن، ئارىق قايا، سەڭگى، لىيەن شىشەن قايا، سارابان، ئارغۇن سالى، جېنخەي قاتارلىقلارنىڭ ئەملى ئۇسۇپ ۋەزىرلىك دەرىجىسىگىچە يەتكەن؛ ساقىس، تېكىچۇ، تارماشىرى قاتارلىقلار دارۇغاچ بولغان، قالغان ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار سان - ساناقسىز. موڭغۇللارنىڭ تۇتۇنلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمىگە ئاساسەن، بۇ ئەمەلدار تۆرىلەرگە مەنسىپىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ۋە تەسىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە ئۆزىگە مۇناسىپ سۇيۇرغاللىق يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن، ئۇلار يەنە ھوقۇق تەسىرى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ، باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن، نۇرغۇن تېرىلغۇ يەرلەر ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلىنىپ قالغان. يەنە بىر تەرەپتىن، دەھشەتلىك فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىگىلىكى تېگىشلىك تەرەققىياتقا زادىلا ئېرىشەلمىدى، فېئوداللارنىڭ يەرلەرنى قوشۇۋېلىشى نۇرغۇن دېھقانلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى، بىرمۇنچە ئادەملەر ھاياتلىق يولىنى تاپالمىغانلىقتىن، تۇغ كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. تارىخىي مەلۇماتلاردا خاتىرىلىنىشىچە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ خاقانى شۇندى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، پەقەت تۇرپان ئەتراپىدا 200 نەچچە قېتىم دېھقانلار قوزغىلىڭى يۈز بەرگەن، ھەتتا «قاراغوجىنى ئىگىلەپ، ئوردىنى تەمىنلەيدىغان مۇسەللەسلەرنى بۇلاپ، ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرگەن.»㉕ قوزغىلاڭنىڭ كۆلىمى خېلى زور بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوزغىلاڭنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن. دېھقانلار كۈن كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، ئۆي بىساتلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولغان. بەزىلەر جىددىي ئېھتىياجىنى ھەل

قىلىش ئۈچۈن، جازانىخورلاردىن ئىنتايىن يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولغان㉖. بۇنى ئىسپاتلايدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىلخەتلەر ناھايىتى كۆپ، تۆۋەندە بىرنەچچە مىسال كەلتۈرىمىز:

ئۆي مۈلكىنى سېتىش: «مەن تۇرمىش تېكىن ئوتتۇرىدا ئېقىۋاتقان نۇرغۇن قەغەز پۇلغا — ‹قۇجۇ› دېگەن خېتى بار پۇل بولسىمۇ ئوخشاشلا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاچقا، تاپارمىش بىلەن ماڭا ئورتاق تەئەللۇق بولغان تېرىلغۇ يەر ۋە سۇت ساغىدىغان جايىنىڭ ماڭا تېگىشلىك قىسمىنى قانۇنلۇق ھالدا فاسۇدۇغا ساتتىم، باھاسى 80 جۇڭتۇڭ يامبۇسى. . . بۈگۈندىن ئېتىبارەن، بۇ ئۈزۈمزارلىق، يەر، سۇ، ئۆي، ھويلا، فاسۇدۇ (سېتىۋالغۇچى) غا مەنسۇپ، ئەگەر ئۇ خالىغان تەقدىردە؛ ئۇ خالىمىسا، باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرسىمۇ بولىدۇ.»㉗

بەرسېتىش: «توشقان يىلى 11 - ئاينىڭ مەلۇم كۈنى، مەن ئۆسمىش ۋە توغرىل ئىككىمىز پاختا رەختكە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، تىجۇ دەرياسى بويىدىكى يېرىمىزنى قانۇنلۇق ھالدا پاسا توغرىلغا سېتىپ بەردۇق.» (USP. 108)

يۇقىرى ئۆسۈملۈك پۇل قەرز ئېلىش: «ئات يىلى 5 - ئاينىڭ 8- كۈنى، مەن بۇرمىش كۈمۈش پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقىم ئۈچۈن، كوسۇندىن تۆت سەر كۈمۈش قەرز ئالدىم، بۇنى ھەر بىر سەر كۈمۈشكە ھەر ئايدا بىر مىسقال ئۆسۈمى بىلەن تولۇق قايتۇرىمەن.» (USP. 47)

ئوغلىنى سېتىش: «مەلۇم يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، مەن قۇتلۇق تۆمۈر ۋە ئەل توقمىش، توقتامىش قاتارلىقلار ئوتتۇرىدا ئېقىۋاتقان كۈمۈش پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، سەڭگى تاز ئاغىمىزدىن 60 دانە تىللا ئالدۇق.

مەن (ئۇنىڭ دادىسى - قۇتلۇق تۆمۈر) ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ئەلتوقمىش، توقتامىش ئۈچىمىز ئىگە بولۇپ، ئوغلىمىز مۇبارەك قۇچىنى قانۇنلۇق ھالدا ساتتۇق.» (USP. 57)

ئايال سېتىش: «مايمۇن يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، تاتمىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە قارا بۇقا ئىككىمىز پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، قۇتلۇق ئىسىملىك ئايالنى سېتىۋەتتۇق. بىز قۇتلۇق تۆمۈردىن 150 ماتاغا ئىگە بولدۇق.» (USP . 25)

بۇنىڭ ئىچىدە، سېتىۋېتىلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يانچى بولۇپ كېتىدۇ، بۇنداق تارىخىي شارائىت ئۇيغۇرلاردا يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ تېزدىن تەرەققىي قىلىشىنى مۇنبەت تۇپراق بىلەن تەمىن ئەتكەن.

موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ئۇيغۇر خەلقىنى قالايمىقانچىلىق ۋە دىشۋارچىلىق ئىچىدە قالدۇردى. كۈچى ئاجىز، يۆلەنچىسى يوق ئادەملەر ئۆزىنىڭ جېنىنى ۋە مال - مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، كۈچ تەسىرى چوڭ ئادەملەرگە بېقىنىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ پاناھلاندى. دەسلەپتە، ئۇلارنىڭ پومېشچىكلارغا بولغان جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بوشراق ئىدى، لېكىن بارا - بارا جىسمانىي بېقىندىلىق ئورنىغا چۈشۈپ قالدى، ئاخىرى بېرىپ يانچىغائايلاندى.

ئېغىر باج - ھاشار سېلىقلىرى دېھقانلارنى چىدىغۇسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، بۇ ئېغىر باج - سېلىق دەستىدىن بىزار بولغان نامرات دېھقانلارمۇ فېئودال يانچىدارلارغا بېقىنساق باج - سېلىق، ئالۋان - ياساق ئاۋارىچىلىقىدىن خالىي بولىدىكەنمىز، دېگەن ئوي بىلەن فېئوداللارغا بېقىنىپ، ۋاقىتلىق خاتىرجەملىك ئىزدىدى، گەرچە بۇ خاتىرجەملىكنىڭ بەدىلىگە ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، يەنە بەزى ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالغان نامرات دېھقانلار ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى تۇرمۇش مەنبەسىدىن مەھرۇم قىلغان فېئوداللارغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېقىنىپ يانچى بولدى.

يۇقىرىقى يانچىلاردىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يانچىلار ئاساسەن مۇنۇ ئۈچ تەرەپتىن كەلگەن: (1) سېتىش - سېتىۋېلىش ئارقىلىق كەلگەن يانچىلار؛ (2) ئەركىن ئادەملەر فېئوداللارغا بېقىنىپ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىن ئۆزگىرىپ كەلگەن يانچىلار؛ (3) تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆزلۈكىدىن يانچىدارلارغا

بېقىنغان يانچىلار. ئۇنىڭدىن باشقا، تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىرنەچچە مەنبەمۇ بار:

ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن يانچىلار. ئۇيغۇر فېئوداللارمۇ موڭغۇللارغا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن سۇيۇرغاللىق يەرگە ئىگە بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارغا يەنە يانچى تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. مەسىلەن، كۆل بېئۇچ چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ غەربكە يۈرۈش قىلغاندا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن زور مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، ئۇنىڭغا«200 تۈتۈن ئېكىنچى دېھقان ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن.»㉘

يەنە بىر مەنبەسى قەرزدار يانچىلار. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردا جازانىخورلۇق ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۆسۈمنىڭ يۇقىرىلىقى جۇڭگو تارىخىدا كەم ئۇچرايدۇ. قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان كىشىلەر كۆپ ھاللاردا خانىۋەيران بولۇپ كېتەتتى، خوتۇن، بالىلىرىنى گۆرۈگە قويۇپمۇ قەرزىنى تۈگىتەلمەيتتى㉙. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ مۇقەررەر ھالدا يانچىلارغا ئايلىنىشتىن ئىبارەت بولاتتى.

ئاخىرقى بىر مەنبەسى ئاتا مىراس يانچىلار ياكى تۇغما يانچىلار. يانچىلار ئەركىنلىككە ئېرىشىشتىن ئىلگىرى، ئۇلاردىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ سالاھىيىتىمۇ مۇقەررەر ھالدا يانچىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى ئائىلە ئەمگىكىگە سېلىناتتى. بۇ ئەھۋال پۈتۈكلەردە ئېنىق يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول - دېدەك ئېلىپ سېتىش تىلخەتلىرىدىن قارىغاندا، سېتىلىدىغانلارنىڭ بىرمۇنچىسى تېخى قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلار، كۆپرەكى ئاياللار ئىكەنلىكى بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى يانچىلار قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىغا سېلىنغان، مەسىلەن، يانچى بىكتۇنىڭ يانچىدار ئاتىنىڭ ئائىلىسىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان㉚. يەنە بىر پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن:

بارس يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، مەن ئوتۇزنىڭ بالتۇر ئىسىملىك
تۆمۈرچى ئەر قۇلۇم بىلەن تويىن چۆكنىڭ ئايرىق ئىسىملىك
توقۇمچى ئايال قۇلى بىزنىڭ ماقۇللۇقىمىزنى ئالماي ئەر - خوتۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇشۇپتۇ. (USP . 73)
بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىككى يانچى بولۇپ، ئەر تۆمۈرچىلىك قىلىدىكەن، ئايال رەخت توقۇيدىكەن. بۇ يانچىدارنىڭ قورۇق ئىگىلىكى ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى ئىگىلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا، يانچىلارنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا سېلىنىدۇ. فېئودالارنىڭ قورۇقىدا يانچىلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد فېئودالار ئۈچۈن ئەمگەك قىلىدۇ، ئۇلار جىسمانىي ئەركىنلىكتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان، بۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تىلخەتلەردىن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ:
قوي يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئۇ . . . قارا ۋە مىڭگاقارا لاركا[ر]غا پارىمايدىكەن، سۆيۈرغاللىق يەردىكى يانچىلار ئىچىدە ئۆزۈمزارلىقنى باشقۇرالايدىغان بىرسى بولسا ياخشى بولاتتى دېگەنلىكتىن، تۇرمىش تۆمۈر، تۇگارقار، كىرەي ۋە كۈچ تۆمۈر قاتارلىق باشلىقلار ئالتۇن قاراغا ئالاھىدە ھوقۇق بەردى. بىز ئۇنى سېتىپ بەردۇق، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قىران بىجى كەچۈرۈم قىلىنىپ، پۈتاشرىنىڭ ئۆزۈمزارلىقىدا ئۆزۈم تېرىشقا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ئالتۇنقارا سۆيۈرغاللىق يەردە ئەمگەك قىلىدىغان كۈندىن باشلاپ، ئۇ ھېچقانداق باج - سېلىقنى جۇملىدىن سوت - قىتىق، نوپۇس ۋە قىران بىجى قاتارلىقلارنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. (USP . 21)
يۇقىرىقى پۈتۈكلەردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئادەتتىكى پۇقرالار ئۆزىنى سېتىپ يانچى بولۇش بىلەنلا جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئەگەر جىسمانىي ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدىكەن، ئۇ ئەركىنلىكنى پۇلغا سېتىۋېلىشى كېرەك، بولمىسا، ئۇ ئۆمۈرۋايەت يانچىدارنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، تۇرپان رايونىدا ئۆزۈمزارلىق ئىگىلىكى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، نۇرغۇن يانچىلارنىڭ ئەمگىكىگە مۇھتاج ئىدى، ئۆزۈمزارلىقتىكى يانچىلارنى يانچىدارلار ھەمىشە سۆيۈرغاللىق يەرگە بېرىپ ئەمگەك قىلىشقا ئەۋەتەتتى. بىر پۈتۈكتە مۇنداق دېيىلگەن:

«هازىر ھەممىلا يەردە ئۇزۇم تېرىيدىغان ئادەمگە مۇھتاج، خىزمەت بەكمۇ مۇرەككەپ ھەم ئېغىر. ئادەت بويىچە، سۇيۇرغاللىق يەردىكى ئۇزۇم تېرىيدىغانلارنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئەۋەتىشكە بولىدۇ، بىراق ھەممىسى بىردەك ئىشقا چىقىشى كېرەك.» (24 USP) يانچىلار يانچىدارلار ئۈچۈن جاپا چېكىپ ئىشلەيدۇ، لېكىن قورسىقى تويغۇدەك تاماقـقا ئىگە بولالمايدۇ. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «يانچىلارنىڭ باجنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى تەلەپنامە» سىدە مۇنداق دېيىلگەن:

> بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز ئىنتايىن ناچار، قاغانىمىز قۇتلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بىز يېتىشتۈرگەن باغلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولمىدى، ھوسۇلنىڭ تايىنى يوق، ھەمىشە زىيان تارتىمىز. جان بېقىشىمىز ئۈچۈن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن باغلارنىڭ بىرمۇنچىسى چۆللىشىپ قالدى؛ مۇشۇ يىللاردا بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزدىن نۇرغۇنلىرى ئۆلۈپ كەتتى. (22 .USP)

بۇ پۈتۈكلەر يۈەن سولالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يانچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

يانچىلىق تۈزۈمى شارائىتىدا، يانچىلار يانچىدارلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. يانچىدارلار يانچىلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە. مەسىلەن، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن USP. 73 ـ نومۇرلۇق پۈتۈكتە ئېيتىلغاندەك، ئەر قۇل بالتۇر بىلەن ئايال قۇل ئايرىق «خوجايىنىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆزلىرى ئەر- خوتۇن بولۇشۇۋالغان» . لېكىن يانچىدار بۇنى بىلگەندىن كېيىن، «ئۇلارنى ئايرىۋەتمىگەن» . گەپنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، يانچىلار تۇرمۇش قۇرماقچى بولسا، يانچىدارلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى شەرت ئىكەن، بولمىسا، يانچىدارلارنىڭ ئۇلارنى ئايرىۋېتىش ئېھتىمالى بار ئىكەن. شۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئايرىۋېتىلمىگەنلىكى ئۇلارغا قىلىنغان بىرخىل ئىلتىپات بولسا كېرەك. يانچىلاردا يەنە يانچىلارنى ئېلىش ـ سېتىش ياكى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھوقۇقى بولغان. ستالىن مۇنداق دېگەن: «فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسى فېئوداللارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلىشى ۋە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئانچە تولۇق بولمىغان ئىگىلىشىدىن ئىبارەت. بۇ ئىشلەپچىقارغۇچىلار-فېئوداللار ئۆلتۈرەلمىسىمۇ، لېكىن ساتالايدىغان يانچىلاردۇر.» ㉛ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىرمۇنچە پۈتۈكلەر يانچىلارنى ئېلىپ سېتىشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ھادىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىدى.

چوشقا يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، مەن ياب توغرىل ئوتتۇرىدا ئىقىۋاتقان كۈمۈش پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقىم ئۈچۈن، مەن قارا باشىن ئىسىملىك ئايال قۇلۇمنى 50 سەر كۈمۈش پۇل باھاسىدا قانۇنلۇق ھالدا ئىناچىغا سېتىپ بەردىم. بۇ قۇلنىڭ باھاسىغا بېكىتىلگەن كۈمۈشنى، توختام تۈزۈلگەن كۈننىڭ ئۆزىدە مەن ئىناچى تولۇق تاپشۇرۇپ بەردىم. مەن ناب توغرىلمۇ تولۇق سانى بويىچە تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ ئايال قۇل مەڭگۇ ئىناچىغا تەئەللۇق، خالىسا ئۆزى ئىشلىتىدۇ ؛ كۆڭلىگە ياقمىسا، باشقىلارغا خالىغانچە بېرىۋېتىسىمۇ بولىدۇ. USP(. 61)

بۇ، ئايال قۇلنى ئېلىش - سېتىش توغرىسىدىكى بىر ھۆججەت. تۆۋەندە، بىر ئەر قۇلنى ئېلىش - سېتىش توغرىسىدىكى بىر ھۆججەتنى نەقىل كەلتۈرىمىز:

توخۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مەنكى ليۇتەيپۇنىڭ ئوغلى قۇچۇ، ئوتتۇرىدا ئىقىۋاتقان كۈمۈش پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇشىڭ ئىسىملىك ئەر قۇلۇمنى قانۇنلۇق ھالدا جىنسىن ئاياچاق تەيگەملىككە سېتىپ بەردىم، ئۇنىڭدىن 74 سەر كۈمۈش ئالدىم. (61 .USP)

يانچىلار ۋە يانچىدارلار، ئومۇمەن ئېيتقاندا، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا، يەنە بەزى خەنزۇلارمۇ باردەك قىلىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى تىلخەتتە ئىسمى ئاتالغان ليۇتەيپۇ (刘太普)، بۇشىڭ (卜米) لار روشەنكى، ئۇيغۇر ئەمەس، بەلكى خەنزۇ كىشىلەر ئىسمىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. بۈگۈنكى كۈندە بىزگە مەلۇم بولغان يانچىلىق سالاھىيىتى ۋە ئۇنىڭ باھاسى ئىزھار

قىلىنغان يانچى ئېلىش-سېتىش توغرىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئىلخەتتىن قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى يانچىلارنىڭ سېتىلىش باھاسى بەكلا تۆۋەن ئىكەن، بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرگىلى بولىدۇ:

| № | جىنسى | يېشى | باھاسى |
|---|---|---|---|
| 1 | ئەر | 13 | 50ماتا ㊳ |
| 2 | ئايال | قۇرامىغا يەتكەن | 150 ماتا (16. USP) |
| 3 | ئايال | قۇرامىغا يەتكەن | 100 ماتا (66. USP) |
| 4 | ئەر | | 47 سەر كۈمۈش (61. USP) |
| 5 | ئايال | 12 | 80 ماتا |
| 6 | ئايال | | 50 سەر كۈمۈش (114. USP) |
| 7 | | قۇرامىغا يەتكەن | 52 ماتا ㉝ |
| 8 | | 15 | 100 پارچە رەخت، بىر ئات ㉞ |
| 9 | ئەر | قۇرامىغا يەتمىگەن | توققۇز كۈمۈش پۇل ㉟ |

يانچى ئېلىش-سېتىش توغرىسىدىكى ئىلخەتلەرنىڭ كۆپلۈكى، باھاسىنىڭ ئەرزانلىقى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يانچىلار سانىنىڭ كۆپلۈكىنى، يانچى ئېلىش-سېتىشنىڭ دائىم بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىزاھلار:

① Talat Tekin, A. Gramar Of Orkhon TurkiC, Bloomington 1968, P. 271.

② GJ. Ramstedt, 《Zwei Uigurische Runenischriften in der Nord—mongolei》, JSFOU, xxx—3, 1913, s. 13, 17.

③ L. V. Clark, Introduetion to the Uighur ciril Documents of the East TurkesTan (13th—14th cc.), Bloomington 1975, pp. 186—196.

④ ياڭ فۇشۆ، نيۇرۇجى: «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارغا دائىر يازما يادىكارلىقلار» ، لەنجۇ، گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 301 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى كىتاب، 119 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 121 ـ بەت.

⑦⑧ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 221 ـ جىلد «بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» .

⑨ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 134 ـ جىلد «شاييانىڭ تەرجىمىھالى» .

⑩ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى» ، 34 ـ جىلد «قېچىپ يۈرگەن ئاھالىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش» .

⑪ «يۈەن سۇلالىسىنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى» 24 ـ جىلد «خەنزۇ قوشۇنلىرىنىڭ يېرىنى ئۆلچىمەسلىك» دېگەن تارمىقىدا: ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن مىڭ تىزىق يارماقنى چىقىرىش «ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىسى» ئۈچۈن ئېيتقاندا، «يەر-زېمىنلىرىنى ساتماقتىن باشقا ئامال يوق» دېيىلگەن.

⑫ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» ، 10 ـ جىلد «شىزۇنىڭ تەرجىمىھالى» .

⑬ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن پۈتۈكلەرنىڭ ئاخىرىدىكى USP دېگەن ھەرپلەر ۋ. رادلوف يازغان «Uigurische Sprachdenk maler» دېگەن كىتاب نامىنىڭ قىسقارتىلمىسى، ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى رەقەم پۈتۈكلەرنىڭ رەتلەنگەن نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑭ C. E, Малов, Памятникт Древне Тюркскои Пиеъменности, M-Л, 1951, CTP. 204-206.

⑮ ناباب ئەسرىم: «قەدىمكى زاماندا شىنجاڭدا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن ئەمەلىي بۇيۇم پۇل — ماتا» ، «جۇڭگو پۇللىرى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىللىق 3 ـ سان، 15 — 17 ـ بەتلەر.

⑯ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 546 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل.

⑰С. Е. Малов, Памятникт Древне Тюркскои Пиеъменности, СТР. 204-207.

⑱ قۇربان ۋەلى: «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بەش پارچە پۈتۈك» ، «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقى تەتقىقاتى» ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، 108 ـ بەت.

⑲ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 58 ـ جىلد «ئەمەلدارلار تەرجىمىھالى» .

⑳ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 122 ـ جىلد «بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەرجىمىھالى» .

㉑ م. قۇتلۇقوف يازغان، چېن خۇڭفا تەرجىمە قىلغان «موڭغۇللارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى» ، «موڭغۇل تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» ، 62 ـ توپلام، 1985 ـ يىل، 9 ـ بەت.

㉒ ئابدۇقادىر داۋۇت: «يەكەن تارىخى توغرىسىدا» ، «يەكەن ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ، 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان.

㉓ لوشياڭلىن: «تاڭ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى نېستورى دىنى» ، شياڭگاڭ جۇڭگوشۇناسلىق جەمئىيىتى، 1966 ـ يىل، 232 ـ بەت.

㉔ بارتولد يازغان، لوجىپىڭ تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىدىن 12 لېكسىيە» ، «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 ـ يىل، 207 ـ بەت.

㉕ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 41 ـ جىلد «شۇندىڭ تەرجىمىھالى» .

㉖ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىكى جازانە ئۆسۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، يىللىق ئۆسۈمى 100 ـ 300 پىرسەنتكىچە ئىدى. ناباب ئەسرىم: «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پۇل قەرز ئېلىشقا دائىر پۈتۈكلەر توغرىسىدىكى بايان» غا قاراڭ، «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى» ، 1990 ـ يىللىق 1 ـ سان، 80 ـ بەت .

㉗ فېڭ جياشېڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرچە ئىككى پارچە تىلخەت» ، «تارىخ تەتقىقاتى» ، 1954 ـ يىللىق 1 ـ سان، 120 ـ 126 ـ بەتلەر.

㉘ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 134 ـ جىلد «شايىباننىڭ تەرجىمىھالى» .

㉙ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەر» 37 ـ جىلد «ھۆدەيچى يوللىغ ھەزرەت ئابىدىسى» .

㉚С. Е. Малов, Памятникт Древне Тюркскои Пиеъменности, СТР. 201-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

207.
㉛ ستالىن: «لېنىنىزم مەسىلىلىرى» ، بېيجىڭ خەلق نەشرىياتى، 1953 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 867 ـ 868 - بەتلەر.
㉜ شەنتيەن شىنفۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى» ، دابەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1993 - يىل، 57 ـ 58 - بەتلەر.
㉝ يۇقىرىقى كىتاپ، 61 ـ 62 - بەتلەر
㉞P. ziem, 《Drei neue Uigrische Skla ven dokumente, Altorintalische Forschungen》 S, 1977, S, 149—154.
㉟چېڭشىڭۇ، فېڭ جياشېڭ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېكتۇك (شەنبىڭ نىڭ ئۆزىنى ساتقانلىقى توغرىسىدىكى ئۈچ پارچە تىلخەت، قوشۇمچە خوجايىن ئۇستىدە قىلىنغان ئەرزنامە» ، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1958 - يىللىق 2 - سان، 109 ـ 120 - بەتلەر.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز يۈسۈپ

# ناۋائىينىڭ ئەسلى نەسەبى توغرىسىدا

ئىمىن تۇرسۇن

ناۋائىي پۈتۈن دۇنيا پەن - سەنئەت ئەھلىگە مەلۇم بولغان ئۇلۇغ شائىر. ناۋائىينىڭ ئەدەبىي - ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى، سىياسىي - ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ بېرىلدى. لېكىن بىزدە بۇ جاھانشۇمۇل ئەدىبنىڭ ئەسلى نەسەبى، شەخسىي ھاياتى، ئەسەرلىرىنىڭ تىلى توغرىسىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر تېخى يېشىلمىدى. ئەنە شۇ مەسىلىلەرنى يېشىشكە دائىر ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى چوڭقۇرراق ۋە كەڭرەك ئېلىپ بېرىش ئەدەبىياتشۇناس، تارىخشۇناس ۋە تىلشۇناسلارنىڭ بۇرچلىرىدىن دەپ ھېسابلايمەن. شۇ سەۋەبتىن، مەزكۇر مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىزدىنىپ، بەزى چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلدىم. بۇ چۈشەنچىلەرنى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇلاھىزىسىگە ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ مۇھاكىمىسىگە يوللاش ئۈچۈن، بىرقانچە ماقالە يېزىشقا كىرىشتىم. بىرىنچى ماقالەم ناۋائىينىڭ ئەسلى نەسەبى توغرىسىدا؛ ئىككىنچى ماقالەم ناۋائىينىڭ شەخسىي ھاياتى توغرىسىدا، قوشۇمچە ماۋزۇسى «ناۋائىي ۋە ئىشق مۇھەببەت» (بۇ ماقالە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996- يىل 5 - سانىدا ئېلان قىلىندى) . قالغان مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ماقالىلەر بىر - بىرلەپ ئېلان قىلىنىدۇ.

يازما مەنبەلەردە ناۋائىينىڭ تەرجىمىھالى، بولۇپمۇ ئەسلى نەسەبى توغرىسىدا بايان قىلىنغان بەزى تەپسىلات ۋە بۇنىڭغا دائىر مۇتالىئەنى تۆۋەندىكىچە تۈزۈپ چىقتىم.

## 1. ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئاتىسى توغرىسىدا

ئىلگىرى بەزى تەتقىقاتچىلار (جۈملىدىن مەنمۇ) ناۋائىينىڭ ئاتىسىنى ئەمىر تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا خىزمەت قىلغىنى ھەم يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بارلاس جەمەتىدىن دەپ خاتا چۈشىنىپ، شۇنداق بايان قىلىشقانىدى. تارىخىي مەنبەلەر بۇ چۈشەنچىنى ئىنكار قىلىپ، ئەينى پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

1) «تەزكىرە تۇش - شۇئەرا» («شائىرلار تەزكىرىسى»)

بۇ، ناۋائىينىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، ئەدەبىياتشۇناس دەۋلەتشاھ سەمەرقەندى ھىجرىيە892 - (مىلادىيە 1486-) يىلى يېزىپ چىققان پارسچە ئەسەر. مۇئەللىپ بۇ كىتابىدا ئىراق، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا، X – XV ئەسىرلەردە ياشىغان 150 نەچچە چوڭ شائىرنى ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەرنى تونۇشتۇرغان. بۇ كىتابنىڭ «ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن، ئەمىرلەر پادىشاھى، فازىللار مەدەتكارى، ئۇلۇغ ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر زىكرىدە» دېگەن بابىدا مۇنداق بايان قىلىنغان:

«. . . بۇ مەشھۇر ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرنىڭ بۈيۈك ئاتىسى زامانىسىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن ۋە چىغتاي ئۇلۇسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ۋە سۇلتان ئەبۇلقاسىم بابۇر باھادىر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، سۇلتاننىڭ يېقىن كىشىسى بولۇپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ۋە دەۋلەتكە كېپىللىك قىلىش ئۇنىڭ ئىنان - ئىختىيارىدا ئىدى. ئىنتايىن فازىللىقىدىن ھەر ۋاقىت ئۆز ئوغلىغا پەزىلەت ئۆگەتتى؛ بارلىق ھىممىتىنى سائادەتمەن پەرزەنتىنى ئىلىم - ھۈنەر بېزەكلىرى بىلەن زىننەتلەشكە ۋە ھىدايەت نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇشقا سەرپ قىلدى. . . ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ تىرىشىپ قىلغان ھەرىكىتى بىھۇدە كەتمىدى. ئاتىسىدىن كېيىن (ئەلىشىر) نادىرى دەۋرانلىق، ئىززەت - تەمكىنلىك كۇرسىسىدا قارار تاپتى. . . »

2) «رەۋزەتۇس- سەفا فى سىيرەتۇل ئەنبىيا ۋەل - مۇلۇك ۋەل - خۇلەفا» («پەيغەمبەرلەر، پادىشاھلار ۋە خەلىفىلەر تەرجىمىھاللىرى

توغرىسىدىكى پاكلىق بېغى» )

مۇئەللىپى «مىرخاند» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان تارىخچى مۇھەممەد ئىبنى خاۋەندشاھ (1433 ـ 1498) ھېراتتا ئوقۇغان. يەتتە جىلدلىق بۇ مەشھۇر تارىخ كىتابىنى ھىجرىيە 899 ـ 901 ـ (مىلادىيە 1494 ـ 1496 ـ) يىللىرى يازغان (بۇ كىتابنىڭ 7 ـ جىلدىنى ئۇنىڭ تۇزگەن تېزىسى بويىچە نەۋرىسى خاندەمىر ھىجرىيە 927 ـ، يەنى مىلادىيە 1521 ـ يىلى پۈتتۈرگەن) . بۇ كىتابنىڭ «ئۇلۇغ ۋە ساھىب تەدبىر ئەمىر ئەلىشىرنىڭ سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئوردىسىدا جاھانگىر خاقان ھۇسەيىن مىرزا مۇلازىمىتىگە كېلىشىنىڭ بايانىدا مۇشكىن رەقەم قەلەمنىڭ نۇكتە تىرازلىقى ۋە ئۇنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى بايان قىلىشتا كۆرسەتكەن سېھىر پەردازلىقى» دېگەن بابىدا، ناۋائىينىڭ ئاتىسى ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان:

«. . . ئۇ ئاپتاب دىللىق ئەمىرنىڭ ئۇلۇغ ۋە ساخاۋەتلىك ئاتىسى ئاۋۋال زامانە تەقەززاسى بىلەن، ئەمىر تۆمۈر كوراگاننىڭ ئوغلى مىرزا ئۆمەر شەيخ باھادىرنىڭ خاس مۇلازىملىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەتىۋارلىق قەلىمى ئۇنىڭ بىسات لەۋھىگە كوكۇلداشلىق دەرىجىسىنى يازغانىدى. . . »

3) «ھەبىبۇس ـ سىيەرفى ئەخبار ۋەئەفرادۇلبەشەر» ( «ئىنسانلارنىڭ ھەر بىرى توغرىسىدا خەۋەرلەر ۋە دوستانە بايانلار» )

مۇئەللىپى «خاندەمىر» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان غىياسىدىن ئىبنى ھۇمامۇددىن مۇھەممەد ئىبنى خوجا جەلالۇددىن مۇھەممەد ئىبنى خوجا بۇرھانىددىن (ھىجرىيە 880 ـ 941 ـ، مىلادىيە 1475 — 1534 ـ يىللار) .

بۇ زات ناۋائىينىڭ زاماندىشى، ياشلىقىدىن تاكى ناۋائىينىڭ ۋاپاتىغىچە، ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىشلىگەن. ناۋائىينىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئونلىغان تارىخىي ئەسەر يازغان. «ھەبىبۇس ـ سىيەر» ھىجرىيە 921 ـ 930 ـ (مىلادىيە 1515 ـ 1523) يىللىرى يېزىلغان. مەزكۇر كىتابنىڭ «ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە سەدرلەر گۇرۇھىنىڭ خاقانى مەنسۇر سۇلتان ھۇسەيىن مۇلازىمىتىگە يېتىشكىنى ۋە بەزى مۇھىم دەۋلەت ئىشلىرىنىڭ سەرەنجام ئېتىلگىنى بايانىدا» دېگەن بابىدا، مىرخاندنىڭ «رەۋزەتۇس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەفا» كىتابىدا يېزىلغان مەزمۇن قەيت قىلىنغان: «ئەمىرنىڭ بۈيۈك ئاتا-بوۋىلىرى قەدىمدىن ئۆمەر شەيخ باھادىر ئىبنى ئەمىر تۆمۈر كوراگان خاندانىنىڭ خاس كىشىلىرى جۈملىسىدىن ئىدى ۋە كوكۇلداشلىق مەنسىپى ئېتىبار قەلىمى بىلەن ئۇنىڭ خاتىرلەۋھىگە پۈتۈلگەنىدى.»

4) «مۇنشەئات» — بۇ ئەلىشىر ناۋائىي ئۆزى تۈزگەن خەت - چەكلەر توپلىمى

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن مەكتۇپلارنىڭ بىرىدە ناۋائىي سەلتەنەت خادىملىرىنى ۋە يۇرت كاتتىلىرىنى تەرىپلەپ كېلىپ: «ئۇيغۇرى سۈپەتلىك باخشىلار، ئۇيغۇرى مەرتىۋىلىك ياخشىلار» دەپ ئالاھىدە قەيت قىلغان. ئەلىشىر ناۋائىي مەزكۇر ئىبارىسى بىلەن ئۆز نەسەبىدىن بىشارەت بەرگەن.

5) «تارىخى رەشىدى» (سەئىدىيە، يەنى ياركەنت خانلىقىنىڭ ئىككىنچى پادىشاھى ئابدۇرەشىدخان نامىغا بېغىشلانغان مۆتىۋەر تارىخىي كىتاب)

مۇئەللىپى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات ئىبنى مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان. تەخمىنەن مىلادىيە 1545 - يىلى يېزىلغان. مىرزا ھەيدەر ياشلىق چېغىدا ھىراتتا ئوقۇغان، ئەلىشىرنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئوبدان بىلىدىغان زات ئىدى. مەزكۇر ئەسەرنىڭ «زىكرى مىرئەلىشىر» دېگەن ماۋزۇسىدا مۇنداق دەپ يازغان:

مىرئەلىشىرنىڭ «ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن تۇرۇر، ئاتاسىنى كىچىككىنە باخشى ئاتار ئەردىلەر.» ناۋائىي توغرىسىدىكى زىكىر «مەۋلانە سەئىددىن كاشغەرى ئەلەيھىر رەھمە... زىكرى ھافىز مەھمۇد زىيارەتگاھى» قاتارلىق توققۇز زاتنىڭ زىكرىدىن كېيىن بېرىلگەن.

زەھىرىددىن بابۇر «بابۇرنامە» سىدە، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دوغلات توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلغان: ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ «ئۈچىنچى قىزى خوب نىگار خانىم ئىدى. مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان دوغلاتقا بېرىپ ئىدى. (مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگاننىڭ) بىر قىزى، بىر ئوغلى بولۇپ ئىدى... ئوغلى ھەيدەر مىرزا ئىدى. ئاتاسىنى ئۆزبېك ئۆلتۈرگەندىن سوڭ كېلىپ مېنىڭ مۇلازىمىتىمدە ئۈچ - تۆت يىل تۇرۇپ،

سوگره ئىجازەت تىلەپ، كاشغەرغە، خان قېشىغا(سۇلتان سەئىدخان قېشىغا - م) باردى.»

[مۇتالىئە]

يۇقىرىدا مۆتىۋەر كىتابلاردىن نەقىل قىلىنغان ئەشۇ بايانلاردىن ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئاتىسى توغرىسىدا بەزى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇق:

بىرىنچىدىن، ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئاتىسى «ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن ۋە چىغتاي ئۇلۇسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن» ئىكەن؛ ئەمىر تۆمۈر كوراگاننىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە «كوكۇلداش» دېگەن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغان؛ ئەبۇلقاسىم بابۇر سەلتەنەتىدىمۇ «مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ۋە دەۋلەتكە كاپالەتلىك قىلىش شۇنىڭ(ناۋائىي ئاتىسىنىڭ - م) ئىشەنچ - ئىختىيارىدا بولغان» مۇھىم دۆلەت ئەربابى ئىكەن.

ئىككىنچىدىن، ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئاتىسى ناھايىتى بىلىملىك، ساخاۋەتلىك، غەيرەتلىك زات ئىكەن. ئۆزى ئىلىم - مەرىپەت ئىگىسى بولغىنى ئۈچۈن، ئوغلى ئەلىشىرنىڭ بىلىملىك، پەزىلەتلىك بولۇپ يېتىشىشىگە بارلىق ھىممىتىنى بېغىشلىغانىكەن.

ئەنە شۇ ھۆرمەتلىك زاتنىڭ ئىسمى غىياسىددىن، سۈپەتلىرى «باخشى» ۋە «كىچىك باھادىر ئىكەن».

«كوكۇلداش» نىڭ ئەسلى مەنىسى ئېمىلدەش ئاكا - ئۇكا، يەنى قېرىنداش بولماي، بىر ئانىنى ئېمىپ ئاكا - ئۇكا بولغان دېگەنلىك بولىدۇ. كېيىنچە بۇ نام خان - پادىشاھ خاندانىغا يېقىن بولغان مەنسەپ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. بۇ مەنسەپ ئىگىسى بولغان كىشى دۆلەتنىڭ ئامانلىق ۋە بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

«باخشى» — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ خىل مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ: (1) مۇئەللىم، (2) ئۇستاز، (3) ھەكىم، دوكتۇر، تەبىب. مەملىكىتىمىزدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ چيەنلۇڭ زامانىسىدا(1736 - 1796) ئىمپېراتور ئايشىن گور خۇڭلىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» دە، «باخشى» سۆزىگە خەنزۇچە «بوشى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(博士) دەپ ئىزاھ بېرىلگەن: «بوشى» ھازىر خەنزۇ تىلىدا «دوكتۇر» (پەنلەر دوكتۇرى) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان خاس ئاتالغۇ. «باخشى» سۆزى كېيىن موڭغۇل تىلىغا قوبۇل قىلىنىپ، «ئۇستاز»، «تېۋىپ» مەنىسىدە قوللىنىلغان. «بابۇرنامە» دە يېزىلىشىچە: «يارامنى باققىلى ئەبىكە باخشى ئاتلىق موغۇل جەرراھنى ئىبەرىپتۇرلەر، موغۇل ئېلى جەرراھنى ھەم باخشى دەر.»

«كىچىك باھادىر» — «كىچىك باتۇر»، ئېھتىمال، غىياسىددىننىڭ بويى ۋۇجىكرەك بولغاچقا، ياكى ئاتىسىنىڭ ئەركە ئوغلى بولغاچقا، «كىچىك» دەپ سۈپەتلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۆزى شىجائەتلىك بولغاچقا، باتۇر دېگەن نامغا مۇشەررەپ بولغان.

«كىچىك باھادىر» غىياسىددىن «باخشى» چوڭ بولغان ئائىلە ئىلىم مەرىپەتكە، ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان ئائىلە ئىكەن. غىياسىددىن ئۆزى پازىل كىشى بولۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئىنىلىرىمۇ شائىر ئىكەن: بىر ئىنىسى «كەبۇلى»، يەنە بىرى «غەرىبىي» دەپ تەخەللۇس ئىشلەتكەن. ئەلىشىرنىڭ «ئائىلە مۇھىتى ئۇنىڭ بالىلىق چېغىدىلا ئەدەبىياتقا زور ھەۋەس قوزغىغان.»

ئەمدى، «بارلاس جەمەتىدىن» دېيىلگەن مەسىلىگە كەلسەك، غىياسىددىن پەقەت ئەمىر تۆمۈر خاندانىغا يېقىن بولغىنىغا قاراپلا دېيىلگەن بىر خىل پەرەز بولسا كېرەك. چىغتاي خاندانىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن بىللە ئىسلامنى قوبۇل قىلغان (ۋە كېيىن تۈركلەشكەن) مەرتىۋىلىك جەمەتلەردىن بارلاس، ئارلات، جوراس، دوغلاتلار تۆمۈرىي سەلتەنىتى دەۋرىدە، تاكى قىپچاق خانلىرىغا مەنسۇپ بولغان مۇھەممەد شەيبانىخان ئۆزبېك كۆچمەنلىرىنى سىر دەرياسى بويىدىن باشلاپ كىرىپ، (ھىجرىيە906 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، يەنى مىلادىيە 1500 ـ يىلىنىڭ ئىيۇل ئېيىدا) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر بۆلۈكىدە ھاكىمىيەت تىكلىگەنگە قەدەر، مەملىكەتنىڭ ھەر ساھەسىدە يېتەكچىلىك ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن. ئۆزبېك مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ «بەس ئەمدى، بارلاس سەلتەنىتىگە!» دەپ جاكارلىغانلىقىمۇ شۇنى بىلدۈرىدۇ. تارىخچى مىرخاندىنىڭ يېزىشىچە،

سۇلتان ھۈسەيىن بايقىرا ئەلىشىر ناۋائىينى مۆھۈردارلىققا (تامغىچىلىققا) تەيىنلىگىنىدە، ناۋائىي مۇنداق شەرت قويغان: «ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر. . . مەن ئەمدى ئۇلۇغ ئاستانە ئىچكىلىرى قاتارىدا مەن، ئۇلۇغ مەنسەپ ئىگىسى مەن، ئاسمانچە تەخت ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن يۇقىرىراق ئورۇندا ئولتۇرۇپتىمەن. مۇبادا، ئەمىرلىك مەنسەپكە مۇتەسەددى بولسام، بارلاس ۋە ئارلات ئەمىرلىرىدىن بەزىلىرى تۆرەگە (قائىدە - نىزامغا) بىنائەن مەندىن يۇقىرى ئولتۇرىدۇ. بەس، بۇ ئەمىرلەرگە كېپىل بولۇش مېنىڭ مەنسەبىمدىن تۆۋەنىراقتۇر، دېگەندە، خاقانى مەنسۇر (ھۈسەيىن بايقىرا - م) ئۇنىڭ بۇ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىنتايىن ئىنايەت بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن، بارلاس ئۇمەراسىدىن ئەمىر مۇزەففەر بارلاستىن باشقا بىرەر كىم ئەلىشىردىن ئاۋۋال مۆھۈر باسمىسۇن، دېگەن ھۆمايۇن ھۆكۈم چىقاردى» («رەۋزەتۇس - سەفا» نىڭ «خاقانى مەنسۇرنىڭ ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىرنى ئەمىرلىك مەنسىپكە تەيىنلىگەنلىكى بايانى» دېگەن بابىدا) . مەزكۇر بايانغا قارىغاندا، ئەلىشىر ئائىلىسى بارلاس جەمەتىگە مەنسۇپ ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن نۇرۇللا ئەخمەدوۋ (تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى) نىڭ مۇلاھىزىسىچە، ئەلىشىر ناۋائىي ئۆزىنىڭ بىرەر ئەسىرىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى تىلغا ئالمىغان. بىزنىڭ ئادىتىمىزدە پەرزەنت ئۆز ئاتا - ئانىسىنى ياكى ئەر - خوتۇن بىر - بىرىنى ئۆز ناملىرى بىلەن قىچقىرىش بىئەدەپلىك بولىدۇ. شۇڭا، كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ تولىسى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاتا - ئانىلىرى توغرىسىدا بايان قىلمىغان.

## 2. ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئۇستاز ۋە مۇرەببىلىرى توغرىسىدا

ئەلىشىر يىگىتلىك دەۋرىدە ئىشتىياق بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورىپكتى
www.uyghurkitap.com

بېرىلگەندە، ئۇنىڭغا تۈرلۈك پەنلەردىن دەرس بەرگۈچى «ئاخۇنۇم» دۇر؛ ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە مەدەتكار بولغۇچى «كاشغەرىيلەر» دۇر.

بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاشتا، ئالدى بىلەن، ئەلشىرنىڭ بالىلىق چېغى توغرىسىدا سۆزلەش ئانچە ئارتۇقچىلىق قىلماس.

نىزامىددىن ئەلشىرنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن فەرغانىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، ئەمىر تۆمۈر ئاستانىسىدە بولغان. بىر مەزگىل «ئەسەخ» شەھىرى (تۆمۈرىي شاھزادە ئۆمەر شەيخ سىياسىي مەركەز قىلغان ئەنجان ۋىلايىتىدىكى بىر شەھەر) دە، ئۆمەر شەيخنىڭ ئوردا مۇلازىمىتىدە بولغان. كېيىن ھىراتقا كۆچۈپ كەتكەن. نىزامىددىن ئەلشىر ھىراتتا ھىجرىيە 844 - يىلى رامىزاننىڭ 7 - كۈنى (مىلادىيە 1441 - يىل 9 - فېۋرالدا) تۇغۇلغان. بۇ چاغدا غىياسىددىن باخشى شاھ رۇخ مىرزا سەلتەنىتىدە خىزمەت قىلىۋاتاتتى. 1447 - يىلى (ئەلشىر يەتتە ياش چېغىدا) شاھ رۇخ مىرزا ئۆلۈپ، تۆمۈرىي شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخت-تاج تالىشىش تۇپەيلىدىن جەڭ - جېدەل كەسكىنلىشىپ، يۇرت مالىمان بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇ قاتاردا غىياسىددىن ئۆز ئائىلىسى بىلەن ئىراققا كۆچۈپ بېرىپ، تەفت شەھىرىدە ئۈچ يىلچە ياشىغان. خوراساندا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بېسىققاندىن كېيىن، غىياسىددىن ئائىلىسى ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. بۇ چاغدا ئەلشىر ئون ياشتا ئىدى. ئەبۇلقاسىم بابۇر غىياسىددىننى سەبزۋەرگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن. ئەلشىر ھىراتتا قېلىپ ئوقۇغان. ئەلشىر 12 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ۋاپات بولۇپ، ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىدا قالغان. ئەلشىر 15 يېشىدا ھۈسەيىن بايقىرا بىلەن بىللە ئەبۇلقاسىم بابۇر ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. بىر يىلدىن كېيىن (1456-يىلى) ئەبۇلقاسىم بابۇر مەشھەدگە يۆتكەلگەندە، ئەلشىرمۇ بىللە كەتكەن. ھىرات تىنچىغاندىن كېيىن، ئەلشىر ھىراتقا قايتىپ كەلگەن. بىراق بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمىغان.

ئەلشىر «ئەبۇ سەئىد سۇلتان زامانىدا خوراسان پايتەختىگە — ھىراتقا

بېرىپ، بىر نەچچە كۈننى ئاشۇ ئىقبال ئاشىيانلىق ئاستانە مۇلازىمىتىدە ئۆتكۈزدى. ئەمما ئۆز ھالىغا مۇناسىپ رىئايەت ۋە تەربىيەت تاپالمىدى. شۇ سەۋەبتىن خوراساندىن بىھىشت مانەند سەمەرقەنتكە بېرىپ، خوجا جالالۇددىن ئەبۇللەيس خانىقاسىدا ئىستىقامەت قىلدى ۋە كۆپ ۋاقتىنى كىتاب مۇتالىئەسىگە سەرپلىدى. بەزىدە ماۋرائۇننەھرنىڭ ساھىب ئىختىيارى بولغان ئەمىر دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ۋە ئەمىر ئەھمەد ھاجىبەگ بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ تۇردى» («رەۋزەتۇس-سەفا»).

ناۋائىي سەمەرقەنتكە مەجبۇرىيەت ئاستىدا كەتكەن. بۇ ھەقتە زەھىرىددىن بابۇر ئۆز قىياسىنى مۇنداق يازىدۇ:

«بىلمىدىم، نە جەرىمە بىلەن، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا (ناۋائىينى) ھىرىدىن ئىخراج قىلدى، سەمەرقەنتكە باردى. نېچە يىلكىم سەمەرقەنتتە ئىدى، ئەھمەد ھاجىبەگ مۇرەببىي ۋە مۇقەۋۋىسى ئىدى.»

ئەلىشىر 18 ياش چاغلىرىدا چوڭ پالاكەتكە ئۇچرىغان. سۇلتان ئەبۇ سەئىد پايتەخت ھىراتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۆمەر شەيخنىڭ ۋە شاھ رۇخنىڭ ئەربابلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى ھەر جايغا سۈرگۈن قىلغان. شۇ قاتاردا ئەلىشىرنىڭ ئاتا مۈلكىمۇ مۇسادىرە قىلىنغان ۋە ئۆزى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، سەمەرقەنتكە — «كاشغەرىيلەر» دىن ئەھمەد ھاجىبەگ قېشىغا بارغان. تۆمۈرى سۇلالىدىن سۇلتان ئەبۇ سەئىد خوراسان پايتەختى — ھىرىنى ئىگىلىگەن يىلى ھىجرىيە 863 - (مىلادىيە 1458) يىلى ئەلىشىر ھىراتتىن «ئىخراج قىلىنغان» (چىقىرىۋېتىلگەن).

ئەمما، «سەمەرقەنت ناۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان». «سەمەرقەنتتە ناۋائىي سەمەرقەنت بېگى ئەھمەد ھاجىبەگ ۋە ئالىم فەزلۇللاھ ئەبۇللەيسلەردىن ماددىي ياردەم ئېلىپ ئوقۇغان.» («ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى». تاشكەنت، 1953 - يىل)

ئەلىشىرنىڭ تەلىم ئالغان مۇھىم ئۇستازى — مەۋلانە فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىي، يەنى «فەسىھۇددىن ئاخۇنۇم» دۇر. بۇ زات ھەققىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

خاندەمىر «خۇلاسەتۇل ئەخبار» دا مۇنداق دەپ يازغان:

«مەۋلانە فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىي تۇرمۇشىنىڭ بىنۇقسانلىقى ۋە نەسەبىنىڭ ياخشىلىقى، ئىلمۇ پەندە مۇكەممەللىكى بىلەن، پەزىلەتپىشە ۋە بېنەزىردۇر. . . ئانھەزرەت ئەمىر ئەلىشىر زۇرۇر ئىلىملەرنىڭ پارچىسىنى جانابى مەۋلىۋى ھۇزۇرىدا ئۆگەنگەن ۋە ھەر قاچان ئۇ كىشىنى ئاخۇن دەپ چاقىرار ئىدى. . . ئاخۇن فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىينىڭ ھېكمەت، رىيازەت، مەنىلەر بايانى، سەرف ۋە نەھۋە ئىلىملىرى بويىچە يازغان ئەسەرلىرى كۆپ ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك تەلەبەلەر ئاراسىدا مەشھۇردۇر. ئول جاناب فىقھ (ئىسلام قانۇنى) ۋە ھەدىس ئىلىملىرى بويىچە ھەم ئىنتايىن ماھىر بولغىنى ئۈچۈن، مۇشۇ كۈنلەردە «ۋەقايە» گە شەرھى يېزىش بىلەن بەنددۇر.»

ھېرات، سەمەرقەنت ھەم ئەنجان ۋىلايەتلىرىدە، ھەتتا خارەزمدە، زىيالىيلار قاتلىمى ۋە مەنسەپدارلار قاتارىدا، «ئاخۇنۇم» ۋە «كاشغەرىي» (قەشقەرىيلىك) ياكى «موغۇلىستان بەگلىرى» دەپ ئاتالغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. بۇلار ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەلىرىدە ھەم ھاكىمىيەت دائىرىلىرىدە تەسىرى چوڭ ۋە مۇھىم ئورۇنلارنى تۇتقانىدى. مەسىلەن، مەشھۇر تاجىك شائىرى ئابدۇراھمان جامىينىڭ پىر- ئۇستازى سەئىددىن كاشغەرىي، ئەلىشىرنىڭ ئۇستازى فەسىھۇددىن ئاخۇنۇم ئىدى.

نىزامىددىن ئەلىشىر سەمەرقەنتتە ھىجرانلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگىنىدە، «مۇرەببىي» (تەربىيىچى) ۋە «مۇقەۋۋىسى» (مەدەت - ياردەم بەرگۈچى) ئەھمەد ھاجىبەگ ئىبنى سۇلتان مەلىك كاشغەرىي ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلغان. ئەھمەد ھاجىبەگ ئەھمەد مىرزانىڭ ئەمىرلىرىدىن ئىدى ھەم سۇلتان ئەبۇ زاماندىمۇ ئەمىر ئىدى.

«بابۇرنامە» دە يېزىلىشىچە:

«يەنە بىرى، ئەھمەد ھاجىبەگ ئىدى. سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى ئىدى. ھىرىي ھۆكۈمىتىنى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا نېچچە مەھەل مۇڭا بېرىپ ئىدى. ئاباغاسى جانىبەگ ئۆلگەندىن سوڭ، ئۇنىڭ مۇچەسىنى بېرىپ، ئۇنى سەمەرقەنتكە ئىبەردى. خۇشتەبىئەت ۋە مەردانە كىشى

ئىدى. «ۋەفايى» تەخەللۇس قىلغۇر ئىدى؛ ساھىبى دىۋان ئەردى، شېئىرى يامان ئەمەس ئىدى...؛ مىرئەلىشىر ناۋائىي ھېرىيدىن سەمەرقەنتكە كەلگەن پۇرسەتلەر ئەھمەد ھاجىبەگ بىلە بولغۇر ئىدى.»

دېمەك، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىدە ھۆكۈمرانلىق تەبىقىسىدىمۇ مەرتىۋىلىك ـ مەنسەپدار ئۇيغۇر كىشىلىرى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، سۇلتان مەلىك كاشغەرىي، ئۇنىڭ ئىنىسى جانىبەگ دولداي ، سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئوغۇللىرى ئەھمەد ھاجىبەگ ۋە ھاپىز مۇھەممەد بەگ، يەنى ئابدۇلكەرىم ئەشرىت ۋە باشقىلار.

«جانىبەگ دولداي ئىدي. سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئىنىسى ئىدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا سەمەرقەنت ھۆكۈمىتىنى ۋە سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۆز ئىشىكىنىڭ ئىختىيارىنى مۇڭا بېرىپ ئىدى، مۇنى ئىشىكئاغا قىلىپ ئىدى. غەرىب (غارايىب) ئەخلاق ۋە ئەتىۋارلىق كىشى ئىكەندۇر، ئاندىن غەرىب نېمىلەر خېلى رىۋايەت قىلغۇرلەر. ئول جۈملىدىن بىرى بۇدۇر كىم، سەمەرقەنت ھاكىمى ئىكەن پۇرسەتلەر ئۆزبېكدىن ئەلچى كېلغۇر، ئۆزبېك ئۇلۇسىدا بۇ ئەلچى زورغا (زور چېلىشچى) مەشھۇر ئىكەندۇر. ئۆزبېك زور كىشىنى بۆكە دەرئىمىش. جانىبەگ دەر كىم: بۆكەمۇ سەن؟ بۆكە بولساڭ، كەل كۆرىشەيلى، بۇ ئەلچى ھەر قانچە مۇزايىقە (كۈچىنىش) قىلغۇر. (جانىبەگ) قويماس، كۆرىشۇرلەر، جانىبەگ يىقار. (جانىبەگ) مەردانە كىشى ئەردى.»

ئۆمەر شەيخنىڭ ئەمىرلىرىدىن «يەنە بىرى، ھافىز مۇھەممەد بەك دولداي ئەردى. سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئىنىسى ئەردى... ئۆمەر شەيخ مىرزا ئەنجان ھۆكۈمىتىنى ئاڭا بەردى...»

«يەنە بىرى، ئابدۇلكەرىم ئەشرىت (بىلىملىك ـ تەجرىبىلىك) ئۇيغۇر ئىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا قېشىدا ئىشىكئاغا ئىدى. سەخىي ۋە مەردانە كىشي ئىدى.»

بۇلاردىن ئەلىشىر ناۋائىي بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولغان ئەھمەد ھاجىبەگ كاشغەرىي خوراساندا تەلىم ئالغان يۇكسەك مەدەنىيەتلىك كىشى ئىدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد ۋاقتىدا ھېراتقا (1464 ـ 1465 ـ يىللىرى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاكىم، كېيىن 1496 - يىلغىچە سەمەرقەنت ھاكىمى بولغان. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ھىرىنى ئىشغال قىلىپ ئۆز سەلتەنەتىنى تىكلىگەندە، ئەلىشىر ناۋائىي سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن، ئەھمەد ھاجىبەگدىن رۇخسەت ئېلىپ، ھىجرىيە 875 - (مىلادىيە 1470 -) يىلدا مەكتەپداش دوستى (ھۇسەيىن بايقارا) نىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ مۇلازىمىتىدە بولدى. ناۋائىي سەمەرقەنتتە 12 يىل ياشىغان.

[مۇتالىئە]

«ئاخۇن» سۆزى كونا ئىملادا «اخوند» شەكلىدە يېزىلاتتى. بۇسۆزنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار بار: بەزىلەر پارسچە سۆز دەيدۇ، بەزى تەتقىقاتچىلار «ئوغان - ئوغۇن» ياكى «ئارقۇن» دىن ئۆزگەرگەن دەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ا غۇن - غۇن» دېگەندەك تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن ياسىلىدىغان سۆزلەر كۆپ ئىدى. مەسىلەن، «قەين - قەيناغۇن» (قېيىن بويان)، «ساغۇن» (قەبىلە باشلىقى)، «ئاتا ساغۇن» (ھەكىم، تەبىب)، «تۇرغۇن» ۋە باشقىلار. شۇڭا «ئاخۇن» سۆزى «ئوغان» ياكى «ئاغۇن» — «ئارقۇن» (باشقۇرغۇچى) دىن ئۆزگەرگەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەيلى «ئاخۇن» ياكى «ئوغان- ئاغۇن- ئارقۇن» بولسۇن، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدۇ، يەنى «موللا»، «مۇئەللىم»، «ئۇستاز»، «ئەپەندى»، «ئىگەم» ياكى «خوجام» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. XVI ئەسىردىن كېيىن «باخشى» دېگەن سۆزنىڭ بالدۇرقى مەنىسى ئۆزگىرىپ، «داخان»، «بېرىخون» دېگەن سۆزلەر بىلەن مەنىداش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى «ئاخۇن» سۆزى ئىگىلىدى. تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەردىن ئۇيغۇرلاردا «ئاخۇن» سۆزى كۆپ قوللىنىلىدۇ. ھەر قانداق ئۇيغۇر يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇلغا ئىسىم قويغاندا، «ئاخۇن» قوشماي قويمايتتى. شۇڭا ئۆزبېكلەر ئۇيغۇرلارنى «ئاخۇن ئەكە» دەيدۇ. دېمەك، «ئاخۇن» ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا خاس ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

# 3. كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، كان (قاڭلى) ئېلىنىڭ شىمالىدا، ئىدىل (ۋولگا) دەرياسى ۋادىسىدا، تېڭىز (خەزەر، يەنى كاسپىي كۆلى) نىڭ شەرقىدە، مىلادىيىدىن ئىلگىرى - كېيىن خەنزۇچە تارىخلاردا «دىڭلىڭ»، VI ئەسىردە «تېلې» دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتالغان قوۋملارنىڭ غەربىي قەبىلىلىرى ياشىغان. ھەممىگە مەلۇمكى، «دىڭلىڭ» ياكى «تېلې» خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئاتا - بوۋىلىرى دەپ ئېنىق قەيت قىلىنغان. VI ئەسىردىن كېيىن بۇ قوۋملار «ئۇيغۇر» نامى بىلەن مەركەزلەشكەن پۈتۈن ئىلەتنى شەكىللەندۈرگەن. VII ئەسىردە ئۇرقۇن بويىنى سىياسىي مەركەز قىلغان ئۇيغۇر قاغانلىقى تىكلىنىپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ كەڭ زېمىنى دائىرىسىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. بۇ قاغانلىق IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىياسىي-ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كاساپىتىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن، قاغانلىقنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى ئاھالىنىڭ بىر تۈركۈمى كۆكئارت (پامىر) نىڭ غەربىدىكى ئۆز قوۋم - قېرىنداشلىرى ياشاۋاتقان رايونلارغا كۆچكەن. IX — XII ئەسىرلەردە، ئۇيغۇرلار گەنجۇ ياكى [illegible]جۇ (خۇاڭخې، يەنى يېشىل ئۆگۈز غەربى) ئۇيغۇرلىرى، قوجۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى، كۆكئارت ئۇيغۇرلىرى ياكى «خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى» دېگەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن ئىدى. بۇلار ئاساسەن جۇغلىشىپ ماكانلاشقانلار ئىدى. بۇلاردىن باشقا، ھەر جايدا ماكانلاشقانلارمۇ بار ئىدى. كۆكئارت ئۇيغۇرلىرى قاراخانىيلارنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئىدى. ھاكىمىيەت تۆپىسىدىكى خانزادىلەر جەمەتى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلىقار ئۇرۇقىدىن ئىدى. قاراخانىيلار كۆچەيگەن زامانلاردا، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى شەرقتە كۇچانىڭ ياقا رايونىدىن غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە، شىمالدا ئاق توقاي - تارباغاتايدىن جەنۇبتا قاراقورۇم ئېغىزىغىچە كەڭ تېررىتورىيىنى ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىچىگە ئالاتتى. XII ئەسىردە، قاراخانىيلارنىڭ سەلتەنىتىنى ئىگىلىگەن گورخانلار (قاراقىتانلار) مۇ ئاساسەن شۇ دائىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىغان.

XIII ئەسىردە، جىن سۇلالىسى (ئالتىن خانلىق) نىڭ شىـــڭدىڭ زامانىسىدا، غەربكە ۋە غەربىي شىمالغا ئەلچـــى بولۇپ بارغان سۈن جۇڭدۇەننىڭ «ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە مۇنداق يېزىلغان:

«4 - يىلى (جىن سۇلالىسى شىڭدىڭ 4 - يىلى، يەنى مىلادىيە 1220- يىلى) قىشتا — 12 - ئاينىڭ بېشىدا، شىمالىي چېگرىدىن چىقىپ غەربىي شىمالغا قاراپ ماڭدۇق . . . شيا خانلىقى (غەربىي شيا - تاڭغۇتلار) دىن ئۆتۈپ ئىلگىرىلەپ يەتتە - سەككىز مىڭ چاقىرىم يول ماڭدۇق . . . يۇزلىگەن شەھەرلەر بار ئىكەن. ناملىرى خەنزۇچە ئەمەس ئىكەن . . . ئۇيغۇر ئىلىنىڭ ئىلىبالىق شەھىرىگە كەلدۇق. بۇمۇ ئۇيغۇر پادشاھىنىڭ پايتەختى ئىكەن . . . ئۇيغۇر ئىلىنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭرى ئىكەن، غەربىي چېگرىسىنىڭ چېتى مەلۇم ئەمەس. چوڭ تاغدىن بىرقانچە دەريا شەرققە قاراپ، بىرقانچە دەريا غەربكە قاراپ ئاقىدىكەن . . . غەربىدە يەنە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار . . . ئىرى ئۇيغۇرلىرى، ھىندۇ ئۇيغۇرلىرى بار ئىكەن.»

خەنزۇ تارىخچىسى ليۇيىتاڭ (تەيۋەن) «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە: (سۈن جۇڭدۇەننىڭ «ئەلچىلىك خاتـــىرىســـى» دە يېزىلغان) «مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار» قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ۋە گورخانلار دەۋرىدە فەرغانە ۋادىسىدىكى ئەنجان ۋىلايىتىـــــدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتسە كېرەك؛ «ئىرى ئۇيغۇرلىرى» دېگەندىكى «ئىرى» بولسا «ھىيرى» (ھېرات) نى بىلدۈرسە كېرەك، دەپ چۈشەنچە بەرگەن.

چىڭگىزخان ئىشغال قىلغان كەڭرى زېمىننى تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ ئۇلۇشى (ئۇلۇسى) ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خېيۇگىچە بولغان كۆپ قىسمىنى ئۆز تەۋەسىگە ئالغانىدى. ئۇيغۇر خەلقى يەنە يايىق ۋە سىر ۋادىلىرىدا خارەزمدىمۇ ئاساسىي ئاھالىلەردىن بىرى سۈپىتىدە تاكى XVI ئەسىرگىچە ئۆز نامى بىلەن ياشاپ كەلگەن. XVII ئەسىردە ئۆتكەن ئەبۇلغازىخان يازغان

«شەجەرەئى تۈرك» تە قەيت قىلىنىشىچە، چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوچىخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى شەيبانىخان ئىدى، شەيبانىخاننىڭ ئون ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئىككىنچى ئوغلى باھادىرخان ئىدى؛ بۇنىڭ چوڭ ئوغلى جوچى بۇغا، بۇنىڭ چوڭ ئوغلى مىڭ تىمۇر (مىڭكە تىمۇر) نىڭ ئالتە ئوغلى بولۇپ، ئۈچىنچىسى پولاد، بۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم، بۇنىڭ ئوغلى دەۋلەتشەيخ، بۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلخەير، بۇنىڭ ئون بىر ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىتى مۇھەممەد، لەقەبى شاھبەخت، ئۆزى شائىر ئىدى؛ شەيبانىخاننىڭ نەسلىدىن (يەتتىنچى ئەۋلادى) بولغىنى ئۈچۈن، ئۆزىگە شەيبانىينى تەخەللۇس قىلغانىدى. XVI ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ئامۇ دەريا ۋە فەرغانە ۋادىلىرىغا ئۆزبېك كۆچمەنلىرىنى باشلاپ كىرگەن مەشھۇر زات ئەنە شۇ مۇھەممەد شەيبانىيدۇر.

جوچى خاننىڭ ئوغلى شەيبانىخاننىڭ تۆتىنچى ئەۋلادى (چەۋرىسى) مىڭ تىمۇرنىڭ ئوغلى پولاد ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئىبراھىم ۋە ئەرەبشاھ دېگەن ئىككى ئوغلى بار ئىدى. «. . . ئاتلىق ئۆزبېك بۇ ئىككىسىنىڭ ئىتىنى ئەيىبا ئەرەب دەر ئىدى. پولاد ئۆلگەندىن كېيىن ئاتىسىدىن قالغان ئەللەرنى ئىككىسى بۆلۈشۈپ، ئىككى ئاغا - ئىنى بىر يەردە كۆچۈپ - قونۇپ، يايىقنىڭ بېشىدا يايلاپ ۋە سىرنىڭ ئاياقىدا قىشلاپ، ئىناقلىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. ئەرەبشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ھاجى تولى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ، ئەلگە پادشاھلىق قىلدى... ھاجى تولى ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى تىمۇر شەيخ ئورنىدا ئولتۇردى. ئۇ يىگىتلىك ۋاقتىدا قالماقتىن ئىككى مىڭ كىشى كېلىپ، ئېلىنى بۇلاپ-تالاپ كەتتى. تىمۇر شەيخ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ. . . شەھىد بولدى، ھېچ پەرزەنتى يوق ئىدى. ئەلنى ياۋغا چاپتۇردى، تۆرەسىدىن ئايرىلدى ۋە پادشاھىدىن ئىنى ياكى ئوغۇل قالمىدى. ئۈچ ئۈمىدسىزلىك قوشلاپ كەلدى. بۇ سەۋەبتىن يان - يانىشا ئولتۇرغان خەلق ئۆزگە تۆرىلەرگە كەتتى. ئاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاقساقاللىرى يىغىلىپ، ئوردا ئىشىكىگە كەلدى. خانىمغا كىشى كىرگۈزدى . . . خاننىڭ خوتۇنلىرى ۋە قوماللىرى كۆپ ئىدى. (خانىمغا كىرگۈزۈلگەن كىشى دېدىكى) بۇنى ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۇرۇشتۇرسۇن، ئەگەر بىرسىنىڭ بويىدا بولسا، بىز كەتمەيلى، بالا تۇغۇلغانغىچە بۇ يەردە ئولتۇرايلى. خانىم: مېنىڭ ئۈچ ئايلىق ئوغلانىم بار، دېدى. بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقى ئوردا بىلەن بىللە تۇردى.. ئالتە ئايدىن كېيىن ئوغۇل تۇغۇلدى، ئېتىنى يادىكار قويدى... ئاندىن كېيىن ئاتىسىدىن قالغان نەۋكەرلىرى ئۇمىدلىنىپ قايتىپ كەلدى. ئىشىكتە (سارايچىقتا) بىشى پۈتۈن، يەڭلىك - ياقىلىق ئەل ئۇيغۇر بىلەن نايمان بولدى.» بۇ دېيىلگەن ئۇيغۇر خەلقى XIV ئەسىردىن ئىلگىرىلا شۇ رايوندا ياشاپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ فەرغانە ۋە ماۋرائۇننەھر رايونلىرىدا ئىلگىرى ماكانلاشقان ۋە ئۆزگە خەلقلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئاھالىسىدىن باشقا، XIII — XIV ئەسىرلەردە «موغۇلىستان» ياكى «قەشقەرىيە» دىن غەربكە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى، بولۇپمۇ زىيالىيلار قاتلىمىدىن تۈركۈملەپ كۆچكەن.

[ئىزاھ: چىغتاي هايات چېغىدا، ئۇنىڭ ئۇلۇشى (ئۇلۇسى) «خانلىق» دەپ ئاتالمىغان. ئۇنىڭ ئەۋلادى هۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا، هاكىمىيەت بېشىدىكى موڭغۇل قوۋمىغا مەنسۇپ تەبىقە نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئۇلۇشىنىڭ شەرقىي قىسمى، يەنى هاكىمىيەت مەركىزى جايلاشقان قىسمى باشقىلار تەرىپىدىن «موغۇلىستان» دەپمۇ ئاتالغان].

XIII ئەسىردە، چىڭگىزخاندىن يېڭىلىپ، موڭغۇل يايلىقىدىن قېچىپ كەلگەن نايمانلار باشلىقى كۈچلۈك قاراختان — گورخاننىڭ تەختىنى (ئوردۇ بالىقنى) ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، سىياسىي، دىنىي جەھەتتە قاتتىق زوراۋانلىق قىلغان. هەتتا خوتەن ۋىلايىتىدە دىنىي مۇجادىلە تۈپەيلىدىن مىڭلىغان زىيالىينى قەتلىئام قىلغان. شۇ دەۋردە، بىرمۇنچە كىشىلەر غەربكە — تۈركىستانغا هىجرەت قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن (چىغتاي ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزى خان - ئۆزى بەگ بولۇشۇپ، خانلىق تالىشىپ، جەڭ - جېدەل قىلدى، جۈملىدىن هازىرقى شىنجاڭ رايونى يەنە «پۈتمەس - تۈگىمەس جېدەل - ماجىرا مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى؛ ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدە ۋەيران بولۇشقا باشلىدى.»

ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى، بولۇپمۇ ئوقۇمۇشلۇق تەبىقىدىن نۇرغۇن كىشىلەر «موغۇلىستان» دىن «تۈركىستان» غا ھىجرەت قىلدى. بۇلار كۆپىنچە فەرغانە رايونىدا ئەنجان ۋىلايىتىگە (بىلىقچى، ئەسەكە، قاراسۇ، پاختائاباد، ئۇيغۇر ئاباد ناھىيىلىرىگە)، ئۇنىڭدىنمۇ يىراقراق كەتكەنلەر خارەزمغا، خوراساندا ھىيرىغا بېرىپ ماكانلاشقان.

بۇ ئۇيغۇر «مۇھاجىرلىرى» شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت - مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجىدا مەلۇم رول ئوينىغان؛ ھەتتا تۆمۈرىي سۇلالىسىدە ھەربىي - مەمۇرىي مەنسەپلەرنى ئۆتىگەن. چىڭگىزخانىنىڭ ماۋرائۇننەھر، خوراسان ۋە ئىراقلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان نەۋرىلىرى زامانلىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممە مۇشاۋۇرلىرى ۋە پىتىكچىلىرى ھەم دەپتەردارلىرى ئۇيغۇرلاردىن بولغان. ئەبۇلغازى خان «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن ئەسىرىنىڭ «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زىكرى» دېگەن بابىدا مۇنداق يازغان:

«ئۇيغۇر خەلقىدە تۈركىي تىل بىلەن ئوقۇغان كىشىلەر كۆپ ئىدى، دەپتەردارلىقنى ۋە دىۋان ھېسابلىرىنى ياخشى بىلۇرلەر ئەردى. چىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ زامانىدا ماۋرائۇننەھر، خوراسان ۋە ئىراقتا دىۋانلار ۋە دەپتەردارلارنىڭ بارچىلىرى ئۇيغۇر ئىدى. چىنىنىڭ يۇرتلىرىدىمۇ چىڭگىزخان ئوغلانلىرى دىۋان ۋە دەپتەردارنى ئۇيغۇر خەلقىدىن قويۇپ ئەردىلەر. چىڭگىزخانىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغان ئوغلى ئوگادايى خان خوراسان، مازانداران ۋە گىلاننى ئۇيغۇر كۆركۈز دېگەنگە تاپشۇرۇپ ئەردى. ئول ياخشى ھېسابدات ئەردى...»

«ئەمىر تۆمۈر مەھكىمىلىرىدە ئىش ئالاقە قەغەزلىرى تامامەن ۋە باشتىن - ئاخىر ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلاتتى. ئۆمەر شەيخنىڭ مەرغىلانلىق مىرسەئىدكە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىپ چۈشۈرۈلگەن يارلىقى 1469 - يىلى تۈزۈلگەن.» («توختامىش ۋە تۆمۈر قۇتلۇق يارلىقلىرى» نەزەردە تۇتۇلىدۇ).

ئەدەبىياتتا تېخىمۇ شۇنداق بولغان. XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ھېراتتا تەسنىپ قىلىنغان «بەختىيارنامە» (مەنسۇر باخشى 1435 - يىلى كۆچۈرگەن نۇسخا)، «تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا» ۋە

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

«مىراجنامە» (مەلىك باخشى نۇسخىسى) ھەم باشقا ئەسەرلەر توپلاملىرى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. بۇ زامانلاردا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن مۇمتاز ئەدىب ـ شائىرلار، فەرغانە، خارەزم ۋە ھىراتلاردا مەشھۇر ئىدى. مەسىلەن، ئەلىشىر ناۋائىي ئۇيغۇر بولغاسىنىڭ مەلىكۇل كەلامى (ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز پادىشاھى) دەپ تەۋسىپلىگەن مەشھۇر شائىر لۇتفى «نەرگىس كۆزۈڭ» دېگەن غەزەلىدە:

«يالغۇز ھىيرىدا يوقكىم، ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىدە،
شېئىرىڭ شىئارى، لۇتفى، خىتاۋۇ خوتەندە بار»

دېگەن بېيىتى بىلەن ئەسلى يۇرتىدىن بىشارەت بەرگەن. شۇنىڭدەك ياركەنتنىڭ سەككىچى (ھازىر پەكىچى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) يېزىسىدىن ھىجرەت قىلغان سەككاكىيلەر ئائىلىسى ئاۋۋال خارەزمدە، كېيىن ئالمىلىق ھەم سەمەرقەنتتە ياشىغان. شائىر سەككاكىينى ناۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ چېچەنلىرىدىن مەۋلانە سەككاكىي» دەپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تونۇشتۇرغان. شۇنىڭدەك «كاشغەر ئەدەبىي تىلى» ئەنئەنىسى بويىچە ئەمىر تۆمۈر دەۋرىدە ئىجاد ئەتكەن شائىر سەيفى (ھاجى ئەمىر سەيفۇددىن) قاتارلىق ئەدىبلەر ئۆتكەن.

تۈركىيە تىلشۇناسلىرىدىن ئەخمەد جەفەر ئوغلۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ يازغان ئەسەرلىرىدە: «ھۇلاكۇ ۋە تۆمۈر زامانىدىن باشلىنىپ، شاھ رۇخ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر يېتىشىپ تۈركىيچە شېئىر يازغان ھەيدەر، خارەزمى، ئەتايى، سەككاكىي، مۇقىمى، يەقىنى، ئەمىرى، گەدائىي، لۇتفى ۋە باشقا شائىرلار» نى ساناپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى توغرىسىدا پاكىتلار ئاساسىدا ئىزاھ بەرگەن:

ھەيدەر — «مەخزەنۇل ئەسرار» («سىرلەر خەزىنىسى») نىڭ مۇئەللىپى. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان 32 بېتى رەشىت رەخمەتى ئارات تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان (XI. TDED).

سەككاكىي — بۇنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى غەزەللىرى ئوسمان ف. سىرتقايا تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان (XX. TDED ئىستانبۇل).

ئەمىرى — «دىۋانامە» سىنىڭ دەسلەپكى قىسمىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان 23 بېتى ر. ر. ئارات تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان. (ئىستانبۇل، 1953 ـ يىل).

لۇتفى غەزەللىرىدىن ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىرى ئوسمان ف. سېرتقايا تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان (XI . TDED).

بۇ زامانلاردا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئەدىبلەر ئادەتتە مەھمۇد قەشقەرى زامانىدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ قايىسى ئۇلۇس ـ ئىلەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئانچە ئىزاھلاپ تۇرمىغان. پەقەت «تۈركىي تىل» نى ئانا تىل دەپ بىلگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ مىللىي خاسلىقىنى «ئوغۇزچە» ۋە «تۈركچە» دەپ ئىككى قولغا بۆلۈنگەن تىل پەرقىنى ئاساس قىلىپ، قايسى قولغا مەنسۇپ تىلدا يازغانلىقىغا قاراپ ئايرىش مۇمكىن.

## 4. خۇلاسە

ئۆز ئانا تىلى ئۈچۈن قاتتىق كۈرەش قىلغان ئەدىبلەرنىڭ پېشۋاسى، تۈركىي، جۈملىدىن ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىدە چوڭ رول ئوينىغان مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ قولىقىغا تەكبىر ئېيتىپ قويغان ئىسمى (ئاتىسىنىڭ ئىسمىغا — غىياسىددىنغا ئەگەشتۈرۈپ) نىزامىددىن؛ مەكتەپتە ۋە جەمئىيەتتە قوللىنىپ ئادەتلەنگەن ئىسمى ئەلىشىر (بەزىلەر بۇ ئىسمنى ناۋائىي بالىلىقىدىلا چېچەن، ئاق كۆڭۈل ۋە جۈرئەتلىك، مۇرتەزا، يەنى تەگتۇشلىرى ئارىسىدا كۆزگە چېلىقارلىق بولغىنى ئۈچۈن، چىھارىيارلاردىن «ئاللاھنىڭ شىرى» دەپ تەۋسىپلەنگەن ھەزرىتى ئەلىگە تەشبىھ قىلىپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشىدۇ). سۇلتان ھۈسەيىن بايقىراغا ئون يىللاپ ئەمىر بولغىنى ئۈچۈن، ئەمىر ياكى مىر دېگەن نامنى قوشۇپ ئاتىغان. شۇڭا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەلىشىر ياكى (مىر) ئەلىشىر دەپ ئاتاش ئومۇملاشقان. تۈركىي ئىجادىيەتتە قوللانغان تەخەللۇسى ناۋائىي، پارسىي غەزەللىرىدە قوللانغان تەخەللۇسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فاني، تولۇق ئىسمى نىزامىددىن مىر ئەلىشىر ناۋائىي. ئائىلىۋى نەسەب جەھەتتىن «ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن» كىچىك باھادىر غىياسىددىن باخشىنىڭ تۇنجى ئوغلىدۇر.

بۇ مەشھۇر زات — ناۋائىي، زەھىرىددىن بابۇرنىڭ ئېنىق يېزىشىغا ئاساسلانغاندا، ئۆز ئەسەرلىرىنى «ئەنجان تىلى» بىلەن يازغان؛ ئەنجان «ئېلى تۈركىدۇر، ئېلىنىڭ لەفزى قەلەم بىلەن راستىدۇر. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، مىر ئەلىشىرنىڭ مۇسەننىفاتى باۋۇجۇدكىم ھىرىدە نەشئۈنەما تاپىپدۇر، بۇ تىل بىلەدۇر». ئەنجاننىڭ شەرقى «كاشغەر»، «ئەنجان تىلى» بىلەن «كاشغەر تىلى» تۈركىي تىلىنىڭ شەرقىي گۇرۇپپىسىنىڭ (تىلشۇناسلىقتا تۈركولوگلار ئادەتلەنگەن نام بويىچە ئۇيغۇر - قارلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ) ئېمىلداش شۆبىلىرىدۇر.

دېمەك، «ئۇيغۇر ئەسلىلىك» نىزامىددىن ئەلىشىر ناۋائىي XV ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساس بولغان «تۈركىي تىل» سەنئەتكارىدۇر. ناۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ تىلى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

1996 - يىل 9 - فېۋرال

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە تەسنىپ»، فېڭ جياشېڭلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم، 1958 - يىل.

2. «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ليۇيىتاڭ. جېڭجۇڭ شۇجۈي نەشرى، تەيبېي، مەزكۇر كىتابنىڭ نەقلى بويىچە، ليۇچى (يۈەن دەۋرىدە ياشىغان) تۈزگەن «قەدەم جايغا قايتىش تەزكىراتى» نىڭ 13 - جىلدىگە قوشۇمچە قىلىنغان ئۇغۇر سۇن جۇڭدۇەننىڭ «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى».

3. «ناۋائىي زامانداشلىرى خاتىرىسىدە»، تۈزگۈچى ب. ئەخمېدوۋ، غەفۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى، تاشكەنت، 1986 - يىل.

4. «بابۇرنامە»، «يۇلدۇزچە» نەشرى، تاشكەنت، 1989 - يىل.

5. «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» ن. م. مەللايېۋ. ئوقۇۋپېدەۋ نەشرى، تاشكەنت، 1953 ـ يىل.

6. ئا. ن . كوروپاتكىن: «قەشقەرىيە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان.

7. «جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى» 6 ـ دەپتەر (1982) ، 7 ـ دەپتەر (1975) ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، جۇڭگو خەرىتەشۇناسلىق نەشرىياتى نەشر قىلغان.

8. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن (رۇسچە) ئالمۇتا «غىلىم» نەشرى، 1991 ـ يىل.

9. ئەبۇلغازى: «شەجەرەئى تۈرك» ، تاشكەنت (ئۆزبېكچە) «چولپان» نەشرى، 1992 ـ يىل.

10. ئەلىشىر ناۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس» ، «مۇنشەئات» .

11. مىرزا ھەيدەر دوغلات: «تارىخى رەشىدى» (پارسچە) ، لوندون كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قولىيازما نۇسخىغا ئاساسەن، 2 ـ دەپتەر، 254 ـ بەت.

12. «قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركچىسى سۆزلۈكى» ئەخمەد جەفەر ئوغلۇ (تۈركچە) ، ئىستانبۇل، 1968 ـ يىل.

13. ياۋروپا تۈركولوگلىرىدىن ۋ. بانگ، ئا. فون، گاباين ، ف. ۋ. مۇللېر، ر. ر. ئاراتلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرگە دائىر تەتقىقات ئەسەرلىرى (1922ـ، 1930 ـ، 1932 ـ يىللىرى) بېرلىندە نەشر قىلىنغان.

14. زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخى، كىرىش» (تۈركچە) ، ئەنقەرە، 1979 ـ يىل.

15. م . فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» «ئۆتۈكىن» نەشرى، ئىستانبۇل، 1981 ـ يىل 3 ـ نەشرى.

16. ئەخمەد جەفەر ئوغلۇ: «تۈرك تىلى تارىخى» ئەندەرۇن نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1984 ـ يىل 3ـ نەشرى.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەسەن ماموت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكىسى توغرىسىدا تەتقىقات

## (مىلادىيە 848 ـ 1250 ـ يىللار)

## ھۇسەيىن كېرىم

ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى(مىـــلادىيە 744 ـ 848 ـ يىـــللار) يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى ئۈچكە بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بېشبالىق (جىمسار)، ئاگىنى (چالىش— قاراشەھەر)، قوجو (تۇرپان)، كۇسەن (كۇچا) قاتارلىـق رايونلارغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ جايلاردا بۇرۇن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ (تارىخىي مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىـچە، ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىشتىن بۇرۇن تىيانشان تېغىنىڭ شەرقىدىكـى رايونلار ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىـدە بولغان) قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان، قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە قۇمۇلغىچە، شىمال تەرىپى ئېرتىش دەرياسى، غەربىي شىمال تەرىپى بېشبالىقتىن ئىلى مىڭلاق ۋادىسىغىچە، غەربىي جەنۇب تەرىپى قاراشەھەردىن كۇچا ۋە ئاقسۇغىچە يېتىپ بارغان.

قوجو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ئولتۇراقلاشقان يېزا ئىگىلىك، شەھەر تۇرمۇشىغا ئۆزگەرگەن.

قوجو ئۇيغۇر خانلىقى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيىتى ئالمىشىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان بولغاچقا، ئۇ جاينىڭ مەدەنىيىتى ئەسلىـدىلا ناھايىتى تەرەققىي تاپقانىدى. خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئەسلىدىكى ئاساسىدا داۋاملىق راۋاجلاندى. چەت ئەللەرنىڭ ۋە ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى داۋاملىق قوبۇل

قىلىپ، خانلىقنىڭ ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيەت فورماتسىيىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، شۇ جايلاردىكى بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مىلادىيە IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ دىننى قوبۇل قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇددىزمنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە بۇددىزم سەنئىتىنىمۇ قوبۇل قىلغان.

مانى دىنى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا تارقالغان ئىككىنچى چوڭ دىن ئىدى. ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 3 - قاغانى بۆگۈ قاغان دەۋرىدە، يەنى مىلادىيە 763 - يىلى ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۇنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن. غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ مانى دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە مانى دىنى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەلۇم رول ئوينىغان.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، مانى يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى قوللانغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى خانلىقنىڭ ئاساسىي يېزىقى ئىدى.

ئۇيغۇرلار مۇزىكا چېلىشقا، ناخشا ئېيتىشقا ۋە ئۇسسۇل ئويناشقا ئەزەلدىنلا ھېرىسمەن ۋە ماھىر مىللەت بولۇپ، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا شامان ۋە مانى دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن①.

قوچۇ، كۇسەن ۋە باشقا رايونلار قەدىمدىن تارتىپ ناخشا - ئۇسسۇل تەرەققىي تاپقان جايلار ئىدى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بۇ يەرلەرنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھەم خېشى كارىدورىدىكى خەنزۇ قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماي، جۇڭگو مۇزىكا تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدىغان مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگىچە سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان. بۇنىڭدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىش، بىلىم بېرىش ، ئېستېتىك ھۇزۇرلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك رولىنىڭ بارلىقىنى ئاشۇ چاغلاردىلا بىلىپ يەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ . قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى، شەكىل جەھەتتىن، ئوردا مۇزىكىسى، خەلق ناخشا مۇزىكىلىرى، خەلق ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى، بۇددا ۋە مانى دىنى مۇزىكىلىرى، تىياتىر مۇزىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇلاردىن تاشقىرى، يەنە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان تۈرى كۆپ، ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك، باي ۋە تەرەققىي قىلغان ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش فورماتسىيىسىدە شەھەر تۇرمۇشى، يېزا ئىگىلىك ئاساس قىلىنغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇللىرى ئاساسلىقى ئاشۇ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ئۆزىگە مەنبە ۋە مەزمۇن قىلغان. دېمەك، كىشىلەرنىڭ ياشاش شارائىتى ئۇلارنى قايسى خىل ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلسا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ شۇ كىشىلەر شۇغۇللانغان شۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ خىل ناخشا، مۇزىكا مانى ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ مۇھىتىدا يارىتىلغاچقا، ئۇنىڭغا مۇئەييەن دىنىي ئىدىيولوگىيىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ تامغىسى بېسىلغان.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى دەسلەپكى

تەتقىقاتىمنى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق ئېلىمىزنىڭ قوچو ئۇيغۇرلىرىغا ئائىت خاتىرىلەر ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات كىتابلىرىدىكى بايانلار ھەمدە ئېلان قىلىنغان ئارخېئولوگىيە يادىكارلىقلىرى، ئېلان قىلىنغان يازما مەدەنىي يادىكارلىقلار، شۇنداقلا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا ئائىت تام رەسىملىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

(1)

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قوچوشەھىرى بىلەن يازلىق پايتەختى بېشبالىق ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئىنتايىن راۋاجلانغان مەركەز ئىدى. كۇچا، قۇمۇل، رايونلىرى بولسا بۇ چاغدا يۇقىرىقى ئىككى شەھەردىن قالسىلا مۇزىكا تەرەققىياتى جەھەتتە 3 - ئورۇندا تۇراتتى. بۇ خانلىق تەۋەسىدە ئۇيغۇر مۇزىكىسىدىن باشقا، يەنە سوغدى مۇزىكىسىمۇ بار ئىدى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى، ئەمەلدار - ئاقسۆڭەكلىرى قوچو، بېشبالىق شەھەرلىرىدە ئوردا مۇزىكىسىنى يولغا قويغان. بۇئوردا مۇزىكىلىرى ئوردا چالغۇ ئەسۋابلىرى ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىپ، خانلىققا كەلگەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ئىشلىتىلگەن:

مىلادىيە 982 - يىلى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچىلىككە كەلگەن ۋاڭ يەندې «قوچوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە خانلىقنىڭ ئوردا مۇزىكىسى ھەققىدە خاتىرە يېزىپ قالدۇرغان. ۋاڭ يەندېنىڭ شۇ خاتىرىسىگە ئاساسەن، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇيغۇر خانىنىڭ بېشبالىق شەھىرىدە ئۇنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن ئوردا مۇراسىمى ۋە زىياپىتىدىكى مۇزىكا پائالىيىتى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«7 ـ كۈنى خان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەلچى ۋاڭ يەندې بىلەن كۆرۈشكەندە رەھمەت ئېيتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. شەرققە قاراپ تەزىم قىلىپ، سوۋغا قوبۇل قىلىپ رەھمەت ئېيتقان، سالامغا بەلگە بېرىلگەن، ياندا تۇرغانلار بىر خىل چالغۇ ئەسۋابنى رېتىملىق چېلىپ تۇرغان، خان تەزىم قىلغان. خانزادىلەر ۋە خاننىڭ ئايال جەمەتلىرىمۇ چىقىپ ئېھتىرام بىلدۈرگەن. سوۋغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، مۇزىكىلار چېلىنىپ، زىياپەت باشلانغان. تىياتىر، ئويۇن باشلىنىپ تاكى كەچ كىرگىچە داۋام قىلغان. ئەتىسى كۆلدە كېمە سەيلىسى ئۆتكۈزۈلگەن. كۆلنىڭ تۆت ئەتراپىدا پۇۋلىمە دۇمباق مۇزىكىلىرى چېلىنىپ تۇرغان. »②

ۋاڭ يەندې يەنە قوجۇ ئەتراپىدىكى مۇزىكا پائالىيەت ئىشلىرى ھەققىدە ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: ئۇيغۇر «. . . مۇزىكىلىرىدا ناربىت، غوڭقا كۆپ ئىشلىتىلىدىكەن . . . ئاياللىرى مايلىق بۆك كىيىدىكەن، ئۇنى سۇمۇجې دەپ ئاتايدىكەن. . . سەيلە ـ ساياھەتنى ياخشى كۆرىدىكەن، سەيلە ـ ساياھەتكە ماڭغۇچىلار چالغۇ ئەسۋابلىرىنى بىللە ئېلىپ ماڭىدىكەن، سەيلە ـ ساياھەت ئارىلىقلىرىدا بىر يەرگە يىغىلىپ، مۇزىكىلىرىنى چالىدىكەن. . . »③

ۋاڭ يەندېنىڭ يۇقىرىقى خاتىرىسىدىن، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدىغان مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىنغانلىقىنى، شۇنداقلا مۇزىكا مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ يېڭىچە قىياپەت بىلەن داۋاملىق راۋاجلانغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ۋاڭ يەندېنىڭ يۇقىرىقى خاتىرىسىدە «سۇمۇجې» ( 苏幕遮 ) دېگەن ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ. بىز بۇنىڭدىن قوجۇ ئۇيغۇرلىرىدا بۇ خىل مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق ئويۇننىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. ئەمما ۋاڭ يەندې بولسا بۇ بىر خىل مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق ئويۇننىڭ نامى — «سۇمۇجې» نى قوجۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بېشىغا كىيىدىغان «مايلىق بۆك» دەپ چۈشىنىپ، ئۆز خاتىرىسىگە خاتا يازغان.

ئېلىمىزنىڭ «كونا تاڭنامە. سەمەرقەند تەزكىرىسى» ، «سازەندىلەر

مەھكىمىسى ھەققىدە خاتىرە» ، خوۋى لىن يازغان «نوملار شەرھى» قاتارلىق قەدىمكى تارىخ كىتابلىرىدا مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق ئويۇن «سۇمۇجې» نىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىمۇ قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «سۇمۇجې» ئويۇنىنىڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكى، بۇ ئويۇننىڭ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىن بىرقانچە ئەسىر بۇرۇنلا كۇسەندە ھەر يىلىنىڭ 7- ئايلىرىدا ئوينىلىدىغانلىقى يېزىلغان. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، سۇمۇجې «ئەسلىدە غەربىي يۇرتتىكى مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ مىللىي بايراملىرىدا بىرلەشتۈرۈلۈپ چېلىنىدىغان ۋە ئوينىلىدىغان بىر خىل مۇزىكا ـ ئۇسسۇلى ئىدى، بۇ مىللىي بايرامدا كىشىلەر سۇ چېچىشىپ بەخت تىلىشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ‹غۇزلارنىڭ سوغ سۇ چېچىشىش ئويۇنى›، دەپمۇ ئاتىلاتتى» . شياڭ دا ئەپەندى «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە: «بۇ ئويۇن ئەسلىدە پارسلاردا (ياكى ئىرانلىقلاردا) پەيدا بولغان بولۇپ، ھىندىستان، كۇسەن قاتارلىق جايلارغا تارقالغاندىن كېيىن، ئاندىن چاڭئەنگە تارقىلىپ كىرگەن» دەپ يازغان. شۆ زۇڭجېڭ «تاڭ دەۋرىدىكى سۇغدىلارنىڭ شەرققە كۆچۈشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشى» ناملىق ئەسىرىدە: «سۇ چېچىشىش بايرىمى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلەتتى، بۇ ئەسلىدە پارسلارنىڭ بايرىمى ئىدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى فىروز تەختتە ئولتۇرغان (مىلادىيە459 ـ 483- يىللار) مەزگىلدە قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن، بەختكە يارىشا پادىشاھ بۇ دۆلەتنى قۇرغاقچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قالغان. شۇڭا ھەر قېتىم مۇشۇ كۈن يېتىپ كەلگەندە، سۇ چاچىدىغان بىر خىل ئويۇن پەيدا بولغان» دەپ يازدى. يەنە بەزى ئالىملار «سۇمۇجې ئاھاڭى پارسلاردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار پارسلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى ‹سۇمۇ› ئىلاھىغا تەزىيە بىلدۈرۈشتە ئوقۇيدىغان ماتەم كۈيى ئىدى» دەپ قارايدۇ. سۇمۇجې قوچو ئۇيغۇرلىرىغا كېيىنكى دەۋرلەردە كۇسەندىن تارقىلىپ كىرگەنمۇ ياكى چاڭئەندىن تارقىلىپ كىرگەنمۇ؟ بۇ تېخى نامەلۇم بىر ئىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدا تىياتىر ۋە تىياتىر مۇزىكىسى تەرەققىي قىلغان. ۋاڭ يەندې يەنە ئۆز خاتىرىسىدە ئۇيغۇر خانىنىڭ بېشبالىق شەھىرىدە ئۆزى ئۇچۇن ئۆتكۈزگەن زىياپىتىدە «مۇزىكىلار چېلىنىپ زىياپەت باشلانغان، تىياتىر ئويۇنى باشلىنىپ تاكى كەچ كىرگىچە داۋام قىلغان» لىقىنى يازغان. ئۇندىن باشقا، مىلادىيە VIII—IX ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئېپتىدائىي تىياتىر ئەسىرى «مايترى سىمىت» (مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى) نى پرتانراكشىت توخرى تىلىدىكى ئەجادىي نۇسخىسىغا ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، «مايترى سىمىت» بۇددىزمنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە مەنسۇپ ئەسەر بولۇپ، گېرمانىيىلىك تۈركولوگ ئا. فون. گاباىن خانىم «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ئەسىرىدە «مايترى سىمىت» نى «ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى دېيىش مۇمكىن» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھەمدە ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئېپتىدائىي شەكلى بولغان بۇ تىياتىرنىڭ نۇرغۇن پەردىلىرىگە مۇزىكا ئاھاڭلىرى قىستۇرۇلغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خان، ئەمەلدار، ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئاددىي پۇقرالارنىڭمۇ مۇزىكا ، ئۇسسۇلغا شۇنچە ھېرىسمەن، ئامراقلىقى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس. بۇنداق بولۇشى، ئۇلارمۇزىكىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي رولى ۋە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بارلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن؛ مۇزىكىنىڭ كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېرىدىغان ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، كىشىلەرنى بەختلىك گۈزەل ھايات ئۇچۇن كۈرەش قىلىشقا ئىلھام بېرىدىغان بىر خىل سەنئەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ۋە بىلگەن. گاباىن خانىم قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى خان، پۇقرالارنىڭ مۇزىكىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى توغرىسىدا: «ئۇيغۇرلاردا مەيلى ئاددىي پۇقرالار ياكى ئاقسۆڭەكلەر بولسۇن، ھەممىسىلا مۇزىكىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئۇنى ياقتۇرغان. مىلادىيە982 - يىلىلا ۋاڭ يەندې بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىغان»④ دەپ يازدى.

مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندىمۇ، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا مۇزىكا، ناخشا، ئۇسسۇل يەنىلا ۋاڭ يەندىي كۆرگەن ۋاقىتلارغا ئوخشاشلا داۋاملىق راۋاجلىنىپ بارغان. قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بېشبالىقتا يەنىلا خان ئوردىلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرى ئانسامبىلى بولغان، ھەتتا بۇچاغلاردا ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدە ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي سەنئەتكارلار بارلىققا كەلگەن.

مىلادىيە XIII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا كەلگەن ئەۋلىيا چيۇچۇجى ئەينى ۋاقىتتا بېشبالىق ئۇيغۇر خانىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئانسامبىلى بار ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. چالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى جۇڭجۇ (中州) لۇقلارئىدى (بۇيەردە ئېيتىلغان «جۇڭجۇلۇقلار» ئىچكى ئۆلكىدىكى خەنزۇلارنى كۆرسىتىدۇ). بۇنىڭدىن خەنزۇ مۇزىكانتلىرىنىڭ قوجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن مۇزىكا مەدەنىيىتى ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقىنى ۋە خەنزۇ مۇزىكىسىنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. تاۋجيۇچېڭ يازغان «ساياھەت خاتىرىسىنىڭ داۋامى» دا مۇنداق دېيىلگەن: جىن سۇلالىسى پادىشاھى شۇەنزۇڭنىڭ شىڭدىڭ 5-يىلى (مىلادىيە1221 - يىلى) جىن سۇلالىسىنىڭ دىپلوماتىيە ئەمەلدارى ۋۇگۇ سۇڭجۇڭدۇەن قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا كەلگەن. ئۇ بۇيەردە كۆرگەنلىرىنى مۇنداق يازىدۇ: «بۇ يەردىكى ئاياللار ئاق كىيىم كىيىۋالىدىكەن، يۈزىنى يېپىپ كۆزىنىلا ئوچۇق قويىدىكەن. بەزىدە مويسىپىتلارمۇ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىكەن. رەخت توقۇش، كىيىم تىكىش ئىشلىرىنى بولسا ئەرلەر قىلىدىكەن. ئۇلار ئىچىدىمۇ ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايدىغانلار بار ئىكەن.»⑤

قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكا - ئۇسسۇل مەدەنىيىتى لياۋ سۇلالىسى بىلەن سۇڭ سۇلالىسىگە تارقىلىپ تەسىر كۆرسەتكەن. خۇددى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ئوخشاش، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىمۇ، مۇزىكا - ئۇسسۇل ئۇيغۇر مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان ۋە راۋاجلانغان. گەنجۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇل مەدەنىيىتى ئاشۇ خانلىق دەۋرىدە ياسالغان بىر قىسىم دۇنخۇاڭ «مىڭئۆي» ئۆڭكۈرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تام رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. دۇنخۇاڭ مىڭئۆي ئۆڭكۈرلىرىدىكى بىر قىسىم تام رەسىملىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ئالاھىدىلىكلىرى ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىسۇالغان قىممەتلىك پىچاقلىرى، ئاياللارنىڭ بۇدۇر ۋە كۆپ ئۆرۈمە چاچلىرى، قوللىرىغا ئىلىۋالغان ھەر تۈرلۈك زىننەتلەنگەن تارىلىق چەكمە چالغۇ ئەسۋابلىرى، ئەرلەرنىڭ ئۇسسۇللىرى ۋە توي مۇراسىمى كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان⑥.

ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنخۇاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇلى ئۇيغۇر سودا ـ تىجارەت ئەلچىلىرى ئارقىلىق لياۋ سۇلالىسىدە تەسىر پەيداقىلغان، ھەتتا لياۋ سولالىسى پادىشاھىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىپ، ئوردا ئىچىدە ئىجرا قىلدۇرغان. «لياۋ سولالىسى تارىخى » 4 ـ جىلد «تەيزۇڭ ھەققىدە خاتىرە » نىڭ 2 ـ قىسىمدامۇنداق يېزىلغان:

لياۋ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، « ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنخۇاڭدىن بارغان ئىككى ئەلچىسىنى ئۆزىنىڭ مىللي ئۇسسۇلىنى ئويناپ بېرىشكە بۇيرۇغان. ھاراق ئىچىپ، زىياپەتتىكىلەرنىڭ كەيپىياتى راسا كۆتۈرۈلگەندە، پادىشاھ ھەر قايسى ئەلچىلەرنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ بىر ـ بىرلەپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشقا بۇيرۇپ، بىرلىكتە كۆڭۈل ئاچقان. »

بۇ ئىش لياۋ سۇلالىسىنىڭ خۇيتۇڭ 2 ـ يىلى 11 ـ ئايدا (مىلادىيە940 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى) بولغان.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا مۇزىكا ـ ئۇسسۇل مەدەنىيىتى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى بولغان. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى سودا، مەدەنىيەت ئەلچىلىرى ئارقىلىق شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگەتارقىلىپ ھەم تەسىر كۆرسىتىپ، شىمالىي سۇڭسۇلالىسى مۇزىكا مەدەنىيىتى تەرەققىياتىدا زور رول ئوينىغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭئوردا مۇراسىم ئۇسسۇلى—

«قوشۇن ئۇسسۇلى» نىڭ تەركىبىدە «ئوقيا بىلەن بۈركۈت ئېتىش ئۇيغۇر قوشۇنى» ئۇسسۇلىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالى. «سۇڭ تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىگە قارىغاندا، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوشۇن ئۇسسۇلىنىڭ قۇرۇلمىسى بالىلار ئۇسسۇل قوشۇنى، ئوغۇل - قىزلار ئۇسسۇل قوشۇنى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغا ن. قوشۇن ئۇسسۇلىنىڭ تەمىناتى پادىشاھلىق تەرىپىدىن بېرىلگەن. ئويۇن نومۇرلىرى ئوردىدا ئىجرا قىلىنغان. ئۇلار ئاساسلىقى پادىشاھ جەمەتى، ئەمەلدار - ئاقسۆڭەكلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى . چوڭ تىپتىكى «قوشۇن ئۇسسۇلى» كۆپرەك پادىشاھ تەختكە ئولتۇرغاندا ياكى خۇشاللىق بايرام كۈنلەردە ھەم زىياپەت سورۇنلىرىدا سېرىك بىلەن قوشۇلۇپ خىلمۇ خىل ئويۇنلار سۈپىتىدە ئىجرا قىلىناتتى⑦. بۇنىڭدىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدا مۇزىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇسسۇل مۇزىكىسىنىڭمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## (2)

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئاساسلىق پايدىلىنىدىغان مەنبەلەردىن بىرى، يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك يازما مەدەنىي يادىكارلىقلارغا سىزىلغان ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئائىت رەسىملەر؛ يەنە بىرى، تام رەسىملىرى . قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭمۇزىكا مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇيغۇر خانزادە- ئاقسۆڭەك ئەرلەر ۋە خانىش - مەلىكىلەرنىڭ يازما يادىكارلىق فراگمېنتىدىكى رەسىملەر، تام رەسىملىرى قاتارلىقلار يېقىنقى يىللاردىن بېرى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ھەرخىل تىل - يېزىقلاردا يېزىلغان ئەسەرلىرىگە قىستۇرۇلۇپ ئېلان قىلىندى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى توغرىسىدىكى يادىكارلىقلار تۈركىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارىخشۇناسى باھائىددىن ئۆگەلنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلار «تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىش» (1978 - يىل، تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى نەشرىياتى، ئەنقەرە) نىڭ 1 -، 3 -، 5 - توملىرىدا ۋە شۇ ئەسەرنىڭ 1987 - يىلى نەشر قىلىنغان 9 - تومىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن قالسا گېرمانىيىلىك تۈركولوگ ئا. فون. گاباين يازغان «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» (1973 - يىل، ۋىسبادېن نەشرى)، ياپونىيە مۇزىكىشۇناسى خاياشى كېنزو (1899 ـ 1976) يازغان «شەرقىي ئاسىيا چالغۇئەسۋابلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» (1962 - يىل، بېيجىڭ، خەلق مۇزىكا نەشرىياتى)، ياپونىيە مۇزىكىشۇناسى كىشىتىبى شىگىئو يازغان «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇزىكا» (1988 - يىل، بېيجىڭ خەلق مۇزىكا نەشرىياتى) ۋە گېرمانىيىلىك ئالىم خەنس يوئاخىم كلىمايت يازغان «قەدىمكى مانى دىنى سەنئىتى» (1988 - يىل، گۇاڭجۇ نەشرىياتى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى تەتقىقات ئەسەرلىرىگە قىستۇرۇپ ئېلان قىلىنغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت مۇزىكا مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى قوچۇ، يارغول، كۇسەن قاتارلىق قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن تېپىلغان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئائىت بىر قىسىم مەدەنىي يادىكارلىقلار چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدە ئېلان قىلىنغانلىرىدىن باشقا، يەنە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تەرىپىدىن يېقىنقى يىللاردا يېڭىدىن قېزىۋېلىنىپ، شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقانلىرىمۇ بار. بۇ خىل مول، ئىنتايىن قىممەتلىك رەسىم يادىكارلىقلىرى تەسۋىرىدە، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىخچام ۋە ئىنتايىن جانلىق، رېئال ھالدا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىكى تەسۋىرىي كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىر قىسمى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەينى زاماندىكى ساياھەتچىلەرنىڭ خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى بىلەن ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. يازما يادىكارلىق فراگمېنتىدىكى رەسىملەر بولسۇن ياكى تام رەسىملىرى بولسۇن، بۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇر رەسسام،

خەتتات ۋە راھىبلار تەرىپىدىن سىزىلغانلىقىدا شەك يوق.

مىلادىيە X ئەسىرگە ئائىت قوچو ئۇيغۇر خان ئوردىسىغا سىزىلغان بىر تام رەسىمىدە ئۇيغۇر خان جەمەتى ياكى ئاقسۆڭەك ئوردا مۇزىكانتلىرىنىڭ ئوبرازى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. قوچو خان ئوردا خارابىسىدىكى بۇ تام رەسىمى ئەسلىدە گېرمانىيىلىكلەر تەرىپىدىن سويۇپ ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، كېيىن بېرلىندا 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاپىتىدە نابۇت بولۇپ كەتكەن. ھازىر ئۇنىڭ پەقەت تەقلىدىي نۇسخىسىلا ساقلىنىپ قالغان. رەسىمدە بەش نەپەر خانزادە - ئاقسۆڭەك مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ، باشلىرىغا ئۈچ ئاچا شەكلىدە تاج كىيگەن، ئۇستلىرىگە ئوردا سازەندىلىرى كىيىمى كىيگەن، ئالدىنقى ئىككى كىشىنىڭ بىرى باربىت، بىرى شوڭقار باشلىق ئارفا (غوڭغا — چىلتار، بەزىلەر سومرۇغ باشلىق ئارفا دەپ يازماقتا، بۇنداق دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس) چېلىۋاتقان، ئارقا قاتاردىكى ئۈچ كىشى شىڭ، نەي، بالمان چېلىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن.[8] (1-رەسىمگە قاراڭ) بۇ بەش نەپەر خانزادە - ئاقسۆڭەك ئوردا سازەندىلىرى تام رەسىمى گرۇنۋېدىلنىڭ «جوڭگو تۈرك قەدىمىي يېرىدىكى قەدىمكى زامان بۇددا ئىبادەتخانىسى» ناملىق ئەسىرىدە 466 - نومۇر بىلەن ئېلان قىلىنغان[9].

ئالىملار بۇ بەش نەپەر ئوردا سازەندىلىرى رەسىمىنىڭ شەكلىگە قاراپ: بۇلار بەئەينى بىر چالغۇ ئانسامبىلىنىڭ سەھنىدە مۇزىكا ئىجرا قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشىگە ئوخشايدۇ، ئېھتىمال، ئۇلار ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىپ مۇزىكا چېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، بۇ تام رەسىمى، ئۇنى تاماشا قىلغان ئادەمگە گوياكى شۇ سازەندىلەرنىڭ چېلىۋاتقان مۇزىكىسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بىر خىل ھەقىقىي تۇيغۇ بېرىدۇ، بۇ ئېھتىمال، ئۆز ۋاقتىدىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بىر خىل مۇزىكا ئانسامبىلىنىڭ شەكلى بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. گېرمانىيىلىك ئالىم لېكوك مىلادىيە 1905 - يىلى ئېلىپ بارغان 2 - قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشىدە، تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يارغولدىن مىلادىيە IX ئەسىرگە تەۋە يىپەك رەختكە سىزىلغان بىر كىچىك بالىنىڭ تارىلىق

چالغۇ ئەسۋابى چېلىنىۋاتقان قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە رەسىمنى تاپقان. ياپونىيىلىك مۇزىكىشۇناس خاياشى كېنزو بۇنىڭ قوبۇس (قوموز) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «رەسىم IX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىزىلغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇ، تاڭ سۇلالىسى ئىشغالىيىتى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلاردىن قالغان نەرسە بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل چالغۇ ئەسۋابىنى ئۇلار قوبۇز دەپ ئاتاپ كەلگەن.» خاياشى كېنزو يەنە: «خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ‹قوبۇز› تارلىق چالغۇ ئەسۋابى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان تۈرك تىلى. قوبۇز ئۇد تۈرىگە كىرىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. ئۇنى كەم دېگەندە مىلادىيە IX ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كەلگەن.» ⑩ (2 - رەسىمگە قارالسۇن) گېرمانىيىلىك گرونۋېدىل تۇرپاندىكى بىر بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسىدىن تەخمىنەن مىلادىيە IX — X ئەسىرلەرگە ئائىت «ئۇيغۇر ئاياللىرى چالغۇ ئانسامبىلى» نىڭ مۇزىكا ئىجرا قىلىۋاتقان قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن تام رەسىمنى سويۇۋالغان. ئۇنىڭدا ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ئايال سازەندە سىزىلغان بولۇپ، قارىغاندا بۇلارمۇ يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ئۇيغۇر ئايال ئوردا سازەندىلىرى بولۇشى مۇمكىن. تام رەسىمدە ئۇلارنىڭ بىرى جازىلىق دۇمباق، يەنە بىرى ئۇدار تاختىسى (چىكچاك)، ئۈچىنچىسى نەي چېلىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار بېشىغا ئاجايىپ ئۈنچە - مارجان تاقىغان بۆك كىيگەن، قۇلاقلىرىغا سىرغا ئاسقان، بېشىدىكى بۆكنىڭ ئالدى پېشانىسىگە «لەئلى قاش» تاقىغان؛ ئىمچا، ئۇزۇن كۆڭلەك، ئاياغ كىيىملىرى ناھايىتى گۈزەل، كۆركەم سىزىلغان؛ بەللىرىنى بەلۋاغدا باغلىۋالغان بولۇپ، پۆپۈك قاتارلىق ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرىنى بەللىرىگە ئاسقان؛ ئۇلارمۇ ئۇسسۇل ياكى ناخشىغا تەڭكەش قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، مۇزىكا ئىجرا قىلىش ھېسسىياتى ئىنتايىن لىرىكىلىق، ئېتىك ۋە جانلىق، چاققان. بۇ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى كەسپىي سازەندە ئاياللارنىڭ تام رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن بەدىئىي قىياپىتى (3 - رەسىمگە قاراڭ).

«ئۇيغۇر ئاياللىرى چالغۇ ئانسامبىلى» تام رەسىمى باھائىددىن ئۆگەلنىڭ «تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىش» ناملىق ئەسىرىدە ئېلان

قىلىنغان⑪.

قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربىي قوشۇنىدىمۇ چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئىشلىتىش يولغا قويۇلغان. مىلادىيە X ئەسىرگە ئائىت بىر تام رەسىمىدە ئۇيغۇر يېڭى «ھەربىي ئەمەلدارلار» نىڭ كەمىرىدە قىلىچ ۋە باشقا بۇيۇملار ئېسىلغاندىن سىرت، مىستىن ياسالغان بىر كىچىك كاناي ئېسىقلىق تۇرغان قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. بۇ تام رەسىمى باھائىددىن ئۆگەلنىڭ تارىخ كىتابىدا ئېلان قىلىنغان⑫ (4 - رەسىمگە قارالسۇن).

ئا. فون. گاباڭىن «قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» دېگەن كىتابىدا، قوجو ئۇيغۇر خانلىقى مۇزىكىسى ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان:

«مۇزىكا چېلىش تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىلەرنىڭلا ئىشى ئەمەس، ئوردا ئەزالىرىمۇ مۇزىكا چالغان. بۇ جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مۇزىكىنىڭ ناھايىتى ئومۇملاشقانلىقىغا ئوخشاش بىر ئىش.» گاباڭىن يۇقىرىقى ئەسىرىدە: «قوجو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى يەنە بىر تام رەسىمىدە بىركىشىنىڭ كۆپ تارىلىق چالغۇ ئەسۋابى چېلىپ، ناخشا ئېيتىۋاتقان يەنە بىر كىشىگە تەڭكەش قىلىپ بېرىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئىككى كىشى قەدىمكى پارس خانلىرىنىڭ تاجىسى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىرغاقسىز باش كىيىمىنى كىيگەن» دەيدۇ. يەنە بىر تام رەسىمىدە «خېلى بۇرۇنقى تۇركلەر دەۋرىدە بەزىلەر بەگ - ئاقسۆڭەكلەر ۋە خانىشلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئادەملەرنى ئىككى قولىنى ناھايىتى كەڭ يېيىپ بار كىيىمىنىڭ ئىچىگە تىقىپ تۇرغان قىلىپ تەسۋىرلىگەن. قوجو ئۇيغۇرلىرى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ بەزى ئاقسۆڭەكلەر، ناخشىچىلار، خانىشلارمۇ مانا مۇشۇ ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن». قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى «ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىدا، يېقىن شەرقتىكى تاماشىبىنلارنىڭ ئانسامبىللى ياكى ناخشا ئۈچۈن تەڭكەش قىلىپ چاۋاك چېلىپ بېرىدىغان ئادىتى بولمىغان. بۇنىڭدا ئۇيغۇرلاردا مېلودىيە رىتىمىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.»⑬ دېمەك، قوجو ئۇيغۇر سازەندىلىرى چالغۇلارنىڭ تەڭكەش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىنىشىغا، ئىجراچىلىق قائىدە - تەرتىپلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. چالغۇلار ناخشا - ئۇسسۇللارغا تەڭكەش قىلىنىپ ئىجرا قىلىنىغاندا، سازەندىلەر قايسى چالغۇنى ئاساس قىلىش، يەنە قايسى چالغۇلار بىلەن قايىسىلىرىنى ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىجراچىلىق تېخنىكىسىنى بىلگەن. شۇڭا بىر قانچە ماسلىشىدىغان چالغۇلارنى بىر چالغۇ ئانسامبىلى قىلىپ تەشكىللىگەن، بۇ ئارقىلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ مۇزىكا ئىجراچىلىقىدىكى ئۈنۈمى، ئاۋاز تېمبىرى (ئاۋاز تۈسى)، مۇزىكا ئۇدار - رېتىملىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مۇزىكىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېرىش ۋە ئىجراچىلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتەك مۇزىكا نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى پىششىق ئىگىلىگەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە بۇددا دىنى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. روشەنكى، مۇزىكا ئىدېئولوگىيىگە تەئەللۇق بىر خىل سەنئەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەككە - يېگانە تۇرۇشى، تەسىرگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بەزىبىر سەيلە - ساياھەت، يىغىلىش پائالىيەتلىرىدە بۇددا دىنىنىڭ خۇراپاتلىق ئامىللىرى ئارىلاشقان. بۇ توغرىدا گابائىن مۇنداق يازىدۇ:

«قوچۇ ئۇيغۇرلىرى مىللىي بايرام كۈنلىرى، يەنى 3 - ئاينىڭ 15-كۈنى، ئۇيغۇر دىيانەتلىك ئەر - ئاياللار ئىبادەتخانىلارغا يىغىلىشاتتى، ئۇ يەردە تۆۋە - ئىستىغپار ئېيتىشاتتى، سەدىقە ئاتاپ، رەھمەتلىك تۇغقانلىرى ئۈچۈن مۇسىبەت قىلىشاتتى، ئاخشاملىرى خاسىيەتلىك ھەم تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىشاتتى ياكى يېقىملىق ناخشا توۋلىشاتتى.»⑭

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئوردىسىغا مېھمان چاقىرىلغاندا، كۆپىنچە بۇددا راھىبلىرى قاتناشتۇرۇلاتتى ۋە مېھمانلارنى ئىبادەتخانىغا ئاپىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇراتتى. باھار كېلىپ گۈل - گىياھلار ئېچىلغان ۋە كۈن ئىسسىغان چاغلاردا، ئاھالىلەر سەپ تارتىپ ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ سەيلە قىلاتتى ھەمدە يول بويى مۇزىكا چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى، بۇددىزىم تۈسىنى ئالغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باراتتى. بۇددا دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى

بايراملىرى — بەش يىللىق يىغىلىش، سوغۇق تىلەش بايرىمى قاتارلىقلار ئامما ناھايىتى چوڭ بىلىدىغان بايراملاردىن ئىدى⑮.

بۇددا دىنىنىڭ تام رەسىملىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇلنى زىچ بىرلەشتۇرگەنلىكى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، بېزەكلىك مىڭئۆيى ئۈچىنچى ئۆڭكۈردىكى «ئايال سازەندىلەر رەسىمى» دە مۇزىكا ئۇستازلىرى غوڭقا، رۇەنچىڭ، تىزما نەي، يەككە نەي قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىۋاتقانلىقى، ئۇسسۇلچىلار بولسا مۇزىكا ئانسامبىلىنىڭ تەڭكەشلىكى ئاستىدا بۇددا ئۈچۈن ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭدا گەرچە بۇددا دىنىنىڭ مەزمۇنلىرى ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى مەدەنىيىتىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت⑯.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بەزى تام رەسىملىرىدە «جەننەتتە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشمۇ دائىم ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەردىكى ئۇسسۇل كۆسەندە ئوينىلىدىغان ئۇنداق تېز ئايلىنىدىغان ئۇسسۇل بولماستىن، بەلكى بەدىئىي سەنئەت سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئۇسسۇل بولۇپ، ئويۇنچىلار ئۇچىسىغا شال - روماللار ئارتىپ ئوينايدىغان سىمۋول خاراكتېرلىك ئۇسسۇلدۇر.»⑰

بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 9 - ئۆڭكۈردىكى «ئۇسسۇل كىچىك رەسىمى» دەپ ئاتالغان تام رەسىمدە شۇ زاماندا ئوينىلىدىغان بىر خىل ئۇسسۇل ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ رەسىم گرونۋېدېلنىڭ «1902 ـ 1903- يىللىرى قوچو قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات دوكلاتى» دا ئېلان قىلىنغان (5 - رەسىمگە قاراڭ).

«مىلادىيە 1253 - يىلى فرانسۇز مىسسىئونېر ۋىليام رۇبرۇك رىم پاپىسى بىلەن فرانسىيە كارولىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن دىن تارقىتىش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەن. ئۇ، ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىر تۈرى بولغان قوڭغۇراقنى ئىبادەت مۇراسىملىرىدا ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. ئۇنىڭ دېگىنىگە قارىغاندا، بۇ بۇتپەرەسلەرگويا مەخسۇس بىر مەزھەپ تەشكىل قىلغان. ئىبادەت

ۋاقتىدا بۇلار شىمالغا يۈزلىنىپ، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ ئولتۇرغان. پېشانىلىرىنى قوللىرىغا قويغان. ئۇلار ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ رەسىملىرىنى ئىبادەتخانىلارغا قويغان. ئىبادەت ۋاقتىدا قوڭغۇراق چالغان.»⑱

(3)

قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ خانلىق تەۋەسىدە بىر دەۋردە بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى بارلىققا كېلىش بىلەن بىللە، يەنە مانى دىنى مۇھىتىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتىمۇ بارلىققا كەلگەن.

مانى دىنىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇزىكىنى سۆيگەن ۋە ئېتىبار بىلەن ئىشلەتكەن، ھەتتا مانى دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل مىللىي بايرام ۋە مۇراسىملىرىدا، شۇنداقلا مانى دىنىي مۇراسىملىرىدىمۇ مۇزىكا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغان.

ئۇيغۇر مانى مۇخلىسلىرىنىڭ مۇراسىم پائالىيىتىدىكى ناخشا ـ مۇزىكا ئىجراچىلىقى توغرىسىدا يەھۇدىي ئالىم مارك ئاۋرېل ستېيىن (1862 ـ 1943) «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىدىقۇت شەھىرىگە يېقىن جايدا بىر تۇركۇم تام رەسىملىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن ئۇيغۇر ساخاۋەتچىلىرى سىزىلغان. ئۇلار مۇراسىم كىيىمى كىيگەن، بېشىغا ئېگىز تاج تاقىغان، ئاياللار گۈل تەقدىم قىلىۋاتقان، سازەندىلەر تەلمۈرگەن ھالدا مۇزىكا چېلىپ، ناخشا ئوقۇۋاتقان كۆرۈنۈش بولۇپ، مانى دىنى رەسىملىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. پارس سەنئىتى بىلەن جۇڭگو سەنئىتى بىۋاستە بىرلەشكەن. لېكىن ھىندى سەنئەتكارلىرى قاتناشتۇرۇلمىغان.»⑲

گېرمانىيە بونن ئۇنىۋېرسىتېتى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى خەنس يۇئاخىم كلىمكايتنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مۇزىكا

ئىبادەت مۇراسىملىرىدا بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسە بولۇپ، مىسىر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تېپىلغان نۇرغۇنلىغان قەسىدىلەر بۇنۇقتىنى چۈشەندۈرگەن. بۇ قەسىدىلەرنى ناخشىچىلار مۇزىكا سۈپىتىدە ئورۇندىغان ياكى مۇرىتلارگورۇپپا بولۇپ، خور قىلىپ ئېيتقان. تۇرپاندىن تېپىلغان مانى دىنىغا ئائىت رەسىمدە نۇرغۇنلىغان ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ قوللىرىدا چالغۇ ئەسۋابىنى قۇچاقلاپ تۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئىبادەت مۇراسىملىرىدا پۇۋلىمە ، تارىلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى تەڭكەش قىلىنىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. خەنس يۇئاخىم كلىمكايت: «مانىمۇ مۇزىكىنى ئىجتىھات بىلەن تەتقىق قىلغان. سان ئاۋغۇستىننىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇ ھەتتا ئىلاھنىڭ مەنبەسىمۇ مۇزىكىغا مەنسۇپ دېگەن» ⑳ دەپ يازىدۇ.

قوچو شەھىرى خارابىسىدىن ئارخېئولوگلار يىل دەۋرى مىلادىيە IX ئەسىرگە تەئەللۇق دەپ بېكىتكەن بىر پارچە «مۇزىكا ئۇستازى رەسىمى فراگمېنتى» نى تاپتى، بۇ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە ئەڭ مۇھىم مانى دىنى يادىكارلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بىر پارچە مەدھىيەنامىدىكى قىستۇرما رەسىم بولۇپ، بۇ رەسىمدە بىر ئۇيغۇر مۇزىكا ئۇستازىنىڭ بىر پارچە نەقىشلەنگەن كىچىك گىلەم ئۈستىدە ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئالدىدا خور ياكى مۇزىكا ئانسامبىلىنىڭ دىرىژورى بار بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىل گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقى سۈرەتلەنگەن㉑ (6 ـ رەسىمگە قاراڭ) . بۇ رەسىم فراگمېنتى لېكوك يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئاخىرقى دەۋرىدىكى بۇددا يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئېلان قىلىنغان. خەنزۇچە يېزىلغان بىر پارچە مەدھىيەنامىدە، مەدھىيە شېئىرى ئوقۇلغاندا ئىشلىتىلىدىغان «ئاھاڭ» ئىزاھلانغان. مانى دىنىدىكى بۇ خىل مۇزىكا ھەۋەسكارلىقى دەل ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مۇزىكا ھەۋەسكارلىقى بىلەن بىردەك بولغان. ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تۇرپاندىن تېپىلغان ئىران يېزىقىدىكى مانى دىنى قوليازمىسىنىڭ (M4 VII) سول ئىستونىنىڭ 5 ـ، 10 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇرلىرىدا «مانى ناخشىسى» يېزىلغان. بۇ ناخشا مانىنىڭ «بەختلىك هايات» دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان، ئەسلى سۇرىيە تىلىدا يېزىلغان. خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى مۇنداق:

«مەن بىر كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ئاڭلىغۇچىمەن،
(مۇخلىس پاتىيا تىلىدا bJYrW'r دېيىلگەن)
تۇغۇلدۇممەن بابىلۇن ئاتالغان شۇ زېمىندىن،
تۇغۇلدۇممەن بابىلۇن ئاتالغان شۇ زېمىندىن.
تۇرغان جايىمدۇر ھەقىقەت بوسۇغىسى،
مەن بىر ناخشىچى ھەم ئاڭلىغۇچى.
كەلگەن يېرىم بابىلۇن ئاتالغان ئۇل زېمىندىن،
كەلدىممەن بابىلون ئاتالغان ئۇل زېمىندىن،
ئاڭلا چەكسىز بۇ جاھان، نەرىلەرنى مېنىڭدىن.»㉒

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 52 - ئۆڭكۈرىگە سىزىلغان «مانى دىنى ئۇسسۇل مۇزىكىسى رەسىمى» ناملىق بىر تام رەسىمى بولۇپ، بۇنىڭدا قالپاق كىيگەن بىر كىشى نەي چېلىپ، پۇتىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزىلارلىق بىر كۆرۈنۈش بار. بۇ مانى دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر مۇزىكا - ئۇسسۇلىنىڭ يەنە بىر جانلىق تەسۋىرىدۇر. بۇ تام رەسىمنى گرۇنۋېدېل «كۇچا» ناملىق ئەسىرىنىڭ 971 - بېتىدە 27 - رەسىم نامى بىلەن ئېلان قىلغان (7 - رەسىمگە قاراڭسۇن).

تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنى1980 - يىل 10- ئايدىن 1981 - يىل 7 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا، تۇرپان مۇرتۇقنىڭ غەربىدىكى بېزەكلىك مىڭئۆيىدىن 12 يېڭى ئۆڭكۈر تاپقان. بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر «مانى دىنى نومىدىكى قىستۇرما رەسىم» بولۇپ، بۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككى ئايال سازەندىنىڭ رەڭلىك رەسىمى سىزىلغان. رەسىمنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا مانى دىنى نومىنىڭ ماۋزۇسى سوغدى يېزىقىدا ئالتۇن رەڭلىك ھەل بىلەن پۈتۈلگەن. ماۋزۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە نىلۇپەرگە دەسسەپ تۇرغان ئىككى ئايال سازەندىنىڭ بىرى

شىڭ دېگەن چالغۇ ئەسۋابىنى، يەنە بىرى تىزما نەي چېلىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ يازما يادىكارلىق ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەۋە دەپ قارىلىپ، يىل دەۋرى مىلادىيە X ئەسىر دەپ بېكىتىلدى. بۇ يازما يادىكارلىق مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى سوغدىلارغا خاس يازما ۋە مۇزىكا يادىكارلىقى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولغاندا، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا سوغدىلارنىڭ ياشىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدە يېڭىچە بىر ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. بۇ يازما يادىكارلىق تۇرپان مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ (8 - رەسىمگە قارالسۇن).

ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم د. ئى. تىخونوۋ مىلادىيە XI ئەسىردە ياشىغان غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ پارس تارىخچىسى ئەبۇسەئىد ئابدۇلھەيي بىننى زەھھاك گەردىزىنىڭ 1050 - يىلى پارس تىلىدا يازغان «زەينۇل ئەخبار» (خەۋەرلەرنىڭ زىننىتى) ناملىق تارىخ ئەسىرىدىن بىر نەقىل ئالغان. ئۇنىڭدا گەردىزى: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ھەر كۈنى ئۈچ - تۆت يۈز كىشى خان ئوردىسى ئەتراپىغا يىغىلىپ مانى دىنى كىتابلىرىدىن قىرائەت قىلىدۇ»㉓ دەپ يازغان. بۇ خاتىرىدىكى «قىرائەت» مانى دىنى كىتابىنى ئوقۇيدىغان چاغدا مۇخلىسلار تەرىپىدىن مەخسۇس بىر خىل ئىنتوناتسىيىنى ئاساس قىلىپ قائىدە بىلەن ئوقۇلىدىغان مۇزىكا مېلودىيىسىنى كۆرسىتىدۇ.

مانى دىنىنىڭ دۇنيا ۋە ھاياتقا بولغان قاراشلىرى مىلادىيە 267 - يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا مانى دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن تارتىپ تاكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن ئىبارەت ئۇزاق بىر تارىخىي باسقۇچلاردا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ناخشا - مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل سەنئەتلىرىدىمۇ ئەكس ئەتكەن، بولۇپمۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانى دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بارغانسېرى بېيىپ بارغان. مانى دىنى مۇھىتىدا يېتىشكەن ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە مۇزىكا ئۇستازلىرى، ناخشا-

ئۇسسۇل ساھەسىدىكى سەنئەتكارلار ئۆزلىرىنىڭ مول ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات، مۇزىكا ـ ئۇسسۇل قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بىز يەنە يۇقىرىقى مانى دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قىممەتلىك يازما خاتىرىلىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما يادىكارلىقلاردىن مۇزىكىنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى ۋە خىزمىتىنى ئوچۇق كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مانى دىنىنىڭ مۇزىكىغا سىڭدۇرگەن ئىدېئولوگىيە تەسىرىنىمۇ بايقايمىز. مەيلى شامان دىنى، بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز مۇراسىملىرىدا مۇزىكىدىن ئايرىلمىغان. مۇزىكىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز رولى ۋە ئۈنۈمىدىن ئاشۇ دىنلارنىڭ ئىجادچىلىرى، دىندار راھىبلىرى، مۇخلىسلىرى ھەمدە ھۆكۈمرانلارمۇ ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ پايدىلانغان.

گېرمانىيىلىك شائىر، دراماتورگ ۋە مۇزىكا مۇتەخەسسىسى يوھان ۋولفگاڭ فون گىيوتې (1749 ـ 1832) ئۆزىنىڭ «گىيوتې سۆھبەت خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «... دىنىي مۇراسىملار مۇزىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. مۇزىكا كىشىنى ھەيران قالدۇرۇشتا مۇھىم ۋاسىتىدۇر»㉔ دەپ يازىدۇ.

## (4)

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر تەركىبىي قىسمى ئۇيغۇر ناخشا، قوشاقلىرىنىڭ شېئىرىي تېكىستلىرى بولۇپ، يازما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شېئىر، قوشاقلار خەلق ناخشىلىرىنى مەزمۇن، شەكىل، ۋەزن، رىتىم، شۇنداقلا ژانىرلار بىلەن تەمىنلىگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار شېئىرنى «تاقشۇت» ياكى «شلوك» دەپ، قوشاقنى بولسا

«قوشۇغ» دەپ ئاتىغان. مۇنداق ناخشا، قوشاقلارنىڭ شېئىر تېكىستلىرى (ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ناخشا، قوشاقلار) چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن تېپىلغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ تەرەپلىرىدىن ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى تۇرپان رايونلىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ھەرخىل مەزمۇندىكى (دىنىي مەزمۇندىكى ۋە غەيرىي دىنىي مەزمۇندىكى) يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپلەپ تېپىلىشى بىلەن، دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە قەدىمكى يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش دولقۇنى شەكىللەندى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنى بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر (توخرى، خەنزۇ، سانسكرىت، ۋە تۈبۈت تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان دىنىي ۋەز-نەسىھەتلەر، دىنىي قانۇن قاتارلىقلار) تەشكىل قىلغان، ئازراق بىر قىسمىنى مانى دىنى قاتارلىق ھەرخىل مەزمۇندىكى ئەسەرلەر تەشكىل قىلغان. بۇلاردىن باشقا، يەنە مەدەنىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە ئائىت ئەسەرلەرمۇ بار ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ يازما يادىكارلىقلار ئاساسەن ئەدەبىي ئەسەرلەر بولۇپ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دىنىي ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىمۇ يۈزلەنگەن. غەيرىي دىنىي ئەدەبىياتتا بىلىم، پەند - نەسىھەت، مۇھەببەت قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەدەبىي يادىكارلىقلار تەركىبىدە بىزگە ئەڭ مۇھىم بولغان يادىكارلىقلاردىن بىرى، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا، قوشاق شېئىرىي تېكىستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە خەلق تەرىپىدىن كوللېكتىپ ئىجاد قىلىنغان يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت. يەنە بىر قىسمى بولسا باشقا تىللاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن شېئىر، ناخشا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوشاق تېكىستلىرى تۈركولوگ ئالىملار، ئەدەبىيات تارىخشۇناسلىرىنىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىق ئاپرىنچۇرتېكىن، پراتيا شىرى، ئاسىغ تۇتۇڭ، چىسۇياتۇتۇڭ، ئاتساك، قالىم قايشى، كۆل تارخان، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، كى - كى قاتارلىق شائىرلارنىڭ نامى بىلەن باغلانغان بىر تۈركۈم شېئىرلار ئېنىقلانغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنى 1908 - يىلى گېرمانىيىلىك ئالىم ف. ۋ. ك. مۇللېر «ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى» دېگەن نام بىلەن 1 - تومىنى ئېلان قىلغان. ئۇ بۇ كىتابىنىڭ 2 - تومىنى 1910 - يىلى، 3 - تومىنى 1922 - يىلى ئېلان قىلغان. 4- تومىنى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئا. فون. گاباتىن نەشر قىلدۇرغان. گېرمانىيىلىك ئالىم لېكوك ئۈچ توملۇق «قوچو يەر ئاستىدىن تېپىلغان تۈركىي تىلدىكى مانى دىنى يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىنى (1 - تومىنى 1911 - يىلى، 2 - تومىنى 1919 - يىلى، 3- تومىنى 1922 - يىلى) ئېلان قىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيىلىك تۈركولوگ ۋ. بانگ ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى گاباتىن ئىككىسى بېرلىنتە 1929 - 1934 - يىللىرى ئالتە توملۇق «تۈركىي تىلدا يېزىلغان تۇرپان تېكىستلىرى» نى ئېلان قىلغان (رەشىت رەھمەتى ئارات بۇنىڭ 6- تومىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشقان). تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەھمەتى ئارات 1937 - يىلى «تۈركىي تىلدا يېزىلغان تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ 10 - تومىنى ئېلان قىلغان. شۇندىن باشلاپ، چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار گېرمانىيىدە چىقىدىغان «ئۇيگۇربكا» ۋە «تۇرپان تېكىستلىرى»، «مانىخايىكا» ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «قەدىمكى تۈرك يېزىقى يادىكارلىقلىرى» ناملىق توپلاملاردا ئېلان قىلىنغان.

ناخشا، قوشاق تېكىستلىرى ئاساسەن بۇددا، مانى دىنى ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان. چۈنكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت بۇ دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى

مۇمكىن ئەمەس، ئەمما دىنىي مەزمۇندىكى مۇنداق شېئىر، ناخشا، قوشاقلاردا يەنىلا رېئال تۇرمۇش ئېلېمېنتلىرىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ شېئىر، ناخشا، قوشاقلار ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلىپ، ئاياغ قاپىيە ۋە بوغۇم، تۇراقلىرى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. شېئىر، ناخشىلارنىڭ يېزىلغان دەۋرى، تۈرى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئالغاندا، ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قوچو ئۇيغۇر دەۋرى، شۇنداقلا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا شېئىرىي تېكىستلىرى، شېئىر قوشاق ئۇسلۇبى، مەزمۇنى، شەكلى، قاپىيە، ۋەزىن قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ناخشىلىرى توغرىسىدا ئىلمىي پىكىر ۋە قاراشلارنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. پىكىر پاكىتى سۈپىتىدە «دالا ناخشىسى»، «مەرسىيە» قاتارلىق ناخشىلاردىن تۆۋەندىكىلەر مىسال كەلتۈرۈلدى:

## (1) «دالا ناخشىسى»

شۇنداق ئورۇنلاردا
ئايقۇزۇ تۇرۇر قات - قات تاغدا
ئامىل ئاغلاق ئارا نىياتاندا
ئارتۇچ سۆگۈت ئالتىندا
ئاقار سۈۋۈلۈقتا .

ئامۇرانچىغىن ئۇچداچى قوشقىئالار
تىرىنلىك قوۋراغلىقتا
ئاتقاغىسىزىن مەنگى تەگىنگۈلۈگئول
ئانى تەگئورۇنلارتا㉕ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەشمىسى:

(قاتار كەتكەن قات - قات تاغدا،
تىنىچ راھەت ئارانياتاندا ※
ئارىغاي، ئارچا ئالدىدا،
شارقىراپ ئاققان سۇ بويىدا،

شاتلىقتا ئۇچقۇچى قۇشلار
يىغىلىدىغان قورۇقلۇقتا،
غەم - ئەندىشىسىز (كىشىنى) شاتلاندۇرىدىغان
شۇنداق ئورۇنلاردا.)

(2) مەرسىيە

نەئادائەردى ئاتايىم
كوركلەكىئە ئۆگۈكۈم
ئۆلمەك ئەمگەك نەچۈكىن
ئۆگرە كەلىپ ئەتتۈردى. ㉖

يەشمىسى:

ئوغلۇم بۇ نىمە بالا؟
چىرايلىقىنا قوزام.
نىمە ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ زۇلۇمى
ئالدى بىلەن ساڭا كەلدى؟!

(ئەسكەرتىش: بۇ شېئىردىن بىر كۇبلېت بېرىلدى. گېلىڭ شىمىنىنىڭ يېزىشىچە، بۇ شېئىر مىلادىيە X ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئالىمى

※ ئارانياتان — سانسكرىت تىلىدا ئورمان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سىگۇسەلى تەرىپىدىن يېزىلغان).

## (3) تۇغقانلارنى سېغىنىش

قارلار بولىت ئۆرلەپ كۆكسىرەپ،
قارمۇ يامغۇر ئول ياغرۇر.
قارى ياشلىغ ئول ئانام،
قايغۇ تامۇ ياشىن ئاقىدۇر.

يازقى بولىت ياشلار كۆكۈرەر،
يامغۇرلارمۇ ئول ياغىدۇر.
ياش كىچىگ ئالغانلىرىم
ياشلاردىنمۇ ئاقىدۇ㉗.

بۇ ناخشىنى 1933 - يىلى ئامېرىكىنىڭ «بۈيۈك ئاسىيا قىتئەسى» ژۇرنىلىدا گېرمانىيىلىك ئالىم بانگ بىلەن تۈركىيىلىك ئالىم رەشىد رەھمىتى ئارات بىرلىكتە «قەدىمكى تۇرپان تېكىستلىرى» نامىدا ئېلان قىلغان.

## (5)

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى شامان دىنىدىكى ئۇيغۇر كەسپىي باخشىلىق سەنئىتىدىن ئىبارەت. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇخىل شامان كەسپىي باخشىلىق مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى تارىخى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق قەبىلە دەۋرلىرىدە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن بىرگە باشلانغان.

ئۇيغۇرلار مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋر ئۇرقۇن ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

خانلىقىدىن خېلى ئىلگىرىكى دەۋرلەر ۋە ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مىلادىيە763- يىلى مانى دىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىنغانغا قەدەر شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. VIII ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن ئېتىبارەن، شامان دىنىنىڭ ئورنىنى مانى دىنى ئىگىلىدى.

ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شامان كەسپىي باخشىلىرى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. خانلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ۋە شامان كەسپىي باخشىلىرى توغرىسىدا «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرە قالدۇرۇلغان. فرانسىيىلىك پ. پېللىئوت 1913 - يىلى «ئاسىيا قىتئەسى گېزىتى» نىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئېلان قىلغان «شامان ھەققىدە تەتقىقات » دېگەن ئەسىرىدە: «ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايىتىدىكى ئەجدادى بۆگۈ قاغاننىڭ ئىسمىدىكى ‹بۆگۈ› قەدىمكى تۈركىي تىلدا شامان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ يازغان. (بۇ يەردىكى رىۋايەت «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ مەڭگۈ تېشى» دا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئەپسانىنى كۆرسىتىدۇ) . شامان دىنى كەسپىي باخشىلىرى ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە «قام» دەپ ئاتالغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە « قام ئەرۋەش ئەرۋەدى» (باخشى ئەپسۇن-ئەرۋەش ئوقۇدى) دەپ يېزىلغان. دوسسون «موڭغۇل تارىخى» ناملىق كىتابىدا، ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شامان كەسپىي باخشىلىرى ھەققىدە: « ئۇيغۇرلار ئاسىيانىڭ شىمالىدىكى قەبىلىلەرگە ئوخشاش، بۇرۇن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. ئۇلار مۇشۇ دىندىكى باخشىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى ‹قامانلار› دەپ ئاتىغان» دەپ يازغان㉘.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بۇددا ۋە مانى دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بۇخىل دۇنياۋى دىنلار شامان دىنىنى سىقىپ چىقارغان. ئەمما ئۇنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتمىغان. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىمۇ شامان دىنى ۋە

ئۇنى باشقۇرغۇچى شامان كەسپىي باخشىلىرى بولغان. شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، چەت ئەل تۈركولوگلىرى تەرىپىدىن «تۇرپان تېكىستلىرى» نامى بىلەن ئاتالغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر شامان كەسپىي باخشىلىرىنى «قام» دەپ ئاتاش ئىستېمالدىن قالغان، ئەمما XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگوغا كەلگەن فرانسىيىلىك مىسسىئونېر رۇبرۇك يازغان «پلانوكارپىن ۋە رۇبرۇكنىڭ شەرقتىكى ئەللەرگە ساياھىتى» ناملىق كىتابىدا، ئۇيغۇر شامان كەسپىي باخشىلىرىنى «خام» (قام) دەپ ئاتىغان، (يۇقىرىقى ئەسەر، 170 ـ 173 ـ بەتلەر). تەتقىقاتلاردىن شۇ نەرسە ئايانكى، «باقشى » ئاتالغۇسى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە سانسكرىت تىلىدىكى قەدىمكى بۇددا ئاتالغۇسى «بىكشۇ» دىن ئۆزگەرتىلىپ قوبۇل قىلىنىپ، «باقشى» ياكى «باخشى» بولۇپ ئۆزلەشكەن. IX ـــ XII ئەسىرلەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازما يادىكارلىقلاردا «بىكشۇ» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى «بۇددا راھىبى»، «كاتىپ»، «ئۇستاز» دېگەن مەنىلەردىمۇ قوللانغان. لېكىن بۇ ئاتالغۇ «باقشى» ياكى «باخشى» دەپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، «جىن-ئالۋاستىلار»نى ئەپسۇن، ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل بىلەن ھەيدەيدىغان «شامان پەرىخان» (پېرىخون) لىرىنى بىلدۈرگەن. قەدىمكى سانسكرىت تىلىدىكى «بىكشۇ» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەسلى «قەلەندەر» ياكى «دىۋانە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، ئەينى زامانلاردىكى بۇددا مۇخلىسلىرى ئاساسەن تەركىدۇنياچىلار بولۇپ، ئۇلار دۇنيانىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرى، لەززەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، پەقەت كىشىلەرنىڭ بەرگەن سەدىقە، خەير ـ ئېھسانلىرىغا تايىنىپ ھايات كەچۈرگەن.

1970 ـ يىلى تۈركولوگ ل. يو. تۇگۇشېۋا مۇشۇ كۆنگچە ئىلىم دۇنياسىغا تېخى نامەلۇم بولغان بىر شېئىرىي پارچىنى ئېلان قىلغان. 31 مىسرالىق بۇ شېئىرىي پارچە چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يادىكارلىق بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىلغان شېئىرىيەت مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېئىرىي پارچىدىن تۆت مىسرا بېرىلدى. بۇنىڭدا قوچۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلىرىدا قوللىنىلىدىغان «باخشى» ئاتالغۇسى بار بولۇپ، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن پىكىرنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ.

بۇرخان ئاتلىغ // باخشى ـ قا
بۇدغىل ئارىغ // ئۆزۈڭگە
بۇساڭ قۇۋراغ // ئەردەنىڭە
بۇدۇمىن تۇتۇشۇ // ئىنانۇرمەن㉙.

يەشمىسى :

(بۇددا «بۇرخان» ئاتلىق ئۇستاز
پاك ۋۇدجۇدىغا ئۇنىڭ
قىممە جامائەتكە
بارلىق ۋۇجۇدۇم بىلەن ئىشىنىمەن.)

قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى «باقشى» — پەرىخان (پىرىخون) نىڭ ئەھۋالى ۋە باخشىلارنىڭ ناخشا ، مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى ھەققىدە، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغان چەت ئەل تارىخچىلىرى ۋە ھازىرقى زامان تەتقىقاتچى ئالىملار ئۆز ئەسىرىدە قىممەتلىك خاتىرىلەر قالدۇرغان. مەسىلەن: ۋ. ۋ. رادلوۋ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەسىلىگە دائىر» (سانكت پېتېربۇرگ 1893 ـ يىل نەشرى، 34 ـ 36 ـ بەتلەر) ناملىق ئەسىرىدە: «قەدىمكى زامانلاردا باخشىلار ئادەملەرنىڭ ھاياتىدا چوڭ رول ئوينىغان، XIII ئەسىردە جۇۋەينى ئۇيغۇرلارنىڭ باخشىلىرى توغرىسىدا مۇنداق يازغان: ‹ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇتپەرەسلىكىنىڭ سەۋەبى . . . ئۇلار جادۇگەرلىك ئىلمىنى بىلەتتى، بۇ سەنئەتنى بىلگەنلەرنى قاملار دەيتتى › » دەپ يازىدۇ. ئاتاقلىق تۈركولوگ پ . پېللىئوت ۋە گېك شىمىن قاتارلىقلار تەتقىق قىلىپ، ئەسلىدىكى قوليازمىسى يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (1279ــ 1386ـ يىل) دە شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان دەپ قارالغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دىمۇ شامان باخشىلىرى ھەققىدە خاتىرە، رىۋايەتلەر قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر قاغانى ئوغۇزخاننىڭ باخشىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش باشلىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ

«ئوغۇزنامە» ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 58-–61-بەتلەر) .

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدىن مەلۇمكى، شامان كەسپىي باخشىلىق دىنىي مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇيغۇرلار ئىچىدە شۇنچىلىك كەڭ تارالغانكى، كېيىن ئۇنىڭ ھېچقايسىسىنى خەلقنىڭ ئاڭ سېزىمىدىن تولۇق چىقىرىۋېتەلمىگەن، شامان دىنى ۋە شامان كەسپىي باخشىلىرى يېڭى شارائىتقا لايىقلىشىپ، كېيىنكى ھەممە دىنلار بىلەن ياندىشىپ قېلىنىۋەرگەن، دۇنياۋى دىنلار بولسا ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن شامان دىنى ۋە شامان كەسپىي باخشىلىق مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئاممىبابلىقىدىن پايدىلانغان. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلار ئىچىدە شامان كەسپىي بۇتپەرەس باخشىلار، شامان كەسپىي خرىستىئان باخشىلار، شامان كەسپىي مانى باخشىلىرى، شامان كەسپىي مۇسۇلمان باخشىلار پەيدا بولغان. رۇبرۇكنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابىنىڭ 170 ـ 173 ـ بەتلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھەتتا مىلادىيە XII ئەسىردە ئۇيغۇر شامان كەسپىي باخشىلىرى مۇڭغۇللارنىڭ مۆڭكې خانى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن⑳ .

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قوجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، دىن بىلەن مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆزئارا ئۆتۈشۈش، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، شەكىل ئالماشتۇرۇش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. بەلگىلىك شارائىت ئاستىدا، ئەينى چاغدىكى مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى شامان دىنىنى بېيىتقان، شۇنداقلا يەنە ئەينى چاغدىكى شامان دىنى ئۇيغۇر شامان كەسپىي باخشى مۇزىكا، ئۇسسۇلىنى قوزغىتىش، ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئويناپ، مەلۇم جەھەتتە ئۇنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولغان. بۇنىڭدىن يەنە شامان دىنى قوجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلغان شامان كەسپىي باخشىلىق مۇزىكا، ئۇسسۇلىنىڭ قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىدا ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر روللارنى ئوينىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

چۇنكى دىن بىلەن سەنئەت ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، دىنىي سەنئەت ئىجادىيىتىدە تەپەككۇر بىر خىل ئىلاھلاشتۇرۇش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. دىننىڭ سەنئەتكە بېلىنسكىي «دىرژابىننىڭ ئاقىل خاتالىق ئەسىرى» ئاتاقلىق رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىسى «سەنئەت ئەزەلدىن مۇستەقىل تەرەققىي قىلغان ئەمەس، ئۇنىڭ تەرەققىياتى كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا دېگەن كىتابىدا: باشقا ئىدېئولوگىيە ساھەلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ گۈدەكلىك ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە سەنئەت، ئومۇمەن، ياكى كۆپ، ياكى ئاز بولسىمۇ دىنىي ئىدىيىلەرنى ئىپادىلىگەن» دەپ يازغان.

(6)

قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قوجۇ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ مۇزىكا سىستېمىسى ۋە مۇزىكا نەزەرىيە ئاتالغۇلىرىدىن ئىبارەت. قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇزىكا سەنئىتى ئەمەلىيىتىدە ئۇنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆز مىللىي مۇزىكىسىنىڭ مۇزىكا سىستېمىسى، مۇزىكا نەزەرىيە ئاتالغۇلىرى ۋە مانى دىنى يېزىق نوتىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە قوللانغان. بەزىبىر مۇزىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات كىتابلىرىغا ئاساسلانغاندا، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى مىللىي مۇزىكىلىرى «جۇڭگو مۇزىكا سىستېمىسى»㉛ نى قوللانغان. جۇڭگو مۇزىكا سىستېمىسى «پېنتا تونىكا گامما سىستېمىسى» ( 五声音阶体系 ) دىن ئىبارەت.

ۋېنگرىيە مۇزىكشۇناسى بېنسىي سابۇلشى تۈركلەر، ئۆزبېكلەرنىڭ بۇرۇندىن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان مىللىي مۇزىكىسىدىكى «پېنتا تونىكا گامما سىستېمىسى» ئەرەب «مۇقام» سىستېمىسىنىڭ بۇ مىللەتلەرگە تارقىلىپ كىرىشى بىلەن سىقىپ چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى

«دىئاتونىك گامما سىستېمىسى» ( 自然七声音阶体系 ) ئالغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر مۇزىكىسىمۇ ئەرەب مۇقام مۇزىكىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن، ئۇلارنىڭ قەدىمكى مۇزىكىسىدا قوللىنىپ كەلگەن پېنتا تونىكا گامما سىستېمىسى ئاجىزلىشىپ ۋە يوقىلىپ، «دىئاتونىك گامما سىستېمىسى» غا ئۆزگىرىپ كەتكەن ㉜ لىكىنى يازغان.

ئېلىمىز مۇزىكىشۇناسى پروفېسسور دۇ ياشيۇڭ ئۇرقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولغان گەنسۇ ئۆلكىسىدە ياشاۋاتقان غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ناخشا ئاھاڭلىرى بىلەن ۋېنگرىيە مىللىي ناخشا، مۇزىكىلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ناخشىلىرى ۋە ۋېنگرلارنىڭ خەلق ناخشىلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» ناملىق ماقالىسى ۋە «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇزىكىسى» (بىرىنچى قىسىم، بېيجىڭ، 1986 - يىل نەشرى) ناملىق كىتابىدا نۇرغۇن قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشىلىرى بىلەن ۋېنگرلارنىڭ كۆپلىگەن خەلق ناخشىلىرىدا «پېنتاتونىكا گامما» ( 五声音阶 ) قوللىنىلغانلىقىنى، ۋېنگرلارنىڭ ناخشا قۇرۇلمىسى غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ناخشا قۇرۇلمىسى بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئىكەنلىكىنى، مۇزىكا مېلودىيىسىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ۋېنگر خەلق ناخشىلىرىنىڭ لادى (كۈي شەكلى) غەربىي سېرىق ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ لادى بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە: ھۇنلار مىلادىيە 19 - يىلى ئېلىمىزنىڭ شىمالىي يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ، غەربكە كۆچكەن، غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن ۋېنگرلارنىڭ خەلق ناخشىلىرىدىكى ئورتاقلىق ئەنە شۇ دەۋردە شەكىللەنگەن، غەربىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ناخشىلىرى ئەڭ قەدىمكى ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. دۇ ياشيۇڭ يەنە مىساللار ئارقىلىق سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ناخشىلىرىدىكى ئۇدار شەكلى، لاد، گامما، ئىنتوناتسىيىلەرنىڭ ھەممىسى ھۇنلار، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى بولغان دىڭلىڭ، قاڭقىل، تېلې ناخشىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن تۈغقانچىلىقى بار. . . قەدىمكى بۇ ئورتاقلىق يالغۇز غەربىي سىبرىق ئۇيغۇرلار ئۇچۇنلا ئەمەس، بەلكى خۇنلار، دىڭلىڭ، تېلې، تۈركلەر ۋە شۇنىڭدەك ئۇرقۇن ئۇيغۇر ناخشا، مۇزىكىلىرىغىمۇ ئورتاق، دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆزىنىڭ «جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر مۇزىكىسى» (بىرىنچى قىسىم) ناملىق كىتابىدا: «شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا، مۇزىكىلىرىدا كۆپىنچە جۇڭگو مۇزىكا سىستېمىسى قوللىنىلغان بولۇپ، سىبرىق ئۇيغۇرلار (ھازىرقى يۇغۇر مىللىتى) نىڭ غەربىي قىسىم خەلق ناخشىلىرى بىلەن بىر قىسىم ئورتاقلىققا ئىگە بولغان، شۇڭلاشقا بۇ رايونلاردىكى مىللىي مۇزىكىلار قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ تەركىبىنى تېخىمۇ كۆپ دەرىجىدە ساقلاپ قالغان» دەپ يازدى.

جۇڭگو مۇزىكا سىستېمىسى يالغۇز شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدا قوللىنىلىپلا قالماستىن، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى رايونى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى لوپنۇر رايونىدىمۇ قوللىنىلغان ھەم خەلق ناخشىلىرى ئىچىدە كۆپ سانىنى ئىگىللىگەن. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگو مۇزىكا سىستېمىسىنى قوللانغان مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كۋارتا( 四度 ) ۋە كۋىنتا( 五度 ) دىن ئىبارەت لاد گەۋدىسىنى قوللانغان بولۇپ، بۇ،يۇغۇر مىللىتىنىڭ غەربىي قىسىم رايونلىرىدىكى خەلق ناخشىلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. جۇڭگو مۇزىكا سىستېمىسىنى قوللانغان ئەسەرلەر ئىچىدە گۇڭ لادى ( 宫调式 ) نى قوللانغانلىرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، جىڭ ( 征 ) ، شاڭ ( 商 ) لاد شەكىللىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن.

خۇلاسىلىگەندە، ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مۇزىكا، خەلق ناخشىلىرىدا ئاساسلىقى جۇڭگو مۇزىكا سىستېمىسى قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ ئەنئەنە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان. چىڭ مىڭداۋنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، ئاسىيا مۇزىكا مەدەنىيىتىدە ماھايانا مەزھىپى بىلەن ھىنايانا مەزھىپىنىڭ مۇزىكا سىستېمىسىدا پەرقلەر بولۇپ، ماھايانا مۇزىكىسى «پېنتاتونىكاگاما» نى ئاساس قىلغان، ھىنايانا مۇزىكىسى

بولسا «تەكشى يەتتە تاۋۇشلۇق گامما» (平均七声音阶) نى ئاساس قىلغان㉝.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا، چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش جەھەتلەردە خاس ئاتالغۇلارنى ئىجاد قىلىپ قوللانغان، مەسىلەن، مۇزىكا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئويۇن» دەپ، مۇزىكانت (سازەندىلەر) «ئويۇنچــى» دەپ، چــالغــۇ ئــەسۋابلار «خاربداقى» (؟) دەپ ئاتالغان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە X ئەسىر) دە ياشىغان ئۇيغۇر تىل ئالىمى سىڭقۇ سەلى تەرىپىدىن قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» 7 - جىلدىدا مۇنداق يېزىلغان: «ئويۇنچى خاربداقى توققۇز باغ ئۆزەكى ئويۇنچىلار ئىكىدىن يۈرۈپ ئويۇن ئەتىزدىلەر.»

(چالغۇ ئەسۋابلىرى ئەترىتىدىكى توققۇز قىسىم مۇزىكانتلار ئىككى تەرەپتە ساز چېلىپ ماڭدى.)

ل. يۇ. تۇگۇشېۋا نەشرگە تەييارلاپ 1991 - يىلى موسكۋا «نائۇكا» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىــدىكــى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» 5 - جىلدىكى ئاتالغۇ لۇغىتىدە «ئويۇن» دېگەن ئاتالغۇنى «مۇزىكا» دەپ ئىزاھلىغان، يەنە شۇ لۇغەتتە مۇزىكا ئىجادىيىتى ۋە مۇزىكا ئەسىرىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىنى بىلدۈرىدىغان مۇزىكا كومپازىتسىيىسى «كۆغ» دەپ ئاتالغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ناخشا «يىر» (جىر) دەپ، چالغۇ ئەسۋابــى ئارفا«قوڭقائۇ» دەپ، دۇمباق «كۆۋرۈك» ياكى «كۆبرۈگە» دەپ ئاتالغان.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قەدىمكى كۇچا تىلى (توخار تىلى B) دىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «چاستانى ئىلىگ بەگ ھېكايىسى» دە مۇنداق يېزىلغان:

«ئانچا يۈرىيۇ ئىراقتىن قوڭقىنىڭ ئۈنى، يىر ئۈنى ئىشىدىلتــى» (كېيىنچە ئۇزاقتىن قوڭقۇنىڭ ئاۋازى، يىر ئۈنى ئىشىدىلدى — ئارفا، ئۈنى ۋە نــاخشا ئــاۋازى ئاڭلاندى).

فرانسىيىلىك پ. پېللىئوت 1907—1908 - يىللىرى ئىلىمىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيدىن ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئىككى تېكىن ھېكايىسى» دا مۇنداق يېزىلغان:

«ماڭا ئەمتى بىر قوڭقائۇ تىلەپ كەلۈرۈڭ. ئەلگىم ئەتىزۇ ئاغزىم يىرلايۇ ئۆز ئىنگدەيىن.»

[ماڭا بىر ئارغا (غوڭقا) تېپىپ ئەكېلىپ بېرىڭ، (مەن ئۇنى) ئۆز قولۇم بىلەن چېلىپ، ئاغزىمدا ناخشا ئېيتىپ ئۆزۈمنى (ئۆزۈم) باقاي.]

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» نىڭ گېرمانىيىلىك تۇركولوگ ف. ك. مۇللېر ئېلان قىلغان نۇسخىسىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا، قوجۇ ئۇيغۇرلىرى چالغۇ ئەسۋابى ئارغانى «چاڭ» دەپمۇ ئاتىغان. ئۇنىڭدا: «سول ئىلكىدە چاڭ تۇتار»، «بىلىنكمىش ئۇلۇغ چاڭىڭىزتىن ئۆنمىش ئۇنىڭ تىكىسىن يونت تاغتاقى قوراقىڭىز بارچە ئىشتۇر چاڭغۇسىــــن» دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىكى «چاڭ» ئارغا (غوڭقا) غا قارىتىلغان.

گېرمانىيىلىك تۇركولوگ گاباڭىن خانىم ئېلان قىلغان 12 ۋاراقلىق «ئاتاۋاگادىۋا» نامىلىق تۇرپاندىن تېپىلغان تېكىستتە: «تەڭرىلەر ئىرىن ئويۇنىن ئىرلايۇ بۇدىيۇ» (تەڭرىلەر ناخشىلىق مۇزىكىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ) دەپ يېزىلغان.

«چىستانى ئىلىگ بەگ ھېكايىسى» دە: «مىڭ ئارتۇق كۆۋرۈكلەر ئۈنىنە ئۇستۇنرەك ياۋلاق ئۈن تۇردى» (مىڭلىغان دۇمباقلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشەتتى) دەپ يېزىلغان. قوجۇ ئۇيغۇرلىرى چالغۇ ئەسۋابى قومۇزنى «قوبۇز» (قوبۇس)، قوڭغۇراقنى «جىڭراتقۇ» دەپ، گوڭگو (گوڭ) ياكى جاڭنى «باقىر» دەپ، تارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنى ئىجرا قىلىشنى «ئەتىزدى»، دۇمباق چېلىشنى «توقۇتتى»، ئۇسسۇلنى «بۇتىگ» ياكى «بۇدىك» دەپ ئاتىغان.

«ئىككى تېكىن ھېكايىسى» دە: «تېكىن قوبۇزقا ئەرتىنگۇ ئۆز ئەرتى» (تېكىن قومۇزغا ئىنتايىن ئۇستا ئىدى) دەپ يېزىلغان، ئىككى تېكىن ھېكايىسى» دە يەنە: «كەرەكلىگ يەمىش سۆگۈت ئۆزە بىرەر

جىڭراتقۇ ئاسلىق» (كىرەكلىك مىۋە دەرىخىدىن قانچىسى بولسا، ھەر بىرسىگە بىردىن قوڭغۇراق ئېسىلىق) دەپ يېزىلغان. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «توققۇز باغ ئويۇن ئەتىرىدۇرتى» (توققۇز قىسىم مۇزىكا چالدۇردى) ؛ «باچىنلىغ بۇ تىگىن بۇدىتىپ» (باچىن ئۇسسۇلى ئوينىتىپ) دەپ يېزىلغان. يەنە «بۇلار تاكىن تۇۋغ پان كۆتۈرۈپ چۇڭ سىلكىدىلەر، باقىر توقىدىلار» [ئۇلارنىڭ كەينىدىن مۇرىتلار گۈڭگۈ (جاڭ) لارنى چالدى] دەپ يېزىلغان. يۇقىرىقى ئەسەردە يېزىلغان «توققۇز باغ ئويۇن» تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىچكى جايلاردا شەكىللەنگەن «توققۇز قىسىم مۇزىكا» نى كۆرسىتىدۇ. قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۇنى «توققۇز باغ ئويۇن» دەپ ئاتىغان. گېرمانىيىلىك لېكوك 1922 ـ يىلى ئېلان قىلغان «قۇجۇدىن تېپىلغان مانى دىنىغا ئائىت تۈركىي تىلدىكى ھۆججەتلەر» نىڭ 3 ـ تومىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مانى دىنىدىكى ئۇيغۇرلار «گىمىن» ياكى «ناخشا» نى «باشىلىق» دەپ ئاتىغان.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئۇيغۇرلار مانى يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى ئىشلەتكەن. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى مۇزىكا تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۆز ناخشا، مۇزىكىلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا خاتىرىلەشنى يولغا قويۇپ، مانى يېزىقى ھەرپلىك نوتا ئىشلەتكەن. بۇ خىل ھەرپلىك نوتىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئاشۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى مۇھىتىدىكى مۇزىكىسىنىڭ بىر ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تۈركىيە تارىخشۇناسى يىلماز ئۆزتۇنا «تۈرك مۇزىكىسى ئېنسىكلوپېدىيىسى» ۋە «تۈرك مۇزىكىسى سەنئىتى ۋە تارىخى» دېگەن ئەسەرلىرىدە، قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانى دىنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى يېزىقى ھەرپلىك نوتىسى ئىشلەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «بۈيۈك تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» دىمۇ يۇقىرىقى قاراش ئېلان قىلىندى. بۇ ئېنسىكلوپېدىيىدە: «تۈرك خانلىقى دەۋرىدە (مىلادىيە 552 ـ 744 ـ يىللار) نوتا يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. ئۇيغۇرلار (توققۇز ئوغۇزلار) موڭغۇلىيىنىڭ ‹قارابالغاسون› شەھىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پايتەخت قىلىپ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى (744 ـ 840 ـ يىللار)، كېيىن كۆچۈپ كەلدى. زور بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قاغانلىرى مانى دىنىدا ئىدى. بۇ ۋاقىتتا مانى يېزىقى بىلەن نوتا قوللانغانلىقى چوقۇمدۇر»㉞ دەپ يازغان.

(7)

مول ۋە كۆپ خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى قوجۇ خانلىقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى. قوجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە كۆپ خىل چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئىجاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىغا ئايلاندۇرغان. چالغۇ ئەسۋابلىرى مۇزىكىغا تەككەش قىلىنىدىغان قورال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ مۇزىكا ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان ۋە ئالماشتۇرىدىغان قورالى. قوجۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا چالغۇ ئەسۋابلىرى كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلگەن ۋە تارقالغان. ئۇلار مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا ئىنتايىن زور تۈرتكىلىك روللارنى ئوينىغان. قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ سانى ۋە تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى بەكمۇ قىزىقتۇرىدۇ ۋە ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە ياسىلىشى ئىنتايىن كۆركەم ۋە چىرايلىق بولۇپ، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى مۇزىكا مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ بىر كۆرۈنەرلىك بەلگىسى بولۇپ قالغان.

قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت «مىڭئۆي» تام رەسىملىرى ۋە ئوردا تام رەسىملىرى، ئارخېئولوگىيىلىك يازما يادىكارلىق

فراگمېنتلىرىغا قىستۇرۇلغان چالغۇ ئەسۋاب شەكىللىرىگە قاراپ، قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئاساسلىقى «جۇڭگو مۇزىكا سىستېمىسى» دىكى ئەسۋابلارنى ئىشلەتكەن، دېگەن يەكۇننى چىقىرىش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن. قۇجۇ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى ئەينى زاماندىكى خېشى كارىدورى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىسى ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن مۇزىكا مەدەنىيىتى ئالماشتۇرۇش جەھەتتە باشقا جايلارغا قارىغاندا قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن.

مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ دىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى. بۇندىن تاشقىرى، قەدىمكى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇن دىنىي پائالىيەتلىرى، دىنىي مۇراسىملىرىدا ئاز بولمىغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئىشلەتكەنلىكىنى مۇزىكا تارىخى ئەسەرلىرى، ئارخېئولوگىيىلىك يازما يادىكارلىقلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە دۇنيا مىقياسىدا كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىۋاتقان تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە: پۈۋلىمە چالغۇ ئەسۋابلىرى، سوقما چالغۇ ئەسۋابلىرى، تارىلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) پۈۋلىمە چالغۇ ئەسۋابلىرى

بالىمان، شېڭ، ئۇزۇن نەي، (تىك نەيمۇ دېيىلىدۇ)، تىزما نەي، سۇناي، قۇلۇلە(چاناق سۇناي)، كىچىك كاناي(سۇر)، نەي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تىزما نەي، سۇناي، شېڭ، نەي، ئۇزۇن نەي، بالىمان چالغۇ ئەسۋابلىرى گاباۋئېن يازغان «قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان. شۇ كىتابتا گاباۋئېن: «ئۇيغۇرلار دەۋرىدە بۇ خىل ئۇزۇن نەي كىشىلەر تەرىپىدىن ناھايىتى قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن»، «شېڭ چالغۇ ئەسۋابى جۇڭگونىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا ئۇنى چېلىپ ئىجرا قىلغان»㉟ دەپ يازغان. قۇلۇلە چالغۇ ئەسۋابى قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بېزەكلىك 73- ئۆڭكۈر تام رەسىمىدە سىزىلغان بولۇپ، لېكوك «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئاخىرقى دەۋرىدىكى بۇددا يادىكارلىقلىرى» دېگەن ئەسىرىدە ئېلان قىلغان، گابائىن خانىممۇ يۇقىرىقى ئەسىرىدە ئېلان قىلغان.

كىچىك كاناي (سۇر) رەسىمى. بۇ رەسىم «ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ كەمىرى، قىلىچى ۋە ئوقدانى» بىلەن بىرگە بەل كەمەرگە بىر كىچىك كاناي (سۇر) ئېسىلغان ھالەتتە سىزىلغان بولۇپ، تۈركىيە تارىخچىسى باھائىددىن ئۆگەل يازغان «تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىش» (ئەنقەرە، 1978 - يىل، تۈركچە نەشرى) ، 5 - توم، 38 -بەتتە ئېلان قىلىنغان. سۇنايىنىڭ رەسىمى قانداقلارچە قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن؟ بۇ رەسىم قەيەردىن تېپىلغان، قەيەردىن تارقىلىپ كىرگەن؟ بۇ ھەقتە ھېچقانداق تارىخىي مەلۇمات يوق. بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك، ئەلۋەتتە.

نەي — قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى كۆپ ئىشلەتكەن ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شەكلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن چېن يۈەنلياڭ يازغان «تۈرلۈك ئىشلار ھەققىدە خاتىرە» دېگەن كىتابتىكى مۇزىكا ئىجراچىلىرى رەسىمىدە سىزىلغان نەيگە ئوخشايدۇ. يەنە «جۇڭگو مۇزىكا لۇغىتى» دە ئېلان قىلىنغان «سۇڭ دەۋرىدىكى مۇزىكا ئىجراچىلىرى رەسىمى» دىكى نەيگىمۇ ئوخشايدۇ (9- رەسىم، قۇجۇ ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىغا قارالسۇن، بىر قىسىم چالغۇ ئەسۋابلار ماقالىنىڭ ئاخىرىدا بېرىلدى) .

(2) سوقما (ئۇرغا) چالغۇ ئەسۋابلىرى

چوڭ دۇمباق، بەل دۇمبىقى، نېپىز دۇمباق، چاقچە، تارېلكى، جاڭ، قوڭغۇراق، چىڭ، ئۇدار تاختىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. چوڭ دۇمباق، بەل دۇمبىقى، چاقچە، تارېلكى گابائىن خانىمنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابىدا ئىسمى ۋە رەسىمى بىلەن ئېلان قىلىنغان. نېپىز دومباق، ئۇدار تاختىسى رەسىمى باھائىددىن ئۆگەلنىڭ يۇقىرىقى كىتابىدا

ئېلان قىلىنغان. نىپىز دۇمباق، ئۇدار تاختىسىنىڭ شەكلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «تۇرلۇك ئىشلار ھەققىدە خاتىرە» دېگەن كىتابتىكى نىپىز دۇمباق، ئۇدار تاختىسىنىڭ رەسىمىگە ئوخشايدۇ. نىپىز دۇمباق يەنە «جۇڭگو مۇزىكا لۇغىتى »دە ئېلان قىلىنغان «سۇڭ دەۋرى سىرك رەسىمى» دىكى نىپىز دۇمباقنىڭ شەكلىگىمۇ ئوخشايدۇ.

(3) تارىلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى

ئارفا، باربىت، ئەگرى دەستىلىك باربىت، قومۇز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى ئارفا چالغۇسىنى كۆپ ئىشلەتكەن، ئۇنى «قوڭقائۇ» ياكى، «چاڭ» دەپ ئاتىغان. قوڭقائۇ، خەنزۇچە كۇڭخۇ ئاتالغۇسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ۋە ئاتىلىشى بولۇپ، كېيىن «غوڭقا» بولۇپ ئۆزلەشكەن. قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئارفا (غوڭقا) شوڭقار باشلىق بولۇپ، ئىنتايىن گۈزەل نەقىشلىك ياسالغان. كۇچا ناھىيىسىدىكى قۇمتۇر مىڭئۆيىنىڭ 46 - نومۇرلۇق ئۆڭكۈرىدە ئارفا چېلىۋاتقان بۇدساتۋانىڭ تام رەسىمى بار، يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە Ⅲ – Ⅳ ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، كۆسەن تام رەسىمىدىكى بۇ ئارفانىڭ شەكلى قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئارفا چالغۇسىغا پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. بۇ ئارفا قەدىمكى كۆسەنلىكلەرنىڭ (ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا تۇخارلارنىڭ) چالغۇ ئەسۋابى. مۇنىكى مائىسللارد «قەدىمكى قۇجۇ خانلىقىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى تارىخى» دېگەن كىتابىدا، ئۇيغۇر ئارفا چالغۇسى بىلەن قۇمتۇر مىڭئۆيىدىكى ئارفىنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ: ئارفا چالغۇسىنىڭ تارىسى چالغۇنىڭ رامكىسىغا تارتىلغان، چالغۇنىڭ رامكىسىدا گۈل يوپۇرمىقى شەكىللىك نۇرغۇن نەقىشلىرى بولۇپ، خوددى ياغاچ سايمانلىرىغا قىممەت باھالىق ئۈنچە - مەرۋايىت ئورناتقاندەك كۆركەم، قۇمتۇردىكى ئارفىنىڭ بىر پارچە تام رەسىمىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەقىش بار.» (مۇنىكى مائىللاردنىڭ يۇقىرىقى كىتابى، 190 - بەت ) قۇجۇ ئۇيغۇر ئارفا چالغۇسى بىلەن دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىنىڭ 112- نومۇرلۇق ئۆڭكۈردىكى ئاخىرقى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق «مۇزىكا، ئۇسسۇلچىلار رەسىمى» دە بىر ئارفا بولۇپ، قۇجۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ئارفىسى بىلەن شەكىل، نەقىش جەھەتتە ئوپمۇ ئوخشاش. مانا بۇ، قوجو ئۇيغۇر ئارفا چالغۇ ئەسۋابى خېشى كارىدورىدىن تارقالغان، دېيىشكە ئاساس بولالايدۇ.

باربىت (پىپا 琵琶) — قوجو ئۇيغۇرلىرى كۆپ ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن بىرى ئىدى. قوجو ئۇيغۇرلىرىنىڭ باربىتنى نېمە دەپ ئاتىغانلىقى ھەققىدە ئاشۇ دەۋردە يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىق يوق، پەقەت مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن خەنزۇ تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇرلەرگە ئايرىلغان سۆزلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى — «قوجو مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دە «پىپا» ( 琵琶 ) «قوبۇر» ( 苦卜儿 ) دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭ شەكلى «جۇڭگو مۇزىكا لۇغىتى» دە ئېلان قىلىنغان تاڭ دەۋرىدىكى «ئوردا مۇزىكا رەسمى» ، بەش دەۋردىكى «باربىت ئىجرا قىلىش رەسمى» ۋە سۇڭ دەۋرىدىكى «مۇزىكا ئىجرا قىلىش رەسمى» لىرىدىكى باربىت شەكلى بىلەن ئوخشاش. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار رايونىدا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا باربىت ئىشلىتىلىشكە باشلىغان، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن باربىت پېرسىيە (قەدىمكى ئىران) نىڭ ئۆزۈن دەستىلىك باربىتى ئىدى؛ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە تارقىلىپ كىرگەنلىرى پېرسىيىنىڭ (ئېنىقراقى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ) قىسقا دەستىلىك باربىتى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى «پىپا» دېگەن ئىسىم ئاشۇ پېرسىيىلىكلەرنىڭ «باربىت» ئاتالغۇسىنىڭ تەرجىمىسى ئىدى. جۇڭگو مۇزىكا تارىخى توغرىسىدىكى ئەسەرلەر ۋە «مىڭئۆي» تام رەسىملىرى ھەمدە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلما، يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر باربىت چالغۇ ئەسۋابىنى پەقەت قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئىشلەتكەن، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلار ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە باربىت ئىشلەتكەنمۇ- يوق، بۇ ھەقتە ھېچقانداق يازما تارىخىي خاتىرىلەر ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار تېپىلمىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، تۆت ئەسىر داۋاملاشقان قوجو ئۇيغۇر

خانلىقىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مۇزىكا مەدەنىيىتى ئاساسلىقى بۇددا دىنى مۇھىتى ۋە مانى دىنى مۇھىتىدا يارىتىلغان بولۇپ، مۇزىكا سىستېمىسى جەھەتتە «جۇڭگو مۇزىكا سىستېمىسى» نى قوللانغان، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالغان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قوچۇ ۋە بېشبالىق شەھەرلىرى بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى مۇھىتى ئاستىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق مەركىزى ئىدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، بۇ خانلىق بىلەن پاراللېل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بالاساغۇن بىلەن قەشقەرنى پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى (870 ـ1213) بار ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى 932 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ خانلىقتا ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. بۇ مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئىسلام دىنى مۇھىتىدىكى مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىمۇ بارلىققا كەلگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئوخشىمايدىغان ئايرىم مۇزىكا سىستېمىسىغا ئىگە بولۇپ، مۇزىكا سىستېمىسى جەھەتتىن «ئەرەب مۇزىكا سىستېمىسى» (بەزىلەر «ئەرەب ـ پارس مۇزىكا سىستېمىسى» دەپمۇ ئاتايدۇ) نى قوللانغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قەشقەر شەھىرى ئىسلام دىنى مۇھىتى ئاستىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق مەركىزى ئىدى. بۇ ماقالىمىزدە ئاساسلىقى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكىسى مۇھاكىمە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۈستىدە كۆپ توختالمىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1ـ رەسىم



4ـ رەسىم



2ـ رەسىم



3-رەسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



6-رەسىم



5-رەسىم



8-رەسىم



7-رەسىم

9-رەسىم




①ئەگرى دەستىلىك باربىت ②سۇناي

③تىزما نەي ④ئۇزۇن نەي

⑤قۇلۇلە ⑥شىڭ

⑦چوڭ دۇمباق ⑧چاقچە

⑨بەل دۇمباق ⑩تارىلكى

⑪ بىبىلي ⑫ئارفا(غۇڭقا)

www.uyghurkitap.com

9-رەسىم



ئىزاھلار:


① ھۇسەيىن كېرىم: «ئۇزاقتىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى» «شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى سەنئەت ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى»، 109 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل.

②③ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 40- توم 400 ـ جىلد، 14109 ـ بەت.

④ ئا. فون. گاباين: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، 1989- يىل، 180 ـ بەت.

⑤ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىياتىر ئەسەرلىرى توپلىمى» (شىنجاڭ تومى I) بېيجىڭ، جۇڭگو تىياتىر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل، 1- بەت. «كىرىش سۆز» ۋە «جۇڭگو شىچۇي (چاڭچىلە) تەزكىرىسى» (شىنجاڭ تومى): بېيجىڭ، 1995 ـ يىل، 6- بەت.

⑥ چېڭ شولو: «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، بېيجىڭ، خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 159 ـ بەت.

⑦ «مەدەنىيەت تارىخى بىلىملىرى»، بېيجىڭ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى، 1991- يىل 11 ـ سان، 94 ـ بەتتىكى شىڭ يىبو يازغان «سۇڭ دەۋرىدىكى قوشۇن ئۇسسۇلى ۋە ئۇسسۇل قوشۇنى» دېگەن ماقالىگە قاراڭ.

⑧ مېڭ فەنرېن، جياۋ يىشيۇڭ، گېڭ يۈكۈن تۈزگەن: «قوچۇ قالدۇق تام رەسىملىرى توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 29- بەت.

⑨⑩ خاياشى كېنزو: «شەرقىي ئاسىيا چالغۇ ئەسۋابلىرى تەتقىقاتى»، بېيجىڭ، خەلق مۇزىكا نەشرىياتى، 1962 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 240 ـ بەت.

⑪ باھائىددىن ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىش»، ئەنقەرە، 1987- يىل، 9- توم، 44 ـ بەت.

⑫ باھائىددىن ئۆگەلنىڭ يۇقىرىقى كىتابى، 1978 ـ يىل، 5- توم، 38 ـ بەت.

⑬ ئا. فون. گاباين: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، 110 ـ، 119- بەت.

⑭ ئا. فون گاباين: «قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىلمىي ژۇرنىلى، 1980 ـ يىل 3 ـ سان 34 ـ بەت.

⑮ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992ـ يىل، 244ـ، 245 ـ بەتلەر.

⑯ چېڭ شولو: «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخ ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى»، بېيجىڭ، خەلق نەشرىياتى، 1993 ـيىل خەنزۇچە نەشرى، 258ـ بەت.

⑰ ئا. فون گاباىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر رەسسامچىلىقى» ناملىق ماقالىسى، بېيجىڭ، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى تۈزۈپ باستۇرغان «تۈركىي تىللار تەتقىقات خەۋىرى» (ليۇ شىنۋۇ، لى زېڭشياڭ تەرجىمىسى)، 1983 ـ يىل 9 ـ سان، 22 ـ بەت.

⑱ ۋ. بارتولد: «موڭغۇللار ئىستېلاسىغا قەدەر تۈركىستان»، سەمەرقەند، ئۆزبېك دۆلەت نەشرىياتى، لاتىن يېزىقىدىكى ئۆزبېكچە نەشرى (رۇسچىدىن فاتىخ كېرىمى تەرجىمىسى)، 1931 ـيىل، 385 ـ بەت.

⑲ فېڭ جياشېڭ، چېڭ شولو، مۇگۇاڭۋېن تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام»، بېيجىڭ، خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 90 ـ بەت.

⑳ خەنس يوئاخىم كلىمكايت: «قەدىمكى مانى دىنى سەنئىتى»، گۇاڭجۇ، 1989ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 44 ـ بەت.

㉑ يۇقىرىقى ئەسەر، رەسىملەر قىسمى 29 ـ بەت.

㉒ يۇقىرىقى ئەسەر، 102 ـ بەت.

㉓ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 141 ـ بەت.

㉔ ۋاڭ ليۇ قاتارلىقلار تۈزگەن «سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا»، بېيجىڭ، مەدەنىيەت سەنئەت نەشرىياتى، 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 230 ـ بەت.

㉕ گېڭ شىمىن تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر قوشاقلىرى توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل. خەنزۇچە نەشرى.

㉖ يۇقىرىقى ئەسەر.

㉗ يۇقىرىقى ئەسەر.

㉘ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل، 145 ـ بەت.

㉙ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئالمۇتا، «نائۇكا» نەشرىياتى،

1983 ـ يىل، 9 ـ بەت.

㉚ «ئارزۇ» ژۇرنىلى، ئالمۇتا، قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئورگىنى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 1992 ـ يىل 2 ـ سان، 23 ـ بەتتىكى داۋۇت ئىسىيېۋ يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادلىرى» ناملىق ماقالىگە قاراڭ.

㉛ جۇڭگو مۇزىكا ئالىمى ۋاڭ گۇاڭچى 1929 ـ يىلــــى يازغان «شەرق مىللەتلىرىنىڭ مۇزىكىسى» دېگەن كىتابىدا، دۇنيادىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ مۇزىكا تۈزۈلمىسىنى «جۇڭگو مۇزىكا سىستېمىسى» ، «گرېك مۇزىكا سىستېمىسى» ۋە «ئەرەب مۇزىكا سىستېمىسى»(ئەرەب ـ پارس مۇزىكا سىستېمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مۇزىكا سىستېمىسى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شىنجاڭدىكى مىللەتلەردىن ئۇيغۇر، تاجىك، ئۆزبېكلەر «ئەرەب مۇزىكا سىستېمىسى» نى قوللىنىدۇ.

㉜ يېنىسې. سابولشى: «مېلودىيە تارىخى» ، بېيجىڭ، خەلق مۇزىكا نەشرىياتى، 1983 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 267 ـ بەت.

㉝ چىڭ مىڭداۋ: «مىللىي مۇزىكا ئىلمىدىن ئاسىيا مۇزىكىسىغا نەزەر» ، «جۇڭگو مۇزىكىسى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىل 1 ـ سان، 15 ـ بەت.

㉞ «بۈيۈك تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، ئەنقەرە، 1977 ـيىل، 25 ـتوم، 328ـ بەت.

㉟ ئا. فون. گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان، 1989 ـ يىل، 108 ـ بەت.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز يۈسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# «شەرھى شىكەستەنامە» نىڭ لېنىنگراد قولىيازمىسى توغرىسىدا

## ئابدۇشۈكۈر تۇردى

«شەرھى شىكەستەنامە» ناملىق ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى سەيد مۇھەممەت بىزگە ئى. پانتۇسوۋ 1909 - يىلى قازاندا نەشر قىلغان «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلگىلىرى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن قازان باسما نۇسخىسىدىن مەلۇم بولغانىدى. ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنغىنىغا ھازىر 84 يىل بولدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەسەرنىڭ مۇشۇ باسما نۇسخىسىغا ئاساسەن مەلۇم تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان، شۇنداقلا دەرسلىكلەرگىمۇ ئەسەردىن پارچىلار كىرگۈزۈلگەنىدى. لېكىن ئۇزۇن يىللارغىچە مەزكۇر ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپىنى تىلغا ئېلىپ كەلگەن بولساقمۇ، مەلۇم تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەسەرلەرنى مەتبۇئاتلىرىمىزدا تولۇقى بىلەن تونۇشتۇرالمىغان، شۇنداقلا ئەسەر ئۈستىدە كەڭ مۇلاھىزە يۈرگۈزەلمىگەنىدۇق. پانتۇسوۋ نەشر قىلىشتا ئاساسلانغان قولىيازما توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇماتىمىز يوق ئىدى.

1962 - يىلى ئا. مۇگىنوۋنىڭ «ئاسىيا خەلقلىرى مۇزېيىدىكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلارنىڭ تەۋسىفى» دېگەن كىتابىدا «شەرھى شىكەستە» نىڭ لېنىنگراد شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قولىيازما نۇسخىسى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ، قولىيازمىنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمىگەچكە، ئۇنى پانتۇسوۋ ئاساسلانغان نۇسخا بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلغانىدۇق.

1990- يىلىنىڭ ئاخىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىلمىي كاماندىروپكا بىلەن بارغىنىمدا، فىلولوگىيە پەنلەر كاندىداتى ساۋۇت موللاۋۇتوۋ بىلەن ئىلمىي سۆھبەتتە بولدۇم. ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلار توغرىسىدىكى مول ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىش بىلەن بىللە، لېنىنگرادتا «شەرھى‌شىكەستە» نىڭ تېخى ئېلان قىلىنمىغان بىر قولىيازمىسى بارلىقىنى ئېيتتى ھەمدە قولىيازمىنىڭ فوتو نۇسخىسىنى تونۇشتۇردى. ئەينى چاغدا ۋاقىت قىس ، ئىمكانىيەت چەكلىك بولغاچقا، قولىيازمىنىڭ فوتو نۇسخىسىنى ئېلىشقا ئامالسىز قېلىپ، قولىيازما تېكىستىنى ئۇنلۇك ئوقۇپ ، مىكرو ئۈنئالغۇغا ئېلىۋالغانىدىم .

1991 - يىلى يانۋاردا، لېنىنگراد شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىنى زىيارەت قىلغىنىمدا، مەزكۇر قولىيازمىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم.

مەملىكەتكە قايتقاندىن كېيىن، «شەرھى شىكەستە» (ئىلگىرىكى ھەممە مەنبەلەردە ئەسەر شۇ نام بىلەن ئاتالغان) نى مىكرو ئۈنئالغۇغا ئېلىنغان نۇسخا بويىچە خاتىرىلەپ چىقتىم. خاتىرىدە ئەسەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى تولۇق ئۇرغۇزۇلغان، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىي ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن قولىيازمىنىڭ يېزىق خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇڭا ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن پايدىلانغان بولساقمۇ، ئۇنى رەسمىي رەتلەنگەن ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست سۈپىتىدە ئېلان قىلىش ئىلمىي تېكىستولوگىيە پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى.

1995- يىلى، ساۋۇت موللاۋۇتوۋ ئۈرۈمچىگە زىيارەتكە كەلگەندە، بىزنى مەزكۇر ئەسەرنىڭ لېنىنگراد قولىيازمىسىنىڭ ئۆزى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان تېكىستى ھەمدە قازان باسما نۇسخىسى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئارقىدىن مەزكۇر ئەسەرنىڭ لېنىنگراد قولىيازمىسىنىڭ كوپىيىسىنىمۇ ئەۋەتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز مەزكۇر قولىيازمىنىڭ ئۈنئالغۇسى بويىچە رەتلەنگەن نۇسخىسىنى موللاۋۇتوۋ ئېلان قىلغان نۇسخا ۋە قولىيازمىنىڭ ئەسلىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بەزى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۇمانلىق سۆز، جۈملىلەرنى ئېنىقلاش جەريانىدا، پانتۇسوۋ ئېلان قىلغان باسما نۇسخىدىن خېلى كۆپ پەرق قىلىدىغان، بىر ئەسەرنىڭ باشقا- باشقا ۋارىيانتلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «شەرھى شىكەستە» نى كىتابخانىلارغا تېخى تونۇش بولمىغان لېنىنگراد قول يازمىسى بىلەن تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق .

«شەرھى شىكەستە» هازىر لېنىنگراد (سانكت پېتېربۇرگ) شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىدا C 1929 نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەسەر ئاق فابرىكا قەغىزىگە نەستىلىق ئۇسۇلدا ئىككى بەتلىك قىلىپ (ئارقا - ئالدىغا) كۆچۈرۈلگەن ھەممە دەپتەر قىلىپ تۈپلەنگەن . قولىيازما جەمئىي 14 ۋاراق (28 بەت) . ئەسەرنىڭ فورماتى: 17×22 سانتىمېتىر، تېكىست ئىگىلىگەن فورمات 15×19 سانتىمېتىر. قولىيازمىنىڭ تىتۇل بېتىگە «ئەزىم ئاخۇندىن» (عضيم اخوندان) دېگەن خەت يېزىلغان، بۇ قولىيازمىنى كۆچۈرگۈچىنىڭ نامىمۇ، ياكى ئۇنى بىرەرسىگە تەقدىم قىلغان زاتنىڭ نامىمۇ، بۇنىسى تازا ئېنىق ئەمەس. مېنىڭ كۆزىتىشىم ۋە پەرىزىمچە، قولىيازما ئاۋتوگراف (ئاپتور ئۆزىنىڭ قولىيازمىسى) بولماي، بەلكى دەسلەپكى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلارنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك، قولىيازمىنىڭ بەزى سۆزلىرى قارا سىيادا ئۆچۈرۈلۈپ، ئۈستىگە سۇس سۆسۈن سىياھدا تۈزىتىلگەنلىكى، بەزى مىسرالار ئالماشتۇرۇپ قويۇلۇپ، رەت نومۇر قويۇش يولى بىلەن ئەسلىگە بىشارەت بەرگەنلىكى پىكرىمىزنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ. س. موللاۋۇتوۋ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مەزكۇر قولىيازمىنى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىدا كونسۇل خادىمى بولۇپ تۇرغان ن. كرۇتكوۋ ئەينى ۋاقىتتىكى پېتېربۇرگ «ئاسىيا خەلقلىرى مۇزېيى» گە تاپشۇرغانىكەن.

ئەسەرنىڭ قولىيازما نۇسخىسى توغرىسىدا بەزى كاتالوگلاردا قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ، رەسمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغانىدى. بىرىنچى قېتىم س. موللا ۋۇتوۋ قىسقىچە كىرىش سۆز بىلەن ئەسەرنىڭ تولۇق تېكىستىنى «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىدە ئېلان قىلدى.

ئەسەر ئالتە ۋەقەدىن، يەنى ئالتە قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ①.

بىرىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى ۋاقىئەتلەر مۇخەممەس بىلەن يېزىلغان؛ ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋاقىئەتلەر غەزەل شەكلىدە يېزىلغان.

ئەسەردە 1881 - يىلى چارروسىيە ئون يىل بېسىپ ياتقان ئىلى رايونىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ، شۇنداقلا شائىرنىڭ ئەينى ۋەقەلەرگە پوزىتسىيىسى، ھېسسىياتى ۋە روھىي دۇنياسى ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شائىر ئەسەر قىسىملىرىنى «نامە»② ئاستىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەسەرنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغان.

«شەرھى شىكەستەنامە» نىڭ لېنىنگراد قوليازمىسى بىزگە شائىرنىڭ ھاياتى توغرىسىدا، پانتۇسوۋنىڭ باسما نۇسخىسىدا بولمىغان يېڭى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ، شۇنداقلا شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشكە ياردەم بېرىدۇ.

ئەسەرنىڭ قازان باسمىسىغا تايىنىپ قىلىنغان تەتقىقاتلاردا، شائىر ھاياتىنىڭ ئاخىرى قانداق بولغانلىقى توغرىسىدىكى خۇلاسىلەر مۇجمەل ئىدى. كۆپىنچە، شائىرنىڭ «ياخشى قال» رەدىپلىق غەزىلىگە قاراپ، شائىر يەتتىسۇغا، يەنى چېلەك رايونىغا كۆچۈپ چىقىپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان، دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ كەلگەنىدى. ئەسەرنىڭ لېنىنگراد قوليازمىسى بۇ خۇلاسىنى ئىنكار قىلىدۇ، بەلكى شائىر كۆچمىگەن، ئىلىدا قالغان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىمىزگە ئاساس بېرىدۇ. تۆۋەندىكى مىسرالارغا قارايلى:

«سەيد مۇھەممەد سەن ئۆزۈڭ كەتسەڭ ئىلىدىن خوشلاشىپ،
بۇندا قالغان خەلقلەرنىڭ ياخشى - يامانى ياخشى قال»
(بۇ بېيىت باسما نۇسخىسىدا يوق)

بېيىتنىڭ مەزمۇنىدىن شائىر تېخى كۆچۈپ كەتمىگەنلىكى، مۇبادا كېتىپ قالسا، ئىلىدا قالغانلارغا ئامانلىق تىلىمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

كەتتىلەر خەلقلەر كۆچۈپ، ئولتۇردى غەمدە ئۆيلەردە،
بۇ چېلەكنىڭ يەرلىرىدە كەم ئەمەس ھەر دەم شامال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(بۇ بېيىت باسما نۇسخىسىدا يوق)
بۇ بېيىتتىن خەلقلەر كۆچۈپ كەتتى، چىلەكنىڭ شاماللىق يەرلىرىدىكى ئۆيلىرىدە غەمكىن ئولتۇردى، دېگەن مەنا چىقىدۇ. دېمەك، شائىر ئەسەرنى يېزىۋاتقان مەزگىلدە، ئىلىدىن كۆچۈپ كەتمىگەن ۋە ئەسەر ئاخىرلاشقان مەزگىلدىمۇ ئىلىدا قالغان.

كەتتىلەر پەرزەنتلىرىم بۇ ئىلىدە قالدىم غېرىب،
كەتكەلى تاپماي ئىلاج، بۇ يەردە قالدىم ئايرىلىپ.
بۇ جۇدالىق دەردىدە قالدى چىرايىم سارغارىپ،
يول يىراق، ئاتلار ئورۇقتۇر كۆرگەلى بولماس بارىپ.
ئېيىندەلىبدەك باغ ئارا نالە قىلمىشمەن بۇگۈن.

بۇ مۇخەممەسمۇ پانتۇسوۋ نەشر قىلغان باسما نۇسخىدا يوق. شۇڭا، شائىرنىڭ ئاخىرقى ھاياتى ھەققىدە توغرا بولمىغان پەرەز ۋە خۇلاسىلەر مەيدانغا كەلگەن . ئەمما يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان مىسرالارنىڭ مەزمۇنىدىن شائىرنىڭ ئىلىدىن كېتىش رايى يوقلۇقى ۋە ئاخىرى پەرزەنتلىرى كەتسىمۇ، ئۆزى كەتمىگەنلىكى ، شائىرنىڭ «چىن تەۋەككۇل ئەيلەپ بۇ يەردە تۇرمىش مەن بۇگۇن » دېگىنىدەك ئاياقلاشقانلىقى ئايان بولىدۇ.

سەيد مۇھەممەد بۇ ئەسەرنى ئاتمىش ياشتىن ئاشقاندا يازغان ، شائىر بۇنى :

«يېشىمىز ئاتمىشتىن ئۆتتى، بولماس ئەمدى شادلىق،
نەۋجۇۋان ياشلىق كېتىپتۇر، ئەمدى تاپمايدۇكامال .
دېگەن مىسرالاردا كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

ئەسەردىن شائىرنىڭ ئىككى قىزى، ئىككى ئوغلى ، يەنى «جۈپ قىز-ئوغۇل» بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

«چۇرۇپ تۇپراغ بولۇپ ياتارمىز قاتتىق ھەسرەتتە،
قالۇر جۈپ قىز، ئوغۇل پەرزەنت بۇرۇرلەر مۇندا ئىشرەتتە.»
شائىر بۇلاردىنمۇ ئايرىلىپ قالغانلىقىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن «كەتتىلەر پەرزەنتلىرىم» دېگەن مىسرادا ئىپادىلەيدۇ.

شائىر ھاياتىنىڭ باشقا تەپسىلاتلىرىنى ئەسەردىن تولۇق بىلىپ بولمايدۇ. ئەسەردە ئەكس ئەتكەن بەزى مەزمۇنلاردىن شائىرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، ئىلىم - مەرىپەتكە ئىنتىلگەن كىشى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ سوقرات، جەمشىد، ئىسكەندەر، فەردۇن، رۇستەم، . . . لەرنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ، شائىرنىڭ شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوبدان خەۋەردار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئالىملارنىڭ ئىلىم ئەھلىگە ھۆرمەت قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە «كى ئىكرام ئەيلەمەس ئالىملارغا ئول بى سائادەتلەر» (27 ـ I ) دەپ يازىدۇ.

ئەسەردە ئەكس ئېتكەن شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدىن قارىغاندا، شائىرنىڭ نامراتچىلىقتا ھايات كەچۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

شائىرنىڭ يۇرتى توغرىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. پانتۇسوۋ شائىرنى «سەيد مۇھەممەد بىن ھەيت مۇھەممەد قاشى» دەپ ئاتايدۇ. ئەسەرنىڭ ھەر ئىككى نۇسخىسىدا شائىر «بىن مۇھەممەد ھەيت قاشى» دېگەن ئىسمنى قوللانمىغان، بەلكىم پانتۇسوۋ ئەينى ۋاقىتتىكى باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇنداق ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن .

لېكىن، بىزدىكى بەزى ئەستايىدىل بولمىغان ماقالىلەردە «قاشى» تەخەللۇسى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى، نەتىجىدە قاشتا، ئالتۇن ئۆستەڭ يېزىسى كەشىپ قىلىندى. بۇ تامامەن تېكىستنى خاتا ئوقۇغانلىقتىن كېلىپ چىققان خاتالىق.

«شەرھى شىكەستەنامە» نىڭ ھەر ئىككى نۇسخىسىدا «ئالتۇن ئۆستەڭ» دېگەن گەپ يوق. بۇ مىسرا پانتۇسوۋدا «ئالتىن - ئۇستۇن بىز كۆچەرمىز. . . » ، لېنىنگراد نۇسخىسىدا يەنە ئوخشاش مەنىدە «ئالتىن - ئۇستۇن بىز كۆچەرمىز. . . » دەپ يېزىلىدۇ. بۇ يەردىكى «ئالتىن - ئۇستۇن» دېگەن سۆزنى «ئالتۇن ئۆستەڭ» دەپ شائىرغا جاھاندا بولمىغان بىر يۇرت كەشىپ قىلىپ بېرىش ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزدىكى قوپال خاتالىق.

«شەرھى شىكەستەنامە» ئىنتايىن مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا يېزىلغانىدى. بۇ 1881 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1882 ـ يىلىنىڭ باشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، چارروسىيە «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» بويىچە ئىلى رايونىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشكە رازى بولغان، ئەمما بىر قىسىم ئاھالىنى بوز يەر ئېچىش ۋە باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق روسىيە زېمىنىغا كۆچۈشكە زورلاۋاتقان، چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش رەسمىيىتىنى تېخى ئۆتىمىگەن، ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرغان بىر مەزگىل ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، روسىيە ئەمەلدارلىرى «چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىنى ئۆتكۈزۈپ ئالغاندىن كېيىن، 1864 - يىلى ئىلىدا يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۆچىنى ئالىدۇ» دەيدىغان ئۆسەكنى تارقىتىپ، پۈتۈن خەلقنى ناھايىتى زور ئەندىشىگە سالغانىدى. مۇشۇنداق تۇراقسىز ۋەزىيەت، ھەر خىل ئۆسەك خەۋەرلەرگە كۆچۈش ئەندىشىسى قوشۇلۇپ، كىشىلەردە بىر خىل مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك روھىي ھالەت پەيدا قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

خەلقنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئانا يۇرت، «كىندىك قان تۆكۈلگەن يەر» چۈشەنچىسى، يەنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە سادىقلىق، «كۆچۈش»، يەنى چۆل - جەزىرە، يات يەرلەرگە بېرىپ تارتىدىغان دىل ئازابى ۋە جەبىر - جاپالىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىش، شۇنداقلا چىن تەۋەككۈل قىلىپ ئىلىدا قالغاندا «ئۆچ ئېلىشقا ئۇچراپ قېلىش» ئەندىشىسى چىرمىشىپ كەتكەن ئىنتايىن مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك روھىي ھالەت پۈتۈن ئىلى خەلقى ئۈچۈن ئورتاق ئىدى.

شائىر خەلقنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇنداق خىيىم - خەتەرنى ۋە خەلقنىڭ ئىزتىراپلىق روھىي ھالىتىنى «شىكەستىلىك» يەنى بالايىئاپەت دەپ چۈشەنگەن ھەمدە ئەينى ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە «شىكەستىلىك» كە شەرھى بېرىشنى، يەنى «دوستلارغا يادىكارنامە قويۇشنى» ئۆزىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچى دەپ تونۇپ قەلەم تەۋرەتكەن. نەتىجىدە ئاشۇ قەلب ئىزتىراپى، پېشانە تەرى ھېسابىغا «شەرھى شىكەستەنامە» ئەسىرى مەيدانغا كېلىپ، بىز ئۈچۈن تارىخىي مىراس بولۇپ قالغان.

سەيد مۇھەممەدنىڭ ئەسىرىدە ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئەھۋاللار ئەكس

ئەتكەن بولسىمۇ، ئەسەرنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىدىن قارىغاندا، ئەسەردە ئانا تۇپراققا بولغان مۇھەببەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شائىردىكى بۇنداق ھېسسىيات، يەنى ئانا ماكانغا بولغان رىشتە پۈتۈن ئەسەرنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىن قىزىل يىپ بولۇپ ئۆتۈپ، ئەسەرنى ئىدىيە جەھەتتىن ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ۋەتەندىن ئايرىلىش ئازابىنى ئىزھار قىلىش بىلەن ۋەتەنگە مەدھىيە ئوقۇش ئوخشاشلا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئىپادىلەشنىڭ ئىككى خىل شەكلى، «شەرھى شىكەستەنامە» دە ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈنىڭ بۇ ئىككى خىل ئىپادىسى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

شائىر «كۆچ - كۆچ» ۋەقەسىنى ئىلى خەلقى «بېشىغا چۈشكەن ئەزىم غەمغا»④، «تا ئەزەلدىن ھازىرغىچە ھېچ كىشىگە كەلمىگەن سەۋدا»، «قىيامەت بىر كۈن» دەپ قارايدۇ. شۇڭا شائىر ئۆز ئەسىرىدە كۆچۈشنىڭ خەلق بېشىغا كەلتۈرىدىغان جاپا - مۇشەققىتىنى، كۆچۈشنىڭ ئۆز قەلبىگە يەتكۈزگەن ئازابىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەيدۇ.

بۇ بىر قەلب ئازابى ئىچىدە ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئانا يۇرتقا بولغان مۇھەببەت تۇيغۇسىدىن ئىبارەت، يەنە بىر تەرەپتىن، شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئانا يۇرتىغا بولغان مەدھىيىسىنى بىۋاسىتە نامايان قىلىش بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

«كىچىك بولغان بىلە بۇ ئىلە شەھرى باغ ئىلە بوستان،
بۇنىڭدەك بولماغايلا ھېچ شەھەر كىم نېمەتۇل ئەلۋل.»

بۇنداق مىسرالار ئەسەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. شائىر «قىزىل قىيامەت» دەپ ئاتىغان كۆچۈش ئاپىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

كۆچەردە يىغلاشىپ گويا بولۇرلار بىر قىيامەت كۈن،
مۇسافىر ھەم غەرىبلىك تەسىرىدىن ئاھۇ نادامەت كۈن.
ئۇلۇغ غۇڭلار تۇشۇپتۇر باشىمىزغا بۇ قاباھەت كۈن،
كى ئاللا ئوڭلاسا بولغايمۇ بىزگە بىر سائادەت كۈن.
بۇ مۇشكۇللەرنى ھەل قىلماققا قادىر مۇتربان ئەمدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شائىر ئوچۇقتىن - ئوچۇق روسسىيىنى دۇشمەن، كۆچۈشنى مەجبۇرىي بولغان دەپ قارايدۇ.

كى تاپماي چارە ئۇچتىن كىشى كۆچتى باياۋانغا.
كى تولدى يەر - جاھان پەريادۇ - زارۇ ئەففانغا.

بۇ بالايىئاپەتنى كەلتۈرگەن روسىيە شائىرنىڭ نەزىرىدە دۇشمەندۇر.

ئىرادە بىرلە كەلدى ئول ئورۇس بىزگە ياغى بولدى،
باخما بىر كۆپ ئاتانغانلار جەڭ قىلماي قاراپ تۇردى.

بۇ يەردە شائىرنىڭ تەسلىمچىلەرنى ئەيىبلىگىنى ئېنىق، شۇنداقلا شائىر باي، كەمبەغەللەرنى ئايرىيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

قۇۋۋەتى بار ئادەملەر غەم يېمەس ئاندا بارىپ،
قىلغۇسىدۇر ئۆي - ئىمارەت، باغۇ - بوستان تىرىك.
خەقرى - فۇقرالار خىجالەت تەڭگەسى يوق قولىدا،
ئايلىنىپ باشى قاتىپ ھەر كۈندە يۈز مىڭ غەم يېمەك.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، يۇقىرىقى مىسرالار قەلب ئازابى ئىچىدە ئىپادىلەنگەن ئانا يۇرتقا بولغان مەدھىيىنى بىۋاسىتە بايان قىلىش بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

كىچىك بولغان بىلە بۇ ئىلە شەھرى باغ ئىلە بوستان،
بۇنىڭدەك بولماغايلار ھىچ شەھەر كىم نىمەتۇل ئەلۋل.
بازارى كۆپ قىزىقتۇر ساتقان - ئالغان نەرسەسى ئەرزان،
مۇنىڭ ۋەسپىنى تەرىپ ئەيلەسەم ئازدۇر ئەمەس يالغان.
بۇنى تاشلاپ كېتەرمىز، چارەمىز يوق ھەرقايان ئەمدى.

بۇ مىسرالارنى پۈتۈن ئەسەر بىلەن بىر تۇتاش چۈشەنگەندە، پەقەت بىر مەنزىرە تەسۋىرى ياكى ئاددىي بايان ئەمەس، بەلكى ئانا يۇرت ئۈچۈن كۆيۈۋاتقان ئوتلۇق قەلبدىن ئوقۇلغان مەدھىيە، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنداق مىسرالار ئەسەردە خېلى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بىز بۇ يەردە مىسال تەرىقىسىدە بىرنەچچىسىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

بۇ ئىلەنىڭ تاغلىرى ئوتلۇق - سۇۋلۇق گۈلزار ئىدى،

ئەمدى بۇ تاغ باغىرلار غۇلى باياۋان ياخشى قال.
ھەر زامان تاغدا تاقلاپ ئويىنىغان ئاھۇر- كىيىك،
تاقلاغان ئاھۇر- كىيىك، ۋەھشى باياۋان ياخشى قال.

سايرار ئەردى باغلاردا بۇلبۇلى ئەفغان قىلىپ،
ئەمدى بۇ بۇلبۇل بىلەن گۈلى گۈلىستان ياخشى قال.

مۇنداق مىسرالار «ئۆز كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەردىن» ئايرىلىشنىڭ ئازابىنى چىن قەلبىدىن ھېس قىلالىغان ۋە شۇ ھېسسىيات ئالدىدا ئۆز يۇرتىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چوڭقۇر چۈشىنەلىگەن ۋە ئانا يۇرتىغا مەدھىيە ئوقۇش بۇرچىنى تونۇپ يەتكەن ئىنساننىڭ قەلبىدىن تۆكۈلىدۇ، ئەلۋەتتە.

شائىر كۆچمەستىن ئىلىدا قالغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبىنى ئۇنىڭ ئانا تۇپراققا بولغان مۇھەببىتى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر ئۆز ئەسىرىدە ئەينى زامانىدىكى ئىلى خەلقىنىڭ جاپالىق ئېغىر تۇرمۇشىنىمۇ ۋە ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئىخچام، تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرگەن:

كېيىنكى چاغبۇن، ئامبال لى بۇزۇپ بىلگەنىن ئەتتى،
رەئىيەتكە ستەم ئەيلەپ ئادالەتلەرنى تەرك ئەتتى.
بولۇپ بىچارە خەلق چاكار كىرىپ يۇرتدىن ئامراپ كەتتى،
ئۆيىدە ئولتۇرالماس ئەردى ھېچ ئادەم ئامان ئەمدى.
ئۆچاسىغا كىيىپ لىباسلار پارىيغا چارۇق،
تۆشۈك يۇرتۇق ئېگىن بىرلە تامام ئەزالىرى ئاچۇق.
ئۆيىدە ساتقالى ھېچ نەرسە يوق ئالغۇنچ بىر پۇللۇق،
خىجالەت بىرلە ئولتۇرغان ئىدى غەمدىن باشى مۇڭلۇق.
خىيال ئەيلەپ ئاسلىپ ئۆلمەكىم بۇ ئىش ئاسان ئەمدى.

يوقاتقان بۇ خالايىقنى سالىق بىرلە ھوسۇل ئاشلىق،
كى نامراتلار مۇنى تاپقۇنچ سوققان بەگلىرى باشلىق.

قوپۇپ ئۆيگە كەلگەن قايغۇ بىرلە كۆزلەرى ياشلىق،
سىيتىلغان بىل قارار بىرلە يەنە بولغانكى بەرداشلىق.
غەنىلەر خىزمەتكە باغلانغان بەل چاكران ئەمدى.

يۇقىرىقى مىسرالار ئەينى دەۋردىكى ئەلى خەلق ھاياتىنىڭ جانلىق كارتىنىسى. بۇنىڭدا جياڭجۇن، بەگلەرنىڭ يولسىزلىقى، ئارتۇق سېلىقنى كۆتۈرەلمىگەن دېھقانلارنىڭ خانۇەيرانلىقى، يەردىن ئايرىلىپ چاكار بولغانلىقى، ھەتتا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىلاجسىز قېلىپ «ئىپسىلىپ ئۆلۈشنى ئىختىيار» قىلغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

مانا بۇ، ئەلى دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرلۈشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ئىدى. لېكىن شائىر ئەلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تەپسىلىي تەسۋىرلىمەيدۇ، پەقەت «يەرلىك بىلەن تۇنگان پۇرسەت تېپىپ ئەلىنى بۇزغانلىقىنى» ، «ئارىسىدىن سۇلتان قىلغانلىقىنى» ، كېيىن «ئورۇسنىڭ يېغى بولغانلىقىنى» يان تەرەپتىن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئەينى زاماندىكى تارىخىي ۋەقەلەر، شۇنداقلا «كۆچ - كۆچ» پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر ئىدى. ئەسەردە ئەكس ئەتكەن بۇ رېئال ۋەقەلەر ئەسەرنى رومانتىك ھالەتتىن رېئالىزىمغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. شۇڭا «شەرھى شىكەستەنامە» نى «غازات دەرمۈلكى چىن» بىلەن بىر قاتاردا رېئالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر نەمۇنىلىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئەسەردە شائىر ھېسسىياتىنىڭ داۋالغۇپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ھالىتى، شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى بەزى زىددىيەتلىك ئەھۋاللار، چەكلىمىلىكلەرمۇ ئەكس ئەتكەن. بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەلى خەلقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىگە ۋە دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە باغلاپ ئىزاھلاشقا بولىدۇكى، ئۇنى ھەرگىز ئەسەرنىڭ نۇقسانى ياكى شائىرنىڭ سەۋەنلىكى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

بۇنداق چەكلىمىلىك ئەڭ ئاۋۋال شائىرنىڭ تەقدىرچىلىك قارىشىدا ئىپادىلىنىدۇ، شائىر ۋەقەلەرنى بىر خىل دىنىي پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ كۆزىتىدۇ، شۇڭا شائىرنىڭ ئىشلەتكەن ئاتالغۇلىرى بولسۇن، زىددىيەتلەرنى كۆزىتىشى بولسۇن، ئاشۇ دىنىي پەردە چەكلەپ تۇرغان

دائىرىدىن ئانچە ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئەسەردە «ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن پادىشاھ» دەيدىغان تەقدىرچىلىك قاراشمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن.

سەيد مۇھەممەدنىڭ «شەرھى شىكەستەنامە» دېگەن ئەسىرىدە ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى مۇھىم ۋەقەلەرنى ۋە خەلقنىڭ روھىي ھالىتىنى رېئال ۋە بىر قەدەر چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىللە، خەلقنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالايىئاپەتلەرنىڭ تۈپ يىلتىزى «تەقدىرى ئەزەلدىن» دېگەن قاراشنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇڭا كىشىلەر بېشىغا چۈشۈۋاتقان بالايىئاپەت، شىكەستىلىكتىن خالاس قىلىشنى خۇدادىن ئىلتىجا قىلىدۇ، شۇنداقلا «چارە تاپماي چۆل باياۋانغا كۆچكەن» قېرىنداش، بۇرادەرلىرىنىڭ «پەريادى-زارى، نالە ئەفغانىغا» چىن دىلىدىن ھېسداشلىق قىلىپ، پادىشاھتىن ئۇلارغا رەھىم - شەپقەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ «چىن تەۋەككۇل ئەيلەپ» ئىلىدا قالغانلار ئۈچۈن بولسا «خاقان چىننىڭ» ئىنساپ، تەۋپىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن كېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، دىنىي پەردە ۋە فېئودال تەبىقىچىلىك چەكلىمىسى ئىچىدە، شائىردىكى خەلقچىلىق ئىدىيىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلىنىشى. شائىردىكى بۇخىل ئىدىيىۋى ھالەتنى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئەقىدىسى ھەمدە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى «ئادىل پادىشاھ » ئەنئەنىۋى قارىشىنىڭ تەسىرى بىلەن چۈشەنسەك، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

سەيد مۇھەممەدنىڭ ئەسىرىدە يۇقىرىقىدەك ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئەھۋاللار مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن بولسىمۇ، ئەسەرنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىدىن قارىغاندا، ئەسەردە ئانا تۇپراققا بولغان مۇھەببەت يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەسەرنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى، بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كەڭ تۈردە يورۇتۇپ بېرىش بۇندىن كېيىنكى ئالدىمىزغا قويۇلغان تەتقىقات تېمىسىدۇر، ئەسەرنى بىرىنچى قېتىم تونۇشتۇرۇۋاتقىنىمىزدا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر قىسىم پاكىتلارغا ئاساسەن، سەيد مۇھەممەد موللابىلال نازىمى بىلەن بىر قاتاردا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىلىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەدەبىي ئەسەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىزگە قىممەتلىك تارىخىي مىراس قالدۇرغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ۋەتەنپەرۋەر شائىرلارنىڭ بىرى، دەپ ساناشقا ھەقلىقمىز.

ماقالىنىڭ دەسلىپىدە، ئەسەرنىڭ پانتۇسوۋ نەشر قىلدۇرغان قازان باسمىسى بىلەن لېنىنگراد قولىيازمىسى ئوتتۇرىسىدا خېلى زور پەرق بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. مۇشۇ جەھەتتە، ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا ئۇچراتقان بەزى مەسىلىلەرنى كىتابخانلارنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

بىرىنچىدىن، ئەسەرنىڭ لېنىنگراد نۇسخىسى دەسلەپكى ئورىگىناللارنىڭ بىرى بولۇپ، ھېچقانداق تەھرىرلەش، ئۆزگەرتىشنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن. پانتۇسوۋ نەشر قىلغان قازان باسما نۇسخىسى بولسا خېلى دەرىجىدە تەھرىرلەنگەن، قايتا ئىشلەنگەن، تولۇقلاندۇرۇلغان ئاخىرقى رېداكسىيىدىن ئىبارەت. ئىككىنچىدىن، بەزى مىسرالارنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بەدىئىي جەھەتتىن تەھرىرلەش دەپ قارالسىمۇ، بەزى مىسرالارنىڭ ئۆزگەرتىلىشىدە مەلۇم بىر سىياسىي خاھىشنىڭ بارلىقىنى كۆرستىپ ئۆتمەي تۇرالمايمىز. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شائىرنىڭ ئىلىدىن كەتمىگەنلىكى توغرىسىدىكى مىسرالارنىڭ باسما نۇسخىدا چۈشۈرۈپ قويۇلۇشى تاسادىپىي بولمىغىنىدەك، تۆۋەندىكى مىسرالارنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنىمۇ تاسادىپىي دەپ قارىمايمىز.

مەسىلەن، قولىيازمىدا:

«خۇدادىن ئۆزگە بىزگە باشلاغان رەھىنامە يوقتۇر» دېگەن مىسرا باسما نۇسخىدا:

«ئۇلۇغ ئاق پادىشادىن ئۆزگە بىزگە ھېچ ئاتا يوقتۇر»

دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

قولىيازمىدا:

«رەئىيەتكە قىلىپ شەپقەت يېتىمنى قىلمىدى شايان»

باسما نۇسخىدا:

«ئادالەتلىكدە يەتمەيدۇ بۇخانغا ئۇ چىنى خاقان»

قولىيازمىدا:

«بىزلەر قالدۇق جان ساقلاپ ئۆز پاناھىدا خۇدا ساقلار»

باسما نۇسخىدا:

«كى بىزلەر قايدا بولساق ئۆز پاناھىدا ئىگەم ساقلار»

يازما نۇسخىدا:

«ئىلە ئەھلى يوقالىپ ئۆزگەلەر تولغاي تىنىپ،
تۇرمىگەيلەر بىر كىشى يالغۇز بۇ يەردە قالىپ،
كەتكۈسى خەلقلەر بۇ تۇغقان يەردىن ئايرىلىپ»

دېگەن مىسرالار باسما نۇسخىدا:

«ئىسلام ئەھلى يوقالىپ كاپىرلەر تولغايلەر تىنىپ،
تۇرمىغايلار بىر كىشى زالىم بۇ كاپىرغا قالىپ،
خان خەتىگە يوق ئىشەنچ بۇزغاقچى دۆلەر كېلىپ»

دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇلار ئادەتتىكى تەھرىرلىك ئەمەس، بەلكى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا نۇقسان يەتكۈزۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قولىيازمىنىڭ ئاخىرقى بېتى يوقالغان دەپ ھېسابلايمىز، چۈنكى، بەت ئاخىرىدىكى «كەتتىلەر پەرزەنتلىرىم . . .» دېگەن مۇخەممەستىن كېيىن ئەسەر چورتلا ئۈزۈلۈپ قالغان. شائىرنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنغان، ئەسەرنى تاماملىغۇچى مۇخەممەسمۇ بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇبەت چۈشۈپ قالغان.

قولىيازما توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ھاسىل قىلغان بەزى پىكىرلىرىمىزنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەسەرنىڭ تېكىستى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ئىشىنىمىز.

پايدىلانغان مەنبەلەر:

① «شەرھى شىكەستەنامە». لېنىنگراد قولىيازمىسى.

www.uyghurkitap.com

② «شەرھى شىكەستەنامە» . س. مولالاۋۇتوۋ نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسى، «ئۇيغۇر ئاۋازى» ، 1997 - يىل، 7 - دېكابىر سانى.

③ ن. پانتۇسوۋ «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرى» ، 1909 - يىل، قازان.

④ ئا. نارىينباييۇ: «ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرى» (رۇسچە) ، قىرغىز ئېنسىكلوپېدىيىسىنىڭ باش رېداكسىيىسى نەشرى، بىشكەك، 1995 - يىل.

ئىزاھلار:

① قازان باسما نۇسخىسىدا 5 ۋاقىئەت، ئۇنىڭدا ئۈچىنچى ۋاقىئەت بىلەن تۆتىنچى ۋاقىئەت قوشۇۋېتىلگەن.

② «بۇ كىتاب بەتكە قويۇپ شەرھى شىكەستەنامە ئات،
تىڭلاغاي ئول دەرتمەنلەر قايداق ئادەم بولسا زات.»
(قازان باسما نۇسخىسىدىن)

③ تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەر ئەسەرنىڭ مىسرالىرى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەسەن ماموت

# قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ھۈنەر - سەنئەت

## ئىسمايىل تۆمۈرى

مەدەنىيەت ــ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئىبارەت. مەدەنىيەت - بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، ھەر بىرمىللەت مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتنى ياراتقان بولىدۇ. ھەر قايسى خەلق، ئەنە شۇ ھەر قايسى تارىخىي شارائىتلاردا ياراتقان مەدەنىيەت سەمەرىلىرى بىلەن ئۆز تارىخىنى بېزىگەندىلا، ئاندىن ئۇ خەلق «بۈيۈك تارىخ» ياراتقان مىللەت بولۇشقا مۇناسىپ بولالايدۇ. مۇئەييەنكى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمكى مەملىكەت، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىگە ئۇلۇغ مىللەت سانىلىشى - يۇقىرىقى تەبىرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

جۇڭخۇا ئېلىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى كەڭ تېررىتورىيىلىك ، كۆپ مىللەتلىك بۇ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا يارىتىلغان. رەڭدار مەدەنىيەت گۈلزارلىقىمىزدا ھەممە مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس گۈل - چېچەكلىرى خۇشپۇراق چېچىپ تۇرماقتا. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان يېتىشتۈرگەن مەدەنىيەت گۈللىرى ئەشۇ باغچىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تارىختىن بۇيان ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكىدەك خاسىيەتلىك تەرەققىيات دەۋرىگە ئېرىشكەن

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، ھالبۇكى، بۇگۈنكى تەرەققىياتنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى ئۆتمۈشتۇر. ۋ. ئى. لېنىن: «پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيەت ، پومېشچىكلار جەمئىيىتى ۋە بيۇروكراتلار جەمئىيىتىنىڭ جەبىر - زۇلۇمى ئاستىدا ياراتقان بارلىق بىلىملىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇشى كېرەك» ① دېگەنىدى. دېمەك، بۈگۈنكى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۆتمۈش جەريانىنى پۇختا ئىگىلەش زۆرۈر. ۋەھالەنكى، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچلاردىكى گۈللەنگەن ئىزنالىرى ھەققىدە، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھازىرغىچە سىستېمىلىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى. ئىسلاھات دەۋرىنىڭ تەقەززاسى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى تارىخىي زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدىغان قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (تەخمىنەن 850 ـ 1250 ـ يىللار) دىكى مەدەنىيىتى، بۈگۈنكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزنىڭ مەنبەسىنى چۈشىنىشتە ۋە ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈشتە مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرەر رايون، مەلۇم مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش، يۈقىرى ئۆرلەش، ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم ھالەتتە تۇرۇش، تېز ئۆزگىرىش، داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇرۇش. . . . . قاتارلىق باسقۇچ ـ جەريانلارنىڭ بىسىپ ئۆتىدۇ. تۇرپان رايونىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىمۇ بۇ جەرياندىن مۇستەسنا ئەمەس.

مىلادى 850 - يىللار ئەتراپىدا ئۇرقۇن ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت مەركىزىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكەپ، گەنجۇ، قوجو ۋە قاراخانىيلاردىن ئىبارەت ئۈچ پاراللېل خانلىقنى

قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىككى چوڭ دىن (بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى) نىڭ تەسىرىدە ئىككى چوڭ مەدەنىيەت ئۇچىقى بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا يېڭى، شانلىق سەھىپە ئېچىلدى. مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ مىسلىسىز گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا كەلدى. بۇنداق مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى — قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى ئىدىقۇت (قۇجۇ) شەھىرى ئىدى.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەخمىنەن 400 يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ دەۋردە يارىتىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا يېڭى بىر شانلىق سەھىپە ئاچقان.

ئۇيغۇرلار قۇجۇدا سىياسىي جەھەتتە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشى تېزلەشتى. بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى تىل جەھەتتە ئىدى. ئۇزۇن مەزگىللىك ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر تىلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىپ قۇدرەت تېپىشىدىكى توسالغۇلاردىن بىرى تۈگىتىلىپ، كۆچەيگەن بىر مىللەت بولۇپ يېتىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

ئۇيغۇرلار قۇجۇدا ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاكى چىڭگىزخان ئىستېلاسىغىچە بولغان 400 يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي تاپقان، مەدەنىيەت جەھەتتىن گۈللەنگەن، قۇدرەتلىك مۇستەقىل بىر خانلىق بولۇپ دەۋر سۈردى. بۇ خانلىق ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەلىرى بويىچە ئۆز دەۋرىدە قوشنا ئەللەردىن پەرقلىق بولغان تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلىگەن. چۈنكى، ئىدىقۇت شەھىرى ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردىلا ئوتتۇرا تۈلەڭلىك بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان مۇھىم ئۆتكەل بولغانلىقى، شۇنداقلا غەرب بىلەن شەرق مەدەنىيىتى ئۇچراشقان تۈگۈن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرقۇن بويىدىكى بىر قىسمى كۆچۈپ بۇ ئورۇنغا ماكانلاشقاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى

www.uyghurkitap.com

پايدىلىق بولغان تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىك بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكى ئەللەر مەدەنىيىتىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئۆز دەۋرىگە خاس مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. بۇنىڭ ئىپادىسى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە كونكرېت نامايان بولدى.

بۇ ماقالىدە ئەنە شۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ھۈنەر - سەنئەت ھەققىدە بىرقانچە نۇقتا بويىچە بايان ئېلىپ بارىمىز.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە باغۋەنچىلىك ۋە سودا ئىشلىرىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى، شۇنىڭدەك ھۈنەر - سەنئەت ئىشلىرىمۇ ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ ھالدا راۋاجلانغانىدى.

دۇنخۇاڭ ئېگىز قۇم مىڭئۆيى، ئىدىقۇت بېزەكلىك مىڭئۆيى ۋە كۇچا رايونىدىكى تاش كېمىر - مىڭئۆيلەردىكى رەسىملەردە مىلادىيە IV ئەسىردىن XIV ئەسىرگىچە بولغان جەرياندىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئىزنالىرى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئېتىدۇ، شۇنداقلا مۇشۇ ئورۇنلاردىكى خارابىلىقلاردىن تېپىلغان ئاسارئەتىقىلەر، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارمۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەدەنىيەت ئەھۋاللىرىنى، جۈملىدىن ھۈنەر - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىزگە مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرىدۇ.

يۇقىرىقى ئورۇنلاردىكى تام رەسىملىرىدە، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەگرى سوقا(تۆمۈر چىشلىق)، تىرنا قاتارلىق سايمانلار رەسىملىرى؛ تۈگمەن، ياغۇنچاق، پۇت سوقىسى قاتارلىق ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدىغان قورال - سايمانلار؛ ئوۋچىلىق، مال بېقىش، ئۆردەك بېقىش، بېلىق تۇتۇش، مال سويۇش، كالا سېغىشتەك چارۋىچىلىققا دائىر پائالىيەتلەر؛ تۈرلۈك شىپاڭ - راۋاق، ساراي، مۇنار، قورۇ - جاي، شەھەر - قەلئە ۋە كۆۋرۈكلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى؛ پادىشاھ ۋە خانشلار ئولتۇرىدىغان تۆت ئاتلىق ھارۋىلار، دېھقانچىلىقتا

ئىشلىتىلىدىغان تۆگە، ئۆكۈز هارۋىلىرى ۋە يۈك، جەڭ هارۋىلىرى رەسىملىرى؛ ئەمچىلىككە دائىر تەسۋىلەر، جەڭدە ئىشلىتىلىدىغان قورال- ياراغ رەسىملىرى؛ قارىلىق، پالتا، هەرە، قايچا، سىزغۇچ، سېركۇل قاتارلىق سايمانلار ۋە هاراق ئېچىتىش هەم تۆمۈر ئېرىتىش كۆرۈنۈشلىرى سىزىلغان.

بىز يۇقىرىقىدەك رەسىملەرنىڭ مەزمۇنىدىن ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، يازما يادىكارلىقلار هەم خارابە ئىزلىرىدىن (مەسىلەن، بىناكارلىق، رۇدا ئېرىتىش ئورۇنلىرى خارابىلىقلىرىدىن) ئىدىقۇت دەۋرىدىكى هۈنەر - سەنئەت ئەهۋاللىرىنى قىسقىچە بايان قىلىش ئىمكانىيىتىنى تاپىمىز.

## 1. بىناكارلىق

ئۇيغۇرلار خېلى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىلا شەهەر- قەلئە تۇرمۇشىنى، يەنى ئولتۇراق ئۆيلەردە دائىملىق مۇقىم ئولتۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىشنى باشلىغان. كۆچمەن تۇرمۇش ئادىتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ هاياتىدا مۇئەييەن بىر دەۋرنى هاسىل قىلغان. ئىدىقۇت، يارغول، بېشبالىق، جانبالىق، سۇلمى (ئاگىنى ـ قارا شەهەر)، ئۈۋرغول، كۇسەن، قارابالغاسۇن قاتارلىق شەهەر - قەلئەلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرى ئولتۇراق هاياتتا ياشىغان بولسا، ئۇرقۇن - يېنىسەي بويلىرىدا ياشىغانلىرىنىڭ بىر قىسمى كۆچمەن هايات شەكلىدە ياشىغان. دېمەك، قىر - يايلاق، دەريا- تاغلارغا تايىنىپ هايات كەچۈرگەن ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبلىرى چېدىرلىق كۆچمەن هاياتنى ئۆتكۈزگەن بولسا، تۇزلەڭ ۋادىلاردا، يەنى دېهقانچىلىق رايونلىرىدا ياشىغانلىرى دائىملىق مۇقىم ئولتۇراق هاياتتا تىرىكچىلىك قىلغان. مۇشۇنداق ئەهۋالدا، قوجو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ هالدا تەرەققىي قىلدى.

قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەققىياتى، ئاساسەن، شەھەر ـ قەلئە، ئىبادەتخانا، بۇددا مۇنارلىرى، ئولتۇراق ئۆيلەردە كۆرۈلىدۇ.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ تاكى گەنسۇنىڭ يۇنچاڭ دېگەن يېرىگە ئاخىرقى خانزادىلەر ئوردىنى يۆتكەپ كەتكەنگە قەدەر، ئىدىقۇت (قوچو) شەھىرى، بېشبالىق شەھىرى، كۈچا (ئىلىك خانلىق مەرتىۋىسىدە)، ئاستانە، قومۇل شەھىرى قاتارلىق جايلار خانلىقنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنكى پايتەخت شەھەرلىرى قىلىنغان. مانا مۇشۇ جەريانلاردا، قوچو خانلىرى ئەسلىدىكى شەھەر ـ قەلئەلىرىنى ئۆز ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن كېڭەيتكەن ياكى سېپىللىرىنى ئېگىزلەتكەن.

شەھەر ـ قەلئە سېپىللىرى كۆنگۈرىلىك ئىدى. سېپىللارنىڭ ئۈستى كەڭ بولۇپ، ئادەملەر ئۈستىدە بىمالال ھەرىكەت قىلالايتتى. سېپىل ئۈستىدە قاراۋۇلخانىلار، قورال ـ ياراغ ئامبارلىرى بولاتتى. سېپىل سوقما تېمىدا يۇقىرىغا شوتا بىلەن چىقىدىغان تۆشۈكلەر بولاتتى. شەھەر سېپىلىنىڭ قوۋۇقى تۆت تەرەپكە ئېچىلغان (يارغولدا پەقەت ئىككىلا قوۋۇق بولۇپ، بىرى جەنۇبىي قوۋۇق، يەنە بىرى شەرقىي قوۋۇق) بولۇپ، شەھەر ئىچكى قەلئە ۋە تاشقى قەلئە دەپ ئايرىلاتتى. ئىچكى قەلئەدە خان- پادىشاھلار، ۋەزىر ـ ئۆلچىلار، سەركەردىلەر تۇراتتى، تاشقى قەلئەدە ئىبادەتخانىلار، بازار ـ رەستىلەر، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەر، پۇقرالار ئورۇنلاشقانىدى.

شەھەر ـ قەلئەلەر ھەر جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، مۇۋاپىق ئورۇنغا ئېگىز سېپىللىك قىلىپ ياسىلاتتى. غەربىي يۇرت (ھازىرقى شىنجاڭ) تا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا 36 بەگلىك بولۇپ، بۇلار شەھەر ـ قەلئە دۆلەتلىرى ئىدى. شەھەر ـ قەلئە قۇرۇلۇشلىرى ئەنە شۇ قەدىمكى ئەنئەنە بويىچە سېلىناتتى. قوچو خانلىقى دەۋرىدىكى شەھەر ـ قەلئە قۇرۇلۇشىدا قەدىمكىگە نىسبەتەن ئانچە زور پەرق كۆرۈلمەيتتى. پەرق بار دېيىلسە، شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ چوڭايتىپ ياسالغانلىقى، شەھەر ئىچىدە ئىبادەتخانا ۋە بۇددا مۇنارلىرىنىڭ ياسالغانلىقى ھەم شەھەرنىڭ ئىچكى ـ تاشقى قىلىپ ئايرىلغانلىقىنىلا كۆرسىتىش مۇمكىن.

شۇنى ئالاھىدە ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار تارىخىدا، مەدەنىيەت تازا گۈللەنگەن X - XII ئەسىرلەر داۋامىدا، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدە ئىككى خىل ئوخشىمايدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى: قاراخانىيلار دۆلىتىدە مەسچىتلەر، مەقبەرىلەر گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان بولسا، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دۆلىتىدە بىر نەچچە قەۋەت قىلىپ ياسالغان ئېگىز مۇنارلار بولغانىدى.

ئادەتتىكى تۇرالغۇ ئۆي - قورۇلار سىرتتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئاساسەن ئوخشاش كۆرۈنەتتى، ئەمما قورۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆي - بۆلمىلەرنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ شەھەرلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنەتتى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئاياللارغا ئاتاپ سېلىنغان ئىچكى ھويلىلار ۋە ئۆيلەر بولسا (ھالىلىقراق ئائىلىلەردە)، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار زېمىنىدا بۇ خىلدا ئۆي ھازىرلاش يوق ئىدى. چۈنكى، بۇددا دىنى ھۆكۈم سۈرگەن زېمىندىكى ئۇيغۇزلار جەمئىيىتىدە ئاياللار ئەركىن ھېسابلىناتتى ۋە ئاياللار كوچىدىن تولۇق پايدىلىناتتى.

شەھەر - قەلئەلەر ئېگىز - ئېگىز سېپىللار بىلەن قورۇقلانغاندىن سىرت، ئىبادەتخانىلار ۋە ھويلا، قورۇ - جايلارمۇ سوقما تام ياكى خىش-كېسەكلىك تاملار بىلەن قورۇقلىناتتى. قوجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ھالىلىقراق ئادەملەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى چوڭراق قورۇلۇق ئۆيلەر بولۇپ، كۆپىنچە بالىخانىلىق، ئىككى قەۋەتلىك، پەنجىرىلىك قىلىپ سېلىناتتى. ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى 2 ـ 3 ئېغىز بولاتتى. ھويلىلىرىدا گۈل-گىياھ، ئۈزۈم تاللىرى ئۆستۈرۈلەتتى، تاملار ھاكلىنىپ ياكى گەجلىنىپ ئاقارتىلاتتى، ئۆيلەردە تۈڭلۈك ئېچىلاتتى. پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرى ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنلا پەگاھ. ئۈستى يېرىم بالىخانىلىق- لاپاسلىق قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يەرگە بۆشۈك، ئوغاق، سېۋەت قاتارلىق تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسە - كېرەكلەر قويۇلاتتى، بۇنى يەرلىك خەلق «بىجىك» دەپ ئاتايتتى. ھويلا ئىچىدە يەر ئاستىغا چوڭقۇرلاپ قېزىلغان گەمىلەر بولۇپ، يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە كۈندۈزكى ئارام ئېلىشلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پايدىلىناتتى. ئۆي تېمىنىڭ مەلۇم بىر تېمى قېلىن ياسىلىپ، ئوتتۇرىسى كاۋاك قويۇلاتتى ۋە ئۈستۈنكى تەرىپىدىن تۆشۈك قويۇلۇپ، تامنىڭ كاۋىكىغا بۇغداي، قوناق ئاشلىقلار قويۇلاتتى. كېيىن ئىشلىتىش توغرا كەلگەندە، تۆۋەن تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، ئاشلىق ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ چۈشەتتى. بۇنى يەرلىك خەلق «ئويۇق سالىڭ» دەپ ئاتايتتى. بۇ خىل ئۇسۇل ئاشلىقنى قۇرغاق ساقلاشتا، يىغىلىقتا ئاچارچىلىقتا قالماسلىقتا، چاشقانلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن ۋە ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىشتا ئەپچىل چارە ئىدى.

كېمىر ئۆيلەر ئىدىقۇت بىناكارلىقىدىكى بىر خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ماتېرىيالى پەقەت توپا - لاي، كېسەك بىلەنلا (ئىشىك - دېرىزىگە قىسمەن ياغاچ ئىشلەتكەندىن سىرت) پۈتىدۇ. ئۆينىڭ تېمى بىر پېرىم مېتىر ئەتراپىدا قوپۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈستى ياي شەكلىدە ئەگمە قىلىپ ياسىلىدۇ. بۇنداق ئۆيلەر مۇستەھكەم بولۇپ، يازلىقى سالقىن، قىشلىقى ئىسسىق بولىدۇ. ماتېرىيالى ئاددىي، لايىھىلەش ئاسان، ھۈنەر-سەنئىتى مۇرەككەپ ئەمەس. ئۆينىڭ پۈتۈش تەننەرخى تۆۋەن، ماتېرىيالى ئۆز جايىدىنلا ئېلىنىدىغان بولۇپ، پۇقرالارغا تازا باپ كېلىدۇ.

ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ تاملىرىدا نۇرغۇن ئويۇق - تەكچىلەر بولاتتى. ئۇلارنىڭ مۇناسىپ كەلگەنلىرىگە بۇت قويۇلاتتى. بەزىلىرىگە كىتاب - نوملار، بەزىلىرىگە قاچا - قۇچا ۋە ئۆيگە كېرەكلىك ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەر قويۇلاتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، قوچو خانلىقىدىكى ئاساسلىق شەھەرلەر، مەسىلەن، ئۆرغول (قومۇل)، ئىدىقۇت (قوچو)، كۈسەن (كۇچا) قاتارلىق جايلار «يىپەك يولى» تۈگۈنلىرىدىن بولغاچقا، غەرب بىلەن شەرق، شىمال بىلەن جەنۇب ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان كارۋانلار ئۈچۈن چوڭ - چوڭ كارۋان سارايلىرى، دەڭ - ئۆتەڭلەر بولاتتى. بۇنداق كارۋان سارايلىرى چوڭ دەرۋازىلىق بولۇپ، ھويلا ئىچى بەكمۇ چوڭ بولاتتى. بىر تەرىپىدە ياتاق، تاماقخانا، بىر تەرىپىدە ئامبار - قازناقلار بولاتتى. مۇناسىپ ئورۇندا ئاتخانىلار ۋە ھارۋا توختايدىغان ئورۇنلار بولاتتى.

قوجو رايونى ئەزەلدىنلا يامغۇر - يېشىن ئاز رايون بولغاچقا، ئۆي-سارايلارنىڭ ئۆگزىلىرى كۆپىنچە تۈز بولاتتى. بۇ، شۇ رايونغا خاس بىناكارلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. مۇنارلار كۆپىنچە ھىندىستان ئۇسلۇبىدا سېلىناتتى. ھەشەمەتلىك داچىلارنىڭ ئۆگزىلىرى بىلىق سىرتىدىمۇ ياسىلاتتى. دېمەك، شەھەر - قەلئە، ئىبادەتخانا، بېزەكلىك غارلار، ساراي - ئۆتەڭلەر، ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ مىمارچىلىقىدا يەرلىك ئالاھىدىلىك، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ھىندىستان، قەندىھار ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى زاھىر بولغانىدى.

## 2 . رەسساملىق

قوجو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن خېلى بىر مەزگىل ئۆتۈپ، بۇددا دىنى بۇ خانلىقتا دۆلەت دىنى مەۋقەيىگە كۆتۈرۈلدى (دەسلەپ مانى دىنى ئاساسىي ئورۇندا ئىدى. چۈنكى ئۇرقۇندىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىلىرى — كېيىنكى قوجو خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىنى تەشكىل قىلغۇچىلار مانى دىنىنى خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئاساسىي ئورۇندا قويۇپ كەلگەن - ئا) . بۇ زېمىندا ئەسلىدىلا خېلى پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغان بۇددا دىنى مەدەنىيىتى بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ گۈللىنىش باسقۇچىغا يۈزلەندى. بۇنداق گۈللىنىش قوجو خانلىقى دەۋرىدە ئىبادەتخانىلارنىڭ كۆپلەپ ياسىلىشى، بۇددا مۇنارلىرىنىڭ قۇرۇلۇشلىرى، بۇددا مىڭئۆيلىرىنىڭ كۆپەيتىلىشى، غار - كېمىرلەرنى تېخىمۇ كۆركەم بېزەش يۈزىسىدىن بۇت - ھەيكەل ياساش تېخنىكىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە رەسساملىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى جەھەتلەردە مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتەكەندى.

رەسساملىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئاساسەن، دىنىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بولغانىدى. چۈنكى، بۇددا دىنىنىڭ تەرىقەت - تەلىماتلىرىنى، ئەركانلىرىنى، قائىدە - پرىنسىپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چوڭقۇرلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن، ھىندىستان خەلقى ئىچىدە خېلى ئىلگىرىلا ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك رىۋايەت، چۆچەكلەر بارلىققا كەلگەنىدى، شۇنىڭدەك بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇشمۇ دىندارلارنىڭ ئۆز ساداقىتىنى ئىپادىلەشنىڭ بىر ۋاستىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇددا دىنىدا ئۆتكەن زامان بۇددالىرى، ھازىرقى زامان بۇددالىرى ۋە كەلگۈسى زامان بۇددالىرى بولۇپ، ھەر زاماندا مىڭدىن جەمئىي ئۈچ مىڭ بۇددا بولاتتى. مانا شۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى تەرغىپ قىلىشمۇ بۇددا دىنىنىڭ بىر ئەقىدىسى ھېسابلىناتتى. يەنە، ساكيامۇنىنىڭ جېنى ھەر خىل ئادەم، دەل - دەرەخ ۋە قۇش - پەرەندىلەرنىڭ تېنىدا دەپ تەسەۋۋۇر قىلىناتتى. ساكيامۇنى ھەر قېتىم دۇنياغا تۆرەلگىنىدە، ئۇ ئەنە شۇ ئادەم ۋە نەرسىلەر سىياقىدا تۆرىلەتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، بۇددا دىنى تەسەۋۋۇرىدىكى دوزاخ ۋە ئالۋاستىلار ھەققىدىكى توقۇلمىلارنى ئېتىقادچىلارنىڭ روھىغا سىڭدۈرۈش قاتارلىق دىنىي تەرغىبات ئېھتىياجىدىن، قىسمەن دىندارلار ئۆزىگە رەسساملىق يولىنى ئەڭ مۇۋاپىق دەپ ھېسابلاپ، غار - كېمىر ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى يۇقىرىقى مەزمۇنلار بىلەن رەسساملىق سەنئىتىگە تايىنىپ كۆركەملەشتۈرگەنىدى.

بۇددا دىنى ئېھتىياجىدىن تەرەققىي قىلغان رەسساملىق سەنئىتى ئاساسەن بېزەكلىك غارلىرىدا ئەكس ئېتىدۇ. رەسساملار ئىدىقۇت دەۋرىدە بۇددالار ئوبرازىنى، بۇددا دىنىغا ئائىت رىۋايەت، چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنىنى رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەشتە، پورترېت تەسۋىرى، شەكىل يارىتىش، نەقىش تۈزەش، رەڭ بېرىش، بوياش جەھەتلەردە بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەن.

رەسساملار جىلغىلارغا رەسىم سىزغاندا، ئالدى بىلەن گەجنىڭ ئۈستىگە قىزىل بوياق بىلەن شەكلىنى ئاددىي قىلىپ سىزىۋالغان، ئاددىي نۇسخىنى سىزىپ بولۇپلا بىر قەۋەت يېرىم سۈزۈك كۆك بوياقنى بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن رەسىمنىڭ ئىزنىسى كۆك بوياق ئۈستىدىن غۇۋا كۆرۈنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يېرىم سۈزۈك يېشىل رەڭ ئۈستىگە قارا ياكى قوڭۇر

رەڭ بىلەن بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ سىزىپ چىققان①.

كۆسەن رەسساملىرى تام رەسىملىرىنى سىزىش جەريانىنىڭ دەسلەپكى شەكىل ئېلىش باسقۇچىدا، بوياقچا چىلانغان ئىنچىكە تاننى چىڭ تارتىپ تۇرۇپ بارمىقى بىلەن چېكىش°ئارقىلىق، نەقىش ۋە ئاساسىي رەسىملەرنىڭ ئورنىنى بەلگىلىۋېلىپ، ئاندىن تۈجۈپىلەپ سىزىپ، رەڭ بەرگەن. ئەمما بۇ خىل شەكىل ئېلىش ئۇسۇلىنى پەقەت غار ئىچىدىكى تىك تاملارغىلا ئىشلىتىشكە بولغان. غار ئۈستى، بولۇپمۇ ئەگمىلەر ۋە گۈمبەزلەرنىڭ ئۈستىدىكى قۇراقسىمان تورۇسلارغا بىۋاستە سىزىش توغرا كەلگەن. ئاق تامغا نۇسخا بېسىشتىن ئىبارەت يەنە بىر خىل ئۇسۇلمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاۋۋال چىڭ كېرىلگەن بۆغا ياكى قوي تېرىسىگە رەسىم شەكلىنى سىزىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى تامغا بېسىپ، تامغا چۈشكەن ئىزنانى ئىنچىكىلەپ سىزىپ چىققان②.

رەسساملار كۆپىنچە ئىككى - ئۈچى بىرلىكتە مەشغۇلات ئېلىپ بارغان. بىرەيلەن تەگ رەڭنى (تامغا ياكى گەجلەنگەن ئورۇنغا تۇنجى بوياقنى) بەرگەن، يەنە بىرەيلەن رەسىم ۋە نەقىشلەرنىڭ شەكلىنى سىزغان، يەنە بىرەيلەن بولسا ئۇنىڭغا قويۇق رەڭ بەرگەن. ئاسانراق ئورۇنلارغا ياكى ئاددىيراق كۆرۈنۈشلەرنى يالغۇز رەسساملارمۇ سىزغان.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان غارلاردىكى رەسىملەردە غەربىي يۇرت بۇددا سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە، شۇنىڭدەك ھىندىستانچە ئۇسلۇبقا ۋارىسلىق قىلىنغان بولسا، ئىدىقۇت دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان غار - بېزەك ئۆيلەردىكى رەسىملەردە، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇددساتۋالارنىڭ پروتوتىپلىرى ئاساسەن يەرلىك خەلق ئىچىدىن ئېلىنغان.

تۇرپاننىڭ مۇرتۇق غولىدىكى بېزەكلىك، پىچاننىڭ تۇيۇق، كۇچانىڭ قۇمتۇر مىڭئۆيى، باينىڭ قىزىل مىڭئۆيى غارلىرىدا قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت تام رەسىملىرى قىسمەن ساقلىنىپ قالغان. بۇ تام رەسىملىرى مەلۇم دەرىجىدە ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوجو ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا بەزى غار - كېمىرلەردىكى رەسىملەردە قىسمەن ھالدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇسلۇبىمۇ ئەكس ئەتكەن. بەزى رەسىملەرنىڭ يېنىغا قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىق بىلەن بىرگە، خەنزۇچە يېزىقتا يېزىلغان خەتلەرمۇ نەقىشلىك قىلىپ يېزىلغان.

## 3 . ھەيكەلتىراشلىق

بۇددا دىنى تەرغىباتىدا بۇددىغا ھۆرمەت قىلىش، بۇددا نوملىرىغا ھۆرمەت قىلىش، بۇددا راھىبلىرىغا ھۆرمەت قىلىشتەك دىنىي قائىدە بار ئىدى (بۇ قائىدە سانسكرىتچە: ناموبۇت، نامودارم، ناموساڭ دېيىلىدۇ). مۇشۇ تۆپ مەزمۇن ئېتىبارىدىن، بۇددىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن بۇددا سىمۋولى بولغان مۇنار تۇرغۇزۇش، بۇددا رەسىملىرىنى كۆركەم سىزىش ۋە بۇت ـ ھەيكەللەرنى ياساش ـ بېزەش ئىشلىرى؛ نومغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن نوملارنى تەرجىمە قىلىش، كۆچۈرۈش، كۆپەيتىپ تارقىتىش ۋە ساقلاش ئىشلىرى؛ بۇددا راھىبلىرىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش - ئىززەتلەش، نوم تەپسىرلىشىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاش، تۇرالغۇ جايلىرىنى زىننەتلەش، رېمونت قىلىش، ئىبادەتخانىلارغا، راھىبلارغا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى خەلق تەرىپىدىن تەمىنات، سەدىقە، ئېھسان - ئىئانە بېرىش ئىشلىرى ئەۋج ئالغانىدى. بۇنداق ئىشلار بەزىدە ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن پەرمان ـ بۇيرۇق بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى ياكى ئىمكانىيەت - شارائىت يارىتىپ بېرىلەتتى، بەزىدە پۇقرالار تەرىپىدىن خالىسانە ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇددىغا ھۆرمەت قىلىش بۇددا دىنىدا ئالاھىدە قارىلىدىغان ئىش بولۇپ، بۇنىڭ مەركىزىدە ھەر خىل بۇتلارنى ياساپ ـ بېزەش مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان قوجو ئۇيغۇرلىرى ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ

1 ـ كۈندىن 15 ـ كۈنگىچە بۇت سەيلىسى ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق پائالىيەت قۇجۇ خانلىقى تەۋەسىدە ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ۋە كۈسەندە ناھايىتى داغدۇغىلىق بولاتتى. بۇ خىل پائالىيەتكە خاندىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە ھەممىسى بىردەك ئىشتىراك قىلاتتى. ھەر بىر چوڭ ئىبادەتخانىلار ۋە بۇددىستلار كۆپرەك يىغىلغان ئورۇنلاردىن بۇت سەيلىسىگە ئاتاپ ھەشەمەتلىك بۇتلار ياسىلىپ، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن بېزىلىپ، چوڭ ھارۋىلارغا سېلىنغان ھالدا بۇتخانا ـ ئىبادەتخانىلاردىن شەھەرگە (بازار ـ رەستىلەرگە) ئېلىپ چىقىلىپ مۇراسىم قايىنىمى ئەۋجىگە يەتكۈزۈلەتتى. مۇراسىم تۈگىگەندە، ھەر قايسى بۇتلار ئۆز تەۋەلىكىگە ياندۇرۇپ كېلىنەتتى.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىبادەتخانىلاردا ساكيامۇنى ۋە مايترىنىڭ ھەيكەللىرى مۇناسىپ ئورۇنلارغا قويۇلاتتى. ئىبتىكاپخانىلاردا ساكيامۇنىنىڭ نىرۋاناغا يەتكەن ھالىتىدىكى ئۈچ مېتىردىن ئۇزۇنراق بولغان ھەيكىلى تىنچ ياتقان ھالەتتە قاتۇرۇلغان، يەنە ئايرىم تەكچىلەرگە بۇدساتۋالارنىڭ ئىستىقامەتتە ئولتۇرغان ھالەتتىكى ھەيكەللىرى قويۇلاتتى. ھەر قايسى ئۆيلەردىمۇ مۇناسىپ ئورۇنلارغا مىستىن، لايدىن ياسىلىپ ئالتۇن يالتىلغان بۇت ـ ھەيكەللەر قويۇلاتتى.

يەنە ھەر خىل مۇئەككەللەر، پالۋانلار، ئالۋاستىلارنىڭ ھەيكەللىرىمۇ (بۇنداق ھەيكەللەر كۆپىنچە كىچىك قورچاق شەكلىدە ياغاچتىن ياكى لايدىن ياسىلاتتى) مۇناسىپ ئورۇنلاردا ساقلىناتتى.

ھەيكەلتىراشلىقتا، بولۇپمۇ ساكيامۇنى، مىڭ بۇددا ھەيكەللىرى، مايترى ھەيكىلى(مايترى ـ كەلگۈسى زاماندا دۇنياغا كېلىدىغان بۇددا ئەۋلىياسى) ، ھەر خىل تەڭرىلەر ھەيكەللىرىنىڭ چوڭلىرى بىر نەچچە جاڭ ئېگىزلىكتە، كىچىكلىرى قورچاق شەكلىدە ياسىلاتتى. ھەيكەللەرنىڭ ماڭلىيى كەڭ، قۇلاقلىرى يوغان، بەدەنلىرى بېجىرىم، چىرايلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ھالەتتە ئوبرازلاشتۇرۇلاتتى. بەزى يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇجۇدا خانلىق تەرىپىدىن ئايرىم ئورۇنلاردا مەخسۇس ھەيكەل ياساش كارخانىلىرىمۇ قۇرۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گەرچە، ھەيكەلتىراشلىق ئۇيغۇر بۇددىستلىرىغا ھىندىستاندىن، قەندىھاردىن ھەم ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولسىمۇ، يەرلىك ئۇستىلارنىڭ چىۋەر قولىدىن يەرلىك پۇراق، مىللىي ھېسسىيات قوشۇلۇش نەتىجىسىدە ئورگىنالىققا ئىگە قىلىنىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ رەڭدارلىقىغا تۆھپە بولۇپ قوشۇلغانىدى.

## 4 . نەققاشلىق سەنئىتى

ئۇيغۇر خەلقى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە، مەدەنىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە، ئۆز دەۋرىگە خاس پارلاق نەتىجىلەرنى ياراتقانىدى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە يېڭىلىق قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، نەققاشلىق سەنئىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلغانىدى.

ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل بەدىئىي سەنئەت شەكلى، ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى، مۇزىكا سەنئىتى قاتارىدا مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، قوچۇ ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ، رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان.

نەققاشلىق سەنئىتى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە تاۋار ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ بىزەك ئېھتىياجى بولۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن، ئىستېمال تاۋارلىرىنى ئۆزىگە ئوبيېكت قىلغان ھەم بىر - بىرىنى كۈچلۈك شەرت قىلغان. نەققاشلىق سەنئىتى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسى، ئىستېمال تاۋار ئېھتىياجىنىڭ ئۆرلەپ بېرىشى، ئىجتىمائىي تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇلغىيىشى، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئۆسۈشى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، قوپاللىقتىن سىپتىلىككە، مەزمۇن جەھەتتىن كەڭرىلىككە ۋە كۆپ خىل مەزمۇنغا قاراپ تەرەققىي قىلغان.

قوجو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ خانلىقنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرى تېزدىن گۈللىنىشكە باشلىدى. سودا - تاۋار رىقابىتى كۈنسېرى كۈچەيدى. شەھەر - قەلئە، ئوردا - سارايلارنى كېڭەيتىش ياكى يېڭىدىن قۇرۇش، توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ كېڭىيىشى، زىبۇزىننەت، كىيىم-كېچەك، قورال - ياراغ، جابدۇق - سايمانلارنىڭ تاۋار سۈپىتىدە كۆپلەپ سىرتقا يۆتكەپ سېتىلىشى، بۇددا مىڭئۆيلىرىنى بېزەش ئېھتىياجى قاتارلىقلار سەۋەبلىك، ھۈنەر - سەنئەت نەققاشلىقى تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان.

بۇددا مىڭئۆيلىرىنىڭ تاملىرىغا ئىشلەنگەن نەقىش ئۆرنەكلىرىنىڭلا تۈرى 30 خىلدىن ئاشىدۇ③. دېمەك، ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى ئۆزىنىڭ كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكى، مول مەزمۇنى، گۈزەل، نەپىسلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن تۇرمۇش ۋە يەرلىك قول سانائىتىنىڭ بارلىق قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرگەن.

ئۇۋرغول (قۇمۇل)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، كۇسەن (كۇچا)، ئاگنى (قاراشەھەر)، بېشبالىق (جىمسار) قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملارغا ئاساسلانغاندا، ئىدىقۇت دەۋرىدە قوللىنىلغان نەققاشلىق سەنئىتىنىڭ تۈرلىرىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن:

1) بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى؛
2) گىلەمچىلىك ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى؛
3) يەرلىك باسما بوياقچىلىق ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى؛
4) دوپپا، تۇماق ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى؛
5) كىيىم - كېچەك، كەشتىچىلىك ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى؛
6) كىگىز - پالاس ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى؛
7) ياغاچ، ئويمىچىلىق ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى؛
8) زەرگەرلىك، زىبۇزىننەت ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى؛
9) خۇمدانچىلىق ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى ؛
10) قورال - سايمان ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

11) ئېگەر - جابدۇق ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى؛
12) كۆن - خۇرۇم ھۈنەر - سەنئەت نەقىشلىرى.
بۇ يەردە ھۈنەر - سەنئەت نەققاشلىقىدىن بىرنەچچە تۈرنىلا كۆرسەتتۇق. قىسقىسى، ئۇيغۇر نەققاشلىق سەنئىتى ئۇزاق دەۋرلەر جەريانىدا شەكىللىنىش، خىللىنىش، تەدرىجىي تاكامۇللىشىش، يېڭىلىنىش، دەۋر تەلىپىگە ماس ھالدا ئىستېمالغا ياندىشىش جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن. ئىدىقۇت دەۋرىدە بولسا ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئاساس قىلغان ئېستېتىك تەلەپلىرى نەققاشلىق سەنئىتىگە سىڭگەن.

## 5. مەتبەئەچىلىك

مەتبەئەچىلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئەڭ زور تۆھپىلىرىدىن بىرى. قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان قوچۇ ئەينى چاغدا مەتبەئەچىلىكنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى.
مەلۇمكى، مىلادىيە I ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇددا دىنى خوتەن رايونىغا كىرگەن. كېيىنچە بۇ دىن قەشقەر، كۇچا، تۇرپانلارغا تارقالغان ۋە مۇشۇ رايونلار بۇددا دىنىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىگە ئايلانغان. قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇددا دىنى تەدرىجىي ھالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ، دۆلەت دىنى مەۋقەيىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئىدىقۇت شەھىرى بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم بىر مەركىزىگە ئايلاندى ۋە ئەتراپ رايونلاردىن بۇ رايونغا كېلىپ دىنىي تەلىم ئالىدىغانلار بارا - بارا كۆپەيدى.
بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «كىتاب كۆچۈرۈش، تەرجىمە قىلىش ساۋابلىق ئىش» دەيدىغان دىنىي ئەقىدىنىڭ تۈرتكىسىدە، كىتاب كۆچۈرۈش- تەرجىمە قىلىش پائالىيەتلىرى قۇجۇ بۇددىستلىرى ئارىسىدىكى ئومۇمىي پائالىيەتكە ئايلانغانىدى. لېكىن، قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن

كىتابلار ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن بۇددىست تالىپلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. مانا مۇشۇنداق ئېھتىياج تۈپەيلى، خەلق ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراسىتىگە تايىنىپ، ياغاچ مەتبەئەنى كەشىپ قىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ تېخىمۇ ئومۇملىشىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بىر ئۇلۇش كۈچ قوشقانىدى.

فۇيۇخۇەن يازغان «تارىخ ئوقۇتۇشى» نىڭ 1 - جىلد 1 - سانىغا بېسىلغان «ئەڭ بالدۇرقى بىر پارچە مەتبەئە بۇيۇمى» دېگەن ئەسەردە، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا رەسمىي مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىق باشلىنىپ يۈز يىلدىن كېيىن، ئاندىن ئوتتۇرا جۇڭگودا ياغاچقا ھەرپ ئويۇپ بېسىش تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنغانلىقى، شۇنىڭدەك سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بى شېڭ ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ مىلادىيە 1041 ــ 1048 - يىللىرى تىزما خەت (مىخ مەتبەئە) تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ④.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى پېللىئوت دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيدىن نەچچە يۈز تال قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ ھەرپ تېرىۋالغان. 1914 ــ 1915 - يىللىرى روسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تۇرپاندىكى مىڭئۆيدىن يەنە نەچچە مىڭ تال ياغاچ ھەرپ تېرىۋالغان. بۇ ياغاچ ھەرپلەر يەككە ھەرپ بولماستىن، بەلكى تاق سۆز قىلىپ ئويۇلغان⑤.

مەتبەئەدە بېسىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي دەستۇرلار — نوم- شاستىرلار ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى، ئەدەبىياتقا دائىر ھەر خىل ئەسەرلەر، دىنىي مەزمۇندىكى ئوقۇشلۇقلار، چۆچەكلەر، مەسەللەر قاتارلىق ئەسەرلەر ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەتلەرمۇ بار ئىدى. پالنامە كىتابلىرىمۇ ئەنە شۇ مەتبەئەدە بېسىلغان كىتابلاردىن ئىدى.

ئىدىقۇت دەۋرىدىكى مەتبەئەچىلىكتە بېسىلغان ئەسەرلەر يالغۇز ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرلا بولۇپ قالماي، يەنە، خەنزۇچە، تىبەتچە ۋە باشقا تىل- يېزىقتىكى ئەسەرلەرمۇ بار ئىدى. ئېنىقكى، شۇنچىۋالا كۆپ تىللىق باسما ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن غايەت زور بىر كەسپىي قوشۇن بولۇشى لازىم. بۇ غايەت زور كەسپىي قوشۇننىڭ باسما تېخنىكىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پىششىق ئىگىلىگەن قول ھۈنەرۋەنلەرنىمۇ، ھەر خىل تىل - يېزىقنى پىششىق بىلىدىغان كەسپىي خادىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى تەبىئىي. يۇقىرىقى پاكىتلاردىن بىز ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى بولغان تۇرپان ئويمانلىقى شۇ دەۋردە ئېلىمىز بويىچە مەدەنىيەت سەۋىيىسى خېلىلا يۇقىرى بولغان رايونلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئاسىيا رايونىغا نىسبەتەنمۇ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز⑥.

دېمەك، مەتبەئەچىلىك ئەھۋالىدىن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش دەرىجىسىنى قىياس قىلىش ئانچە تەس ئەمەس.

## 6. يېزىقچىلىق قوراللىرى

ئۇيغۇرلاردا يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىنلا تىلنى يېزىق بىلەن ئىپادىلەشكە كىرىشكەن ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنى، مەسىلەن، قەغەز، قەلەم، سىياھ قاتارلىقلارنى ئىختىرا قىلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەڭ ئىشلىتىشكە باشلىغان.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئالاقىلەر كۆلىمى كېڭىيىپ باردى. كىتاب كۆچۈرۈش، ئۆز ئارا سودا ۋە ئىجارە توختامنامىلىرى پۈتۈش، ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا ھۆججەتلىشىش (ئوتتۇرىدا تىلخەت پۈتۈش)؛ سالام مەكتۇپلىرى يېزىشىش، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، خەتتاتلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئوقۇتۇش ئىشلىرى، دۆلەت خەت - چەك ئالاقىلىرى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە يېزىقچىلىق كەم بولسا بولمايتتى. دېمەك، يېزىقچىلىق قوراللىرى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى.

«غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ 42-تومىدا: «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار

بىرلىككە كەلمىگەن چاغلاردىمۇ مەدەنىي بۇيۇم ۋە قەغەزلەرنى ئىشلەپچىقىرالايتتى. ھايۋانلارنىڭ مويلىرىنى ۋە ئادەمنىڭ چېچىنى ماتېرىيال قىلىپ موي قەلەم ياساپ ئىشلىتەتتى. بۇلاردىن باشقا، قومۇش، ياغاچ قەلەملەرنى يېزىش قورالى قىلاتتى. مىسنى ماتېرىيال قىلىپ ياسىغان قۇتىغا پاختا ۋە شۇ خىلدىكى يۇمشاق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۈستىگە سىياھ قۇيۇپ، قەلەم چىلاشقا ئىشلىتەتتى. بۇنى «دەۋەت» دەپ ئاتايتتى. قازاننىڭ كۈيىسىنى ماي بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سىياھ ياسايتتى. ئۈجمە دەرىخىنىڭ ياش نوتىلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ياسايتتى. قەغەزنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، يۈزى پارقىراق بولۇپ، خۇددى «كۆرپە قەغىزىگە ئوخشاپ كېتەتتى» دېگەن بايانلار بېرىلگەن. بۇ بايانلاردىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا يېزىق قوراللىرىغا ئىگە بولغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ كۈنسېرى قويۇقلىشىشى نەتىجىسىدە، قەغەزگە بولغان ئېھتىياج كۈنسېرى ئاشقاندى. چۈۋەر قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئەۋزەل شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، قەغەزچىلىك زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، ئەينى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى قامدالغان ۋە ئېھتىياجدىن ئاشقانلىرى ئەتراپ رايونلارغا سېتىلغانىدى.

قوچۇ ھۈنەرۋەنلىرى قەغەزنى ئۈجمە دەرىخىنىڭ قاسىرىقى، يۇمران نوتىلىرى، كېۋەز، كەندىر شاخلىرىنى تىتىپ، قايىنىتىپ، بوتقا قىلغاندىن كېيىن مەلۇم تېخنىكىلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق نېپىز - قېلىنلىقى، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان يۇمشاق، چىدامىلىق قەغەزلەرنى ياساپ چىققانىدى.

ئەينى زاماندىكى قەغەزلەرنىڭ سۈپىتى خېلى ياخشى بولۇپ، نېپىز قەغەزلەرنىڭ ئالدى بېتىگە يېزىلغان خەتلەر كەينى بېتىگە ئۆتمىگەن. قەغەزنىڭ يۈزىگە يار يېلىم ۋە شىلىم سۈرتۈلگەن بولۇپ، قەغەزنىڭ يۈزى سىلىق ھەم يالتىراق، سىياھمۇ تۇم قارا بولۇپ، پارقىراپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەغەزلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە قېزىۋېلىنغان ھەر خىل يازما ۋەسىقىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئۇچى مەلۇم كەڭلىككە ئىگە قىرلىق ھەم قىيپاش بولغان، شەكلى ئۆزگەرمەيدىغان قەلەملەرنى يېزىش قورالى قىلغان. بۇلار: قومۇش قەلەم، پەي قەلەم، كەڭ ئۇچلۇق روچكا، چوتكا ۋە بورلاردىن ئىبارەت ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ مۇنداق خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ: «ئۈچ ـ تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ، تۈركلەر قەلەمنى شۇنىڭدىن ياسايدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە يىڭ، ھاسا قاتارلىق نەرسىلەرمۇ ياسىلىدۇ» («دىۋان» 1ـ توم، 49ـ 50ـ بەتلەرگە قاراڭ).

ئىدىقۇت دەۋرىدە خەتتاتلىقمۇ تەرەققىي قىلغان، خەتتاتلار ئىشلىتىدىغان قەلەملەر كۆپىنچە ئۇجمە نوتىسى، قومۇش، ئىرغاي ياغىچى (ئۈچ)، قارىغاي ياغىچى ۋە غاز پېيى قاتارلىقلاردىن ياسالغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئەينى زاماندا ئۆتكەن خەتتاتلار كالا خورۇمى، ئات يايلىسى ۋە ئات قۇيرۇقلىرىدىمۇ قەلەم ياساپ، پەۋقۇلئاددە چوڭ ھۆسنىخەتلەرنى يازغانلىقى مەلۇم. كالا خورۇمىدا قەلەم ياساشتا، كالا خورۇمىنىڭ (ئاساسەن كۆن) قەلەم ئۇچى بولىدىغان تەرىپىنى نېپىزلىتىپ، قىيپاش كېسىپ، ئىككى تال ياپىلاق ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇپ، يىپ بىلەن باغلاپ قەلەم ياسىغان. ئاتنىڭ يايلىسى ۋە قۇيرۇقلىرىدا قەلەم ياساشتىمۇ شۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان. رەسساملار توشقان تۈكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يۇمشاق مويلاردىن قەلەم ياساپ ئىشلەتكەن.

قىسقىسى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى يېزىق قوراللىرىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

# 7. توقۇمىچىلىق

قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى مەدەنىيىتىدە توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن. توقۇمىچىلىق ئاساسەن يىپەك توقۇمىچىلىقى، يۇڭ توقۇمىچىلىقى، پاختا توقۇمىچىلىقى ۋە كەندىر تالالىرى توقۇمىچىلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەينى دەۋردە قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان زېمىنلاردىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بۇنى ئەمەلىي ماتېرىياللار بىلەن تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان ئىۋىرغول (قۇمۇل) نىڭ باركۆل يايلاقلىرى، بېشبالىق ئوتلاقلىرى، جوڭغار دالىلىرى، ئۈرۈمچى ۋە قاراشەھەر يايلاقلىرىدا كۆپلىگەن چارۋا ماللارنى يېتىشتۈرۈشكە كەڭرى ئىمكانىيەتلەر تېپىلاتتى. چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن يۇڭ، تىۋىت، تېرە - ئۈچەيلەر ئىدىقۇت زېمىنىدىكى ھۈنەر - سەنئەت ئۇستىكارلىرى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ ئىشلىنىپ، گىلەم، پالاس ، يۇڭ چەكمەن، كۆن - خۇرۇم قاتارلىق ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھاسىل قىلىناتتى. بۇلاردىن مەلۇم نىسبەتتە يەرلىك ئاھالىلەر تەمىن ئېتىلگەندىن تاشقىرى، كۆپ قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا، غەربىي ئەللەر ۋە غەربىي جەنۇبىي ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىلىپ، «يىپەك يولى» سودىسى جانلاندۇرۇلاتتى.

تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى ئىۋىرغول، پىچان، تۇرپان، توقسۇن ۋە جەنۇبىتىكى كورلا، كۇچا رايونلىرى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىدىكى كېۋەز تېرىلىدىغان ۋە پىلە يېتىشتۈرۈلىدىغان ئۇنۇملۇك تېرىلغۇ زېمىنلىرى ئىدى. پاختا ۋە يىپەكتىن ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەر، گۈللۈك رەختلەر، رەڭدار شايى، كىمخاب ، دۇردۇن - تاۋارلار، بۆز - ماتالار توقۇلۇپ، ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قامدىغاندىن سىرت،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆپ قىسمى باشقا رايونلارغا يۆتكەپ ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلاتتى ۋە باشقا ئەللەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئايرىۋاشلىناتتى.

قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى بولغان ئىدىقۇت (قوجو) شەھىرىگە يېقىن بولغان لۈكچۈن رايونىدا ئەينى دەۋرلەردە كەندىر ناھايىتى كۆپ ئۆستۈرۈلۈپ، كەندىر تالالىرىدىن كۆپلىگەن سىپتا توقۇلمىلار توقۇلۇپ، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلگەنىدى. لۈكچۈن رايونى تارىختا كەندىردىن قوش قەۋەت قىلىپ ئېگىرىلگەن كاناپ يىپتىن رەخت توقۇش بىلەن مەشھۇر ئىدى.

قوجودىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى توختامنامە، هۆججەتلەردە توقۇلما بۇيۇملار مەھسۇلاتىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ هۆججەتلەردە: «ئۇيغۇر تەدىملىك بىلەن قارابۇقا ئىككىسى خوتۇن - قىزلارنى سېتىپ، بىر قېتىمدىلا 150 توپ رەخت پايدا ئالغان؛ قالىمتۇ ئىسىملىك بىر ئادەم بىر چۆرىنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىپ، بولاتنىڭ قولىدىن بىر قېتىمدىلا 100 توپ رەخت پايدا ئالغان. بىر بابكار قاغانغا تاپشۇرىدىغان باج قاتارلىق قەرزلىرىنى تۆلەش ئۈچۈن بىر ئاي ئىچىدە 10 توپچە رەخت تاپشۇرغان»⑦ دېيىلگەن.

يېقىنقى 40 ـ 50 يىلدىن بۇيان، تۇرپان رايونىدا قېزىۋېلىنغان پاختا، يۇڭ، يىپەك، كەندىر توقۇلمىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى مىڭ پارچىدىن ئوشۇق بولۇپ، يىپەك توقۇلمىلارنىڭ تۈرىلا ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شايى، گۈللۈك دۇردۇن، ئەتلەس، بەقەسەم، كىمخاب ، مەشۇت يىپ، گۈللۈك تاۋار، كەشتە قاتارلىقلار بار. تاڭ دەۋرىگە ئائىت، بىر جۈپ يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىمخاب، ئۈنچىدىن ئەجدىھار سۈرىتى چىقىرىلغان لىباس، تېگى ئاسمان رەڭگى، ئۈستىگە كالۋۇتۇن يىپتىن ئۈزۈم نۇسخىسى كەشتىلەنگەن ئاق گۈللۈك تاۋار بار؛ قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت يىپەك توقۇلمىلاردىن ئۈنچىدىن قوش سۈرەت نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن كىمخاب بار⑧.

هازىرقى شىنجاڭ رايونىنىڭ، جۈملىدىن قوجو ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە رايونلارنىڭ توقۇمىچىلىق هۈنەر - سەنئىتى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يۇڭ توقۇمىچىلىقىنىڭ ئۆزىدىلا زور ئىلگىرىلەشلەر بولغان. مەسىلەن، نەپىس گۈللۈك توقۇلغان، توم يىپتا شالاڭ توقۇلغان، ئۆرۈش ۋە ئارقاق ئارقىلىق كەشتە سېلىپ توقۇلغان،

تۆۋەت ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان يۇڭ توقۇلمىلار شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بارلىققا كەلگەن . ئەينى دەۋرلەردىلا بەلگە ئېسىقلىق ۋە يەرگە ياتقۇزۇقلۇق توقۇش دۇكانلىرى ئىشلىتىلگەن، كېيىنچە ئۆرە دۇكان ئىجاد قىلىنغان.

ھۈنەر - سەنئەت تېمىسىدا يەنە شاراپچىلىق، تۆگمەنچىلىك، كۇلالچىلىق، مېتال تاۋلاش، كۆن - خۇرۇمچىلىق، رەڭ - بوياقچىلىق، قورال - ياراغ ھۈنەر - سەنئىتى، كەشتىچىلىك . . . قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەت سەھىپىلىرى بار ئىدى. بۇلارنى كېيىنكە قالدۇردۇق. خۇلاسە شۇكى، ئىدىقۇت دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاۋار - سودا ئېڭى، ھۈنەر - سەنئەت ئېڭى، رىقابەت ئېڭى ئۆز دەۋرىدە يۈكسەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناتۇرال ئىگىلىك ئېڭىنى ئاللىقاچانلا چۆرۈپ تاشلىغانىدى. يۇقىرىقى بايانلار بۇ خۇلاسىمىزنىڭ مىسالىدۇر.

ئىزاھلار:


① «لېنىن ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» ، 1954 - يىل، خەلق نەشرىياتى نەشرى، خەنزۇچە 2 - توم، 803 - بەت.

②③ شياڭ دا: «موگاۋ (ئېگىز قۇم) ، يۈلىن غارلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» ، «مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن پايدىلىنىش ماتېرىيالى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە نەشرى، 1951- يىل 5 - سانى.

④ «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1988 - يىل 2 - سان، 105 - بەت.

⑤ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىقى توغرىسىدا» - ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى ، 1987 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكى سانى 3 - بەت.

⑥ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 152 -، 132 -، 133 - بەتلەر.

⑦ ليۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» ، 1 - قىسىم 1 - كىتاب، 250 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.

⑧ چېن شيۇشىن: «شىنجاڭنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىقى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1987 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى سانى، 5 - بەت.



ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى



مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەسەن مامۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇھەممەد سىياھ قەلەم ۋە ئۇنىڭ سەنئىتى

غازى ئەھمەد

بۇنىڭدىن 15 يىل ئىلگىرى ئىستانبۇل گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى 1979- يىلى نەشر قىلغان «ئىسلام مىنىياتيۇرا* رەسىملىرى» توپلىمىدىن «مۇھەممەد سىياھ قەلەم» نامىدا ئېلان قىلىنغان «شامانلار ئۇسسۇلى» ۋە «ئولتۇرغان ئالۋاستىلار» ناملىق ئىككى پارچە رەڭلىك رەسىمنى كۆرۈپ قالدىم. رەسىملەرگە قارىغانسېرى قارىغۇم كېلەتتى. رەسىملەردە ئەكس ئەتكەن باشقىچە بىر سېھرىي كۈچ مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، خىيالىمنى ھەر تەرەپلەرگە باشلاپ كېتەتتى. چۈنكى، مەن بۇ رەسىملەردىن پۈتۈنلەي ئۆزگىچىلىكى بولغان، يېپيېڭى بىر شەكىل ۋە يېپيېڭى بىر تېمىنى بايقىدىم. مۇھەممەد سىياھ قەلەم ئۆزى زادى كىم؟ بۇ قايسى دۆلەتنىڭ قايسى دەۋرىدە ئۆتكەن رەسسامى؟ دېگەن سوئاللارغا بەنت بولدۇم.

1986 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو رەسساملار ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە سابىق دېموكراتىك گېرمانىيىگە تەكشۈرۈش ۋە ئالماشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن بېرىپ، گېرمانىيە رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، پروفېسسور، دوكتور ۋېلى سېتتى ئەپەندىنىڭ ئىجادىيەت ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ كىتاب جازىسىغا تىزىلغان نىمىس تىلىدىكى بىر پارچە كىتاب ئىچىدىن سىياھ قەلەمنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى پارچە رەسىمنى يەنە ئۇچراتتىم. شۇنىڭ بىلەن رەسسام ۋېلى سېتتىدىن «بۇ رەسىملەرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ قايسى دۆلەتكە تەۋە كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ » دەپ سورىدىم. ئۇ كىشى سوئالىمغا « ‹مۇھەممەد سىياھ قەلەم › دېگەن بۇ ئىسىم رەسسامنىڭ ھەقىقىي ئىسمى بولۇشى ناتايىن، بىرەر سەنئەت ئېقىمىنىڭ نامى بولۇشى

مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇ رەسسام سىلەر تەرەپتە ياشىغاندەك قىلىدۇ» دەپ مۇجمەلرەك جاۋاب بەردى. ئۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كىتابتىمۇ مۇھەممە سىياھ قەلەمنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يوق ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا ۋېلى سېتتىنىڭ پىكىرلىرىگە ئانچە ئىشەنگۈم كەلمىدى. چۈنكى، رەسىمدە ئىپادىلەنگەن ئادەملەرنىڭ ئوبرازى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا زادىلا ئوخشىمايتتى. رەسىمگە سىزىلغىنى قاراتەنلىكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىۋاشلىرى ئافرىقىنىڭ نېگىرلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنداق بولسا، مەن بۇ رەسىملەرنىڭ نېمىسىگە شۇنچىۋالا قىزىقىپ كەتتىم؟ مېنى شۇنچىلىك قىزىقتۇرغىنى باشقا نەرسە ئەمەس، رەسىمنىڭ يۇقىرى بەدىئىيلىككە ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئىدى. سىياھ قەلەمنىڭ مەن دەسلەپىدىلا كۆرگەن «شامانلار ئۇسسۇلى» ۋە «ئولتۇرغان ئالۋاستىلار» ناملىق رەسىملىرىدىكى، مەيلى ئۇسسۇلغا چۈشكەن كىشىلەر بولسۇن، مەيلى ئولتۇرغان ئالۋاستىلار بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى تولىمۇ جانلىق ۋە قىزىقارلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇبالىغە قىلىنىپ سىزىلغان پۇت - قوللىرىدا ۋە بەدەن - مۇسكۇللىرىدا ئاجايىپ بىر سېھىرلىك كۈچ - قۇۋۋەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇسسۇلچىلارنىڭ قوللىرى بىلەن سىقىملاپ تۇتقان ياغلىقلىرىنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە ماس ھالدا بوشلۇقتا لەپىلدىشى ۋە بۇنىڭ بىلەن ياغلىقتا پەيدا بولغان پۈكلەشلەرنى ئىپادىلىگۈچى ئەۋرىشىم سىزىقلار، شۇنىڭدەك ئىككى ئالۋاستىنىڭ ئارىلىقىدا بىر- بىرىگە چېتىلغان ئىككى پارچە رەختنىڭ ئىككى تەرەپكە لەپىلدەپ ئۇچۇپ تۇرۇشى ۋە بۇنداق جانلىق شەكىلنى ھاسىل قىلغۇچى سىزىقلار، نوقۇل شەكىل سىزىقى بولۇپلا قالماستىن، يەنە رەختلەردە پەيدا بولغان بەتلەرنىمۇ ئىپادىلەپ، بەلگىلىك قاپارتما ئۈنۈم ھاسىل قىلغانىدى.

رەسىمدىكى ئادەملەرنىڭ چىرايى، بەدەن شەكلى، پۇت -قوللىرىنىڭ مۇسكۇللىرى، بۇلۇپمۇ پۇتۈن بەدەن ھەرىكىتى شۇنچىلىك جانلىق بىرتەرەپ قىلىنغان ئىدىكى، ئۇ جۇڭگوچە رەسىملەردىكى ياكى مىنىياتيۇرىسىدىكى سىزىق ۋە تەكشى بەتلەرگىمۇ ئوخشىمايتتى، ياكى غەربنىڭ مايلىق بوياق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەسىملىرىدىكى يورۇق كۆلەڭگۈلىرىنى سۈرەتلەپ، بۇ ئارقىلىق ئابىيوملۇق ھېسسىيات پەيدا قىلىشلارغىمۇ ئوخشىمايتتى.

«ئىسلام مىنىياتيۇرا رەسىملىرى» توپلىمىدا ئېلان قىلىنغان سىياھ قەلەم رەسىملىرىگە بېرىلگەن ئىلاۋىدە، بۇ رەسىملەرنىڭ XIV - XV ئەسىرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ھەمدە رەسىملەرنىڭ ئەسلى ئورىگىنالى ئىستانبۇلدىكى توپقاپ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ئىزھار قىلىنغان. 1994- يىل 6 - ئايدا ئىستانبۇل شەھىرىدىكى توپقاپ مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىنىمدا، بۇ يەردە مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ ماڭا تونۇش بولغان ئىككى پارچە رەسىمىدىن باشقا، تېخىمۇ قىزىقارلىق بولغان يەنە كۆپلىگەن رەسىملىرىنىڭ ئەسلى قول سىزمىلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ قېتىم يەنە تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «سەنئەت» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىل فېۋرال سانىدا مۇھەممەد سىياھ قەلەم ئەسەرلىرى» ئېلان قىلىنغان تۈرك تەتقىقاتچىسى تانجۇ سانجار ئوغلىنىڭ «قاراقەلەم» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئوقۇپ چىقتىم. ماقالىدە توپقاپ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مۇھەممەد سىياھ قەلەمگە تەئەللۇق «بۇ رەسىملەرنى ياۋۇز سۇلتان سېلىم ئىران سەپىرىدىن (1514-يىلى) ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى قاتارىدا ئىستانبۇلغا ئېلىپ كەلگەن» دەپ يېزىلغان. بۇ مەلۇمات گەرچە ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، يەنىلا مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇ ياشىغان جاي ۋە تارىخىي دەۋر قاتارلىقلارنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى.

گۈزەل سەنئەت كۆرۈش سېزىمى سەنئىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەلۇم مۇئەييەن شەكىل يارىتىلغان بولىدۇ. رەسسامنىڭ قولى بىلەن يارىتىلغان بۇنداق شەكىل شۈبھىسىز ھالدا مەۋجۇدىيەتنى، يەنى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق بىر رەسسامنىڭ ئىجادىي ئەسىرى ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى، ئەتراپىدىكى ھاياتلىق پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. سىياھ قەلەم ئەسەرلىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ھازىرچە تەزكىرىسى تېخى بايقالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ

قايسى دۆلەتنىڭ قايسى دەۋرىدىكى رەسسامى ئىكەنلىكىنى پەقەت ئۇ ئۆز قولى بىلەن ياراتقان ئەسەرلەردىن ئىزدەش ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋەبىردىنبىر چارە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سىياھ قەلەم ئەسەرلىرى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا «مۇھەممەد سىياھ قەلەم» دېگەن بۇ نام مەۋجۇت بولماقتا.

مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ تەۋەلىكىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە، تۆۋەندە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

سىياھ قەلەم ئەسەرلىرى ئۇسلۇب جەھەتتە كلاسسىك ئەدەبىيات قولىيازمىلىرىنىڭ ئىچىگە سىزىلغان مىنىياتيۇرا رەسىملىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ پاتلىق قەغەز ئۈستىگە رەڭلىك سىزىلغانلىقى، ھەجىمىنىڭ كىچىك بولۇشى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇن قاتارلىق تەرەپلەردىن قارىغاندا، يەنىلا ئىسلام مىنىياتيۇرا كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپتۇر.

بىزگە مەلۇم، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىدە ئادەم رەسىملىرىنى سىزىش مەنئى قىلىنغان، شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۇممەتلىرىنى ئادەمرەسىملىرىنى سىزماسلىق توغرىسىدا كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرغان. شۇڭا، ئىسلام دۇنياسىدا (جۈملىدىن شىنجاڭدا) ئىسلام دىنىنىڭ مەسچىت- مەدرىسلىرى، خانىقا - مەكتەپلىرى، قەسىر - ساراي، ئوردا- ئىمارەتلىرى، مازار - ماشايىق، پەشتاق - مۇنارلىرىغا ئادەم رەسىملىرىنى سىزىش پۈتۈنلەي مەنئى قىلىنغان، يەنى بۇددىزىم دەۋرىدىكى خان ئوردىلىرى، ئىبادەتخانا ۋە بۇتخانىلار، خانىقا، سارايلارھەممىدە ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە «تەبىئىي مۇزېي» بولۇپ ساقلىنىۋاتقان مىڭئۆي، تاش كېمىرلىرىنىڭ تام - تورۇسلىرىدىكى چوڭ - كىچىك بۇتلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغان راھىبلار، بۇددا دىنى پەلسەپىسىنى ۋە رىۋايەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تام رەسىملىرى، شۇنىڭدەك شۇ زامانىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەسىملەر بىلەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولسا، ئىسلام دىنى كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇنداق رەسىملەرنى سىزىشنىڭ ئورنىنى ھەرخىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەقىش بىزەكلەر بىلەن زىننەتلەش، قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەرنى بىزەك شەكلىگە كەلتۈرۈپ يېزىش قاتارلىقلار ئىگىلىدى. مۇشۇ جەرياندا، ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىگە خاس پەلسەپىسى، دىنىي ئەقىدە - رىۋايەتلىرى ئاساسەن ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئىسلام دىنى مەدەنىيىتى دۇنياغا مەشھۇر بولغان شاھنامە، جەڭنامە، سالنامە، رىۋايەت، ھېكايەت، قىسسە ۋە مۇھەببەت داستانلىرىغا ئوخشاش يازما ئەدەبىيات ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى شەكىللىرى بىلەن مىسلىسىز راۋاجلاندى.

گۈزەللىكنى سۆيۈش ئىنساننىڭ تەبىئىي خىسلىتى بولغاچقا، ئىنسانلار ھامان ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق تەبىئىتى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلدى. گەرچە ئىسلام دىنىدا ئادەم رەسىملىرىنى سىزىش، ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىدئەت دەپ قارالسىمۇ، مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن سەنئەت خۇمار ئۇيغۇر خەلقى سەنئەت بىلەن مەشغۇل بولۇشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى. ئەجدادلىرىمىز، خۇسۇسەن ئالىم - ئەدىبلىرىمىز، رەسسام - خەتتاتلىرىمىز پېرسوناژلىق رەسىملەرنى سىزىشنى بۇتپەرەسلىك دەپ قارىماي، بەلكى بۇنى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تۈرى، ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولغان، ھاياتلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان روھىي ئوزۇق دەپ قاراپ، دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ھەمدە جەمئىيەتتىكى نادان كىشىلەرنىڭ ھەرخىل توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنى يېڭىپ، مىنياتيۇراسەنئىتىنى ئىجاد قىلدى . شۇنىڭ بىلەن، ئىزچىل ھالدا پېرسوناژلىق رەسىملەرنى سىزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى ھەمدە بىزگە قىممەتلىك گۈزەل سەنئەت مىراسلىرىنى قالدۇردى. مۇھەممەد سىياھ قەلەم سەنئىتىمۇ مانا شۇ ئەجدادلار بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىي مىراس دۇردانىلىرىدىندۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئادەم رەسىمىنى سىزىشنى مەنئى قىلىشىدا مەلۇم تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بار ئىدى. ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىش بىلەن تەڭلا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى كۆپەيتىش، ھەتتا بۇ دىننى دۇنيا مىقياسىدا كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش

بىلەن بىللە، غازات بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كىشىلەرنى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلاشقا ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللاندى. مەككە شەھىرى مۇسۇلمانلار ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ زىيارەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن كەئبە ئىچىدىكى قەبىلە خۇدالىرىنىڭ بۇتلىرى بىردىنلا چېقىپ تاشلىنىپ، بۇ جاي مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس قىبلىگاھى قىلىندى، مەككىدە ياشىغۇچى بۇتپەرەسلەرنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىنى ئىختىيارىي قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر پەقەت بېسىم ئاستىدا، كۆرۈنۈشتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندەك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆيلىرىدە ئۆزلىرى سىزىۋالغان مەبۇتلارغا چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ھەرىكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئادەم رەسىملىرىنى سىزىش مەنئى قىلىنغان ھەدىس بارلىققا كەلدى. مانا شۇ سەۋەبتىن، بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ھازىرمۇ ئادەم رەسىمىنى سىزىشنى گۇناھ دەپ ھېسابلايدۇ، ھەتتا ئۆزلىرى فوتورەسىمگە چۈشۈشنىمۇ رەت قىلىشىدۇ.

مىنىياتيۇرا ئىراندا ۋە ھىندىستان مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە نىسبەتەن بالدۇرراق مەيدانغا كېلىپ، تېز تەرەققىي تاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدا «پارس مىنىياتيۇرىسى» دېگەن ئاتالغۇ پەيدا بولدى. بۇ دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ ئىراندىن باشقا ئەلدە مىنىياتيۇرا سەنئىتى يوق، دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ، شۇنىڭدەك سىياھ قەلەم ئەسەرلىرىنىڭ ياۋۇز سۇلتان سېلىم تەرىپىدىن ئىران سەپىرىدە ئۇرۇش غەنىيمەتلىرى قاتارىدا ئىستانبۇلغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىگە قاراپلا، بۇ رەسىملەرنىڭ ئاپتورىنىمۇ ئىرانلىق، رەسىمدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىمۇ ئىران تۇرمۇشى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە تانجۇ سانجار ئوغلى «قاراقەلەم» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە: «1931- يىلى لوندوندا ئىراننىڭ گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى ئېچىلغاندا، كۆرگەزمىگە قويۇلغان رەسىملەر ئىچىدە سىياھ قەلەمنى دوراپ سىزىلغان لايىھە ۋە سىزمىلارنىڭ بارلىقى، مەزكۇر رەسىملەرنىڭ سىياھ قەلەم تەرىپىدىن سىزىلمىغانلىقى، پەقەت ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغانلىقى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن بايقالغان ئىدى» دەپ يازغان، شۇنىڭدەك سىياھ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەلەم ئەسەرلىرىنىڭ ئىران مىنىاتيۇرا رەسىملىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايدىغانلىقى ئىزھار قىلىنغان . سىياھ قەلەم رەسىملىرىنى ئىران مىنىاتيۇرىسىغا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ناھايىتى چوڭ پەرق بارلىقىنى كۆرىمىز. پارس مىنىاتيۇرىسىدا پۈتۈن (ئارقا كۆرۈنۈش) ئاق قالدۇرۇلمايدۇ، بەلكى مۇناسىپ تاغ - دەريالار، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار، ئۆي - ئىمارەت، ھويلا - ئاراملار قوشۇپ سىزىلىدۇ. سىياھ قەلەم ئەسەرلىرىدە بولسا پۈتۈن بوش قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ باي ناھىيىسىدىكى قىزىل، كۇچا ناھىيىسىدىكى قۇمتۇر ۋە دۇنخۇاڭ . . . قاتارلىق جايلاردىكى مىڭئۆي ئۆڭكۈرلىرىدىكى تام رەسىملىرىگە ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىنغان. پارس مىنىاتيۇرىسىدا ئاتنىڭ سىزىلىشى بىر خىل قېلىپلاشقان ئۇسلۇبتا، بېشى كىچىك، پۇت ۋە بويۇنلىرى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، بەدىنى تايغانسىمان، ئۆزى ناھايىتى تېتىك ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ. سىياھ قەلەم رەسىملىرىدىكى ئات پۈتۈنلەي بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. «يولۇچىلار قونالغۇسى» دېگەن رەسىمگە سىزىلغان ئىككى ئاتنىڭ باش، پۇت، ساغرىسى، بەدەن - مۇسكۇللىرى، ھەتتا تۇياقلىرى بەدىئىي مۇبالىغە قىلىنىپ، توم ۋە كۈچلۈك سىزىلغان. رەسسام كىشىلەر ئاسانلىقچە دىققەت قىلمايدىغان نۇقتىدىن تۇرۇپ، ئاتلارنىڭ بىرىنى ئۇدۇلدىن، يەنە بىرىنى بولسا ئارقا تەرىپىدىن سىزغان. پارس مىنىاتيۇرىسىدا، ئومۇمەن، مەيلى ئادەملەر ۋە ھايۋانلار بولسۇن ياكى مەنزىرە، ئۆي - ئىمارەتلەر بولسۇن، رېئالىستىك ئۇسلۇبتا بىر قەدەر تەبىئىي ئىپادە قىلىنغان بولسا، سىياھ قەلەم سەنئىتىدە غايىۋىلاشتۇرۇلغان ھەمدە بەدىئىي مۇبالىغە ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

تانجۇ سانجار ئوغلىنىڭ «قارا قەلەم» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە يەنە: «سىياھ قەلەم ئەسەرلىرى جۇڭگو ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان» دەپ قەيت قىلىنىدى. سىياھ قەلەم رەسىملىرىدە قوللىنىلغان سىزىقلار ئوبيېكتىنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدىغان تەبىئىي ۋە ئۈزۈك سىزىقلار بولماستىن، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا بىر - بىرى بىلەن چېتىلىدىغان، بېزەكلەشتۈرۈلگەن بەدىئىي سىزىقلاردىن ئىبارەت. كىيىم - كېچەكلەرنى

ئىپادىلەش، بوشلۇقنى لەپىلدەپ تۇرغان رەختلەردە ھاسىل بولغان پۈكلىنىش ۋە قاتلاقلارنى بىر تەرەپ قىلىش پۈتۈنلەي دېگۈدەك جۈگگوچە رەسىملەرگە ئوخشايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مۇھەممەد سىياھ قەلەم ياشىغان ماكاننىڭ، شۈبھىسىزكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن يېقىن قوشنا ئىكەنلىكى ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلاردا بولغانلىقىنى جەزم قىلالايمىز.

سىياھ قەلەمنىڭ ئەسەرلىرىدە دىنىي ئېتقادى، ئىرقى ۋە مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادىتى تەرەپلىرىدىن بىر - بىرىگە زادى ئوخشىمايدىغان ھەرخىل ئادەملەرنىڭ ئوبرازى سىزىلغان بولۇپ، بۇ،كىشىنى ئېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. تانجۇ سانجار ئوغلى ماقالىسىدە: «XX ئەسىرگە كەلگەندە، سىياھ قەلەم سەنئىتى دۇنيادىكى سەنئەت تارىخچىلىرىنىڭ كۈچلۈك ھەۋىسىنى قوزغىدى»، «سەنئەت تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئېتنىك ھاۋزۇن سىياھ قەلەم سەنئىتىنىڭئانا ۋەتىنىنى تۈركىستان تەۋەسىدىن ئىزدەشلازىملىقى توغرىسىدىكى پاكىتلارنى ئوتتۇرىغاقويىدى» دەپ يازغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «تۈركىستان» قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قارايدىغان، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆرسىتەتتى. سانجار ماقالىسىدە يەنە: «تۈركىستان خىلمۇ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇجەسسەملەشكەن يېرىدۇر. بۇ يەردە مۇسۇلمانلاردىن باشقا، يەنە براھمانلار، بۇددىستلار، شامانىستلار، خرىستىئانلار ئوخشاشبولمىغان مەدەنىيەت ۋە ئوخشاش بولمىغان دىنلارنىڭ تەسىرىدە بىللە ياشايتتى» دەپ يازىدۇ.

سىياھ قەلەم ئەسەرلىرىدە ھەقىقەتەن بىر - بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان خىلمۇ خىل كىشىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، سىياھ قەلەمنىڭ «چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش» ناملىق رەسىمىگە ئۈچ پېرسوناژ سىزىلغان. رەسىمدە ئىككى قولى بىلەن بىر تىزىنى قۇچاقلاپ سىپايە قىياپەتتە ئولتۇرغان قەبىلە باشلىقى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆرە تۇرغان بىر ئادەم بىرگەۋدە قىلىپ سىزىلغان. بۇلار كەڭ. كۇشادە تون، ئۆتۈك، قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدە تارقالغان بىر خىل كۇلا كىيگەن، قەبىلە باشلىقى بولسا كۇلا ئۈستىگە سەللە ئورىغان،

www.uyghurkitap.com

بۇلارنىڭ ئالدىدا ساقال - بۇرۇتى يوق بىر ياش بىر تىزى بىلەن يۈكۈنۈپ، ئالدىغا سەل - پەل ئېڭىشكەن قىياپەتتە قولىدىكى گۈل ئۈستۈرۈلگەن قاچىنى قەبىلە باشلىقىغا سۇنۇپ، «كەمىنىلىرى ھەر قاچان خىزمەتلىرىگە تەييار» دەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ رەسىمدە سىزىلغان ئادەملەرنىڭ رەڭگىرويى، ساقال - بۇرۇتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدە ئىپادىلەنگەن خۇلق- مىجەزلىرى كىشىگە ئىختىيارسىز ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنى ئەسلىتىدۇ.

سىياھ قەلەمنىڭ «شىر بىلەن ئېلىشىش» ناملىق ئەسىرىدە سىزىلغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدىكى ھاسا تۇتقان ئايالدىن باشقىلىرى سەر پۆش تۇماق كىيگەن (بۇنداق تۇماقنى ھازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدا ئۇچرىتىمىز، ئاخۇنلار سەر پۆش تۇمىقىنىڭ ئۈستىگە سەللە ئورايدۇ). بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى پوتا باغلاپ، ياغلىقىنى سىقىملاپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن؛ يېشى چوڭراق يەنە بىرى ئۇسسۇزلۇق قۇيۇلغان مېتال پىيالىنى تۇتۇپ قولىنى سوزۇپ، شىر مىنگەن يىگىتكە تەڭلىمەكتە؛ يەنە بىر كىشى بولسا ئىككى قولى بىلەن تىزىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ تازا ھوزۇرلىنىپ ئويۇن كۆرمەكتە. بۇ ئۈچ كىشى ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاش تون كىيگەن. رەسىمنىڭ سول تەرىپىدە كەمچەت تۇماق كىيگەن، يالاڭ ئاياغ بىر يىگىت، ئەركەك شىرنىڭ بوينىغا مىنىپ، ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمەكتە. بۇ رەسىمدىكى ئادەملەرمۇ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارغا ئوخشايدۇ.

سىياھ قەلەم ئەسەرلىرىدە ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى يالاڭ ئاياغ سىزىلغان. بۇمۇ تاسادىپىي ئەھۋال بولماستىن، شۇ رايوننىڭ يەرشارائىتى، ھاۋا كىلىماتى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇيغۇر خەلقى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ياشايدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى ياز كۈنلىرى يالاڭ ئاياغ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. بۇزېمىن كۆپىنچە قۇم ۋە سېغىز تۇپراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادەملەر ياز كۈنلىرى يالاڭ ئاياغ يۈرۈشنى ناھايىتى راھەت ھېس قىلىشىدۇ، شۇنىڭدەك يازكۈنلىرى يالاڭ ئاياغ يۈرۈش ئىنسان سالامەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق، دەپ قارايدۇ.

سىياھ قەلەمنىڭ «مۇزىكانتلار» دېگەن رەسىمىدە، قاراتەنلىك بىر ئادەم تۆت تارلىق راۋابنى چېلىپ ناخشا ئېيتماقتا، خۇددى ياپونىيىلىك راھىبلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر كىشى چېلىنىۋاتقان مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا كەلتۈرۈپ چاۋاك چېلىپ، ناخشىغا جۆر بولماقتا. «مۇنازىرە ئۈستىدىكى مۇناخلار» دېگەن رەسىمدە، ە مۇنازىرە قىلىۋاتقان ئىككى نەپەر ئاق تەنلىك مۇناخ سىزىلغان. ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى ۋە بۇدۇر چاچلىرىدىن قارىغاندا، خرىستىئان مۇناخلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، «مۇنازىرىلىشىۋاتقانلار» دېگەن رەسىمدە كۆرسىتىلگەن ئىككى ئوبراز بىر- بىرىدىن تېخىمۇ روشەن ئايرىلغان. بۇلارنىڭ بىرى ئاق تەنلىك بولۇپ، چاچلىرى قىزغۇچ، كۆزلىرى كۆكۈش، ئۇ سول قولىدا ھاسا تۇتۇپ، ئوڭ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، جىددىي قىياپەتتە سۆزلىمەكتە؛ يەنە بىرى نېگىر بولۇپ، بىر قولىدا ھاسا تۇتقان قىياپىتىدىن قارشى تەرەپتىكى ئادەمنى مەنسىتمىگەندەك، زادىلا قايىل بولمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ بىلەكلىرىگە ئالتۇن بىلەيزۈك، بوينىغا ئالتۇن زۇننار، پۇتىنىڭ ئوشۇق قىسمىغا ئالتۇن ھالقا ياكى قوڭغۇراق تاقالغان. ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا كۆك رەڭلىك ئۇزۇن شارپىنى بوينىدىن ئارتىلدۇرۇپ بىلىكىگە يۆگەپ، تۆۋەنگە ساڭگىلاتقان. ئاق تەنلىك كىشى بەلنىڭ تۆۋىنىگە قارا رەخت، قارا تەنلىك كىشى بولسا قىزىل رەخت ئورىۋالغان. بەدەننىڭ باشقا جايلىرى پۈتۈنلەي يالىڭاچ سىزىلغان.

سىياھ قەلەم رەسىملىرىدىكى ئادەملەرنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشى، تانجۇ سانجار ئوغلى ئېيتقاندەك، بۇ زېمىندا ئەينى ۋاقىتلاردا ئىرقى، مىللىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتى بىر -بىرىگە ئوخشىمايدىغان كىشىلەر بىللە ياشىغان. جۇڭگودا غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان بۇ زېمىندا ياشىغان خەلق كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك مەدەنىيىتى، يۇنان - رىم مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ مەدەنىيەت ئۇز ئارا گىرەلەشكەن يىپەك يولى مەدەنىيەتقۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلدى، يەنى تارىختا دۇنياغا مەشھۇر بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىپەك يولى مانا شۇ غەربىي يۇرتتىن ئۆتۈپ، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تەركىبى ۋە مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، سىياھ قەلەم رەسىملىرىدە كۆرۈلگەن ھەر خىل ئوبراز ۋە ھادىسىلەرنى بىر خىل مۇقەررەرلىك دەپ چۈشىنىمىز.

سىياھ قەلەم ئەسەرلىرىدە كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «يولۇچىلار قونالغۇسى» دېگەن رەسىمىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك. رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۈستۈنكى قىسمىدا ئىككى ئادەم زوڭ ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن كىر يۇيۇپ، بىر تەرەپتىن مۇڭدىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى تەشتەككە ئىككى قولىنى سېلىپ، كىرنى ئۇۋۇلاۋاتىدۇ. يەنە بىرى بولسا چايقاپ ئالغان كىرنى ئىككى قولى بىلەن تولغاپ سىقىۋاتىدۇ. ئالدىدا تولغاپ سىقىپ يۆگەپ قويۇلغان، يېيىلىش ئالدىدا تۇرغان كىرلەر كۆرسىتىلگەن. ئۇيغۇرلار مۇشۇ خىلدىكى كىر يۇيۇش ئۇسۇلىنى ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلمەكتە. رەسىمنىڭ ئوتتۇرا ئۈستۈنكى قىسمىدائۈچ پۇتلۇق تۆمۈر ئۈستىگە يوغان مىس قازان ئېسىلغان، قازاننىڭ ئاستىدا ئوت كۆيمەكتە. بىر ئادەم يەردە تىزلىنىپ، ئالدىغا ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ ئوت قالىماقتا. قازاننىڭ ئىچىدەيوغان كاۋا بار. دالىدا ئوچاق بولمىغان ئەھۋالدا، ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر چارچاپ قويۇپ، ئاستىدىن ئوت قالاش كۆچمەن خەلقلەر ئۈچۈن ھازىرمۇ ئورتاق بولغان ئادەتتۇر. رەسىمنىڭ ئۈستۈنكى سول تەرىپىدە ئۈچ پۇتلۇق چارچاپنىڭ ئۈستىگە ساداق ئىچىگە سېلىنغان ئوق بىلەن ياي ۋە ئىككى دانە ئىچىملىك قاچىسى (سۇدان) ئېسىلغان. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن ئوقيا بىلەن نەقىشلەنگەن مىس سۇدان بىزگە ناھايىتى تونۇشلۇق بولغان قوراللار بولۇپ، ئۇنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە ئىشلىتىپ كەلگەنىدى. رەسىمنىڭ ئوڭ ئاستى تەرىپىدە ئوتلاۋاتقان ئىككى ئات بولۇپ، بىرىنىڭ ئېگەر - جابدۇقى ئېلىۋېتىلگەن، يەنە بىرىنىڭ ئېلىنمىغان. رەسىمنىڭ ئاستى ئوتتۇرا قىسمىدا بىر - بىرىنى چىشلەپ، ئەركىلىشىپ ئويناۋاتقان ئىككى تايغان ئىت سىزىلغان. كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ئىت باقىدىغانلىقى، ئۇلار سەپەرگە چىققاندا ئىتلىرى

ئەگىشىپ بارىدىغانلىقى تۇرمۇش چىنلىقىغا ناھايىتى ئۇيغۇن كېلىدۇ. تۇۋەندە سول تەرەپتە ئېگەر ـ جابدۇقنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان، كۆلا كىيگەن، قېلىن ۋە سۇپەتلىك رەختتىن تىكىلگەن بىر قەدەر مودا كىيىم كىيگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى بىچارە قىياپەتتە دوغدىيىپ زوڭ ئولتۇرغان يېرىم يالىڭاچ بىر كىشى بىلەن مۇڭداشماقتا.

سىياھ قەلەمنىڭ سەنئىتىنى كۆرگىنىمىزدە، بۇ رەسسامنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ناھايىتى كۆپ، تۇرمۇش بىلىمى كەڭ ھەم تىرەن، تەپەككۇرغا ناھايىتى باي، كەسپىي ماھارىتىمۇ ئىنتايىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەپسۇسكى، بىزسىياھ قەلەم ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن رەسىملەرنىڭ ئەسلىدىكى ھېكايە ۋە رىۋايەتلىرى بىلەن تونۇشالمىدۇق، شۇنداقتىمۇ رەسىملىرىدە چوڭقۇر مەزمۇن بارلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاپتور ئەسەرلىرىدە ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىكى ئادەملەرنى تەسۋىرلەپلا قالماي، يەنە خەلق چۆچەكلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدە تەسۋىرلىنىدىغان جىن ـ ئالۋاستىلارنى، دىۋە ـ شاياتۇنلارنى سىزىپ، ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە تېخىمۇ جانلىق ۋە قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلەرنى نامايان قىلغان. سىياھ قەلەم سەنئىتىدە يارىتىلغان جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ئوبرازى ئاجايىپ ـ غارايىپ بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئاپتور گەرچە جىن ـ شەيتان، دىۋە ـ ئالۋاستىلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسىمۇ، شۇنىڭدەك جىن ـ ئالۋاستىلار مەلۇم ئىرق ياكى مىللەتكە مەنسۇپ كونكرېت شەكىل ۋە ئوبرازغا ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ جىن ـ ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئېسىدە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇرىنى ئىشقا سېلىپ، مۇشۇ خىلدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ چىقتى، سىياھ قەلەم ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ئوبرازى مومىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇز، كۆيىقاپتىن كەلگەن دىۋە . . . دېگەنلەرگە ئوخشايدۇ، شۇنىڭدەك جۇڭگودا ئىشلەنگەن «غەربكە ساياھەت» فىلىمىدىكى تاڭ سىڭ بۇددا نوملىرىنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، غەربىي يۇرتتىن ئۆتكەندە يولۇققان

ئالۋاستىلارنىڭ ئوبرازىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ.

ھازىرغا قەدەر بىزگە مەلۇم بولغان سىياھ قەلەم ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە، كىچىكرەك بولغانلىرى پۈتۈن ھالەتتە ساقلانغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ئەسلىدىكى بىر پۈتۈن ھالىتىدە ئەمەس، يەنى رەسىملەرنى چاپلاپ ئالبوم ياساش ئۈچۈن بەزى رەسىملەرنىڭ ئەتراپىدىن مەلۇم قىسمى كېسىپ تاشلانغان، شۇنىڭدەك رەسىملەرنىڭ تېمىلىرىمۇ ئاپتور تەرىپىدىن قويۇلمىغان، بەلكى ئالبوم ياساش جەريانىدا، رەسىمنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ، باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

مۇھەممەد سىياھ قەلەم سەنئىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا «مۇھەممەد سىياھ قەلەم» دېگەن ئاتالغۇ ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسمى بولۇشى ناتايىن، دېگەن پەرەزلەرمۇ بار. مېنىڭچە، بۇنداق پەرەزدە بەلگىلىك ئاساس بار. «مۇھەممەد سىياھ قەلەم» دېگەن ئاتالغۇ «ئولتۇرغان ئالۋاستىلار» قاتارلىق بىرقانچە پارچە رەسىملەرنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان خەتلەرگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن، «ئولتۇرغان ئالۋاستىلار»، «قۇربان سەھنىسى» دېگەن رەسىملەرنىڭ ئۈستىگە «كار مۇھەممەد سىياھ قەلەم» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ «ئىشلىگۈچى مۇھەممەد قارا قەلەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «كۆكۈل ئېچىۋاتقان شاياتۇنلار»، «شاياتۇنلارنىڭ ئۇسسۇلى» دېگەن رەسىملەرنىڭ ئۈستىگە «كار ئۇستاز مۇھەممەد سىياھ قەلەم» دەپ يېزىلغان. بۇ «ئىشلىگۈچى ئۇستاز مۇھەممەد قارا قەلەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رەسىم ئۇستىدىكى بۇ خەتلەرنى رەسسام ئۆزى يازمىغان، بەلكى بۇ خەتلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن بۇ رەسىملەر ئۈستىگە يېزىپ قويۇلغان. ئەگەر ئاپتور ئەسەرنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى يازغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ نامىنى ياكى ئىمزاسىنى رەسىمنىڭ كومپازىتسىيىسىگە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان، مۇۋاپىق يېرىگە يازغان بولاتتى. ھەرگىزمۇ بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، رەسىمنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەن يېرىگە، يەنى رەسىمنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن، ئوڭ - تەتۈرىنىمۇ پەرق قىلماي يازمىغان بولاتتى. مەسىلەن، «كۆكۈل ئېچىۋاتقان شاياتۇنلار» دېگەن رەسىمگە يېزىلغان خەت بۇ رەسىمنىڭ بېشىنى تۆۋەن، پۇتىنى يۇقىرى قىلىپ قويغان. «قۇربان سەھنىسى» بىلەن «شاياتۇنلار ئۇسسۇلى» دېگەن رەسىملەرگە يېزىلغان ئىسىم ناھايىتى بىپەرۋالىق بىلەن رەسىمنىڭ خالىغان يېرىگە يېزىپ قويۇلغان. ئەگەر رەسىمگە ئاپتور ئۆزى ئىمزا

قويغان بولسا، ئۆزىنى ئۆزى «ئۇستاز» دەپ ئاتىمىغان بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، رەسسام ئۇستىگە يېزىلغان بۇ خەتلەر رەسىم سىزىلىپ خېلى زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن يېزىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. رەسىمنىڭ رەڭلىرى خېلىلا ئۆڭگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگەيېزىلغان خەتلەرنىڭ سىياھى رەسىم ئۇستىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ باشقىچە چېنىپلا تۇرىدۇ. مىنياتيۇرا رەسىملىرىنىڭ ئاپتورلىرى كۆپ ھاللاردا ئەسەرلىرىگە ئىمزا قويمايتتى. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى سەۋەبلەر بار ئىدى: بىرىنچىدىن، مىنياتيۇرا كلاسسىكلارنىڭ مەشھۇر قولىيازمىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە، خەتتاتلارغا يول قويۇش، ئۇلار بىلەن نام - ئابروي تالاشماسلىق نۇقتىسىدىن، بۇ كىتابلارغا ئىسمىلىرىنى يازمايتتى؛ ئىككىنچىدىن، شۇ دەۋردە جەمئىيەتتە ئادەم رەسىمىنى سىزىشنى گۇناھ، رەسساملارنى بۇتپەرەسلەر دەپ تونۇيدىغان، رەسساملارغا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدىغان ئادەملەر يەنىلا ئاز ئەمەسىدى. رەسساملار ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، رەسىملىرىگە ئىمزا قويمايتتى ۋە كىتابلاردا ئىسمىنى ئېلان قىلىشنى خالىمايتتى. دېمەك، «مۇھەممەد سىياھ قەلەم» ئەسەرلىرىنىڭ ئاپتورىمۇ ئۆزى سىزغان رەسىملىرىگە ئىسمىنى يېزىپ قالدۇرمىغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

سىياھ قەلەم سەنئىتىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئاپتورنىڭ ئەسلى ئىسمىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىش، مېنىڭچە، ماھىيەتلىك مەسىلىلەردىن ئەمەس. چۈنكى، بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان بۇ سەنئەت، ئاللىقاچان «مۇھەممەد سىياھ قەلەم سەنئىتى» دېگەن نام بىلەن خەلقئارادا ئومۇملىشىپ قالدى. بىز رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، مۇھەممەد سىياھ قەلەم سەنئىتى ئەجدادلار بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىيەت بايلىقى دەپ تونۇپ، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، زامانىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

---

*مىنياتيۇرا (MINITURE) - ئىتالىيانچە سۆز بولۇپ، كىچىك تېپتىكى رەڭلىك رەسىم دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. مىنياتيۇرا ئوتتۇرا ئەسىردىكى كلاسسىكلارنىڭ تەۋرۈك ئەدەبىي قولىيازمىلىرىنىڭ ئىچىگە بىۋاستە سىزىلىدىغان پېرسوناژلىق رەسىم بولۇپ، ئىسلام رەسساملىقىنىڭ مۇھىم مەنسۇبىدۇر.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەسەن مامۇت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاپپاق خوجا ۋە غەربىي يۇرتتىكى سوپىزمنىڭ شەرققە تارقىلىشى

چېن گوگۇاڭ

ئاپپاق خوجا — مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە ئۆتكەن «ئاقتاغلىق» خوجىلارنىڭ داھىيسى. ئۇ 1625- يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان، كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسى مۇھەممەد يۇسۇپ بىلەن قۇمۇلدا تۇرغان، 1638 - يىلى قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ ، ئاتىسىنىڭ «ئاقتاغلىقلار» غا رەھبەرلىك قىلىشىغا ياردەملەشكەن. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، «ئاقتاغلىقلار» نىڭ دىنىي ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلغان ھەم تەخت ۋارىسى يولۋاسخاننىڭ 1667 - يىلى يەكەن خانلىقى ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشىنى قوللىغان . لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئىسمايىلخان ئاقسۇدىن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، يولۋاسخاننى ئۆلتۈرگەن، ئاپپاق خوجىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىن قوغلاپ چىقارغان. 1670 — 1680 - يىللىرى ئىسمايىلخان تەختكە ئولتۇرغان مەزگىلدە. ئاپپاق خوجا ئوتتۇرا ئاسىيادا، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارلار رايونىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن. كېيىن شارائىت ھازىرلاپ قايتا باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكىلەرگە بېرىپ، «ئايلىنىپ يۈرۈپ دىن تارقىتىش» نامى بىلەن كۈچ توپلىغان. 1678 - يىلى ئۇ شىزاڭغا بېرىپ، دالاي لامانىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، 1680 - يىلى جۇڭغار ئاقسۆڭكى غالدان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ، جۇڭغار قوشۇنىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا باشلاپ بارغان. 1682- يىلى جۇڭغارلارنىڭ قوللىشى بىلەن

يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرىشىت خاننى تەختتىن چۈشۈرگەن. ئاپپاق خوجا ئۆزى بولسا جۇڭغار خوجايىنلىرىنىڭ گۇماشتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ «يۇرت سورايدىغان» ① ھۆكۈمرانى بولغان. بىر تەرەپتىن، «ئاپپاق خوجا قالماقلارغا يىلىغا 100 مىڭ سەر تەڭگە ئولپان تاپشۇرۇشنى» ②، «جۇڭغارلار ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇپ بېرىشنى» ۋەدە قىلغان ③ بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تۆت شەھەر (ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن) دە خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن فېئودallıq ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن، ئىسلام شەرىئىتى ئارقىلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، ھاكىمىيەتتىن پايدىلىنىپ سوپىزمنى تارقىتىپ ۋە يولغا قويۇپ، «ئاقتاغلىقلار» نىڭ مۈرىتىنى 300 مىڭغا يەتكۈزگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، «قارا تاغلىقلار» نى، ھەتتا «ئاقتاغلىقلار» دىن باشقا ئاممىنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلغان. ئاپپاق خوجا ھۆكۈم سۈرگەن ئاز كەم ئون يىلدا سىنىپىي زىددىيەت ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، ئاخىرى 1692 - يىلى «قاراتاغلىق» مۇسۇلمانلار قوزغىلىپ قارشى چىققان، ئاپپاق خوجا بىر مەھەل تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولۇپ، كېيىن يەنە تەختكە چىققان. لېكىن «قاراتاغلىقلار» دىن قانلىق ئىنتىقام ئالغانلىقى ھەم ئاتىسىغا قەبرە ياسىتىش ئۈچۈن ئېغىر ئالۋان - ياساق سېلىپ كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، خەلق قايتا قوزغىلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن، ئاپپاقخوجا 1694- يىلى يەكەندە «قاراتاغلىقلار» نىڭ قوزغىلىڭىدا ئۆلتۈرۈلگەن.

ئاپپاق خوجىدىن كېيىن، ئۇنىڭ نەۋرىلىرى — چوڭ - كىچىك خوجىلار چىڭ ئوردىسىغا ئاسىيلىق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئەجدادىنىڭ «گۇناھسىز» لىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرىنى «ئادەم قويۇپ قارىتىش، بۇزۇش - پاسكىنا قىلىشنى مەنئى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىش، مازارنى رېمونت قىلدۇرۇش، دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى باشقۇرۇشقا ئەمەلدار قويۇش كېرەك، دەپ ئېنىق يارلىق چۈشۈرگەن. ئاپپاق خوجا مازىرى شىنجاڭدا ئىسلام دىنى مازار قۇرۇلۇشى بويىچە ھېلىمۇ دۇنياغا مەشھۇردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئاپپاق خوجىغا سىياسىي جەھەتتە قانداق باھا بېرىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىكى سوپىزمنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرىغا تارقىتىشتا، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى، ئۇنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخىدا مۇھىم تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوبيېكتىپ ھالدا كۆرۈش لازىم.

ئاپپاق خوجا ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغان نەقشىبەندىيەنىڭ 5 - ئەۋلاد شەيخى مەخدۇم ئەزەم (1461 ـ 1543) نىڭ ئەۋرىسى. مەخدۇم ئەزەم نەقشىبەندىيەنىڭ نوپۇزلۇق كىشىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ توپلىمى زاماندىن زامانغا تارقىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە سوپىزم ئەقىدىسى ۋە ئىستىقامىتىگە دائىر نەچچە ئون پارچە پۈتۈك بار. ئۇنىڭ دىنىي قارىشى تەسەۋۋۇپچى پان ئىلاھچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، ئىبادەت جەھەتتە سوپىلارنىڭ دائىم خانىقادا بولۇشىنى، سىرتنى ئايلانغاندا ئىبادەت قىلىش، دىن تارقىتىشنىلا مەقسەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. دىنىي مۇراسىم جەھەتتە، خۇپىيە مەزھىپىنىڭ پەس ئاۋازدا (ئىچىدە) ئوقۇش ئەنئەنىسىنىمۇ ساقلاش، ھەم يۇقىرى ئاۋازدا زىكىر-تەلقىن ئېيتىش ۋە مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ساما سېلىشقىمۇ رۇخسەت قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇشۇنداق مۆتىدىل، كەڭ قورساق يول تۇتقانلىقتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركمەنىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان قاتارلىق جايلاردا ئۇزاق ۋاقىت دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بارالىغان ھەم شايىبان خانلىقىنىڭ ئوردا ماجىراسىغا ئارىلىشالىغان. ئۇ 1533 - يىلدىن كېيىن «سەئىد» سالاھىيىتى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ سۆھبەتكە باشچىلىق قىلىپ، ئۆزبېكلەر بىلەن قەشقەرلىقلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ياراشتۇرغان ھەم دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ سوپىلارنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ماس ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى، شۇ جايلارنىڭ

قانۇنىنى ئەپلەپ ئىجرا قىلىشىنى تەشەببۇس قىلغان. شۇڭا قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى فېئوداللار ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلغان، ئابدۇرېشىت خان ئۇنى ئوردا مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ غەربىي يۇرت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى خوجىلىق ئورنىغا ئاساس سېلىنغان. مەخدۇم ئەزەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى ئىشان كالان بىلەن كىچىك ئوغلى ئىسھاق خوجا دىنىي ھوقۇقنى تالىشىپ ئىككى مەزھەپكە، يەنى كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن «ئاقتاغلىــــقلار» (خۇپىيە) بىلەن «قاراتاغلىقلار» (زىكرىيە) دەپ ئاتالغان ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئۇرۇق - جەمەت جەھەتتىن سۈرۈشتۈرگەندە، ئاپپاق خوجىنىڭ بوۋىسى ئىشان كالان، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد ئىمىن خوجا، ئىشان كالان ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى («كالان» پىر، ئۇستاز دېگەن مەنىدە) ئۇ چوڭ ئوغۇل بولغانلىقتىن، خەلىپىلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئىشان كالان «چوڭ خوجا» دېگەن ئاتاق بىلەن مەشھۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىمۇ ھۆرمەتلىك ئىدى. ئىشان كالان غەربىي يۇرتتىكى سوپىزمنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، «ئاقتاغلىقلارنىڭ» پىرى، ئۇ دىنىي ئىبادەت جەھەتتە ئەنئەنىۋى خۇپىيە (ئىچىدە ئوقۇش) نى تەشەببۇس قىلغان ھەم پىر تۇتۇش، مازار تاۋاپ قىلىش ۋە تەبىئەتكە چوقۇنۇشقا ئوخشاش سوپىزملىق ئىستىقامەت قائىدىلىرىنى تۈزگەن. XVII ئەسىردە ئىشان كالان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خۇپىيە ئەقىدىسى ۋە تەشكىلاتىنى ئۇنىڭ تۆت ئوغلى ئاسىيادىكى سەمەرقەند، بۇخارا، ئافغانىستان ۋە مەملىكىتىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا تارقاتقان. قەشقەر ئۇنىڭ 4 - ئوغلى مۇھەممەد يۇسۇپ بىلەن نەۋرىسى ئاپپاق خوجىنىڭ دىن تارقىتىــدىغان بازىسى ئىدى.

باشتا ئېيتقاندەك، 1670 — 1680 - يىللىرى ئاپپاق خوجا سۈرگۈن قىلىنىپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەنىدى، ئۇ سىياسىي جەھەتتە قايتا باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن، غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە (رايون) لاردا يۈرۈپ دىن تارقاتقان. شۇنداق قىلىپ، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25۔ ئەۋلادى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە كەلگەن» دېگەن رىۋايەتنى قالدۇرغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60۔ يىللىرىنىڭ بېشىدا، خەلقئارادىكى تەتقىقاتچىلاردىن بەزىلىرى مەزھەپ توغرىسىدىكى خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا يېزىلغان «25۔ ئەۋلاد سەئىد ھىدايىتۇللاھ» ـــ ئاپپاق خوجادۇر⑤ دەپ قارىغان. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 80 ـ يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە، ئېلىمىزدە دىن جەھەتتىكى ئىلمىي تەتقىقاتتا چەكلەنگەن رايونلارنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (رايون) نىڭ ئىسلام دىنى تەتقىقاتى چوڭقۇر قانات يايدى، بۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى كونا قاراش يەنە تىلغا ئېلىندى⑥. ئەگەر ھىدايىتۇللاھ ھەقىقەتەن ئاپپاق خوجا بولىدىغان بولسا، «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلادى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە كەلگەن» دېگەن رىۋايەت، ئەلۋەتتە، غەربىي يۇرتتىكى سوپىزمنىڭ شەرققە تارقىلىشىغا ئالاقىدار مۇھىم تېما بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنى توغرا دەلىللەشكە ۋە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ⑦.

(1)

«نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ يۇرتىدا ساقلىنىۋاتقان «ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپ ۋە سۇلۇكلەر تارىخىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»⑧ ۋە «جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپ ۋە سۇلۇك تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى»⑨ نىڭ خۇپىيە مەزھىپىدىكى بىيجاچاڭ سۇلۇكى، مۇفتىسى سۇلۇكى، خۇاسى سۇلۇكى ۋە قادىرىيە قۇببىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى توغرىسىدىكى رىۋايىتىدە «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلادى» ئىچكى رايونلارغا كېلىپ دىن تارقاتقان، دېگەن گەپ توغرىسىدا ئېنىق خاتىرە بار. 25 ـ ئەۋلاد ھىدايىتۇللاھ دېگەن ئىسمغا كەلسەك، ئۇ ئاپپاق خوجا بولۇپ، «ئاپپاق خوجا» ـــ ھىدايىتۇللاھنىڭ ھۆرمەت نامى، بۇ نامنى 1682۔ يىلى ئۇ جۇڭغار قوشۇنلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن تۆت شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندا، ئۆزىگە ئۆزى بەرگەن، مەنىسى «ئالەمنىڭ خوجىسى» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا

مۇفتى سۇلۇكىنىڭ رىۋايىتىدىكى 25 ـ ئەۋلاد خەلىپە «ھەزرىتى ھىدايىتۇللاھ ئاپپاق مەسئۇل» دېگەن نام ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆز ئىسمى («ھىدايىتۇللاھ») نىمۇ، ھۆرمەت نامى («ھەزرىتى ئاپپاق») نىمۇ، ئىشانلىق نامى («مەسئۇل») نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ماشۇجېنىنىڭ دىنىي ئىسمى «ھەزرىتى بەشىرىل رەببانىي»؛ ماشۇجېنىدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئەۋلاد خەلىپە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىي ئىسمى «ھەزرىتى ئابدۇلرەھمان»؛ 3 ـ ئەۋلاد خەلىپىنىڭ دىنىي ئىسمى «ھەزرىتى ئابدۇلتوشىل»؛ 4 ـ ئەۋلاد خەلىپىنىڭ دىنىي ئىسمى «ھەزرىتى ئابدۇلتوفال»؛ 5 ـ ئەۋلاد خەلىپىنىڭ دىنىي ئىسمى «ھەزرىتى ئابدۇلساتتار»؛ 6 ـ ئەۋلاد خەلىپە ماجىنخۇەن، دىنىي ئىسمى «خوجا سەدرىددىن.»⑩

بۇلار مەيلى بىۋاستە بولسۇن ياكى ۋاستىلىك بولسۇن، شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خۇيزۇلارنىڭ سۇلۇكىدە بايان قىلىنغان 25 ـ ئەۋلاد ھىدايىتۇللاھ مەيلى ئىسىم جەھەتتە بولسۇن ياكى ھۆرمەت نامى جەھەتتە بولسۇن، ئاپپاق خوجىغا پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ.

(2)

خوجىلار نەسەبىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا يېزىلغان ئاپپاق خوجا توغرىسىدىكى ماتېرىياللاردا، ئاپپاق خوجا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 27 ـ ئەۋلاد ئەۋرىسى دېيىلىدۇ. «تارىخ خەمسەئىي شەرقى» دە مۇنداق ئىككى مىسرا بېيىت بار:

«پەيغەمبەرگە نەسەب كىم سابىت ئەتتى ،
يىگىرمە يەتتە ۋاستە بىرلە يەتتى.»⑪

خەنزۇچە ماتېرىياللار، شۇي سۇڭنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا-ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئەلىنىڭ پۇشتى 25 ـ ئەۋلادقىچە يېتىپ كەلدى، ئىسمى مۇھەممەد ئىمىن، تۆت ئوغلى بار، چوڭى قاسىم، بۇخاراغا كۆچۈپ كەتكەن؛ ئىككىنچىسى مۇسا، بەلخكە كۆچۈپ كەتكەن؛ ئۈچىنچىسى مۆمىن ئۆز

يۇرتىدا قالغان؛ تۆتىنچىسى مۇھەممەد يۇسۇپ، قەشقەرگە كۆچۈپ بارغان. قەشقەردە ئىسلام دىنى شۇنىڭدىن باشلاپ پەيدا بولغان⑫.

ۋېي يۈەننىڭ «زەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سۈي، تاڭ دەۋرىدە ئۇلارنىڭ پادىشاھى مۇھەممەد ئىدى،... 26- ئەۋلادى مامۇت، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاغا - ئىنىلەر بۆلۈنۈپ، ھەر قايسى ئەللەرگە كەتتى. مامۇت كۆكئارتتىن ئېشىپ قەشقەرگە باردى، شىنجاڭدا شۇنىڭدىن باشلاپ مۇسۇلمان ھۆكۈمدار پەيدا بولدى»⑬.

يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردە، مۇھەممەد ئىمىن 25 - ئەۋلاد، مۇھەممەد يۇسۇپ 26 - ئەۋلاد دېيىلىدۇ. ئاپپاق خوجا بولسا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ ئوغلى ، ئۇ 27 - ئەۋلاد بولۇشى كېرەك. بۇنى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى مۇسۇلمانلار نەسەبى بىلەنمۇ ئىسپاتلاش مۇمكىن. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن؛

«پەيغەمبەر 1 - ئەۋلاد، پەيغەمبەرنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى ئەلى 2 - ئەۋلاد، ئەلىنىڭ ئوغلى ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەيىن 3 - ئەۋلاد، ئىمام ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ئەلى ئابابەكرى 4 - ئەۋلاد، مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۇسۇپ 26 - ئەۋلاد، مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللاھ خوجا 27 - ئەۋلاد ⑭. بۇ ئېچكىرىدىكى سۇلۇكلەرنىڭ ھىدايىتۇللاھ «پەيغەمبەرنىڭ 25 - ئەۋلادى» دېگىنىدىن ئىككى ئەۋلاد كۆپ. بىراق، خوۋورسىنىڭ شەرقشۇناس م. شېفېر خوجىلار ھەققىدە بەرگەن تەبىرىدىن نەقىل ئېلىپ ئېيتقىنىدەك، ئۇلار ئۆزلىرىنى خەلىپە ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرلەرنىڭ ئەۋلادى دېسىمۇ، لېكىن ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ قىزىدىن بولماستىن، باشقا ئاياللاردىن تۇغۇلغان. شۇڭا خوجىلار ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، بىر خىلى، سەئىد ئاتا نەسەبى بولۇپ، ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ خەلىپە بىلەن قانداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھنامە بار؛ يەنە بىر خىلى، جۇيبارى نەسەبى بولۇپ، ئۇلار بۇنداق گۇۋاھنامىنى يوقاتقان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىق سالاھىيىتىنى پەقەت رىۋايەتكە ۋە ئابرويغا تايىنىپ تۇرغۇزغان ⑮. XVII ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوجىلار جۇيبارى نەسەبىگە مەنسۇپ بولۇپ،

ھەقىقىي خەلىپىنىڭ ئەۋلادى ئەمەسىدى، بۇ خوجىلار ئۆزى بولۇۋالغان خوجا بولغانلىقتىن ، ھەر خىل رىۋايەتلەردە ئۇلارنىڭ نەسەبتىكى ئىسمىلىكى ۋە قانچىنچى ئەۋلاد ئىكەنلىكى ئارىلىشىپ كەتكەن، بىرلىككە كەلمىگەن. ئاپپاق خوجا ئادەتتە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 27 ـ ئەۋلادى دېيىلىسمۇ، لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا، مەسىلەن، «تەزكىرەئى خوجا ئاپپاق» تىكى نەسەبتە 25 ـ ئەۋلاد دېيىلگەن. سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مۇفتى سۇلۇكىنىڭ دىنىي سىستېمىسىدىكى نەسەب بىلەن «تەزكىرەئى خوجا ئاپپاق» تىكى نەسەبنى قاتار قىلىپ كۆرسەتتۇق:

| مۇفتى سۇلۇكىنىڭ دىنىي سىستېمىسىدىكى نەسەب ⑯ | «تەزكىرەئى خوجا ئاپپاق» تىكى نەسەب ⑰ |
|---|---|
| پەيغەمبەر مۇھەممەد | مۇھەممەد مۇستاپا |
| 2 ـ ئەۋلاد خەلىپە ئەبۇبەكرى | فاتىمە زۇھرە |
| 3 ـ ئەۋلاد خەلىپە سۇلايمان | ئىمام ئەمىرۇل مۇمىن ئەلى |
| | ئىمام ھەسەن شاھىدىن كەربالا |
| 4 ـ ئەۋلاد خەلىپە قاسىم (ئەبۇبەكرىنىڭ نەۋرىسى) | ئىمام زەيتۇل ئايدىن (ئابىدىن) |
| 5 ـ ئەۋلاد خەلىپە جەفىرى سادىق | ئىمام مۇھەممەد بەكىر |
| 6 ـ ئەۋلاد خەلىپە ئابايېزىد بىستامىيە | جەفىرى سادىق |
| 7 ـ ئەۋلاد خەلىپە ئەبۇ ھەسەن خەلقانىيە | ئىمام مۇسا كازىم |
| 8 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ قاسىم قۇلخانىيە | سەئىدئىمام مۇھەممەد ئەلى مۇسا |
| 9 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇئەلى فالمىدىنىيە | سەئىد ئىمام مۇھەممەدتەكى |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 10 ـ ئەۋلادخەلىپە ھەزرىتى ئەبۇيۇسۇپ ھەمدانى | سەئىد ئىمام مۇھەممەد نەقى |
| 11 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى ئابدۇلخالىق ئەجدەۋانىيە | سەئىد ئىمام مۇھەممەد ئەسقەرى |
| 12 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى ئارىپ رىۋقۇرىيە | سەئىد ئابدۇللا ئەرەچ |
| 13 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى مەخمۇد ئەجرىيە | سەئىد ئابدۇللا ئەفزەل |
| 14 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى خوجا ئەلى رەمىتەلىيە | سەئىد شەيخ ھۇسەيىن |
| 15 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى مۇھەممەد بابا سەماشىيە | سەئىد شەيخ ھەسەن |
| 16 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى سەئىد ئەمىركىلالىيە | سەئىد جامالىددىن |
| 17 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى باھاۋۇددىن نەقشىبەندىيە | سەئىد كامالىددىن |
| 18 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى ياقۇپ جالالىددىن | سەئىد بۇرھانىددىن |
| 19 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى ئۇبەيدۇللا ئەخۋالىيە | مىر مۇھەممەد دىۋانى |
| 20 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى مۇھەممەد غازى | سەئىد بۇرھانىددىن قىلىچ |
| 21 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەم | سەئىد جالالىددىن |
| 22 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى ئىشان كالان | مەخدۇم ئەزەم |
| 23 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى ئىشان قاسىم | مۇھەممەدئىمىن خوجا* |
| 24 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى ئىشان مۇھەممەد يۇسۇپ | يۇسۇپ خوجا* |
| 25 ـ ئەۋلاد خەلىپە ھەزرىتى ھىدايە ئاپپاق مەسئۇل | ئاپپاق خوجا⑱* |

بۇ ئىككى نەسەبنامىدە ھىدايىتۇللاھ بىلەن ئاپپاق خوجا تەڭلا 25 ـ ئەۋلاد «خوجا» بولۇپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قايسى ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئىسمىدا پەرق ناھايىتى چوڭ، 1 ـ، 24 ـ، 25 ـ ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئىسمى ۋە قانچىنچى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى بۇ ئىككى نەسەبنامىدە پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغاندىن باشقا، مۇفتى

سۇلۇكىنىڭ نەسەبنامىسىدىكى 5 ـ، 21 ـ ئەۋلاد بىلەن «تەزكىرەئى خوجا ئاپپاق» تىكى 6 ـ، 22 ـ ئەۋلادتا ئوخشايدىغان ئىسىملار بولسىمۇ، لېكىن بىر ئەۋلاد ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتكەن. قالغان يىگىرمە ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئىسمى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

نەسەب مەسىلىسىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئەھۋال بار. ر. ب. شاۋ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان «تەزكىرەئى خوجىگان» نىڭ «كىرىش سۆز ـ باھا» قىسمىدا مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزى ئالاھىدە نەقىل قىلىنغان: «بىلىشىڭلار كېرەككى، ئۇ نەسەب ئىچكى باغلىنىشلىق ۋە تاشقى باغلىنىشلىق دەپ ئايرىلىدۇ. تاشقى باغلىنىشلىق نەسەب پالانى پۇكۇنىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەقىقىي (ئىچكى باغلىنىشلىق) نەسەب ۋارىسلىقى پەيغەمبەرنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇندىغانلارغا بېرىلىدۇ. »⑲

بۇ ئەسكەرتىش يۇقىرىقى ئىككى نەسەبنامىنىڭ بىر ـ بىرىگە توغرا كەلمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئەسلىدە «تەزكىرەئى خوجا ئاپپاق» تىكى نەسەب خوجىلار «تاشقى نەسەب » يەنى «سەئىد» نى ئۆزىنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ نامى قىلىدىغان قانداشلىق ئاساسىدىكى نەسەب ئىكەن⑳. مۇفتى سۇلۇكىنىڭ نەسەبنامىسى بولسا دىنىي سىستېمىنى مەنبە قىلغان، ھىدايىتۇللاھ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن نەسەب، يەنى «ئىچكى باغلىنىشلىق نەسەب» ، شۇڭلاشقا، ئىككى نەسەبنامىنىڭ بىر- بىرىگە توغرا كەلمەسلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. يېقىندا «چوڭ خوجا تەزكىرىسى»㉑ دېگەن پارسچە ماتېرىيال تېپىلدى ۋە تەرجىمە قىلىندى، ئۇنىڭدا ئاپپاق خوجا بىلەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككى خىل نەسىبى خاتىرىلەنگەن. ئاتالمىش «تاشقى نەسەب»، يەنى جەمەتنىڭ قانداشلىق نەسىبىدە «تەزكىرەئى خوجا ئاپپاق» تىكى نەسەبتىن بىر ئەۋلاد ئوشۇق چىققان («چوڭ خوجا تەزكىرىسى» بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاپپاق خوجا 26 ـ ئەۋلاد بولىدۇ) دىن باشقا، قالغان ئەۋلادلار ئاساسەن ئوخشايدۇ. «ئىچكى نەسەب» ، يەنى «ئىلاھىيەتچىل مەزھەب سىستېمىسى» ㉒ مۇفتى سۇلۇكىنىڭ نەسەبنامىسىگە ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشايدۇ. ئىككى نەسەبنامىدە بىر ئىسىم خەنزۇچىگە بىر نەچچە خىل تەرجىمە قىلىنغانلىقتىن، پەرق ئېتىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مۇفتى سۇلۇكىنىڭ نەسەبنامىسىدىكى ھەر قايسى ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ دىنىي ئىسمىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ، «چوڭ خوجا تەزكىرىسى» دىكى مەزھەب سىستېمىسى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلسىلىتۇرۇپ كۆرسىتىلدى:

| مۇفتى سۇلۇكىنىڭ مەزھەپ سىستېمىسى | «چوڭ خوجا تەزكىرىسى» دىكى ئىلاھىيەتچىل مەزھەپ سىستېمىسى |
|---|---|
| 1. مۇھەممەد | مۇھەممەد |
| 2. ئەبۇ بەكىر | ئابابەكرى سادىق |
| 3. سۇلايمان | سەلىمانى بارسىت |
| 4. قاسىم | مۇھەممەد قاسىم |
| 5. ئىمام جەفىرى سادىق | ئىمام جاپپار سادىق |
| 6. ئەبا يېزىد بىستامىيە | بايىز بەستامى |
| 7. ئەبۇ ھەسەن خەلقانىيە | شەيخ ئوبۇل ھەسەن پەركانى |
| 8. ئەبۇ قاسىم خۇلخانىيە | |
| 9. ئەبۇ ئەلى فالمىدىنىيە | |
| 10. ئەبۇ يۇسۇپ ھەمدانى | خوجا يۇسۇپ ھەمدانى |
| 11. ئەبدۇل خالىق ئەجدەۋانىيە | ئابدۇخالىق ئەجدىۋانى |
| 12. ئارىپ رىۋقۇرىيە | خوجا ئارىپ رىۋەگرى |
| 13. مەھمۇد ئەجرىيە | خوجا مەھمۇدىل خەيرى پەئۆلنەۋى |
| 14. ئەلى رەمىتەلىيە | خوجا ئەلى رەمىتى |
| 15. مۇھەممەد بابا سەماشىيە | خوجا باباي سەمماسىي |
| 16. سەيىد ئەمىر كىلالىيە | مىر قۇلالىددىن |
| 17. باھاۋۇددىن نەقشىبەندىيە | خوجا باھائىددىن نەقشىبەندى |

| | |
|---|---|
| 18. ياقۇپ جالالىددىن | مەۋلانە ياقۇپ چەرخى |
| 19. ئۇبەيدۇللا ئەخۋالىيە | خوجا ئەبەيدۇللا ئەخۋارى |
| 20. مۇھەممەد غازى | مەۋلانە قازى |
| 21. مەخدۇم ئەزەم | مەخدۇم ئەزەم |
| 22. ئىشان كالا | ئىشان كالان✓ |
| 23. ئىشان قاسىم | قاسىم※✓ |
| 24. ئىشان مۇھەممەد يۈسۈپ | مۇھەممەد يۈسۈپ※✓ |
| ھىدايە ئاپپاق | ئاپپاق خوجا㉓※✓ |

بۇ ئىككى نەسەبنامىنى سېلىشتۇرغاندا، مۇفتى سۇلۇكىنىڭ نەسەبنامىسىدىكى 8-، 9 - ئەۋلاد خەلىپىلەرنىڭ ئىسمى «چوڭ خوجا تەزكىرىسى» دە چۈشۈپ قالغاندىن باشقا، قالغان 23 ئەۋلادنىڭ ئىسمى ئوخشاش چىقىدۇ. ئەگەر مەھمۇد جوراسىنىڭ «تاۋارىخ» دا يېزىلغان «قاراتاغلىق» خوجىلار نەسەبىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭدىكى «شەيخ ئەبۇلقاسىم كوراگان» بىلەن «شەيخ ئەبۇ ئەلى فالمىدىن» ㉔ دېگەن ئىككى ئىسىم بىلەن «چوڭ خوجا تەزكىرىسى» دىكى كەم جايىنى تولۇقلىساق، مۇفتى سۇلۇكىنىڭ نەسەبنامىسىدىكى 8 -، 9 - ئەۋلاد خەلىپىلەرنىڭ ئىسمى بىلەن پۈتۈنلەي توغرىلىنىدۇ. مانا بۇ، «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 - ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن» دېگەن گەپنىڭ ھەقىقەتەن ئاپپاق خوجىنىڭ ئىچكىرىگە دىن تارقىتىشقا بارغانلىقىنى توغرا ۋە كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ غەربىي شىمال مۇسۇلمانلىرىدا ھەر قايسى دەۋردىكى ئەۋلادلارنىڭ نەسەب سىستېمىسىنى قالدۇرغان، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي رايونلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ھىدايىتۇللاھنى «پەيغەمبەرنىڭ 25 - ئەۋلادى» دېيىشتە ئاپپاق خوجىنىڭ قانداشلىق سىستېمىسىنى ئەمەس، ئۆزى قالدۇرۇپ كەتكەن نەسەب سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## (3)

«مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 - ئەۋلادى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە كەلگەن» دېگەن گەپ خۇيزۇلار ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن گەپ. ئۇنىڭدىكى «ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك» دېگەن سۆز تارىخ، جۇغراپىيىدىكى چىن مەنىدىكى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا. تۆۋەن ئېقىنىدىكى جايلارنى ئەمەس، ئومۇمەن جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپپاق خوجىنىڭ ئىچكى جايلارغا بېرىپ قىلغان پائالىيەتلىرى ھەمدە شىنىڭغا بارغان يولى ۋە ۋاقتى توغرىسىدا شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە «قاراتاغلىق» خوجىلارنىڭ تەزكىرىسى — «تەزكىرەئى خوجىگان» دا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، «ئاپپاق خوجا قەشقەردىن سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، كەشمىرگە بارغان»[25] ھەم كەشمىردىن شىنىڭغا بارغان. ۋاقتى XVII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ بېشىدا بولۇشى كېرەك. «ئاقتاغلىق» خوجىلارنىڭ تەزكىرىسى — «چوڭ خوجا تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، «ئاپپاق خوجا جايلارنى ئايلىنىپ ئون يىلدەك يۈرگەن»[26]، ئاخىرىدا ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا بارغان، گەنسۇ، چىڭخەي، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن ئۆتۈپ شىنىڭغا بېرىپ دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن يول ئاچقان، ۋاقتى تەخمىنەن XVII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 80- يىللىرىنىڭ بېشىغا توغرا كېلىدۇ. ئاپپاق خوجا شىنىڭغا بارغان بۇ يوللارنىڭ ھەر ئىككىسى بار بولۇشى مۇمكىن. ۋاقتىمۇ بىرى ئىلگىرى، بىرى كېيىن بولۇپ، توقۇنۇشمايدۇ. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە، غالدانىنىڭ يەكەن خانلىقىنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى توغرىسىدىكى قاراش بىرلىككە مايىل بولدى ، يەنى 1680- يىلغا كېلىشتى[27]. ئاساس قىلىنغان ئەڭ مۇھىم ماتېرىيال «زەنيا بەندىدا تەزكىرىسى» دىكى مۇنۇ خاتىرىلەر:

«ئات يىلى (1678) . . . قىش، دالاي لامانىڭ ئەلچىسى جاربۇن كەلدى. قوي يىلى (1679) قىشتا بوشۇكتۇ خان يەنە ئىرتىشتە قىشلىدى. مايمۇن يىلى (1680) ئەتىياز، بوشۇكتۇ خان كۆچتى، كۆك قۇيادا يازلىغاندىن كېيىن، يەكەننى ئالدى.» ㉘

بۇ خاتىرىدىكى دالاي لامانىڭ ئەلچىسى جاربۇننىڭ كەلگەن ۋاقتى ئاپپاق خوجىنىڭ شىنجاڭغا بارغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئاپپاق خوجىنىڭ شىنجاڭغا بارغان ۋاقتىنى 1678 - يىلدىن كېيىن بولمىسا كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. دالاي لامانىڭ بۇ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىشى ئاپپاق خوجا بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغاندىمۇ، ئاپپاق خوجىنىڭ شىنجاڭغا بارغان ۋاقتى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 1680 - يىلى (كاڭشىنىڭ 19 - يىلى) دىن كېيىن ئەمەس. شىنجاڭدىكى ماتېرىياللاردا، ئاساسلىقى، ئاپپاق خوجىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ بېرىشى، «ئاق تاغلىقلار» نىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان سىياسىي ھەرىكەتلىرى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى ماتېرىياللاردا يەنىلا ئۇنىڭ ئىچكى جايلاردا تەسەۋۋۇپچىلىق (سوپىزم) تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بارغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىچكىرىدىكى غەربىي شىمال سۇلۇكلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىگە قاراپ باقايلى. خۇپىيە مەزھىپى بىيجاچاڭ سۇلۇكىنىڭ رىۋايىتىدە:

«كاڭشىنىڭ 11 - يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلاد نەۋرىسى ھىدايىتۇللاھ مەككىدىن تىيانشان ئارقىلىق چىڭخەينىڭ خۋاڭجۇڭ رايونىغا كېلىپ دىن تارقاتقان» ㉙ دېيىلگەن. مەزكۇر سۇلۇكنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە:

كاڭشىنىڭ 11- يىلى (1672) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25- ئەۋلادى خوجا ئاپپاق ھىدايىتۇللاھ ئىسلامنىڭ دىن تارقاتقۇچى ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭ ئارقىلىق چىڭخەينىڭ خۋاڭجۇڭ دېگەن يېرىدىكى فېڭخۋاڭشەن تېغىدا دىن تارقاتقان» ㉚ دېيىلگەن. خۋاسى سۇلۇكىنىڭ رىۋايىتىدە:

«. . . كاڭشىنىڭ 10 - يىلى (1671) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەۋلاد نەۋرىسى چىڭخەيىنىڭ شىنىڭ شەھىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ سوپىزم ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، شۇيەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. . .» ㉛ دېيىلگەن. مۇفتى سۇلۇكىنىڭ رىۋايىتىدە:

«كاڭشىنىڭ 10 ـ يىلى (1671) ماشۇجېن شەنشىنىڭشىشياڭ دېگەن يېرىدىن چاي سودىگەرچىلىكى بىلەن گەنسۇنىڭ خېجو دېگەن يېرىگە بارغاندا، يولدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25ـ ئەۋلادىھەزرىتى ھىدايىتۇللاھ ئاپپاق خوجا مەسئۇلىنىڭ دىن تارقىتىش ئۈچۈن خېجو ـ خۇاڭجوڭ رايونىغا كېتىۋاتقانلىقىنى. . . كاڭشىنىڭ 12 ـ يىلى(1673) ھىدايىتۇللاھنىڭ چىڭخەيدە دىن تارقىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. . . ماشۇجېن خۇاڭجوڭغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن»㉜ دېيىلگەن. مۇفتى سۇلۇكىنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە: ماشۇجېن يولدا ھىدايىتۇللاھنىڭ دىن تارقىتىش ئۈچۈنچىڭخەيگە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن، دېيىلىدۇ. ۋاقتى كاڭشىنىڭ 11ـ يىلى بولۇپ، يۇقىرىقىدىن بىر يىل كېيىن㉝.

خۇپىيە سۇلۇكلىرىنىڭ يۇقىرىقى رىۋايەتلىرىدىن قارىغاندا، ئاپپاق خوجا كاڭشىنىڭ 10 ـ يىلى (1671) دىن كاڭشىنىڭ 12 ـ يىلى (1673) غىچە دىن تارقىتىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئارقىلىق چىڭخەيگە بارغان بولىدۇ. ئۇنىڭ سىياسىي غەرىزى توغرۇلۇق سۇلۇكلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ھېچقانداق خاتىرە يوق.

شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى خىل ماتېرىيالىدىكى ئىككى خىل گەپ بىر- بىرىگە زىت ئەمەس. ئاپپاق خوجا ئەسلىدە دىنىي، سىياسىي داھىي بولۇپ، ئىسمايىلخان تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، «جاھان كېزىش » دېگەن نام بىلەن يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن قايتا باش كۆتۈرۈپ، دەۋرانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىردەممۇ ئېسىدىن چىقارغىنى يوق، ھەتتا خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي شىزاڭغا بارغان. بۇ ھەرگىز يېنىكلىك بىلەن قىلىنغان قارالمىق بولماستىن، تەييارلىق بىلەن قىلىنغانئىش. 1671 ـ يىلدىن 1673 ـ يىلغىچە چىڭخەيدەئىلىپ بارغان دىن تارقىتىش ھەركىتى ئۇنىڭ شىزاڭغا بېرىشقا قىلغان تەييارلىقىنىڭ

بىرقىسمى. دېمەك، ئۇ ئۆزىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلادى دەپ دىن تارقاتقاچ، ئاستىرتتىن ئاخبارات، ئىئانە، مەبلەغ توپلىغان، ھەر قايسى تەرەپلەر بىلەن ئالاقە قىلغان، سىرتنىڭ ھەربىي ياردىمىدىن پايدىلىنىشنىڭ يولىنى ئىزدىگەن. بۇ ئىشلار ئەلۋەتتە مەخپىي ئېلىپ بېرىلغان. شۇڭا سۇلۇكلەرنىڭ ماتېرىيالىدا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. ئۇزاق ۋاقىت تىرىشقانلىقى ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سىياسىي غەرىزى ئەمەلگە ئاشقان.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئىككى خىل ماتېرىيالدا بىر ـ بىرىنى دەلىللەيدىغان گەپلەر بار. قادىرىيە قۇببىسىنىڭ رىۋايىتىدىن قارىغاندا: «كاڭشىنىڭ 11 ـ يىلى . . . مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى ھىدايىتۇللاھ ئاسىيادىكى بۇخارادىن شىنجاڭغا كېتىۋېتىپ، چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھىرىگە كېلىپ دىن تارقاتقان.»㉞

بۇ گەپتە ۋاقىت جەھەتتىن خاتالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئاۋۋال شىنجاڭغا باردى، ئاندىن چىڭخەي قاتارلىق جايلارغا كەلدى، دېگەن خاتىرىنى شىنجاڭدىكى «قاراتاغلىق» خوجىلارنىڭ يولى بىلەن دەلىللىگىلى بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ماتېرىياللاردا «ئاقتاغلىقلار» نىڭ «تەزكىرەئى خوجا ئاپپاق » تىمۇ، «چوڭ خوجا تەزكىرىسى» دىمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ ئىچكىرىدىكى سەپىرىدە سالار شەھىرىگە بارغانلىقى بايان قىلىنغان:

«سالارلار پۈتۈنلەي مۇسۇلمان. ئۇ سالار شەھىرىدە ئالتە ئاي تۇرۇپ، ناماز ئوقۇيدىغان، دىن تارقىتىدىغان مەسچىت سالدۇرغان. سالارلارپۈتۈنلەي ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا باش قويغان. بىرنەچچە كىشى تەسەۋۋۇپچىلىق يولى بىلەن ئاللاغا يېقىنلىشىپ، ئالىيجاناب ئادەمگە ئايلانغان، بىر نەچچە كىشى بەگ بولغان. ئالتە ئايدىن كېيىن، ئۇ بىر كىشىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا خەلىپە قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ۋىقايىتۇللا ئاخۇن، لەقىمى ئالتۇنباش ئاخۇن.»㉟

بۇ خاتىرىنى تەھلىل قىلغاندا، «سالار شەھىرى» دېگىنى شۈنخۇا ناھىيىسى ئەتراپىدىكى سالارلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەلۇم بازار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدىن شىمالغا ماڭسا شىنىڭ، خۋاڭجۇڭلار ئانچە يىراق ئەمەس. بۇخاتىرىدە يېزىلغان تەسەۋۋۇپچىلىق ھەرىكەتلىرىمۇ سۇلۇكنىڭ ماتېرىيالىدىكى ھىدايىتۇللاھ شىنىڭ ياكى خۋاڭجۇڭدا دىن تارقاتقان، دېگەن گەپنى ئىسپاتلايدۇ. سۇلۇكلەرنىڭ ماتېرىيالىدا يەنە: «رىۋايەتكە قارىغاندا، ئۇ جۇڭگوغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر نەچچە قېتىم كەلگەن» دېگەن گەپمۇ بار. بىراق، سۇلۇكلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى ھەر خىل گەپلەر، ئاساسلىقى، يەنىلا مەركەزلىك ھالدا ئۇنىڭ 1671 — 1673 - يىللىرى چىڭخەيىنىڭ شىنىڭ، خۋاڭجۇڭ دېگەن جايلىرىدا ئېلىپ بارغان دىن تارقىتىش پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

## ( 4 )

بېيباجاڭ سۇلۇكىنىڭ رىۋايىتىچە، «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 25 - ئەۋلادى» چىڭخەيگە بارغاندا، مەزكۇر سۇلۇكنىڭ پېشۋاسى «مازۇڭشېڭ بافاڭ شاگىبېرشى مەسچىتىنىڭ ئىمامى تايبابا(ئەرەب)، چى جەمەتى مەسچىتىنىڭ ئىككىنچى غوجىسى چى جىڭيى، لىيۇ ھەزرەت ۋە مالەيچىنىڭ دادىسى ماشۇەن قاتارلىق كىشىلەرنى يىغىپ چىڭخەيىنىڭ خۋاڭجۇڭ دېگەن يېرىگە بېرىپ ‹ پەيغەمبەر ئەۋلادى› خوجا ئاپپاق بىلەن كۆرۈشكەن، … خوجا ئاپپاق مازۇڭشېڭ، تايبابا، لىيۇ ھەزرەت قاتارلىقلارغا خۇپىيىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرگەن، ‹زىكىر- تەلقىن› ئۆگەتكەن، ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش، دىن تارقىتىشنى تاپشۇرغان. »㊲

بۇ خاتىرىدە «خۇپىيەنىڭ مەقسىتى» ئېنىق ئېيتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆگەتكەن «زىكىر- تەلقىن» شىنجاڭ سوپىزمچىلىرىنىڭ زىكىر- تەلقىنىگە ئوخشايدۇ، «زىكىر» نىڭ ئەسلى مەنىسى «سېغىنىش» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەردە ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇش دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. شىنجاڭدىكى سوپىزمچىلار — ئىشانلار ئىچىدە، تۆرلۈك تارماق مەزھەپلەرنىڭ «زىكىر» ئوقۇش شەكلى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ھەرخىل

ئۆزگىچە دىنىي مۇراسىملار شەكىللەنگەن. خۇپىيىچىلەر پەس ئاۋازدا (ئىچىدە) ئوقۇش بىلەن داڭ چىقارغان، ئاپپاق خوجا مۇشۇنداق مۇراسىم شەكلىنى ئىچكى جايلارغا تارقاتقان. بۇنىڭ بىلەن خۇپىيە سۇلۇكلىرى ئىچىدە تائەت - ئىبادەت جەھەتتىكى مۇھىم بىر دىنىي ئەقىدە شەكىللەنگەن.

مەزكۇر سۇلۇكنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە:

«ئۆز ۋاقتىدا مازۇگشىڭ بافاگبىي مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئىدى... ئۇ شاگئىبىرشي مەسچىتىنىڭ ئىمامى تايىبابا، خۇاسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى مالەيچىنىڭ دادىسى ماشۇەن، چى 2- ئوجام، چوڭ قۇببىنىڭ ئىمامى چى جىگيى ۋە لىيۇ ھەزرەت قاتارلىق كىشىلەر بىلەن خۇاگجۇگغا بېرىپ... ھىدايىتۇللاھنىڭ ‹شەرىئەت›، ‹تەرىقەت› توغرىسىدىكى تەلىملىرىنى قوبۇل قىلغان، قايتىپ كېلىپ چېدىر تىكىپ خۇپىيە سۇلۇكى توغرىسىدا ۋەز سۆزلىگەن»㊳ دېيىلگەن.

بۇ يەردە خۇپىيەنىڭ مەقسىتى، يەنى ئاپپاق خوجا ئۆگەتكەن شەرىئەت ۋە تەرىقەت بايان قىلىنغان. شەرىئەت ئادەتتىكى مۇسۇلمانلاردىن ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، ئۆشرە - زاكات بېرىشتىن ئىبارەت «بەش پەرز» نى ئادا قىلىشنى، خۇداغا ھۆرمەت قىلىش، خۇدادىن قورقۇش، ھەر ئىشنى خۇداغا تاپشۇرۇش، شۇنداق قىلىپ خۇدانى تونۇش ۋە خۇداغا يېقىنلىشىش مەقسىتىگە يېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا بۇ «شەرىئەت» يولىدۇر. «تەرىقەت» دېگىنى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشىنىدەك، نەپسىنى يېغىش، ئىستىقامەت قىلىش، ئىستىغپار ئېيتىش، تائەت - ئىبادەت ئارقىلىق ئادەم بىلەن خۇدانىڭ بىرلىكىگە يېتىش دېگەنلىك بولىدۇ.

لېكىن بۇ رىۋايەتتە، خۇپىيىنىڭ خۇاسى سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى مالەيچىنىڭ دادىسى ماشۇەن بىلەن قادىرىيەقۇببىسىنىڭ ئاساسچىسى چى جىگيى بۇ تەلىمگە نائىل بولمىغان. خۇاسى سۇلۇكىنىڭ رىۋايىتىدە ئېيتىلىشىچە، ماشۇەن ھىدايىتۇللاھقا بىر جۈپ كۈمۈش يالىتىلغان لوڭقا ۋە باشقا قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم قىلغان. ھىدايىتۇللاھ ئۇنىڭغا دۇئا قىلغان، ئۇنىڭغا ئۆيلۈك بولىسىز ۋە ئوغۇل پەرزەنت كۆرىسىز، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھۆكۈم قىلغان. ماشۇەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن، راست دېگەندەك، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. بالىنىڭ ئىسمىنى ئابدۇلھەلىم قويغان. بۇ بالا خۇاسى سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى مالىيچىدۇر. چى جىــــڭيـــى بولسا ھىدايىتۇللاھنىڭ «ئۇستازىڭىز كۈن چىقىشتىن كېلىدۇ، تېز بېرىپ كۆرۈشۈڭ» دېگەن ھۆكۈمىگىلا ئىگە بولغان، دېگەن گەپكە كەلسەك، بۇ رىۋايەت مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 29 ـ ئەۋلاد نەۋرىسى خوجا ئابدۇللانىڭ دېڭىز يولى ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىپ قادىرىيە مەزھىپىنى تارقاتقانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك. چى جىڭيى شۇنىڭدىن ئۇدۇم ئېلىپ، چوڭ قۇببا سۇلۇكىنى بەرپا قىلغان㊴. ھىدايىتۇللاھنىڭ ماشۇەننىڭ پەرزەنتكە تەشنا بولغانلىقى ۋە چى جىڭيىنىڭ ئۇستازغا تەشنا بولغانلىقىغا قارىتىپ قىلغان ئىككى ھۆكۈمى، ئەمەلىيەتتە، دىنىي ئېھتىياج بىلەن ئەتەي ئېيتىلغان گەپ، ئۇنىڭدىن مەقسەت خۇاسى سۇلۇكىنىڭ مەنبەسىنى ۋە قادىرىيە قۇببىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى «پەيغەمبەرنىڭ 25 ـ ئەۋلادى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن» دېگەن رىۋايەت بىلەن باغلاش، بۇ رىۋايەت تارىخىي چىنلىقنى يوقاتقان، لېكىن ئۇ كىشىگە ئاپپاق خوجىنىڭ دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كىرگەندە، نەقەدەر چوڭقۇر تەسىر قوزغىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مۇفتى سۇلۇكى خۇپىيە مەزھىپىنىڭ 2 ـ چوڭراق تارمىقى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ سۇلۇكنىڭ «باش پېشۋاسى» ماشۇجېنمۇ 25ـ ئەۋلاد «سەئىد» تىن ئۇدۇم ئالغانمىش. ماشۇجېن كاڭشىنىڭ 10 ـ يىلـــى (كاڭشىنىڭ 11 ـ يىلـــى دېگەن گەپمۇ بار) شەنشىـــدىن گەنسۇغا سودىگەرچىلىك بىلەن كېتىۋاتقاندا، يولدا ھىدايىتۇللاھنى ئۇچرىتىپ، بۇ «سەئىد» نىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ قالغان چاقىنى داۋالاپ قويغان، ياندۇرقى يىلى ماشۇجېن چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھرىگە بارغاندا، ھىدايىتۇللاھنىڭ مۇرشىدلىقىغا قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭغا خۇپىيە ئەقىدىسىنى ۋە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك پەرزلىرىنى ئۆگەتكەن، باشقىلارغا ئۆگىتىشنى تاپىلىغان ھەم ئۇنىڭغا «مۇفتى» دەپ نام بەرگەن، شۇنىڭدەك ئۆزى ئىشلەتكەن نەرسىلەر — كىتاب، تەسۋى، دەستار (سەللە) قاتارلىق سەككىز خىل نەرسىنى دىن

تارقىتىشتا ئاساس قىلىش ئۈچۈن بەرگەن. كېيىن مۇفتى سۇلۇكى ئۇنى «سەككىز گۆھەر» دەپ ئاتىغان[40]. رىۋايەتكە قارىغاندا، مەزكۇر سۇلۇك ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس «گۆھەر راۋىقى» ياساتقان. ئەپسۇسكى، بۇ نەرسىلەر تۇڭجى ۋە گۇاڭشۈي يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ۋەقەدە يوقىلىپ كەتكەن. بۇ سەككىز قىممەتلىك نەرسە ئىچىدىكى «كىتاب» نىڭ نېمە كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئامال يوق. لېكىن بۇرۇن دولۇن دىن تارقىتىش ئۆمىكى گەنسۇدىن تاپقان 11 خىل ئىسلام كىتابى ئىچىدە نەقشبەندىيىگە ئائىت كىتابتىن بەشى بار[41].

مۇفتى سۇلۇكىنىڭ گەنسۇدا تەسىرى بەك چوڭ ئىكەن، ئاپپاق خوجا ماشۇجىنغا خۇپىيە ئەقىدىلىرىنى «كۆچەپ تارقىتىش» نى تاپىلىغان، خۇپىيىگە دائىر مۇقەددەس كىتاب چىققان بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، تەسۋى، دەستارلارمۇ، روشەنكى، شىنجاڭ ئىشانلىرى دائىم ئىشلىتىدىغان نەرسىلەر[42]، ئاپپاق خوجا ئىچكىرىدىكى دىن تارقىتىش ھەرىكىتىدە خۇپىيىنىڭ ئەقىدە، مۇراسىملىرىنى ئۆگىتىپلا قالماستىن، تەسەۋۋۇپچىلارغا كېرەكلىك كىتاب، ئىبادەت جابدۇقلىرىنىمۇ تارقاتقان.

بۇمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەھۋال. ئاپپاق خوجا ماشۇجىننى مۇرشىدلىققا ئالغان ھەم ئۇنىڭغا «مۇفتى» دېگەن نامنى بەرگەن. مۇفتى ئەسلىدە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئىسلام دىنىدا شەرىئەتنى ئىجرا قىلغۇچىنى كۆرسىتەتتى. بۇ نامنى بېرىشى ئۇنىڭ ماشۇجىننى چوڭ بىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «مۇرشىد» ئەرەبچىدە «كامال تاپقۇچى»، «يول باشلىغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، سوپىزمدا ئۇستازنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ھەر قايسى سۇلۇكلەرنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرغاندا: ئاپپاق خوجا «گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدە ئۈچ مۇرىت يېتىشتۈرگەن. بىرىنچىسى، شىنىڭلىق لى تەيبابا، ئۇ ھىدايىتۇللاھنىڭ ياردەمچىسى ھەم ماشۇجىننىڭ ئۇستازى، ئۇنىڭ ۋارىسى شىنىڭدىكى تۆگتەيبابا؛ ئىككىنچىسى، خېجۇ بافاڭدىكى مازۇڭشېڭ، ئۇ بېجىياچاڭ سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى؛ ئۈچىنچىسى، تاۋياڭنىڭ شىمالىي يېزىسىدىكى ماشۇجىن، ئۇ مۇفتى سۇلۇكىنىڭ ئاساسچىسى.»[43]

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاپپاق خوجا يېتىشتۈرگەن بۇ ئۈچ ئۇستازنىڭ سۈلۈك تۈزۈمىنى بەرپا قىلغانلىقىنى جۇڭگو ئىسلام دىنى تارىخىدىكى چوڭ ئىش دەپ قارىماي بولمايدۇ.

«خۇپىيە» نىڭ مەنىسى «خۇپىيانە»، «پەس ئاۋازدا ئوقۇش»، «ئىچىدە ئوقۇش» دېگەنلىك بولىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خۇپىيە ئەڭ بۇرۇن ئەرەبىستاننىڭ ئىمام شەھىرىدىكى سوپى ئوبۇلقاسىم تەرىپىدىن تارقىتىلغان، كېيىن شامدىن قۇددۇس، يەمەن، مىسىر، ئىران، ئىراق، مەككە، مەدىنە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان[44]. XIV ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ خىل تەسەۋۋۇپچىل دىنىي ئەقىدىنى بۇخارالىق باھائىددىن نەقشىبەندى دېگەن كىشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، رىئال تۇرمۇشقا قانائەت قىلىش، ئەسەبىي مۇراسىملارغا قارشى تۇرۇش، ئىچىدە ئوقۇپ ئىستىقامەت قىلىش ئارقىلىق ئىچكى دۇنياسىنى پاكلاشنى تەشەببۇس قىلىپ، سوپىزمنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي تەشكىلاتىغا ئايلاندۇرغان. شۇڭا ئۇ «نەقشىبەندىيە» (مەخپىي دىن تارقاتقۇچى ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاپپاق خوجىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى مەخدۇم ئەزەم خۇپىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى، غەربىي يۇرتتىكى ئىشانلارنىڭ ئاساسىي مەنبەسى. بۇ تەسەۋۋۇپچى مەزھەپ غەربىي يۇرتتا تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، شىئەلەرنىڭ بىدئەت ئىدىيىلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، مازار تاۋاپ قىلىشنى ۋە خوجىلارغا چوقۇنۇشنى يەنىمۇ ئەۋج ئالدۇرغان، سوپىزمنىڭ باشقا تارماقلىرىنىڭ دىنىي ئەھكاملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىشان - خوجىلارنىڭ دىن بىلەن دەھرىي ھاكىمىيەتنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئۆزلىرىنىڭ جەمەتى ۋارىسلىق قىلىدىغان فېئودال دىنىي ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىچكىرىدىكى ئىسلام دىنىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئاپپاق خوجا جاھان كېزىش نامى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى تەسەۋۋۇپچىلىقنى ئىچكىرىگە تارقىتىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىغان. بۇنىڭغا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراش ۋە باھا بېرىش لازىم. ئۇ ئىچكىرىدە سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتا جەنۇبىي شىنجاڭغا خوجا

بولۇش قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، شۇڭا ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن «ئاقتاغلىقلار» نى قوغلىتىپ، «قاراتاغلىقلار» نى دەھشەتلىك باستۇردى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق كۈرەشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى ۋە ئۇزارتىۋەتتى. ئۇ تارىخىي شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ جىنايى جاۋابكارلىقنى ئەلۋەتتە ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. بىراق ئۇنىڭ ئىچكىرىدە ئېلىپ بارغان دىنىي تەشۋىقات پائالىيەتلىرى يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتە خۇيزۇ قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان. دەرۋەقە، ئىچكىرىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەسەۋۋۇپچى مەزھەپلىرى (ئون سۇلۇك، 40 قا يېقىن تارماق) نىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە شەكىللىنىش جەريانى ناھايىتى مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن ئاپپاق خوجا يەنىلا غەربىي يۇرتتىن ئىچكىرىگە بېرىپ سوپىزمنى تارقاتقان تەسىرى ئەڭ چوڭ شەخس ھېسابلىنىدۇ⑮.

ئىزاھلار:

① «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 609 ـ جىلد 6 ـ بەت.

② «مىللەتلەر تارىخىدىن تەرجىمىلەر»، 8 ـ توپلام، 100 ـ بەت.

③ چۇنيۇن چىشىيى : «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» 6 ـ جىلد.

④ «چىڭ گاۋزۇڭغا دائىر ئوردا خاتىرىلىرى»، 609 ـ جىلد 6 ـ بەت. قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرى كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئىپارخان مازىرى» دەپ خاتا ئاتالغان.

⑤ يوسۇف ترىپپىنېر : «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە مازار تاۋاپ قىلىش» قا قاراڭ، نيۇ ـ يوركتا چىقىدىغان «ئىسلام دۇنياسى» غا بېسىلغان. 1961 ـ يىل، 7 ـ توپلام، 1 ـ، 4ـ سان، 148 ـ بەت. بۇنىڭدا يوسۇف فلېتشېر يازغان «جۇڭگودىكى سوپىزم مەزھەپلىرى» دېگەن ماقالىسىنىڭ ئىزاھ ⑥ سى ئاساس قىلىنىدى، «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى» غا

بېسىلغان، 26 ـ بەت (فرانسۇزچە نەشرى)، پارىژ، 1986 ـ يىل.

⑥⑫شۆ ۋېنبو: «شىئە مەزھىپىنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى سۈننىي مەزھىپىگە كۆرسەتكەن تەسىرى» گە قاراڭ، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگو ئىسلام دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر» گە بېسىلغان.

«ئىنگىشيا ئىسلام دىنىدىكى سوپىزمنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، جۇڭگو دىن ئىشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1981 ـ يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالە؛ ماتۇك: «مۇفتى سۇلۇكى ۋە ھىدايىتۇللاھ»، 1982ـ يىلى جۇڭگو غەربىي شىمال بەش ئۆلكە (رايون) بويىچە ئىسلام دىنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالە.

⑦مەن «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى» نىڭ 1985 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا «مۇھەممەدنىڭ 25 ـ ئەۋلادىنىڭ ئوتتۇرا ئۇزلەڭلىككە كەلگەنلىكى ئۈستىدە تەكشۈرۈش» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلغانىدىم، ھازىرقى بۇ ماقالە 1985ـ يىلىدىكى ماقالىدە بايان قىلىنغان قاراشنىڭ تولۇقلىمىسى ۋە تۈزىتىلىشى.

⑧㉙㉞㊱㊳ ئاپتورنىڭ ئىسمى نامەلۇم، ئەسلى نۇسخىسى شاپىگرافتا بېسىلغان، بۇ ماقالىدە گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانىدىكى قولىيازمىسىنىڭ كۆپەيتىلمىسى ئاساس قىلىندى.

⑨ماتۇك: گەنسۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى 1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا باسقان.

⑩ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 257 ـ، 261 ـ 262 ـ بەتلەر.

⑪ قۇربان ئەلى خالىدى: «تواريخ خەمسەئى شەرقى»، ئەسلى تاتارچە، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ شاپىگرافتا باسقان، 1 ـ قىسىم 123ـ بەت.

⑬«زەپەرنامە»، 4 ـ جىلد.

⑭ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 48 ـ جىلد، «تۆرلۈك خاتىرىلەر» 2 ـ.

⑮خوۋوس: «موڭغۇل تارىخى»، II، 870 ـ بەت (ئىنگلىزچە

نۇسخىسى) .

⑯⑰ماتۇڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى ۋە سۇلۇك تۈزۈمىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 872- بەت.

⑱جەدۋەلدە «※» بەلگە قويۇلغان ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. دانالار نەسەبنامىسى» گە ئاساسەن قوشۇلدى.

⑲⑳㉕ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «مىللەتلەر تارىخىدىن تەرجىمىلەر» دىن نەقىل ئېلىندى، 1980- يىل 8 - سان، 70 — 99 - بەتلەر.

㉑㉒㉖«چوڭ خوجا تەزكىرىسى» ، ئاپتورى نامەلۇم، يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ئەسلىسى پارسچە قوليازما، بۇ ماقالىدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئاساس قىلىندى. خەنزۇچە تەرجىمىسى «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» نىڭ 12 - توپلىمىغا بېسىلغان، 1986 - يىل، شۇ توپلامنىڭ 15 - بېتىگە قاراڭ.

㉓ جەدۋەلدە«※√»بەلگە قويۇلغان تۆت ئادەمنىڭ ئىسمى «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. دانالار نەسەبنامىسى» گە ئاساسەن قوشۇلغان.

㉔㉗ ئو. ف. ئاكىمۇشكىن ئىزاھلاپ تەرجىمە قىلغان، شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «تاۋارىخ» (رۇسچە نەشرى) ، موسكۋا، 1973 - يىل، 151 -، 323 — 324 - بەتلىرىگە قاراڭ.

㉘ «زەنيا بەندىدا تەزكىرىسى» ، لاتىنا بادنلا يازغان، چېن زۇڭدې تەرجىمە قىلغان. «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىدىن تەرجىمىلەر» ، 4- توپلام، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تۈزۈپ باسقان، 1985- يىل.

㉚㊲ ماتۇڭ: گەنسۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى 1981- يىل 10- ئايدا باسقان، 222- بەت.

㉛㉜㉝ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 230-، 259- بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

㊴㊵㊸ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 222-، 229-، 230-، 259-، 260- بەتلەر.

㉟ «تەزكىرەئى خوجا ئاپپاق»، ئاپتورى نامەلۇم، ئەسلى نۇسخىسى چاغاتاي يېزىقىدا، ئۇيغۇرچە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ھىجرىيە 1326- يىلى (1908) پۈتكەن.

بۇ نەقىل شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنى 1980- يىلى شاپىگرافتا باسقان خەنزۇچە تەرجىمىسىدىن ئېلىندى.

㊶ (ياپونلۇق) زوكۇتو يازغان، لىك سۈكچۈن تەرجىمە قىلغان «شىنجاڭنىڭ XVIII — XIX ئەسىرلەردىكى ئىجتىمائىي تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، 2 -قىسىم، 655 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983- يىل نەشرى.

㊷ تەسۋى بىلەن دەستار ئەرەبچە سۆز، تەسۋى — سوپىلار ئىشلىتىدىغان يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجان. نامازدىن كېيىن ئۈچ ئېغىز سۆز بىلەن ئاللاغا 33 قېتىمدىن مەدھىيە ئوقۇيدىغان بولغاچقا، تەسۋىنىڭ مارجىنى ئادەتتە 99 دانە بولىدۇ، بىرنى ئۆتكۈزۈپ بىرنى ئوقۇيدۇ، ئەگەر مارجان 33 دانە بولسا، ئۈچ قېتىم سانايدۇ. دەستار — مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا چوڭلىرى ۋە دىنىي بىلىمى بارلىرى بېشىغا يۆگەيدىغان سەللە.

㊹ ھاجى نۇر ھاجى: «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق (سوپىزم) نىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە ماھىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 - يىل 7 - سان.

㊺ ئارخىپقا ئېلىنغان ياكى بېسىلغان سۇلۇكلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت يازما خاتىرىلەردىن باشقا، خۇپپىيىنىڭ شيەنمېن سۇلۇكى قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن «ئىسلام دىنى شيەنمېن خۇپپىيىسى» دە يېزىلىشىچە، «... (شيەنمېن) جۇڭگودا سۇلۇك پەيدا بولغاندا، ئەڭ بۇرۇنقى مەزھەپنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئاز كەم 300 يىل بولغان. ئۇ چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھىرىگە تۆت - بەش چاقىرىم كېلىدىغان نەنسەن دېگەن يېرىدە پەيدا بولغان. ئۇنىڭ سۇمرۇق تېغىدىكى قۇببە دېگەن نامىمۇ بار. كېيىن گەنسۇ تەۋەسىگە تارقالغان، تارقاتقۇچى ... ئاپپاق، ھىدايىتۇللاھ ... باشتا جۇڭگودا 8 كىشى قول بەرگەن، ھەر بىرىنىڭ دىنىي ئىسمى بار (شيەنمېندىكى تۆنجى پېشۋا شيەن مېيجىن بولۇپ، جۇزىتەيىي دەپ

ئاتالغان، دىنى ئىسمى ئارىپ كوخىل، تۇغۇلغان - ئۆلگەن ۋاقتى (1739-1661) ... . كاڭشىنىڭ 8 - يىلى (1669) ھىدايىتۇللاھ تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن چىقىپ، ئەسەدۇللا سومەدانى بىلەن گەنسۇنىڭ خۇاڭجۇڭ (ھازىرقى چىڭخەيگە تەۋە) نىڭ چېگرا دەرۋازىسى تېشىدىكى چاۋياڭلۇ بىناسىدا ئولتۇرغان، شۇ چاغدا ئارىپ (قول بەرگەن كىشى) 8 ياشتا ئىدى. . . . ئاپپاق ھىدايىتۇللاھ ‹ھاياتلىق يولى›، ‹خۇدا بىلەن بىر تەن بولۇش›، ئۇدۇمىنى ئارىپنىڭ قەلبىگە تېرىدى، . . . كاڭشىنىڭ 26 - يىلى (1687) ھىدايىتۇللاھ ئەسەدۇللا بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن چىقىپ، ئاۋۋال شىزاڭدىكى روزاڭ ئىبادەتخانىسىغا، ئاندىن خۇاڭجۇڭنىڭ شىمالىدىكى شياۋسۇن كەنتىدىكى شېن ئائىلىسىنىڭ بالىخانىسىغا چۈشۈپ: سىلەر سەككىز خانەكە (زايىت، باشتا ئېيتقان سەككىز نەپەر سوپىنى دېمەكچى) نى ئۆزى ئۆتتۇشتىن ئۆزگىنى ئۆتكۈزۈش دەرىجىسىگە يەتكۈزىمەن، دېگەن. ئارىپقا دىن تارقىتىشتا دەستەك قىلىدىغان ئىككى دانە مۆھۈرنى ۋە ئىككى پارچە كىتابنى بەرگەن.» بۇ قولىيازمىدا بايان قىلىنغان ئاپپاق خوجىنىڭ دىن تارقىتىش ئەھۋالىنى باشتا بايان قىلغان سۆلۈكلەرگە ئائىت تارىخ ماتېرىياللىرى ئۈچۈن تولۇقلىما قىلىپ، تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ دەلىللىشىگە قالدۇرۇش مۇمكىن. بىرلا يېرى، شۈبھىسىزكى، شيەنمېن سۆلۈكىنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ دىن تارقىتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «ئىسلام دىنىدىكى شيەنمېن خۇپىيىسى» ، شيەن ۋېيلى يازغان، قولىيازما مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى قولدىن چىققان.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
تەرجىمە قىلغۇچى: جۇمەخۇن
تەرجىمە تەھرىرى: ئەزىز يۇسۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» غا ماقالە قوبۇل قىلىش ئېلانى

1. بۇ ژۇرنال جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەمئىيىتى باشچىلىقىدا چىقىرىلىدىغان ئىلمىي ژۇرنال (مەجمۇئە) بولۇپ، ھەر مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ قىزغىن ماقالە ئەۋەتىشىنى قارشى ئالىمىز. ماقالىنىڭ مەزمۇنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر بايانلار ئاساس قىلىنىدۇ.

2. ئالاقىلىشىشكە ئوڭاي بولۇش ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ماقالىدە ئاپتورنىڭ ئەسلى ئىسمى - فامىلىسى، خىزمەت ئورنى، تەپسىلىي ئادرېسى، پوچتا نومۇرى، تېلېفون نومۇرى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

3. مەجمۇئەيىمىزنىڭ ھەجمى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئەۋەتىلگەن ماقالە خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 15 مىڭ خەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

4. ئەۋەتىلگەن ماقالە يوقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ماقالىنى پوچتا ئارقىلىق زاكاز قىلىپ ئەۋەتىش كېرەك.

5. مەجمۇئەيىمىز ماقالىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئىشلىتىشنى لايىق تاپسا، يېرىم يىل ئىچىدە ئاپتورغا ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. ئۇقتۇرۇش قىلىنمىسا، ماقالىنى ئاپتور ئۆزى بىر ياقلىق قىلسا بولىدۇ.

6. بىر ماقالىنى ئىككى ئورۇنغا ئەۋەتمەسلىك كېرەك. شۇنداق قىلىنغانلىقى سېزىلسە، مەجمۇئەيىمىز ئۇ ماقالىگە قەلەم ھەققى بەرمەيدۇ.

7. مەجمۇئەيىمىز پرىنسىپ جەھەتتە ماقالە ئورىگىنالىنى

قايتۇرمايدۇ، ئاپتور قايتۇرۇۋېلىشنى زۆرۈر تاپسا، پوچتا ھەققىنى قوشۇپ ئەۋەتىشى كېرەك.

8. ماقالە ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، نەشر قىلىنىش بىلەنلا قەلەم ھەققى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ.

9. ماقالە تۆۋەندىكى ئادرېسقا ئەۋەتىلسە بولىدۇ:

پوچتا نومۇرى: 830011، ئۈرۈمچى شەھىرى بېيجىڭ يولى 16 - نومۇر، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

«جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» تەھرىر بۆلۈمى، تېلېفون نومۇرى 3830214

ئالاقىلاشقۇچى: ساڭ رۇڭ

مەھمۇت ئابدۇۋەلى

www.uyghurkitap.com

# Contents

Congratulations, Wishes and Suggestions ........................................ Saypidin Azizi (1)

Imagining A Systematic Project upon Uygurology and Its Latest Study Abroad ........................ Niu Ru-ji (7)

Survey on the Study of Uygur History and Culture in China ........................................ Sang Rong (28)

Examining the Relationship between Nationalities through Migration of Ancient Ethnic to the Western Regions ........................................ Ablat Nurdun (98)

On the Uygur Anthropology ........................................ Habibullah Hoja Lamjiny (121)

Valuable Cultural Relics Unearthed from Ancient Tombs of Zagunluk Charchan County ... Abdukiyim Hoja (147)

Formation and Development of Uygur Slave System in the Song-yuan Times ........................ Yang Fu-xue (216)

On the Origin of *Nawayee* ........................ Imin Tursun (239)

Study on the Music of the Idikut Uygur Kingdom ........................................ Yusayin Kerim (260)

On the Manuscripts of *the Notes of Shikasta Na-me* Preserved in Leningrad ........................ Abdushukur Turdi (310)

Painting Arts during the Time of Idikut Uygur Kingdom ........................................ Ismayil Tomuri (325)

Muhamat Siyah Kalam and His Painting Arts ........................................ Ghazi-Amat (348)

Appak Hoja and Eastern Introduction of Sufi into the Western Regions ........................ Chen Guo-guang (362)

# «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998- يىللىق 1- ۋە 2- ساندا ئېلان قىلىنغان ئاساسلىق ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى

## 1 - سان


سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلايلى .................................... شېن دېرېن

شىنجاڭدىكى «ئۇچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرى» دا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى هەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا .................................................. ئا. زىيائى، پ. مۇھەممەت

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ تىل تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ................................ مەردان سەيدۇللا

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنىڭ نەشىر قىلىنىش ئەھۋالى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر... .................................................. ئابلەت نۇردۇن

نېستورىيانىزمنىڭ تۇرپان بوستانلىقىغا تارقىلىش تارىخى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ................................ داۋۇت سايىم

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ۋە ئىسلاملىشىشى توغرىسىدا ......... .................................................. ۋاڭ جىلەي

خوتەن دېگەن يەر نامى توغرىسىدا ........................ ئۆمەر داۋۇت

غەربىي لياۋ قىتانلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى توغرىسىدا مۇلاھىزە....... .................................................. جياسۇڭجياڭ

قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى .................................... ليۇگې

قەشقەرنىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى توغرىسىدا .............. ........................ ئە. سۇلايمان، سە. سالى

ئىلىدىكى يەر نامىلىرى توغرىسىدا .............. ئابدۇشۇكۇر مەخسۇت

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككى بىسلىق سىنتاكسىسلىق
قۇرۇلمىلار ھەققىدە مۇلاھىزە ...................... تاھىرجان مۇھەممەد
ئىلىمىزنىڭ قەدىمكى شىمال مىللەتلىرىگە ئائىت مەخسۇس ئاتالغۇلارنىڭ
تەلەپپۇزى توغرىسىدا ........................... قاھارمان مۇقان
بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى «تەۋسىپ» سەنئىتى توغرىسىدا ...............
........................................................ زامىر سەيدۇللا

## 2 ـ سان

ماركسىزملىق تارىخ قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ تارىخىنى ھەقىقەتنى
ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا شەرھىيلەيلى................ مىياۋ پۇشىڭ
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مىللىي مەسىلە توغرىسىدا
........................................... باھارگۈل مۇھەممەتنىياز
ماھايانا «ماھاپارى نىرۋانا سۇترا» (شىمال نۇسخىسى) نىڭ قەدىمكى
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ كەمتۈك ۋارىقى ئۈستىدە تەتقىقات ............
.............................................. ئىسراپىل يۈسۈپ
غەربىي يۇرت ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرىنىڭ ياپونىيە سەنئىتىگە
كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە ................ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى
تاتارلارنىڭ قىسقىچە ئېتنىك تارىخى .................... ئىلچى سايرانى
قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «كۈن، ئاي، نۇر، ئالتۇن» دېگەن خەتلەر
چۈشۈرۈلگەن پۇلى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ........... ياڭ فۇشۇ
ياقۇپبەگنىڭ ئىشغالىيەتچى قوشۇنى توغرىسىدا ...... مەخمۇت ئابدۇۋېلى
مىلادى II ئەسىردىكى غەربىي يۇرت توقۇلما ماللىرى ...............
............................................... لىن مېيسۇن
خوتەننىڭ قەدىمكى باغۋەنچىلىكى.................. توختىنىياز تۇرسۇن
ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ سادىق كۈيچىسى نىمشېھىت توغرىسىدا ............
........................................................ مۇھەممەت شاۋدۇن
ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بەزى ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر
توغرىسىدا ............................................
..................................................... گۈلشەن بەسىر

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئايشەم سوپى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇكەنخەي

# جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى (مەجمۇئە)

باش مۇھەررىرى: ليۇزىشياۋ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: ئىمىن تۇرسۇن
ئەزىز يۈسۈپ
ھەسەن ماموت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12.4375، قىستۇرما ۋارىقى: 6
1998 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 1000
ISBN 7 — 228 — 04722 — 2/Z.182
باھاسى: 20.00 يۈەن